# هۇنلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى

بۇ كىتاپ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1986- يىلى 8- ئاي 1- نەشرى، 1- باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى

ئاپتورى : لىن گەن

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنجان ھېزىم ياۋۇز

تەرجىماندىن

هۇنلار ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ئۆز هاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىققان. هۇنلار هاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدە قۇرۇلغان خانلىقلار بىلەن خىلمۇ- خىل مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ، ئېلىمىز تارىخىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ بۇ خىل تەسىرى مەيلى ئۇلار كۆچەيگەندە بولسۇن ياكى ئاجىزلىغاندا بولسۇن زادىلا سۇسلاپ قالمىغان، ھەتتا هۇن هاكىمىيىتى پارچىلىنىپ، هۇنلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى غەربكە كۆچۈپ كېتىپ، ئاز بىر قىسمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ، خەنزۇلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىنمۇ ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ سىياسى، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىگە ناھايىتى زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. شۇڭا، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئومۇمىي تارىخى بولغان «يىگىرمە تۆت تارىخ» تا هۇنلار توغرىسىدا مەخسۇس تەزكىرە ۋە شەخسلەر ھەققىدە مەخسۇس تەرجىمىھاللار يېزىلغان.

هۇنلار ئېلىمىزنىڭ تارىخىغىلا تەسىرى كۆرسىتىپ قالماستىن، دۇنيا تارىخىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن،مىلادىيە 4- ئەسىردىن باشلاپ ياۋروپاغىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىپ، ياۋروپا تارىخىنىڭ مىللەتلەرنىڭ بىر قېتىملىق چوڭ كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا، ياۋروپا تارىخچىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەسىرلىرىدە هۇنلارغا مۇناسىپ ئورۇن بەرگەن. ياۋروپا هۇنشۇناسلىرىنىڭ مەخسۇس بىر ئىلىم بولۇپ شەكىللىنىپ گېرمانىيە، ۋېگىرىيە، روسىيە قاتارلىق ئەللەردە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلغان.

قولىڭىزدىكى «ھۇنلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى» دىگەن بۇ ئەسەر، ئېلىمىزدىكى مەشھۇر شىمال مىللەتلىرى تەتقىقاتچىسى، تۈركشۇناس ئالىم لى گەنىنىڭ «تۈرك تارىخى» ، «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» (بۇ ئىككى ئەسەنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان) قاتارلىق ئەسەرلىرى قاتارىدىكى يىرىك ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. ئاپتور يەنە ھۇن، تۈرك، ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە «ھۇن تارىخي يىلنامىسى» ، «ھۇن تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللا» ، « تۈرك ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىيالار» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان ۋە تۈزگەن بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ شىمال مىللەتلىرى تەتقىقاتىغا كۆرنەرلىك تۆھپە قوشقان.

چەت ئەللەردە ھۇن تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەر خېلى كۆپ يېزىلغان، ھۇنلارنىڭ تارىخى خېلى چوڭقۇر تەتقىق قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئېلىمىزدە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات بىر قەدەر كېيىن باشلانغان ھەم كەڭ دائىرىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىغان. شۇڭا، بۇ ھەقتە يېزىلغان مەخسۇس ئەسەر يوق دېيەرلىك. بۇ ھەقتىكى ئۇيغۇرچە تەتقىقات ماقالىلىرى ۋە مەخسۇس ئەسەرلەر تېخىمۇ بەك يوقنىڭ ئورنىدا. شۇڭا، مەزكۇر ئەسەر ھۇن تارىخىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق، چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق يۇرۇتۇپ بېرەلەيدۇ. ھۇن تارىخىغا قىزىققۇچىلارنى ۋە ھۇن تارىخىنى ئۆگەنگۈچىلەرنى پايدىلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ، دەپ قاراپ تەرجىمە قىلىندى.

ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئەسلى ئەسەرگە سادىق بولۇش ۋە توغرا تەرجىمە قىلىش كۆزدە تۇتۇلۇپ، تۆۋەندىكى نوقتىلارغا دىققەت قىلىندى.

1. ئەسەردىكى بەزى تەرجىمە قىلىش بىھاجەت دەپ قارالغان جايلار قىسقارتىۋېتىلدى.

2. ئەسلى ئەسەرگە سادىق بولۇش ۋە ئاتالغۇلارنىڭ تەرجىمىسىنى توغرا ئېلىش ئۈچۈن، يولداش داۋۇت سايىم قاتارلىقلار تۈزگەن «خەنزۇچە – ئۇيغۇرچە تارىخي ئاتالغۇلار لۇغىتى» دىكى ئىسىم ـ ئاتالغۇلار ئاساس قىلىندى.

3. يۇقىرقى لۇغەتتە ئۇچرىمايدىغان ئاتالغۇلار، جۈملىدىن ئادەم ئىسىملىرى، يەر ـ جاي، ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى نەشرگە تەييارلىغان «يىگىرمە تۆت تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» ، « تارىخي خاتىرلەر» ، «خەننامە» ، «كېيىنكى خەننامە»، «جىننامە» قاتارلىق توپلاملاردىكى ئاتالغۇلار بويىچە ئېلىندى.

4. يۇقىرقى ئەسەرلەردىمۇ ئۇچرىمايدىغان قىسمەن ئاتالغۇلار ئەسلى قەدىمكى خەنزۇ تىلى تەلەپپۇزى بويىچە

قويۇپ قويۇلدى.

ئەسەردىكى بەزى مەزمۇنلارنى ۋە ئىسىم- ئاتالغۇلارنى سېلىشتۇرۇپ بېكىتىشكە ۋە توغرىلاشقا مەزكۇر ئەسەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئەخمەت مۆمىن تارىمى زۆرۈر ھەم قىممەتلەرنى ياردەملەرنى بەردى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەخەت مۆمىن تارىمغا ئالاھىدە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

قەلىمىم ئاجىز، سەۋىيەم چەكلىك بولغانلىقتىن، ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىدە بەزىبىر نوقسانلارنىڭ بولۇشى تەبئىي. شۇڭا خاتالىقلارغا يول قويغان بولسام، تارىخ تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملارنىڭ سەمىمىي تەنقىد- تەكلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2003- يىل ئاپرېل

# كىرىش سۆز

ھۇنلار ئىلىمىزنىڭ قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت. ئۇلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىر (يىغىلىق دەۋرى) دە باش كۆتۈرگەندىن تارتىپ، مىلادىيە 1- ئەسىردە زاۋاللىققا يۈزلەنگىنىچە بولغان ئارىلىقتا چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇپ ۋە شىمالىدا تەخمىنەن 300 يىلدىن ئارتۇق دەۋر سۈرگەن. مىلادىيە 3- ئەسىردىن مىلادىيە 5- ئەرشىرگىچە يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تەخمىنەن 200 يىل پائالىيەت قىلىپ جۇڭگو ۋە دۇنيا تارىخىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن.

ھۇنلار باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن بۇرۇن ھون چۆللۈكنىڭ جەنۇپ، شىمالىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ گۈيفاڭ، شيەنشۈن ۋە رۇڭ، دى دەپ ئاتىلدىغان مىللەتلەر باش كۆتۈرۈپ چىققان ئىدى.

ھۇنلار يۇقىردىكى مىللەتلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك بۆلۈنۈشى، بىرلىششى، تارقىلىشى، كۈرەش قىلىشى ۋە سىڭىششى ئارقىلىق مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4- ئەسىردە ئۆزىنىڭ «ئىقتىدارى» نى پەيدىنپەي ئەشكارىلاپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنىپ، تارىخ سەھنىسىگە قەدەم قويدى. ھۇنلار پەيدا بولغان «بۆشۈك» بۈگۈنكى ئىچكى مۇڭغۇلدىكى خېتاۋ ۋە داچىڭشەن (چۇغاي تېغى) تېغى ئەتراپىدا ئىدى.

ھۇنلار ناھايىتى بۇرۇنلا ئۇرۇقداش قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ شەكىللەندى. تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە، ھۇنلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق جامەئەسىدە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك بارلىققا كەلدى. ھۇن جەمئىيىتى قۇلدارلىق تۈزۈم خاراكتېرىدە ئىدى. تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3- ئەسەردە ھۇنلارنىڭ ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى پەيدىنپەي مەيدانغا كېلىپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209- يىلى باتۇر تۇمەننى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى تەڭرىقۇت بولغان ۋاقىتتا ئۇ بىر خىل تۈزۈم بولۇپ، شەكىللەندى. باتۇر تەڭرىقۇت دەۋرىدە ھۇنلار ئەتراپىدىكى نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، شەرقتە ھازىرقى لياۋ دەرياسىغىچە، غەربتە پامىرغىچە، شىمالدا بايقال كۆلىگىچە، جەنۇپتا سەددىچىن سېپىلىغىچە بولغان رايۇنلارنى

بويسۇندۇردى. خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە بايلىقلارنى قوغداش، قۇللارنى ۋە بويسۇندۇرۇلغان رايۇنلار، مىللەتلەر، قەبىلىلەرنى باستۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ مەملىكتىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئالدى بىلەن چۆللۈكنىڭ جەنۇبى، كېيىن شىمالنى مەركەز قىلىپ غايەت زور قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى ھاكىمىيەت قۇردى.

ھۇنلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەڭ بۇرۇنقى بولغاندا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ، 4- ئەسىرگە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى ۋاقىتقا سۈرۈشكە بولىدۇ. چىن شىخۋاڭ ئالتە بەگلىكنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221- يىلى) كېيىن، ھۇنلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئالاقىسى بۇرۇنقىغا قارىغاندا قويۇقلاشتى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ كۈچى مىسلىسىز زورىيىپ، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 203 ~ 174- يىللار) رەھبەرلىكىدە ھازىرقى خېبېي، سەنشى، شەنشى ۋە خېتاۋ ئەتراپلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئەمدىلا قۇرۇلغان غەربىي خەن سۇلالىسىگە بىر تەھدىت سېلىپلا قالماستىن، يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ فېئوداللىق ئىجتىمائىي ئىگىلىكىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدى. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە، ھاكىمىيەت ئەمدىلا قۇرۇلغانلىقى، كۈچى ئاجىز بولغانلىقى، ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىرىغا تاقابىل تۇرۇپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، پاسسىپ بولغان قۇدىلىشىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، مەلىكىلىرىنى ھۇن تەڭرىقۇتلىرىغا ياتلىق قىلىشقا ھەم ھەر يىلى كىمخاپ- دۇردۇن، مەشۇت- سەرناق، ھاراق، گۈرۈچ، يېمەكلىكلەرنى بېرىشكە مەجبۇر بولدى. تاكى خەن ۋۇدى تەختكە چىققاندىن (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 140- يىلى) كېيىن، ئاندىن ئۇرۇش قىلغۇچىلارنىڭ تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلىپ، ھەققانىي خاراكتېردىكى مۇداپىئەلىنىش ئۇرۇشىنى قوزغاپ، ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىگە زەربە بېرىپ چېكىندۈردى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 51- يىلدىكى، ھۇن ھۆكۈمرانلار گورۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش ۋە نىزا يۈز بېرىپ، «بەش تەڭرىقۇت ھاكىمىيەت تالىشىپ»، ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمى قالايمىقانلىشىپ، مىللەت ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالدى. كېيىن مەشھۇر يولاشچى قوغۇشار تەڭرىقۇت جىخۇشان (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 58 ~ 31- يىللار تەختتە ئولتۇرغان) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى ئاستىدا ھالاكەت گىردابىدىن قۇتۇلۇپ چىقتى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھۇن قولدارلىرىنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرى قايتىدىن باش

كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان سىيانپى مىللىتى بىلەن بىرلىشىپ ئەسكەر چىقىرىپ تاجاۋۇزچىلىق قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ۋە ئۇلارنى قوللاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە بىۋاستە ئارىلىشىپ، جۇڭگونىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە بىۋاستە ئارىلىشىپ، جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، فېدئوللىق تۈزۈمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، بۆلگۈنچىلەرنى كۈچەيتىشكە ئورۇندى.

مىلادىيە 48- يىلى ھۇنلارنىڭ جەنۇبىدىكى سەككىز قەبىلىگە باشچىلىق قىلىدىغان ئەك ئۇكەن باتسخان بى (قۇغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ نەۋرىسى) خەن خۇلالىسىگە ئەل بولۇپ، ئۆزىنى قوغۇشار تەڭرىقۇت (بەش شىلوشىيوتى تەڭرىقۇت) دەپ ئاتاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھۇنلار پەيدىنپەي جەنۇپ - شىمالدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى.

شىمالىي ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە داۋاملىق پاراكەندە قىلىشى خەنزۇلار ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا باشتىن- ئاخىر زور تەھدىت بولدى. مىلادىيە 73- يىلدىن باشلاپ شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى زور قوشۇن چىقىرىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. مىلادىيە 89- يىلى شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسىمدا سىنىپىي زىددىيەت تۈپەيلىدىن قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىپ، ئىجتىمائىي كرىزىس ئىنتايىن چوڭقۇرلاشتى. شۇنىڭ بىلەن، خەن سۇلالىسى سەركەردىلىرى ۋە جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتى بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا شىمالىي ھۇنلار چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇپ - شىمالى ۋە ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسىمدا ئارقىمۇ- ئارقا ئىقتىنق مەغلۇپ بولۇپ، شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى مىلادىيە 91- يىلى بىر قىسىم ئادەملىرىنى باشلاپ غەربكە كېچىپ كەتتى. ھۇن قۇلدارلىق ھاكىمىيىتى شىمالنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقتى. چۆللۈكنىڭ شىمالىدا قېلىپ قالغان ھۇنلاردىن 100 نەچچە مىڭ تۈتۈن ئاھالە سىيانپىلارغا قوشۇلۇپ كەتتى..

مىلادىيە 188- يىلى جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، چانچۇ تەخىرىقۇت ئۆلتۈرۈلدى. چانچۇنىڭ ئوغلى يۇفۇلۇ ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. چانچۇنى ئۆلتۈرگۈچىلەر مۇشۇبۇ تۇقۇقۇت تەخىرىقۇت قىلدى. يۇفۇلۇ بۇنىڭغا قايىل بولماي، شەخسەن ئۆزى خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى لوياڭغا بېرىپ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، بۇ دەل خەن لىڭدى ئۆلگەن (مىلادىيە 1-يىلى) ھەم سېرىق ياغلىقلار قوزغىلىڭى پارتلاپ ھەر قايسى جايلاردىكى فېئودال بۆلۈنمىچى كۈچلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باش كۆتىرىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋەزىيتى قالايمىقانلىشىپ خەن سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ پارچىلىنىشى تىزلەشكەن ۋاقىت ئىدى. بۇ ئىلگىرلەش ۋە چېكىنىشتىن ئىبارەت ئىككى يول ئالدىدا يۇفۇلۇ قوۋمىنى باشلاپ ۋاقىتلىق ھالدا خېدوڭ ئايمىقىنىڭ پىڭياڭ ناھىيىسىدە (ھازىرقى شەنشىنىڭ لىنفېن شەھىرى) بوز يەر ئېچىشقا مەجبۇر بولدى.

يۇفۇلۇ مىلادىيە 195-يىلى ئۆلدى. ئۇنىڭ ئىنىسى خۇچۇچان ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ تەخىرىقۇت بولۇپ، ئاۋالقىدەكلا پىڭياڭ ناھىيىسىدە ئولتۇراقلىشىپ، مىلادىيە 202-يىلى ساۋساۋغا ئەل بولدى.

ھۇن مىللىتى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردە (يېغىلىق دەۋرى) چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا باش كۆتۈرگەن ۋاقىتتا، ماددى مەدەنىيەت جەھەتتە تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويۇشقا باشلىغان. ئىقتىسادىي تۇرمۇشى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئوۋچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقمۇ بەلگىلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن. تۆمۈر قوراللار مەدەنىيتى تەمىنلىگەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى قول سانائەتنىمۇ راۋاجلاندۇرغان، قول سانائەتنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى تۆمۈرچىلىك، ئاندىن قالسا مىسكەرلىك، يەنە زەرگەرلىك، ساپالچىلىق قاتارلىقلار بولغان. ھۇنلار خەنزۇلار بىلەن بولغان چىگرا سودىسىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن، خەنزۇلاردىن باشقا يەنە چياڭلار، ئوغانلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا مىللەتلەر بىلەنمۇ سودا قىلغان.

ھۇنلارنىڭ ئىرقى توغرىسىدا دۆلەت ئىچى سىرتىدا تالاش-تارتىش بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈرك ئىرقى ياكى مۇڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپلۇقى تېخىغىچە بېكىتىلمىدى. نۆۋەتتە بۇ ئىككى خىل كۆز قاراش تېخىغىچە تىركىشىپ تۇرىۋاتىدۇ، لېكىن نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللىنىڭ ئىسپاتلىشىغا قارىغاندا، تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ بولۇش ئېھتىمالىقى بىر قەدەر چوڭ.

ھۇنلارنىڭ تىلى ئومۇمەن ئالتاي تىلى سىستېمىسىغا مەنسۇپ دەپ قارىلىدۇ. لېكىن مۇڭغۇل تىلى ئائىلىسى

ياكى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە ئىكەنلىكى تېخىمۇ بېكىتىلمىدى. لېكىن تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ دېگۈچىلەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

هۇنلارنىڭ پېزىقى بولمىغان. ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە ئاتىسى ئۆلسە ئۆگەي ئانىسى ئوغلىنى، ئاكىسى ئۆلسە ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئىنىسى، ئىنىسى ئۆلسە ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئاكىسى خوتۇن قىلغان، شۇڭا هۇنلاردا بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش هادىسىسى بىر قەدەر ئومۇملاشقان.

خەن دەۋرىدە ئىچكىرىگە كۆچكەن هۇنلاردا ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ناهايىتى زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇ ۋاقىتتا ئۇلاردىن«توغا» ۋە لوشۈي غۇزلىرى، توبا هۇنلىرى دەپ ئاتالغان تارماقلار بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئايرىم-ئايرىم هالدا هازىرقى سەنشى، شەنشى، ئىچكى مۇڭغۇل، گەنسۇ ۋە چىڭخەي قاتارلىق جايلاردا پائالىيەت قىلدى. لېكىن ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە هۇنلار يېغىلىق دەۋرى، چىن، خەن دەۋرلىرىدىكىگە ئوخشاش بىر پۈتۈن هالەتنى بارلىققا كەلتۈرەلمىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان هەر قايسى تارماقلار (جەنۇبىي هۇنلار، توغا، لوشۈي غۇزلىرى، توبالار) بىر- بىرىگە تەۋە ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇرۇقداشلىق جامائەسىمۇ ئاساسەن پارچىلاندى، ياكى يوقالدى. هۇنلارنىڭ نامى جەنۇبىي- شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن كېيىن تەدرىجىي يوقىلىشقا باشلىدى. هۇنلارنىڭ نامىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدىن يوقىلىشى دەل هۇن مىللىتىنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر.

هۇن تارىخى بىر «دۇنياۋى خاراكتېرلىك» ئىلىم بولۇپ، دۇنيادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ هەممىدە ئۇنى تەتقىق قىلىدىغانلار بار.

هۇن تارىخى تەتقىقاتى چەت ئەلدە ئىككى يۈز نەچچە يىللىق تارىختا ئىگە. بىر قەدەر بالدۇر يېزىلغان مەخسۇس ئەسەر 18- ئەسىردە فرانسىيىلىك دېگۇيگېنىس ( J . Degiogmes ) يازغان «هۇنلار، تۈركلەر، مۇڭغۇللار ۋە غەربتىكى تاتارلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى» (ياكى «هۇنلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دۇر. ① 1917- يىلىدىكى روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى بېرنىشتام يازغان هۇنلار تارىخىدىن ئومۇمىي مەلۇمات» ② ناملىق ئەسەر ماركسىزم – لېنىنىزىملىق كۆز قاراش بويىچە بىر قەدەردر بالدۇر يېزىلغان ئەسەر ھېسابلانسىمۇ، لېكىن بۇ كىتاپقا سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېرىلگەن باها ئانچە يۇقىرى ئەمەس. ھەتتا بەزىلەر «بۇ ئەسەر ئېغىر خاتالىق ۋە ئىلمىگە قارشى نوقتىئىنەزەرلەر بىلەن تولغان» ③ دەيدۇ. بۇنىڭغا

ئاساسلقى ئاپتورنىڭ ھۇنلارنىڭ ئىككى خەن سۇلالىسىنى پاراكەندە قىلىشى ۋە ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشى ئىلغار رول ئوينىغان دېگەنلىكى سەۋەپ بولغان.

60 –ۋە 70- يىللاردا، سوۋېت ئىتتىپاقلىق يەنە بىر ئالىم گۇملىيېۋ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىككى ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردى. بۇنىڭ بىرى «ھۇنلار – قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا» ، يەنە بىرى «ھۇنلار – جۇڭگودا – 3-ئەسىردىن 6- ئەسىرگىچە بولغان جۇڭگو ۋە يايلاق مىللەتلىرى ئۇرۇشىنىڭ ئۈچ ئەسىرى» ④ دۇر. ئالدىنقىسىغا يېغىلىق دەرۋىرى، چىن، خەن دەۋرلىرىدىكى ھۇنلار سۆزلەنگەن بولسا، كېيىنكىسىدە ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ھۇنلار بايان قىلىنغان. بۇ ئىككى ئەسەردە بىرىنچى قول ماتېرىياللار سۆپىتىدىكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن تولۇق پايدىلانغانلىقتىن، مەزمۇنىنى مەيلى كەڭلىك جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى چوڭقۇرلۇق جەھەتتىن بولسۇن يېتەرلىك دېيىشكە بولىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخېئولوگى كوزلوۋ باشچىلىق قىلغان تەتقىقات گۇرۇپپىسى موڭغۇلىيەنىڭ بويان تېغىدىكى (ئۇلانباتۇرنىڭ 70 مىلك شىمالىدا) ھۇن قەبرىلىرىنى ئاخېئولوگىيىلىك قېزىشقا زور تۆھپە قوشتى. كوزلوۋ يازغان «تاشقى موڭغۇلىيەنى تەكشۈرۈش دوكلاتى» ( نويان تېغىدىكى ھۇن قەبرىلىرىنى قېزىش دوكلاتىنى كۆرستىدۇ)⑤ ئىلىم ساھەسىدە بىر مەھەل زىلزىلە قوزغىدى. لېكىن كوزلوۋ دوكلاتىدا قېزىش جەريانىنىڭ پۈتۈن نەتىجىسىنى، بولۇپمۇ قەبرىدىن چىققان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاشكارىلىمىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن (1932- يىلى) ئۇنىڭ بىلەن بىللە نويان تېغىدىكى ھۇن قەبرىلىرىنى قېزىشقا قاتناشقان تىرېۋېر لېنىنگرادتا ئىنگلىزچە «1924-1925- يىللىرىدىكى تاشقى موغۇلىيەدىكى قېزىش» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇپ، پەقەت بىر قىسىم قىممەتلىك ھەمدەپنە بۇيۇملارنىڭ قويۇلغان ئورنىنى ئېلان قىلدى. ھەم قەبرىلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى. بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق مەزمۇننى ئاشكارىلىمىدى. ياپونىيە ئالىمى مېيىۋەن موجى گەرچە نويان تېغىدىكى قېزىشقا قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن نويان تېغىدىكى ھۇن قەبرىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى توپلاپ سۈرەتكە تارتىپ، «موڭغۇلىيەنىڭ بويان تېغىدىن بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» دېگەن كىتابىنى تۈزۈپ، 1960- يىلى توكيودا ياپونچە نەشر قىلدۇردى.

موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارخېئولوگلىرىمۇ ھۇن ئارخېئولوگىيىسى جەھەتتە كۆرنەرلىك نەتىجە ياراتتى. 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن دۆلىتىمىز ئىچى-سىرتىدىكى ئالىملار ھۇنلارنى تەنقىت قىلىشقا پەقەت

يازما ماتېرىياللارغىلا تايىناتتى. لېكىن 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيە رايۇنىدىكى ھۇن قەبىلىرى بەزى ئالىملارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. 1924- يىلى كوزلوۋ قاتارلىق كىشىلەر نويان تېغىدىكى ھۇن قەبرىلىرىنى قازغاندىن كېيىن، موڭغۇلىيە ئالىملىرىدىن س . دورجى سورۇڭ ۋە خ . پەرلە قاتارلىق نويان تېغى ۋە موڭغۇلىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ھۇن قەبرىلىرى، ھۇن خارابىلىرىنى كۆپ قېتىم قازدى ۋە قېزىشنى داۋاملاشتۇردى. س. دورجى سورۇڭ 1961- يىلى ئۇلانباتۇردا نەزىر قىلدۇرغان «شىمالىي ھۇنلار» (يېڭى موڭغۇل يېزىقىدا) دېگەن كىتابتا سوۋېت ئىتتىپاقى، موڭغۇلىيە ئىككى دۆلەتنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىنىڭ باشلىرىدا 50- يىللىرىنىڭ ئاخىرىغىچە جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە موڭغۇلىيە تېررىتورىيىسىدىكى يۈزدىن ئارتۇق ھۇن قەبرىسىنى قېزىش ئەھۋالىنى ۋە چىققان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. خ . پەرلە 1957- يىلى ئۇلانباتۇردا نەشر قىلدۇرغان «ھۇنلارنىڭ ئۈچ شەھىرىنىڭ خارابىسىنىڭ» ۋە «ھۇنلارنىڭ ئىبادەتخانىسى» دېگەن ئىككى كىتابىدا بولسا ھۇنلارنىڭ شەھەر- قەلئەلىرى ۋە ئىبادەتخانىلىرىنىڭ خارابىلىرىنى تونۇشتۇردى.

كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئالىملىرىدىن ئەنگلىيىلىك پاركېر ( E. H. ParKer) 19 -ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئېلان قىلغان «ھۇن تارىخى» [6] دېگەن ئەسەر ئېلىمىزنىڭ يۇەن سۇلالىسىنىڭ دەۋرىدىكى ما دۇەنلىن يازغان «يازما ھۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل. تۆت ئەۋلات ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسەن تۈزۈلگەن بولۇپ، چالا يەرلىرى ئىنتايىن كۆپ. شۇڭا، بۇ ئەسەرنىڭ مەيلى تارىخشۇناسلىق جەھەتتە بولسۇن ياكى تارىخىي ماتېرىياللار جەھەتتىن بولسۇن ئانچە قىممىتى يوق

ئامېرىكا ئالىمى مېككوۋېرن (W.M. M. cGowern) 1939- يىلى ئېلان قىلىنغان «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمقى دۆلەتلەر تارىخى» [7] دېگەن ئەسەر دۆلىتىمىز ئوقۇرمەنلىرىگە نىسبەتەن زور ئەمىيەتكە ئىگە . چۈنكى، كىتابنىڭ كۆپ قىسىم مەزمۇنىدا ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا كۆچۈش جەريانى ۋە ياۋروپادىكى كېيىنكى پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇلار جۇڭگو تارىخ كىتاپلىرىدا خاتىرلەنمىگەن. ھۇنلارنىڭ مىلادىيە 91- يىلى چۆللۈكنىڭ شىمالىنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىپ چىققاندىن تارتىپ تاكى مىلادىيە 371- يىلى دون دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ئالان دۆلىتىنى يۇقتىپ، تۈنجى قېتىم دون دەرياسى قىرغاقلىرىدا پەيدا بولۇشىغا بولغان تەخمىنەن ئىككى يۈز يىللىق ئىش- ئىزلىرى دۇنيادىكى تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا خاتىرلەنمىگەن. شۇڭا،

مىكگوۋرىنىڭمۇ ھۇنلارنىڭ بۇ مەزگىلدىكى تارىخنى ئېنىق بايان قىلىپ بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما مىلادىيە 374ـ يىلىدىن باشلاپ ھۇنلارنىڭ داۋاملىق غەربكە ئىلگىرلەپ، گوتلارنى تېخىمۇ غەربكە قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ ياۋروپادىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، 5ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسى قۇرۇلۇشى «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» دا ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى ئېلىمىزنىڭ چوڭ چۆللۈكىنىڭ جەنۇپ ـ شىمالىدىكى پائالىيەتلىرىگە كەلگەندە، كىتابتا كۆپىنچە ئېلىمىزنىڭ «رەسمىي تارىخ» لىرىدىن پايدىلىنىدىغان، بۇ بۆلەك چەت ئەل ئوقۇرمەنلىرىگە نىسبەتەن بەلگىلىك ئىگە. لېكىن ئېلىمىز ئوقۇرمەنلىرىگە نىسبەتەن ئانچە ئەھمىيىتى يوق. شۇڭا، جاڭ جۈن ئەپەندىنىڭ كىتابىنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا مۇشۇ قىسمىنى قىسقارتىۋېتىشنى مەقسەت قىلغان.

ياپونىيە ئالىمى نېيتىيەن جىنفېڭ 1975ـ يىلى توكيودا نەشر قىلدۇرغان «شىمالىي ئاسىيا تەتقىقاتى. ھۇنلار» بىر ماقالىلەر توپلىمى بولۇپ، كىتابتا ھۇنلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، تۈزۈمى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، غەربكە كۆچۈشى ۋە ئىرقىي تىپى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بايان قىلىنغان. جەنۇبىي ھۇنلارغىمۇ مەخسۇس باپ ئاجرىتىلغان.

ئاۋستىرىيىلىك ئالىم مائېنچېن خېلفېن (Maenchen HeLJen .Qtto.J) يازغان «ھۇنلار دۇنياسى»⑧ ۋە گېرمانىيىلىك ئالىم فرانىز ئالتېئىم (Franz Altheim)نىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە ئون نەچچە ئالىم بىرلىكتە تۈزگەن بەش توملۇق «ھۇن تارىخى»⑨ 70ـ يىللاردىكى (ھەم يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى) ھۇن تارىخىغا ئائىت زور ھەجىمدىكى بۈيۈك ئەسەرلەردۇر. ئالدىنقىسى 600 نەچچە بەت، كېيىنكىسى 2000 بەتكە يېقىن، ئىككىلا كىتابنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ دائىرلىك. ئالدىنقىسىدا ھۇنلارنىڭ ئىرقى، ئىگىلىكى، جەمئىيىتى، تارىخى، تىلى، مەدەنىيىتى، دىنى ئېتىقادى، ئۆرۈشلىرى، سودىسى ۋە بايلىقلىرى سۆزلەنگەن بولسا، كېيىنكىسىنىڭ 1ـتومىدا ھۇنلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشى، 2ـتومىدا ئىراندىكى ئېفتالىتلار(ئاق ھۇنلار)، 3ـتومىدا ھۇنلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرۈشلىرى، 4ـتومىدا ياۋروپادىكى ھۇنلار، 5ـتومىدا ھۇنلارنىڭ يىمىرىلىشى ۋە قوغلاپ چىقىرىلىشى بايان قىلىنغان. بۇ ئىككى كىتابتا ئاساسلىقى غەربكە كۆچكەن ھۇنلار سۆزلەنگەن بولۇپ، غەربكە كۆچكەن ھۇنلار تارىخنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئېلىمىزدە ھۇن تارىخى تەتقىقاتى بىر قەدەر كېيىن باشلانغان مىنگونىڭ تۈنجى يىلىدىن 1983ـ يىلى كۈزگىچە

خەنزۇچە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان هۇن تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەر تەخمىنەن 160 پارچە، بۇنىڭ ئىچىدە 1949-يىلى پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولغاندىن كېيىن ئېلان قىلىنغانلىرى يۈز پارچىگە يېقىن. تەتقىق قىلىنغان مەسىلىلەر ئازاتلىقتىن ئىلگىرى ئاساسەن: (1)هۇنلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە مىللەت تەركىبى؛ (2)خەنزۇلار بىلەن هۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى؛ (3)هۇنلارنىڭ ياۋروپاغا كۆچۈشى ۋە ئۇلانىڭ ۋېنگىرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئازاتلىقتىن كېيىن ئاساسلىقى؛ (4)هۇنلار جەمئىيىتىنىڭ خاراكتىرى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى؛ (5)خەنزۇلار بىلەن هۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر يېڭى مۇهاكىمىلەر؛ (6)هۇنلار جۇغراپىيىسى ۋە هۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى؛ (7)چەتئەل ئالىملىرىنىڭ هۇن تەتقىقاتىدىكى نەتىجىلىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە تونۇشتۇرۇش؛ (8)هۇنلارنىڭ ئارخېئولوگىيىسى قاتارلىقلار بولغان.

هۇن تارىخى توغرىسىدىكى مەخسۇس ئەسەرلەر ئازادلىقتىن ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىنمۇ ئانچە كۆپ بولمىدى. ماچاڭشۇ ئەپەندى يازغان «شىمالىي دىلار ۋە هۇنلار» ⑩ دېگەن كىتابنىڭ چېتىلىش دائىرىسى گەرچە كەڭ بولمىسىمۇ، لېكىن هەجمى ئىنتايىن تار. مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش دەرىجىسىمۇ ئانچە چوڭقۇر بولمىغان. پۈتۈن كىتابنىڭ هۇنلارغا ئائىت قىسمىنى تەخمىنەن يۈز مىڭ خەت ئەتراپىدا بولسىمۇ، هۇنلارنىڭ ئىرقى، تىلى، مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي ئىلگىركى توغرىسىدىكى بايانلار 30 مىڭ خەتكىمۇ يەتمىگەن. هۇنلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ 15 مىڭ خەت ئۆپچۆرىسىدە بولغان. ئەكسىچە هۇنلار بىلەن ئىرقى مۇناسىۋىتى بولمىغان جى غۇزلىرىغا 30 مىڭ خەتلىك سەهىپە ئاجىرىتىلغان. نەقىل كەلتۈرۈلگەن هۇن ئارخېئولوگىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللارمۇ كونا ماتېرىياللار بولغانلىقتىن، كىتابتىكى نۇرغۇن نۇقسانلارغا نىسبەتەن پايدىسىز تەسىر پەيدا قىلغان. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ كىتابنىڭ ئەهمىيىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئاپتور ئازادلىقتىن كېيىن تۈنجى بولۇپ ماركسىزىملىق، لېنىنىزىملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە هۇن تارىخىنى تەتقىق قىلغان ئالىم (ماچاڭشۇ ئەپەندى 1954- يىلدىن باشلاپلا ماركسىزىملىق ئىدىيە بويىچە هۇن تارىخىنى تەتقىق قىلىپ ماقالىلەرنى ئېلان قىلىشقا باشلىغان). شۇنداقلا «شىمالىي دىلار ۋە هۇنلار» دېگەن ئەسەر ئازادلىقتىن كېيىن كونكرېت ۋە مەخسۇس يېزىلغان ئەسەر. شۇڭا، بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئېلىمىز تارىخشۇناسلىق ساهەسىدىكى خادىملارنىڭ ماركسىزىمدىن پايدىلىنىپ هۇن تارىخىنى تەتقىق قىلىشى ۋە ئەسەر يېزىشىنى ئۈلگە بىلەن تەمىنلىگەن.

ھۇن تارىخى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش مەيلى ئىلمىي جەھەتتىن بولسۇن، ۋە ياكى سىياسىي جەھەتتىن بولسۇن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرىنچىدىن، ھۇنلار ئېلىمىز ئىگىلىكىنىڭ قەدىمكى كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىنىڭ بىر ئەزاسى. ئۇلارنىڭ تارىخى ۋەتىنىمىز تارىخىنىڭ بىر قىسمى. ئۇلار ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار بىلەن كۆپ ئالاقە قىلغان ھەم خەنزۇلارنىڭ ئىلغار فېئوداللىق ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىمۇ خەنزۇلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىي پائالىيىتى ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان. بولۇپمۇ چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇپ ـ شىمالىنى ئېچىش، چوڭ چۆللۈكتىكى تارقاق، قالاق ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇپ ـ شىمالىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سېلىش جەھەتتە تۆھپىسى زور بولغان مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا قوغۇشار تەڭرىقۇت جىنخۇشاننىڭ تارىخ سەھنىسىگە قەدەم قويۇپ، خەنزۇلار بىلەن دوستلىشىش، ھەمكارلىشىش سىياستىنى قوللىنىشى چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇپ ـ شىمالى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، بۇ كېيىنكى تۈرك مىللىتىنىڭ چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇپ ـ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەم شىمالى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بىرلىككە كېلىشىنىڭ يەنىمۇ كۈچىيىشىگە، كېيىن موڭغۇل مىللىتىنىڭ پۈتۈن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا يول ئاچقان ۋە ئۈلگە بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، ھۇن تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش جۇڭگوۋا مىللەتلىرى ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق روھى ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىكى ۋاڭ جاۋجۈننىڭ ھۇنلارغا ياتلىق قىلىنىشى خەنزۇلار ۋە ھۇنلار ئىككى مىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە دوستلۇقىنىڭ ئۈلگىلىك مىسالى.

ئىككىنچىدىن، ھۇنلار ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ داڭق چىقىرىپ تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالغان مىللەت. ئۇلار ئۇزۇن ۋاقىتقىچە پائالىيەت ئېلىپ بارالىشى ھەم جۇڭگو تارىخىدا، مۇھىم رول ئوينىيالىشى، ھەتتا دۇنيا تارىخىنىڭ بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتەلىشى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلانغانلىقى، باش كۆتۈرگەن ھالدا ئالىلقاچان تۆمۈر قوراللار مەدەنىيىتى دەۋرىگە

كىرىپ بولغانلىقى، ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدە ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلىي بىلەن ھەربىي تەشكىل بىرلەشتۈرۈلگەن. ئۇلارنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىنى ئىنتايىن زىچ بىرلەشتۈرگەن. باشقا ئامىللار قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچى ئىنتايىن كۈچەيگەن ۋە «ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ دۆلەت قۇرالىغان». گەرچە ئۇلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان بولسىمۇ (قەدىمكى يۇنان، رىمنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدەك ئۇنداق بەك تەرەققىي قىلمىغان بولسىمۇ) ۋە كۈچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تارقاقلىقى ۋە ئاجىزلىقى سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ تۆۋەن تۆۋىرىشى دۆلەت تاپىلىشقا كەلگەنلىكىنى، تۇيۇقسىز گۈللىنىپ، تۇيۇقسىز گۇمران بولۇشىغا سەۋەب بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ نەچچە يۈز يىل ساقلىنىپ قېلىشى، يەنە كېلىپ شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمالدا نەچچە مىڭ چاقىرىمدىن، نەچچە مىڭ چاقىرىمغىچە يەرلەرنى كونترول قىلالىشى، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل قۇدرەت تېپىش يولىدا ماڭغانلىقىدىن بولۇپ، ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. ھۇن مىللىتىنىڭ بۇ خىل ئىچكى تۈزۈلۈشى – مىللەتنىڭ ئىچكى تۈزۈلىشى ئىگە بولغان ئالاھىدىلىك ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىچكى تۈزۈلىشى ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتنىڭ بۇ خىل ئىچكى تۈزۈملىدىكى رولىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش پەقەت ھۇن مىللىتىنىڭ مىللىي قىياپىتى ۋە جەمئىيەت ھالىتى ھەم سىياسىي جەھەتتىكى گۈللىنىش، گۇمران بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئېچىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كېيىن باش كۆتۈرۈپ چىققان شىمالدىكى مىللەتلەر، مەسىلەن، ئوغان، سىيانپى، جورجان، تۈرك، ئۇيغۇر، قىتان، موڭغۇل قاتارلىق چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقىمۇ پايدىلىق. شىمالدا باغ كۆتۈرۈپ چىققان بۇ مىللەتلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىك ، ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلى ھەربىي تەشكىلىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى ۋە بىش كۆتۈرگەن ۋاقتىتا ئاساسەن ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىن قۇللۇق جەمئىيەتكە ئۆتۈش ئارلىقىدا تۇرۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھۇنلار بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھۇنلارنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرى شىمالدا كېيىن باش كۆتەرگەن. ھەر قايسى تەركىبىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە كېيىنكى مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كەسكىن پارچىلىنىش دېگەندەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنىڭ ئىلغار فېئوداللىق ئىگىلىك مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراش ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، مەدەنىيەت ساپاسى، راۋاجلىنىشى ۋە بۆلۈنۈشى، خەنزۇلار ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئازدۇر- كۆپتۇر ئۆزگىرىش ياسىغان. گەرچە شىمالدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر تۇرىۋاتقان تارىخىي مۇھىتى ۋە شەرت- شارائىتى

ئوخشاشمايدىغان بولىسمۇ، رىۋاجلىنىش جەريانىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، كۆپ خىل تارىخىي ھالەتنى ئىپادىلىگەن بولىسمۇ، لېكىن ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ھۇنلارنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ھەر خىل تارىخىي ھادىسىلەر نۇرغۇن تەرەپلەردىن كېيىن، شىمالدا باش كۆتەرگەن ھەر قايسى مىللەتلەرنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا غايەت زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. شۇڭا، ھۇن تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ شىمالدىكى بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخىدىكى زور مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئەھمىيىتىنى ئالاھىدە قەيت قىلمىساق بولمايدۇ. يەنە بىرى ھۇنلار تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئارقىلىق ئەينەك ياكى ئاچقۇچ بولالىشى شۆبھىسىزدۇر.

ئۈچىنچىدىن، ئىچكى موڭغۇل رايونىدا ھۇن تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش تېخىمۇ زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، ھۇنلار ئىلگىرى پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلاردىن چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىغا، جۇملىدىن ئېلىمىزگە تەۋە بولۇپلا قالماي، چوڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىمۇ 1921- يىلى 7- ئايدا موڭغۇلىيە مۇستەقىللىق جاكارلاشتىن ئىلگىرى ئېلىمىزگە تەۋە ئىدى. ئىلگىرى تاشقى موڭغۇلىيەدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان مىللەتلەرنىڭ تارىخىمۇ ۋەتىنىمىز تارىخىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. (11). شۇڭا،ئىچكى موڭغۇل رايونىنىڭ تارىخىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، بەلكى يەنە ئىچكى موڭغۇل ۋە 1921- يىلى 7- ئايدىن ئىلگىرىكى تاشقى موڭغۇلنىڭ چېگرا رايون تارىخ- جۇغراپىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىمۇ ھۇنلارنىڭ ئىزىنى ئىزدىمەي بولمايدۇ. مەسىلەن، يىغىلىق دەۋرى ۋە چىن- خەن سۇلالىسىنىڭ دەۋرىدە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەر ئەڭ شىمالدا قايسى يەرگىچە پائالىيەت ئېلىپ بارغان؟ بۇنى بىلىش ئۈچۈن ھۇنلارنىڭ شىمالىدىكى چېگرىسىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيە ئارخېئولوگلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بۇريات ئىتتىپاقداش ئاپتونوم رايون جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى ئۇلانئودونىڭ ئىۋولگا بازىرىدىكى خارابىنى ھۇنلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ شىمالدىكى قەلئەسى دەپ بېكىتىلگەنلىكىگە ئاساسەن، بىز ئەينى ۋاقىتتىكى ھۇنلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنىڭ ئەڭ شىمالدا مۇشۇ يەرگىچە يەتكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز (بۇ يەر ھازىر بايقال كۆلىنىڭ شەرق تەرىپىنىڭ سەل جەنۇبىدا). ئەگەر ھۇنلارنىڭ شىمالدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان دىگىلىگلارنىڭ ئىزىنى سۈرۈشتۈرسەك، ئۇ ھالدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ئەڭ شىمالدا ھازىرقى بايقال مىللەتلەرنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ئەڭ شىمالدا ھازىرقى بايقال كۆلىنىڭمۇ شىمالدا بولىدۇ (12). يەنە موڭغۇل تارىخىدىكى بىر قىسىم تېخى ھەل

قىلىنمىغان مۇھىم مەسىلىلەرمۇ ھۇن تارىخىدىكى مەسىلىلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى مەسىلىسىدە نۆۋەتتە دۆلىتىمىز ئىچى- سىرتىدىكى ئالىملار ئىچىدە ئومۇمەن ھۇن، تۈرك ۋە تۇڭگۇس دەيدىغان ئۈچ خىل قاراش مەۋجۇت. شۇڭا، ھۇنلار موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بولۇش- بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ھۇن تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا پايدىسى بار. يەنە مەسىلەن، موڭغۇل تىلىدىكى ھۇن تىلىنىڭ تەركىبلىرى ۋە تۈرك تىلىنىڭ تەركىبلىرى مەسىلىسىمۇ ھۇن تىلىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ تەقەززا قىلىدۇ. شۇڭا، ھۇن تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش مۇڭغۇل تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆز- ئارا مۇناسىۋەتلىك.

تۆتىنچىدىن، ھۇن تارىخى (تۈرك تارىخى، موڭغۇل تارىخى قاتارلىق شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى) بىر «دۇنياۋى خاراكتېرلىك) ئىلىم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ دۆلىتىمىزدە فېئوداللىق نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىن سىرت، يەنە چەت ئەل بۇرژۇئازىيە، جاھانگىرلىك ۋە زومىگەرلىكنىڭ خىلمۇ- خىل ئەكسىيەتچى نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ تۆھمەت قىلىشقا ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشقا ۋە بۇرمىلىشىغا ئۇچرىغان. بولۇپمۇ ھۇنلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇرمىلاندى. شۇڭا، ھازىر ماركسىزىم- لېنىنىزىم ۋە ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنى قورال قىلىپ، تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكى بۇ نوقسانلارنى تۈزەش، ھۇنلارنىڭ تارىخىنى ئەسلى قىياپىتى بويىچە يورۇتۇپ بېرىش دۆلىتىمىز تارىخچىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. ھۇن تارىخىدىن ئىبارەت بۇ ئىلمىي ساھە ماركسىزىم بىلەن باشقا ئىدىيىلەرنىڭ كۈرەشىدىكى بىر جەڭ مەيدانىدۇر.

ھۇن تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ!

مەن «ھۇنلارنىڭ ئومۇمىي تارىخ» دېگەن بۇ ئەسىرىمدە ماركسىزىم- لېنىنىزىم ۋە ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو تارىخ سەھنىسىدە تەخمىنەن 500 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ھۇن مىللىتىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، سىياسىي تەشكىلى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ- ئادىتى، گۈللىنىشى ۋە خارابىلىشىشى، سىياسىي ئۆزگىرىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەر، بولۇپمۇ خەنزۇ مىللىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر قەدەر ئەتىراپلىق ھەم سىستېمىلىق بايان قىلىپ، ھۇن مىللىتىنىڭ تارىخىي قىياپىتىنىڭ بىر ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى سىزەتلەپ باقتىم. بۇ ئومۇمىي تارىخ «ھۇنلار تارىخى» دېگەن قاملاشمىغان ئەسىرىم (13) ئاساسىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە تولۇقلاش ئارقىلىق پۈتتۈن چىقتى. مەسىلىلەرنى تېخىمۇ كەڭ ۋە

ئەتىراپلىق بايان قىلىش ئۈچۈن بۇ قېتىم ئەسەرنىڭ ھەجمىنى تەخمىنەن بىر ھەسسە كۆپەيتتىم.

ھۇن تارىخى مەخسۇس تارىخ بولغانلىقتىن، كەسىپ ئەھلى بولمىغان كىتابخانلارنىڭ ئوقۇشىغا قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن، مەزمۇن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، ئاممىباپلاشتۇرۇلۇپ، ھۇن تارىخىغا ئائىت بىلىملەر ئۇدۇل تونۇشتۇرۇلۇپ، چۇۋالچاق دەلىللەشتىن ساقلىنىلدى. دۆلەت ئىچى- سىرتىدىكى تېخى تالاش- تارتىشتا تۇرغان مەسىلىلەردە مۇھاكىمە قىلىپ ئېنىقلاشقا تېگىشلىكلىرىنىدىن باشقىلىرى ئاربلاشتۇرۇلمىدى. نەقىل كەلتۈرۈلگەن قەدىمكى ھۆججەتلەر ئورتاق تىل بويىچە تەرجىمە قىلىندى ۋە چۈشەندۈرۈلدى. نەزىرىيىۋى ئاساسلارغىمۇ بىر- بىرلەپ ئىزاھ بېرىلدى. قەدىمكى يەر ناملىرىغا ھازىرقى يەر نامى چۈشۈپ ئىزاھلاندى. ھۇنلارنىڭ مەخسۇس ئاتالغۇلىرىنىڭ قەدىمكى ئاھاڭى ۋە مەنىسىمۇ بىرمۇ بىر ئىزاھلىنىپ، كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئاسانلىق يارىتىلدى.

ھۇن تارىخىنىڭ مەزمۇنى مۇرەككەپ، شۇنداقلا، نۆۋەتتە دۆلەت ئىچى- سىرتىدىكى ئىلىم ساھەسىدە ماركسىزىم- لېنىنزىمدىن پايدىلىنىپ يېزىلغان ۋە نەشر قىلىنغان مەخسۇس ئەسەرلەرمۇ كۆپ ئەمەس. ھۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر بىر تەرەپ قىلىنمايلا قالماستىن، ھەتتا تەتقىق قىلىنمىدى ياكى ئىزدىنىدىش ئۈستىدە تۇرىۋاتىدۇ. شۇڭا، بۇنداق مەخسۇس تارىخ يېزىش بىر قەدەر قىيىن. يەنە كېلىپ سىياسىي سەۋىيەم ۋە كەسپى سەۋىيەمنىڭ چەكلىكى تۈپەيلىدىن خاتالىقتىن ساقلىنىشىم تەس. شۇڭا كېيىنكى تۈزىتىشىم ئۈچۈن كىتابخانلارنىڭ تەنقىد پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ كىتابتا يولداش لىۋ چاۋۋېي بېغىشلىما يېزىپ بەردى. بۇ يەردە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

لىن گەن

1983- يىلى ئىچكى موڭغۇل داشوسىدە يېزىلدى

ئىزاھلار:

① 1756 ~ 1758 ـ يىللاردا پارىژدا نەشر قىلىنغان. جەمئىي بەش قىسىم بولۇپ، ئەسلى ئەسەر فرانسۇزچە.

②1961 ـ يىلى لېنىنگرادتا نەشر قىلىنغان. ئەسلى ئەسەر رۇسچە.

③ئا. خ . رافكوۋ: «هۇن تارىخىدىن ئومۇمىي مەلۇماتقا باها»، 1952 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «تارىخ مەسىلىلىرى» ژورنىلىنىڭ 5 ـ سانىغا بېسىلغان.

④بىرىنچىسى 1960 ـ يىلى موسكۋادا، ئىككىنچىسى 1974 ـ يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان. ئىككىلىسى رۇسچە.

⑤1925 ـ يىلى لېنىنگرادتا نەشر قىلىنغان، رۇسچە.

⑥ئىنگلىزچە. بۇ كىتابنىڭ شياڭدا تەرجىمە قىلغان خەنزۇچە نۇسخىسى 1934 ـ يىلى شاڭخەي شىڭۋۇ كىتابخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

⑦ئىنگلىزچە. بۇ كىتابنىڭ جاڭ جۆەن تەرجىمە قىلغان خەنزۇچە نۇسخىسى 1958 ـ يىلى جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان.

⑧ئىنگلىزچە. 1973 ـ يىلى لوندۇندا نەشر قىلىنغان.

⑨نېمىسچە. 1962 ـ ~ 1975 ـ يىللاردا بېلىندا نەشر قىلىنغان.

⑩1960 ـ يىلى سەنلىيەن كىتابخانىسىدا نەشر قىلىنغان.

(11)دۇنيا بىلىملىرى نەشرىياتى نەشر قىلغان 1979 ـ يىلى نەشر قىلغان «ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن كىتابنىڭ موڭغۇلىيە قىسمىدا «جۇڭگونىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان تاشقى موڭغۇلىيە 1911 ـ يىلى چاررۇسىيەنىڭ پىلانلىشى ئارقىسىدا ‹مۇختارىيات› جاكارلاپ، 1921 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى مۇستەقىل بولغانلىقىنى ۋە پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق ھۆكۈمەت قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. 1924 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جۇڭگو ـ سوۋېت ‹جۇڭگو ـ رۇسىيە قېلىپ قالغان چوڭ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش كېلىشىمى› دە ‹سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ جۇڭخۇا مىنگونىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە بۇ زېمىنغا جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۇرگۈزۈشىنى ھۆرمەت قىلىدۇ› دەپ بەلگىلەندى. 1924 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم بىكار قىلىنىپ، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. 1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى قاتناشقان يالتا يىغىنىدا موڭغۇلىيىنىڭ

‹هازىرقى ئەھۋالى ساقلاپ قېلىندۇ› دەپ بەلگىلەندى. 1946- يىلى 1- ئاينىڭ 5- كۈنى جۇڭگو گومىنداڭ هۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى» دېيىلگەن.

(12) جۇڭگو تارىخ ئاتلىسىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن، 1974- يىلى جۇگو خەرىتە نەشرىياتى نەشر قىلغان «جۇڭگو تارىخى ئاتلىسى» 2- قىسىم 39- خەرىتە «هۇن قاتارلىق قەبىلىلەر» گە قاراڭ.

(13)ئىچكى موڭغۇل نەشرىياتى 1977- يىلى نەشر قىلغان، 1979- يىلى قايتا نەشر قىلغان.

# 1- باپ هۇنلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشى

ئېلىمىز تېررىتورىيىسىدىكى چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى يايلاق رايونلىرى ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپلا ئېلىمىز تارىخىدىكى شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سەھنىسى، شۇنداقلا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز- ارا ئالاقە قىلىشىدىغان، جەڭ قىلىشىدىغان، قوشۇلىدىغان سورۇنى ئىدى.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خۇاشىيىنىڭ شۇنىيۈلەرنى (هۇنلارنى) شىمالغا قوغلىغانلىقى خاتىرلەنگەن①. خۇاڭدى جۇڭگونىڭ ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى دەۋرىدىكى ئەپسانىۋىي شەخس بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئالتە، يەتتە مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ياشىغان. بۇ مەلۇمات شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ناھايىتى يىراق قەدىمكى زامانلاردىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇاشىيا مىللىتى بىلەن ئالاقە قىلغانلىقىدەك پاكىتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شيا سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 22 ~ 18- ئەسىرلەر) شۈنيۈلەر (هۇنلار) شيا مىللىتى بىلەن قوشنا ئولتۇراقلاشقان ۋە زىچ ئالاقىدە بولغان. شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 22 ~ 18- ئەسىرلەر) گۈيفاڭلار (هۇنلار) ئۇلارنىڭ كۈچلۈك دۈشمىنى بولۇپ قالغان. شاڭ پادىشاھى ۋۇدىڭ ئۈچ يىلغا سوزۇلغان ئۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان. غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 12- ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 771- يىلغىچە) شيەنيۈنلەر (هۇنلار) جانلىنىشقا

باشلىغان. تارىخىي ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، شيەنيۈنلەر (ھۇنلار) داۋاملىق غەربىي جۇ سۇلالىسىغا ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، ئىچكى رايۇندىكى خەلقلەرگە نۇرغۇن بالايىئاپەت ۋە ئازاپ ئوقۇبەتلەرنى كەلتۈرگەن. شۇڭا ئەينى ۋاقىتتىكى شائىرلار مۇشۇ ئىشلارنى تەسۋىرلەپ:

ئۆي - ماكاندى، ئائىلىدىن قالدۇق ئايرىلىپ،

دەھشەت سېلىپ كەلگەن ۋەھشىي ھۇنلار دەستىدىن.

يۇردۇق تىنماي كۆچكۆپ دائىم تېنەپ - تەمترەپ،

دەھشەت سېلىپ كەلگەن ۋەھشىي ھۇنلار دەستىدىن ②.

دەپ يازغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 8- ئەسىردە جۇسۈەنۋاڭ كۆپ قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ شيەنيۈنلەر (ھۇنلار) نىڭ تاجاۋۇزچىلىرىغا تاقابىل تۇرغان ۋە «سۇفاڭ» دا قەلئە ياساتقان. شائىرلار ئەينى چاغدا شيەنيۈنلەرگە (ھۇنلار) تاقابىل تۇرۇغان ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ:

چۇشۇرۇپ بۇيرۇقنى ماڭا ئۇلۇغ خان،

شىمالىي چېگرىغا سالدۇردى قورغان.

ئاتاقلىق نەنجۇڭغا بولدىغۇ نېسىپ،

ھۇنلارنى قوغلانى بەرمەستىن ئامان③

دەپ يېزىشقان.

ئەمنىيە ۋە يېغىلىق دەۋرلىرى ئارلىقىدا، بۇرۇنقى يۈنيۈ، گۇيفاڭ، شۈنيۈن قاتارلىق خەلقلەرنىڭ نامى تارىخ سەھىپىسىدىن يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «رۇڭ» ۋە «دى» دېگەن ناملار ئالماشتى. بۇ «رۇڭ» ، «دى» لارنىڭ قەبىلىلىرى چوڭ- كىچىك بولۇپ يۈزدىن ئاشاتتى④. بۇلار ئۆزىچىلا پەيدا بولۇپ قالغان بولماستىن، بەلكى شيەنيۈڭ قاتارلىق خەلقلەرنىڭ (ھەم تارىختا ئىسمى كۆرۈلمىغان باشقا مىللەتلەرنىڭ) ئۇزۇن مۇددەت ئارلىششى

نەتىجىسىدە شەكىللەنگەندى. مىلەت نامىنىڭ بۇ خىل ئۆزگىرىشى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز- ئارا مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، جۇملىدىن نۇرغۇن ئۇرۇق ياكى قەبىلىلەرنىڭ پارچىلىنىشى، بىرلىشىشى، توپلىشىشى ۋە تارقىلىشىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخىي مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بۇ «رۇڭ» ۋە «دى» لارنىڭ بەزىلىرى خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىغا، يەنە بەزىلىرى چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا جايلاشقان. خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقانلارنىڭ بەزىلىرى خۇشيا مىللىتىنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان، بەزىلىرى خۇاشيا مىللىتىنىڭ ئارىسىغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان. شۇڭا، ئۇلار خۇاشيا مىللىتى بىلەن كۆپلەپ ئارىلىشىپ، بەزىدە تىنچ ئالاقە قىلسا، بەزىدە ئۇرۇش قىلىپ تۇرغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر قايسى خەلقلەرمۇ بەزىدە ئۇرۇش قىلسا بەزىدە تىنچ ئۆتكەن. بۇ خىل ئۆز- ئارا ئۇرۇش ئالاقە ۋە ئۇرۇش ئۇلارنى ئۆز- ئارا قوشۇلۇشقا يۈزلەندۈرگەن. ئۇزاق مۇددەتلىك ئارىلىشىش جەريانىدا بەزى «رۇڭ» ۋە «دى» لارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى بىر قەدەر تېزلىشىپ، كۆچى زورىيىپ، ئاساسلىق رول ئوينىدى. (باشقا مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلدى)، يەنە بەزى «رۇڭ» ۋە «دى» لار قوشۇمچە رول ئوينىدى. (باشقىلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىندى) يىغلىق دەۋرىگە كەلگەندە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 476 ~ 221- يىللار) خۇئاڭخې دەرياسى ۋادىسىغا تارقالغان «رۇڭ» ، «دى»لاردىن ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى ئىچىدە «جۇڭشەن بەگلىكى» نى قۇرغان شيەنيۈلەردىن باشقىلىرى خۇاشيا مىللىتى ۋە ئۇلار قۇرغان كۆچلۈكلەر بەگلىكلەر تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى. يەنە بەزىلىرى چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كۆچۈپ كېتىپ، بۇرۇندىن شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان «رۇڭ» ، «دى» لار بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. يىغلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا جەمئىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئۆز- ئارا بىر- بىرىگە تەۋە بولمىغان نۇرغۇنلىغان ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر پەيدىنپەي توپلىنىشقا باشلىدى ھەم بەلگىلىك تېررىتورىيىدە قەبىلە ئورتاق گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىدى. بۇلاردىن بىر ەدەر ئىلغارراقلىرى مەدەنىيەت بوسۇغىسىغا قەدەم قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇردى (مەسلەن، ھۇنلار)، ئارقىدىراق قېلىپ قالغانلىرى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلدى (مەسلەن، ھۇنلار بىلەن تەڭ باش كۆتۈرگەن تۇڭگۇسلار) ياكى ئۇرۇق، قەبىلە تارىخىي باسقۇچىدا توختاپ قالدى.

ھۇنلار مانا مۇشۇنداق قوشۇلۇش جەريانى ئارقىلىق مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4- ئەسىردە پەيدىنپەي ئۆزىنىڭ «قابىلىيىتى» نى ئاشكارىلاپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3- ئەسىردە تارىخ سەھنىسىگە قەدەم قويىدى. ئۇلارنىڭ

ئېتنىك مەنبەسى يۈنيۈلەر، گۈيفاڭلار، شيەنشۈنلەر، «رۇڭ» ، «دى» «غۇر» لار قاتارلىق بۇرۇندىن چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ياشىغان ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھۇنلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى يەككە ھالدىكى بىرەر ئۇرۇق ياكى قەبىلىدىن كېلىپ چىققان دەپ ئېيتىش ناھايىتى تەس. لېكىن، ھۇن مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدا «ھۇن» دەپ ئاتالغان ئۇلۇس ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بىر قەدەر ئىلغار، كۈچى بىر قەدەر زور بولغانلىقتىن باشلامچى ئورۇندا تۇرغان. مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ «ھۇن» دېگەن ئۇلۇسنىڭ نامى پۈتۈن مىللەتكە ۋەكىللىك قىلغان. ئەمەلىيەتتە، ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي تەركىبمۇ بىر خىل ئەمەس ئىدى. مەسىلەن: توغا، يۈۋېن، دوغۇ، قۇچاي، قانقۇي قاتارلىق قەبىلىلەرمۇ ھۇنلارنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىچىدە ىدى. شۇنداقلا ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ تۆۋىنىدە نۇرغۇن ئۇرۇقلار بار ئىدى. مەسىلەن: لاندى، قۇيان، لان، سۇبۇ، چيۇلىن، جىئو، داڭيۇ، خەن، لاڭ، سۇجى، جورجى دېگەندەك. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاتالمىش «باشقا ئۇرۇق» ياكى «باشقا قەبىلە» دىكىلەرنىڭمۇ ھىسابى يوق ئىدى⑤. بۇنداق مۇرەككەپ مىللىي تەركىب ھۇنلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئارلىششى ۋە بىرلىششىدىن شەكىللەنگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ھۇنلار بىلەن بىللە باش كۆتۈرگەن توڭگۇس ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇپ- شىمالىدا باش كۆتەرگەن ئوغان، سىيانپى، جۇرجان، تۇرا، تۈرك، ئۇيغۇر، قىتان، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مىللى تەركىبدىكىلەرنىڭمۇ مۇشۇنداق مۇرەككەپ ئىكەنلىگىنى بۇنىڭغا قوشۇمچە ئىسپات قىلىشقا بولىدۇ.

14- ئەسىردىكى ئىلخانىلار خانلىقىدىكى تارىخچى راشىددىن ئۆزىنىڭ «جامىئۇل تاۋارىخپ» (1- جىلد) ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازغان : «تاتارلار ناھايىتى < ئۇلۇغ> ۋە باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغاچقا، تاتار بولمىغان باشقا ئۇرۇق، قەبىلىلەرمۇ تاتار نامى بىلەن دۇنياغا تونۇلۇۋاتىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ئۇلۇس نامى تاتار بولسىمۇ، يەنىلا تاتار ردەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. تاتار بولمىغان بۇ ئۇلۇسلار ئۆزىمىزنى تاتار نامى بىلەن ئاتاپ، تاتارلارنىڭ ئارىسىغا قوشۇلساق < ئۇلۇغ> ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئورۇنغا ئىگە بولالايمىز، دەپ قارىشىدۇ. ھازىرقى تاتار، جالايىر، ئويرات، كېرەيى، ئونغۇت، تاڭغۇت قاتارلىق موڭغۇل بولمىغان قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ <سائادىتى> گە تايىنىپلا موغۇل بولۇپ قالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسلىدە ئۆز ئىسمى ۋە نامى بار ئىدى. ئۇلار ھازىر ئۆزلىرىنى موڭغۇل دەپ ئاتىشىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلگىرى

<موڭغۇل> دىگەن بۇ نامنى ئېتىراپ قىلغان ئەمەس. ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى ئۆزلىرىنى بۇرۇندۇن <موڭغۇل> لارغا تەۋە دەپ قارىماقتا، ھەم موڭغۇل نامىنى قوللانماقتا. ئەمىليەتتە ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، قەدىمكى موڭغۇللار نۇرغۇنلىغان يايلاق مىللەتلىرى ئارىسىدىكى بىر قەبىلە خالاس» (يۇقىرقىلار مەنە تەرجىمىسى بولۇپ، قىسمەن سۆز - ئىبارىلەر قوشۇلغى ياكى چىقىرۋېتىلدى - ئاپتوردىن).

راشىددىننىڭ بۇ بىر ئابزاس سۆزى ھۇنلارنىڭ ۋە ئۇلاردىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان ھەر قايسى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئېتنىك مەنبەسىنىڭ ھەرگىزمۇ بىرلا خىل ئەمەسلىكىنى ھەم مىللىي تەركىبىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى چۈشىنىشىمىزدە بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

«شۇنيۇ»(荤粥)، «شيەنيۈن»(猃 狁)، «ھون»(匈奴 ) دېگەن ئىسىملارنى تەتقىق قىلغاندا، بۇ ئۈچ خىل نام بىر خىل تاۋۇشنىڭ كۆپ خىل ئۆزگىرىشى بولۇشى مۇمكىن، بۇلۇپمۇ «شۈن»(荤)، «شيۇڭ»، (猃) دىن ئىبارەت ئۈچ خەت بىر خىل تاۋۇشنىڭ ئوخشىمىغان ئۈچ خىل ئوقۇلۇشى بولۇشى مۇمكىن (پەقەت ئىشلىتىلگەن خەتلا ئوخشاش بولمىغان ـــ ئاپتوردىن) ھۇندىكى «شيۇڭ» خېتى بىلەن يېغىلىق ۋە چىن، خەن دەۋرىلىرىدە مەخسۇس ھۇنلارنىڭ نامى بولغان غۇزىدىكى «خۇ» خېتىنى تېزراق ئوقۇغاندىمۇ ئوقۇلۇشى ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. بۇلار بىلەن ئىنگلىزچە ھۆججەتلەردىكى Huns دىكى « Hunنىڭ Xouos ( ياكى Xouw) ھەم كېيىنكى Huns دىكى « Hun» نىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئاھاڭ. شۇڭلاشقا مەن ھۇن مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئاساسلىق قىسىم ـــ «ھۇن» ئۇلۇسى ئەڭ دەسلەپتىكى سۇنيۇ، گۇيفاڭ، شيەنيۈن قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىن كەلگەن، دەپ قارايمەن.

ھۇن مىللىتى بارلىققا كەلگەن «بۆشۈك» ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ خېتاۋ رايۇنى ۋە چوغاي تاغلىرى ئەتراپىدۇر. «خەننامە» 28- جىلد «جۇغراپىيە تەركىرىسى» دە خاتىرلەنگەن ۋۇيۈەن ئايمىقى گۇياڭ ناھىيىسىنىڭ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ باۋتو شەھىرىنىڭ شەرقى) غەربىي شىمالدىكى «تۈمەن بالىق» ھۇنلارنىڭ تۈنجى تەڭرىقۇتى ـــ تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ ۋە ئۇ باشچىلىقىدىكى ھۇن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرۇنلىق مەركىزى ئىدى. غەربىي خەن پادىشاھى يۈەندى دەۋرىدە چېگرىغا مەسئۇل كاتاۋۇل خۇيىڭ: «چوغاي تېغىنىڭ شەرقىدىن غەربىگىچە مىڭ چاقىرىم ئارىلىقتا ئوت - چۆپلەر، مول، ياۋايى ھايۋانلار كۆپ. بۇ يەر

باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئوقيا ياساپ قوشۇن توپلايدىغان، بۇلاڭ- تالاڭغا چىقىش، مال- چارۋىلىرىنى ياپىلىتىدىغان يېرى»⑥دېگەن. دېمەك، هازىرقى ئىچى موڭغۇلدىكى چوغاي تېغى ئەتراپى هۇنلارنىڭ ياشاپ كۆپىيىدىغان ماكانى، شۇنىڭ بىلەن بىللە هەربىي قول هۇنەرۋەنچىلىك بازىسى هەم سىرتقا تاجاۋۇز قىلىشتىكى تايانچ بازىسى بولغان. «تارىخىي خاتىرىلەر، هۇنلار هەققىدە قىسسە» دە هۇنلار بىلەن چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى بەگلىكلەرنىڭ چېگرا ئايرىمىسىنى بايان قىلغاندا «شۇ چاغدا يەتتە بەگلىك (يەن، جاۋ، چىن) هۇنلار بىلەن چېگرىداش ئىدى» دېيىلگەن. ئەينى ۋاقىتتا هۇنلارنىڭ «بۆشۈك» ى هازىرقى خېتاۋ رايونى ۋە چوغاي تېغى ئەتراپىدا بولغاچقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى يەن بەگلىكى، جاۋ بەگلىكى، چىن بەگلىكى بىلەن چېگرىلانغان.

ئىچكى موڭغۇلنىڭ خېتاۋ ۋە چوغاي تېغى ئەتراپىنىڭ هۇنلار كېلىپ چىققان يەر ئىكەنلىكىنى يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان ئىچكى موڭغۇل رايونىدىن بايقالغان نۇرغۇنلىغان هۇن قەبرىلىرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن:

1972- يىلى ئىكجاۋ ئايمىقى كاڭمىيەن خوشۇنىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تاۋخڭبالا كەنتىدىن يېغىلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە مەنسۇپ ئالتە هۇن قەبرىسى بايقالغان⑦.

يەنە شۇ يىلى كاڭمىيەن خوشۇنىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئالۇچەيدېڭ رايونىدىن (تاۋخوڭبالانىڭ تۆت كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا) يېغىلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە تەۋە ئىككى هۇن قەبرىسى بايقالغان⑧.

1975- يىلى جۇڭغار خوشۇنىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يۈلوڭتەي كەنتىدىن يېغىلىق دەۋرى بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىلىقىغا مەنسۇپ بولغان بىر هۇن قەبرىسى بايقالغان⑨.

1979- يىلى باينغول ئايمىقى ئۇيرات ئوتتۇرا ئارقا بىرلەشمە خوشۇنىنىڭ غەربىي قىر ئۇستاي دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىن يېغىلىق دەۋرگە مەنسۇپ ئۈچ هۇن قەبرىسى بايقالغان⑩.

يەنە شۇ يىلى ئىكجاۋ ئايمىقى جۇڭغار خوشۇنىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى شىگۇپەندىن يېغىلىقى دەۋرىدىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە مەنسۇپ ئۈچ هۇن قەبرىسى بايقالغان(11).

چىن شىخۇاڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 221- يىلى) كېيىن قوشۇن ئەۋەتىپ «دەريانىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەر» نى (هازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى خېتاۋنىڭ جەنۇبىدىكى ئىكجاۋ ئايمىقى ئەتراپى) تارتىۋالغان هەم يەنە خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ چوغاي تېغى (هازىرقى داچىڭشەن تېغى)، بېيجىيا

(هازىرقى خېتاۋنىڭ شىمالى، داچىڭشەن تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جىلغىلىق رايۇن) قاتارلىق جايلارنى ساقلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە «سەددىچىن سېپىلى» نى ياساپ، هۇن ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇپقا يۈرۈش قىلىشىنى توستى. تۈمەن تەڭرىقۇت چىن سۇلالىسىگە تەڭ كېلەلمەي شىمالغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە باتۇر تەڭرىقۇت تەختتە ئولتۇرغان چاغدا (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 209 ~ 174- يىللار) هۇنلارنى كۆچەيتىپ، خېتاۋنىڭ جەنۇپ- شىمالىدىكى رايۇنلارنى قايتىدىن تارتىۋېلىپ، ئوڭ قول بىلىكخانىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە قىلدى. «دەريانىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەر» دە هۇنلارغا قارام بولغان ئالوبان خانىنىڭ قەبىلىسى بىلەن بايان خانىنىڭ قەبىلىسى چارۋىچىلىق قىلدى. خەن ۋۇدىنىڭ يۈەنسۇ 2- يىلى (مىلادىيە 127- يىلى) خەن سۇلالىسى سەركەردىسى ۋېي چىڭ ئالوبان خان بىلەن بايان خانىنى مەغلۇپ قىلىپ قوغلاپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن هۇنلار دەريانىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەردىن يەنە بىر قېتىم ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. خەن سۇلالىسى دەريانىڭ جەنۇبىدىكى رايۇنلاردا سۇفاڭ ئايمىقىنى تەسىس قىلىپ، شەھەر- قەلئەلەرنى سېلىپ مۇداپىئە قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ هۇنلار بۇ يەرلەرنى تارتىۋېلىشقا ئامالسىز قالدى. يۈەنسۇ 5- يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 124- يىلى) ۋېي چىڭ سۇفاڭنىڭ گاۋچۈ دېگەن يېرىدىن يەنە زور قوشۇن باشلاپ شىمالغا 600 ~ 700 چاقىرىم ئىچكىرىلەپ كىرىپ، كېچىدە ئوڭ قول بىلىك خانىنىڭ ئوردىسىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئوڭ قول بىلىك خان ئۆزى يالغۇز قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، ناھايىتى زور چىقىم تارتتى. كېيىنكى يىلى (يۈەنسۇ 6- يىلى) سېي چىڭ يەنە هۇجۇمغا ئۆتۈپ نۇرغۇن ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى. بۇ چاغدا هۇن هۆكۈمرانلىرى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردە خەن سۇلالىسىنىڭ هەربىي بېسىمىنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بۇ يەردە تۇرۇشنىڭ تەسكە توختايدىغانلىقىنى هېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆڭكۈ تۆرە جاۋشىنىڭ (هۇنلارنىڭ كىچىك خانى) «چوڭ چۆللۈكتىن ئۆتۈپ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچەشىمالغا يۆتكىلىپ، خەن قوشۇنلىرىنى ئازدۇرۇپ، ئۇلار چارچىغاندا پەم بىلەن يوقىتىش، جەنۇپقا چۈشۈپ چېگرىغا يېقىنلىشىشتىن ساقلىنىش» پەنتى قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ هۇنلارنىڭ ئاساسىي كۆچى شىمالغا چېكىندى. لېكىن خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىغىچە قوغلاپ باردى. يۈەنشو 4- يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 119- يىلى) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇرۇشتا تەڭرىقۇت «خىللانغان قوشۇنلىرى بىلەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ساقلاپ تۇرغان» بولسىمۇ، يەنىلا ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قېچىپ كەتتى. ۋېي چىڭ تاكى بۇيان تېغىدىكى جاۋشىن

قەلئەسگىچە (بۇيان تىغى ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى خانگاي تىغىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر بۆلىگى، جاۋشىن قەلئەسى بولسا بۇيان تىغى ئەتراپىدا) قوغلاپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، خۇچۇبىگمۇ چۆللۈكنىڭ شىمالىدا سول قول خانىنىڭ مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى تاكى لاۋجۇيۇشەن تىغى (ھازىرقى ئىچكى مۇڭغۇلنىڭ جاۋۋۇدا ئايمىقى كىشىكنىڭ خوشۇنىنىڭ غەربىي شىمالىدا) ۋە قۇيان تىغىغىچە (لاڭجۇيۇشەن تىغىنىڭ ئەتراپى) قوغلاپ باردى. «شۇنىڭدىن كېيىن ھۇنلار يىراققا قېچىپ كېتىپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا ئوردىسى قالمىدى» (12). شۇنىڭدىن باشلاپ ھۇنلارنىڭ سىياسىي مەركىزى ئۇلارنىڭ بۆشۈك ماكانىدىن مەڭگۈگە چېكىنىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا يۆتكەلدى.

چۆللۈكنىڭ شىمالىمۇ ئەسلىدىلا ھۇنلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون ئىدى. ھۇنلارنىڭ سىياسىي مەركىزى شىمالغا يۆتكىلىشتىن ئىلگىرى ھۇنلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، سىياسىي مەركەز شىمالغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، چۆللۈكنىڭ شىمالىي قىسمى ھۇنلارنىڭ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قىسمىنىڭ پائالىيەت مەركىزى بولۇپ قالدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا قوغۇشار تەڭرىقۇت جىخۇشان غەربىي خەن سۇلالىسىغا ئەل بولغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان ھۇنلار ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ توقتۇ ناھىيىسى ئەتراپى سول قول لەۋ خان شانىنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان رايونىغا ئايلاندى(13)؛ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھازىرقى شىلىنغول ئايمىقى سول قول ئىجىز خانىنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان رايونىغا ئايلاندى(14)؛ ھۇنلارنىڭ ئىككىسگە بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئوڭ ئۆكەن باتىس خانىنىڭ ئەسلىدىكى چارۋىچىلىق رايونىمۇ ھازىر ئىچكى موڭغۇلدىكى كونا سەددىچىنىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، غەرپتە خېتاۋغىچە، شەرقتە خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالدىكى نەنياڭ دەرياسىنىڭ غەربىدىكى رايۇنلارغىچە ئىدى(15).

## ئىزاھلار:

① «تارىخىي خاتىرىلەر» 1- جىلد «بەش چوڭ ئاقساقال ھەققىدە خاتىرە»

②«نەزمنامە. شەيۋېي نەزمىلىرى» ، «سەپەر نەزمىلىرى».

③«سەپەر نەزمىلىرى».

④«تارىخىي خاتىرىلەر» 110- جىلد «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە« «......... قىلغىلارغا تارقالغان. ھەر

قايىسىسىنىڭ ئۈز ئالدىغا ئاقساقىلى بار. كۆپىنچە توپ ـ توپ بولۇپ ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ،لېكىن بىرلىشىپ كېتەلمەيتى» دېيىلگەن.

⑤ «خەننامە» 94ـ جىلد «هۇنلار ھەققىدە قىسسە» ؛ «كېيىنكى خەننامە» 89ـ جىلد «جەنۇبىي هۇنلار ھەققىدە قىسسە»؛ «جىننامە» 97ـ جىلد «شىمالىي دىلار ــ هۇنلار ھەققىدە قىسسە» ، 129ـ جىلد «جۈرچى مۇنسۇن ھەققىدە خاتىرە»؛ «ۋېينامە» 23ـ جىلد «لىۇكۇرپىننىڭ تەرجىمھالى»؛ «سوڭنامە» 98ـ جىلد «رى غۇزلىرى ھەققىدە قىسسە».

⑥ «خەننامە. هۇنلار ھەققىدە قىسسە».

⑦ تيەن گۋاڭجىن: «تاۋخوڭبالادىكى هۇن قەبرىلىرى»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» 1976ـ يىلى 1ـ سان.

⑧تيەن گۋاڭجىن، گوسۇشىن: «ئىچكى موڭغۇلدىكى ئالوچەيىڭدىن بايقالغان هۇن قەبرىلىرى» ، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980ـ يىللىق 4ـسان.

⑨ ئىچكى موڭغۇل مۇزېيى ئېلان قىلغان: «ئىچكى موغۇل جۇڭغار خوشۇنىدىكى يۈلوڭتەيدىن بايقالغان هۇن قەبرىلىرى»، ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» 1977ـ يىللىق 2ـ سان.

⑩ تالا، لياڭ جىڭمىڭ: «قىرئۇۋستايدىكى هۇن قەبرىلىرى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1980ـ يىللىق 7ـ سان.

(11) ئىكجاۋ ئايماقلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمەت پونكىتى ئېلان قىلان قىلغان: «شىگۇپەندىكى هۇن قەبرىلىرى» ،«مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1980ـ يىللىق 8ـ سان.

(12) «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار ھەققىدە قىسسە»، 111ـ جىلد «ۋېي چىڭ ۋە قىران چەۋەنداز سانغۇننىڭ تەرخىمھالى».

(13) «خەننامە. هۇنلار ھەققىدە قىسسە».

(14) «كېيىنكى خەننامە» 20ـ جىلد «جەي زۇڭنىڭ تەرجىمھالى».

(15) «كېيىنكى خەننامە. هۇنلار ھەققىدە قىسسە».

# 2- باپ هۇنلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق جامائەسى ۋە ئۇنىڭ قۇللۇق جەمئىيىتىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشى

هۇنلار ناھايىتى بۇرۇنلار ئۇرۇقداش قەبىلە ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان. لېكىن شۇ چاغدا قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا قاتناشقان ھەر قايسى قەبىلىلەر يەنىلا ناھايىتى تارقاق بولۇپ، ئىنتايىن تۇراقسىز ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر» 110- جىلد «هۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە هۇنلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تارىخىنى بايان قىلىپ، «چۇنتۇپىيدىن (رىۋايەتلەردىكى هۇنلارنىڭ ئەجدادى) تارتىپ تاكى تۈمەنگىچە بولغان مىڭ نەچچە يىل جەريانىدا، ئۇلار بەزىدە كۆپىيىپ، بەزىدە ئازىيىپ ناھايىتى تارقاق جايلاشقان» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ دەل ئۇرۇقداش قەبىلە ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىنتايىن تۇراقسىز ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولسىمۇ، ئەمما هۇنلارنىڭ تۇنجىسى تەڭرىقۇت ـــ تۈمەن تەڭرىقۇت قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئورتاق تىكلىگەن رەھبەر ئىدى. ئۇرۇقداشلىق تەشكىلى پارچىلىنىشتىن ئىلگىرى هۇنلار ئورتاق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، مەھسۇلاتلارنى تەڭ تەقسىم قىلىدىغان، سىنىپ ۋە زۇلۇم ئېكسپىلاتاتسىيە مەۋجۇت بولمىغان ئىپتىدائىي جامائە ھالىتىدە ياشايتى. بۇ خىل تۇرمۇش شەكلىدە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىرگە كەلگەندە ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى.

هۇنلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3- ئەسىرنىڭ ئالدى- كەينىدە تۆمۈر قوراللار مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم قويدى. تۆمۈر قوراللار مەدەنىيىتىگە قەدەم قويۇش هۇن جەمئىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى. بۇنىڭ بىلەن، ئېشىنچە مەھسۇلات كېلىپ چىقىپ، هۇنلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكتىن يەككە ئىگىلىككە ئۆزگىرىشىنى تېزلەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە ئۆزگىرىش مۇمكىنچىلىگى تۇغۇلدى.

ئالدى بىلەن، چارۋىچىلىقتا، بولۇپمۇ يەم- خەشەك قىس بولغان قىش پەسلىدە چارۋىچىلىق قىلغاندا كىچىكرەك كۆلەمدىكى چارۋىنى بېقىش چوڭ كۆلەمدىكى چارۋىنى باققانغا قارىغاندا ئاسان توختايتى. چارۋىلارنى كۆپەيتىش ۋە قوغداش ئۇچۇن ئۇلارنى ئايرىپ بېقىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ جامائەتنىڭ كوللېكتىپ چارۋىچىلىق قىلىشنى پەيدىنپەي يەككە ئائىلىلەرنىڭ تارقاق چارۋىچىلىق قىلىشىغا ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭدىن قالسا، چارۋىچىلارنى ئەسلىدىنلا ئاسان ئىگىلىۋالغىلى، ئايرىغىلى ۋە ئالماشتۇرۇۋالغىلى بولاتتى. ئوت، سۇ قوغلىشىپ

كۆچۈپ يۈرىدىغان كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە چارۋىچىلار بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانسا، بىر تەرەپتىن باشقا قەبىلىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ چارۋىلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلاتتى. بۇمۇ چارۋىلارغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا پايدىلىق ئىدى. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكتە چارۋىسى بار چارۋىدار ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلەتتى. بۇ چارۋا تويىنى كۆپەيتىش ۋە باشقا بايلىقلارنى توپلاش ئىمكانىيىتىنى كېڭەيتەتتى. ئۇچىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يەنىمۇ يۈكسىلىشى جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ئىگىلىك تارماقلىرىنىمۇ يۈكسەلدۈردى. بولۇپمۇ ئاساسلىق ئىگىلىك بولغان چارۋىچىق ئەسلىدىكى ئاساستا مىسلىسىز راۋاجلاندى. بۇ ۋاقىتتا ھۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئۆزىنى تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئېشىنچا مەھسۇلاتلارنىمۇ بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئالدىنقى شەرتىنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ھۇنلارنىڭ ئىپتىدائىي جامائەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ سىنىپقا بۆلۈنۈشمۇ باشلاندى.

تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3- ئەسىرنىڭ ئالدى- كەينىدە، ھۇنلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق جامائەسىدە شەخسىي چارۋىسى بار يەككە ئائىلىلەرنى ئاساس قىلغان مۇستەقىل كىچىك ئىگىلىك مەيدانغا كەلدى. بۇ خىل كىچىك ئىگىلىكنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنى پارچىلاش رولىنى ئويناشقا باشلىدى. چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن قېزىلغان، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2- ، 3- ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان ھۇن قەبرىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ھەممىدە چىنە بۇيۇملار كۆپ. چوڭ قەبرىلەر ھەم ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ھەممىنىپە بۇيۇملار ناھايىتى ئاز قەبرىلەردىن بۇ چاغدا ئۇرۇقداشلىق تەشكىلىنىڭ پارچىنىپ، باي، كەمبەغەللىك پەرقىنىڭ تولۇق ئاشكارىلانغانلىقىنى روشەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ①. بۇ چاغدا چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق قىلىدىغان يەرلەر ئۇرۇقداشلىق چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق قىلىدىغان يەرلەر ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولغان. چارۋىلار بولسا يەككە ئائىلىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان. شۇڭا، چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق قىلىدىغان يەرلەرگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بىلەن چارۋىلارغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىنى بۇ دەۋرىدىكى ھۇن ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ.

ھۇنلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق جامائەسى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3- ئەسىرنىڭ ئالدى- كەينىدە يەككە ئائىلىلەرنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ پارچىلىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر قايسى ئائىلىلەر ۋە ئۇرۇق ئەزالىرى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى بولغان چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق قىلىدىغان يەرلەرنى يەنىلا ئورتاق ئىگىلەش سەۋەبىدىن ئۆز- ئارا زىچ باغلىنىپ تۇراتتى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە ھۇنلار «ئوت- سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرسىمۇ، ھەر قايسىسىنىڭ يەرلىرى ئايرىم ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭدا دەل چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق قىلىدىغان يەرلەرگە بولغان ئۇرۇقنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكى بايان قىلىنغان.

بۇ خىل باغلىنىش ئۇرۇقنىڭ بىختەرلىكىنى قوغداش، چارۋىچىلىق ھۇجۇمىدىن قوغداش سەۋەبلىك ساقلىنىپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جامائەسى تۈزۈمىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە سىنىپىنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدا، بۇلاڭچىلىق ئۇرۇش قىلىشى خۇددى «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە «ئۇرۇش قىلىش ھۇنلار ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش ئىدى» دەپ ئېيتىلغىنىدەك، ھۇنلارنىڭ دائىملىق كەسپىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار زىچ بىرلىشىپ قالماي، بەلكى يەنە قوشۇن بولۇپ تەشكىللەنگەن ئىدى، بۇ ئۇلارنىڭ خالىغان چاغدا ئۇرۇشقا مېڭىشى ۋە قاتنىشىشىغا قولايلىق ئىدى. شۇڭا، ھۇنلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئۇ ھەم ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلاتى، ھەم ھەربىي تەشكىلات ئىدى. «تارىخى خاتىرىلەر، ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»دە: «ھۇنلار قۇرامىغا يېتىپ ئوقيا تارتقىدەك بولغاندىلا ئاتلىق ئەسكەر بولاتتى، ئۇرۇش ۋاقتىدا جەڭگە چىقىپ بۇلاڭ-تالاڭغا قاتنىشاتتى، بۇ ئۇلارنىڭ ئادىتى ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى چاغلاردا چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرسە، ئۇرۇش ۋاقتىلىرىدا جەڭگە قاتنىشىدىغانلىقىنى، ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلى بىلەن ھەربىي تەشكىلىنىڭ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بۇ ھەقتە ماركس «بۇنداق تەشكىل جامائەنىڭ ئىگىدارلىق قىلغۇچى سالاھىيتى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى بىر شەرت»② دېگەن.

ھۇنلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق تەشكىلاتى ئەسلىدىنلا بىر خىل قانداشلىق ئاساسىدا قۇرۇلغان تەشكىلات بولۇپ، ئۇرۇقداشلىق جامائەنىڭ پارچىلىنىشى، سىنىپىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇرۇشنىڭ كۆپىيىشىدىن كېلىپ چىققان ئۇرۇق تەركىبىنىڭ مۇرەككەپ بولۇشى ۋە تۇراقسىزلىقىدىن ئۇرۇقتىكىلەرنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىش

مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئالدى بىلەن ئۇرۇق تەشكىلىنىڭ ئىچىگە باشقا ئۇرۇقنىڭ ئادەملىرىمۇ زور تۈركۈمدە قوشۇلاتتى. مەسىلەن: تۇڭگۇسلار، ياۋچىلار، ئالۇبانلار، ھۇنگىرلار، چوشۇرلەر، دىڭلىڭلار، قىرغىزلار، شىنلىلار، ئۇيسۇنلار، غەربىي يۇرتلۇقلار، چىياڭلار ۋە خەنزۇلار دېگەندەك. بۇلار ئاساسەن ھەر قايسى ئۇرۇق ۋە ئائىلىلەرگە تارقالغان بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى قۇللۇقتا تۇرغان بولسا، ئاز ساندىكىلىرى ئۇرۇق ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىناتتى ئۇنىڭدىن قالسا ھەر قېتىملىق ئۇرۇش، بولۇپمۇ مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇشلار ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈشىنى، يارلىنىشىنى ۋە تارقىلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاچقا، ئۇرۇقداشلىق جامائەسى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايتتى. مەسىلەن: مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 124-يىلى ئوڭ قول بىلىكخانىنىڭ قوۋمى خەن سۇلالىسى سەركەردىسى ۋېيي چىڭنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، ئوڭ قول بىلىكخان ئۆزى يالغۇز قېچىپ كېتىپ، ئاتلىق قوشۇنى تارقىلىپ كېتىپ، كىچىك خان ۋەزىپىسىدىكى ئون نەچچە ئۇرۇق ئاقساقىلى ۋە 15 مىڭدىن كۆپ ئەر-ئايال ئۇرۇق ئەزالىرى ئەسىرگە چۈشۈپ ئۇرۇق پۈتۈنلەي تارقىلىپ كەتكەن. يەنە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 119-يىلى ئېچىغسە تەڭرىقۇت ۋېيي چىڭ بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇب بولغاندا نەچچە يۈز ئەسكەر بىلەن مۇھاسىرىنى بۆزۈپ قېچىپ كەتكەن، قاچالماي قالغانلىرى خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ئارلىشىپ تۇرىۋەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سول قول بىلىك خانىنىڭ قوۋمىدىنمۇ يەتتە تۈمەندىن ئارتۇق ئادەم خۇ چۈبىك تەرپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئەسىرگە ئېلىنغان، قالغانلىرى قېچىپ كېتىپ ئۇرۇق پۈتۈنلەي قالايمىقانلىشىپ كەتكەن. تېخىمۇ ئېغىرى شۇكى، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 71-يىلى خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇيسۇنلارنىڭ 200 مىڭ كىشىلىك بىرلەشمە قوشۇنى ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلغاندا، ھۇنلار خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قېرى-چۈرىلىرىنى يېتىلەپ، مال-چارۋىلىرىنى ھەيدىگىنىچە يىراققا قېچىپ كەتكەن. بۇ خىل ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا ئۇرۇق تەشكىلىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىشى مۇقەررەر ئىدى. ئوڭ قول خانىنىڭ قوۋمىدىكىلەر چىرىكچى بەگ چاڭ خۇي ۋە ئۇيسۇنلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا تەڭرىقۇتنىڭ يەڭگىسى، مەلىكىسى، ئاتاقلىق خانلىرى، كاھبەگ، مىڭ بېشى، سەركەردىلىرى قاتارلىق 39 مىڭ ئادەم ئەسىرگە چۈشۈپ، 700 مىڭدىن ئارتۇق ئات، كالا، قوي، قېچىر ۋە تۆگە ئولجا ئېلىنغان، ئۆلگەن-يارلانغانلار ۋە تارقىلىپ كەتكەن چارۋا-ماللار ھېسابسىز بولغان، ئۇرۇقداشلىق جامائەسى چاك-چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەن③. يۇقىرىدىكىلەر بىر نەچچە مىساللار خالاس، ئۇرۇش ۋاقىتىدا بۇنداق ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇرۇقنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى

مۇستەھكەم بولغانلىقتىن، قالايمىقانچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىقتىن كېيىن يەنە ناھايىتى تېزلا تولۇقشالايتتى ۋە ئەسلىگە كېلەلەيتتى (مەسلەن، ئىچغىسە تەڭرىقۇت قېچىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا «ئادەملىرىنى قايتا توپلىغان»)، ئەمما ئەسلىدىكى ئۇرۇق ئەزالىرى تارقىلىپ، قالايمىقانلىشىپ كەتكەچكە، ئۇرۇقنىڭ تەركىبى كۆپ ھاللاردا قالايمىقانلىشىپ كېتەتتى. كېيىن ئۇرۇقداشلىق تەشكىلى شەكىل جەھەتتىن ساقلىنىپ قېلىپ، ئۇرۇق قەبرىستانلىقى ۋە ئۇرۇق نامى بۇرۇنقىدەكلا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇرۇقنىڭ سىرتتىن نىكاھلىنىش تۈزۈمگە يەنىلا رىئايە قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقىي ساپ قان سىستېمىسىدىكى ئۇرۇق مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتتى. شۇڭا، ھۇنلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق تەشكىلى شەكىل جەھەتتىن تاكى مىلادىيە 3-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، يەنى ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىگىچە ساقلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەت ئۇرۇقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىگىلىك خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ پەيدىنپەي ئۆزگەردى، بۇ خىل ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى ئۇرۇقداشلىق جامائەسى ئەمەلىيەتتە قانداشلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان ئۇرۇقداشلىق بىرلىكى بولماي، بەلكى تېررىتورىيە ئاساسىغا قۇرۇلغان ھەربىي مەمۇرىي بىرلىك بولۇپ قالدى. بۇ ھۇنلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ يەنە بىر خىل ئالاھىدىلىكىدۇر.

ھۇنلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ شەكىل جەھەتتىن تاكى مىلادىيە 3-ئەسىرگىچە ساقلىنىپ قالغانلىقىنى يازما ھۆججەتلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئۇرۇق قەبرىستانلىقى، ئۇرۇق نامى، ئۇرۇقنىڭ سىرتتىن نىكاھلىنىش تۈزۈمى ھەققىدىكى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تارىخى ئەسەرلەردە ھۇنلارنىڭ ئۇرۇق قەبرىستانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «كېيىنكى خەننامە» 90-جىلد «ئوغانلار ھەققىدە قىسسە» دە جاۋدى دەۋرىدە (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 78-يىلى) ئوغانلارنىڭ ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ قەبرىسىنى قازغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ خىل قەبرە ئۇرۇق قەبرىستانلىقىغا تەۋە ئىدى. ئۇرۇق قەبرىستانلىقىنىڭ بولۇشى ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى. ئۇرۇق قەبرىستانلىقىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ شەكىل جەھەتتىن ساقلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«تارىخى خاتىرلەر، ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» ۋە «كېيىنكى خەننامە» 89-جىلد «جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»دە ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇت ئۇرۇقى بىلەن ئوخشىمايدىغان قۇيان، لان، شۇبۇ ۋە چيۈلىندىن ئىبارەت تۆت ئىسىلزادە ئۇرۇقنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان. «جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتى

شىخې ئايمىقىغا كېلىپ (مىلادىيە 50-يىلى) ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىنكى خانلار ئىچىدە يەنىلا خەن، داڭيۇ، قۇيان، لان، سۇجى ئۇرۇقىدىن كېلىپ چىققان خانلارنىڭ بارلىقى خاتىرلەنگەن. «جىننامە» 97-جىلد «شىمالىي دىلار-ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»دىمۇ ھۇنلارنىڭ قۇيان، شۇ، بو، لان، جىئو قاتارلىق ئۇرۇقلىرىدىن كېلىپ چىققانلارنىڭ يۇقىرى ئەمەل تۇتىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن، يەنە «جاسارەتلىك، لېكىن ئاسى» چىمو ۋە لى ئۇرۇقىمۇ بولغان. ئۇرۇقنىڭ نامى ئۇرۇقداشلىق تەشكىلىنىڭ بىر بەلگىسى، ئۇرۇق نامىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ئۇرۇقداشلىق تەشكىلىنىڭ شەكىل جەھەتتىن يەنىلا ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

«كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، يۇقىردا تىلغا ئېلىنغان قۇيان، لان شۇبۇ ۋە چيۇلىن ئۇرۇقىدىكىلەرنىڭ دائىم ھۇن تەڭرىقۇت ئۇرۇقىدىكىلەر بىلەن نىكاھلىنىدىغانلىقى جاتىرلەنگەن. «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرلەنگە ئاساسلانغاندا، تەڭرىقۇت لاندى ئۇرۇقىدىن بولۇپ، قۇيان قاتارلىق ئۇرۇقلار بىلەن بىر ئۇرۇقىدىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يۇقىرىقى ئۇرۇقلارنىڭ ھەممىسى سىرتتىن نىقاھلانغان تۆزۈمنى يولغا قويغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1- ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ھۇنلارغا ياتلىق قىلىنغان خەن مەلىكىسى ۋاڭ جاۋجۈننىڭ فۇجۇرۇت تەڭرىقۇتتىن تۇغقان ئىككى قىزى ئەسلىدە قوغۇشار تەڭرىقۇت جىخۋاشاننىڭ ئۇرۇقىغا مەنسۇپ ئىدى. كېيىن چوڭ قىزى يۈەن شۇبۇ ئۇرۇقىغا ياتلىق قىلىنىپ، شۇبۇ قۇنچۇيى (شۇبۇ مەلىكىسى) دەپ ئاتالغان بولسا، كىچىك قىزى داڭيۇ ئۇرۇقىغا ياتلىق قىلىنىپ داڭيۈيى (داڭيۇ مەلىكىسى) دەپ ئاتالغان④. بۇنىڭدىن قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ شۈيۇ ، داڭيۇ ئۇرۇقى بىلەن سىرتتا نىكاھلىنىش تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مىلادىيە 3- ، 4- ئەسىرگە كەلگەندىمۇ ھۇنلار يەنىلا سىرتتىن نىكاھلىنىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. مەسىلەن: «بەش ۋىز، ئون ئەلتە پادىشاھلىق» دەۋرىدىكى «خەن ھاكىمىيىتىنى قۇرغۇچى ھۇن ئاقسۆكەڭ ليۇيۈەن ۋە ئوغلى ليۇزۇڭ ئەسلىدە توغا ھۇنلىرىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى قۇيان ئۇرۇقىدىن ئىدى⑤. ئۇرۇقنىڭ سىرتتىن نىكاھلىنىش تۈزۈمى ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدە نىكاھ تۈزۈمى. ئۇرۇقنىڭ سىرتتىن نىكاھلىنىش تۈزۈمگە رىئايە قىلىش ئۇرۇقداشلىق تەشكىلىنىڭ مەزمۇنى ۋە خاراكتېرىدە ئاللىقاچان ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن شەكىل جەھەتتىن يەنىلا مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

چارۋىچىلىقنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىلەن چارۋىلارنى بېقىش تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ئېھتىياجلىق بولدى.

شۇڭا، ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان چارۋىدارلارنى ئۇرۇشتا تۇتۇۋالغان ئەسىرلەردىن تېخىمۇ كۆپ پايدىلاندى. بۇنىڭ بىلەن قۇللار سىنىپى بارلىققا كەلدى.

«تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: «ھۇنلار جەڭ قىلغاندا دۈشمەندىن بىرنى ئۆلتۈرسە بىر جام شاراپ مۇكاپات بېرىلەتتى. لېكىن ئەسىر تۇتۇپ كەلسە مۇكاپات تەرىقىسىدە ئۆزىگە ئىنئام قىلىپ بېرىلەتتى. تۇتۇپ كېلىنگەن بۇ كىشىلەر قۇل قىلىناتتى. جەڭدە ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى قايتۇرۇپ كەلگۈچى ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە مۈلكىگە ئىگە بولاتتى. نەرسە ئوغرىلىغۇچىلارنىڭ پۈتۈن مال- مۈلكى مۇسادىرە قىلىناتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ دەل ھۇنلاردا خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە ئەسىرلەرنى قۇل قىلىش ئەھۋالىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ھۇنلار ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قۇل قىلغانلىقتىن، ھەر بىر ھۇن جەڭچىسى كۆپرەك ئەسىر ئېلىپ بۇ ئەسىرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ قۇلى قىلىۋالاتتى. شۇڭا ھۇنلارنىڭ ئادەتتىكى پۇقرالىرىنىڭمۇ قۇلغا ئىگە بولۇشى ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال ئىدى. ئەلۋەتتە ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى ئىگىلىگەن قۇللار ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە. ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى ئۆلسە ئۇنىڭ « ياخشى كۆرىدىغان قۇل دىدەكلىرى» دىن قۇربالىق قىلىندىغانلىرى نەچچە يۈزدىن ئاشقان. بويان تاغلىرىدىن تېپىلغان بىر ھۇن ئاقسۆڭىكىنىڭ قەبرىسىدىن 17 تال ئۆرۈمە چاچ چىققان⑥. بۇ دەل ھۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن قۇلغا ئىگە ئىكەنلىكى ۋە نۇرغۇن قۇللارنى قۇربانلىق قىلدىغانلىقىنىڭ ماددىي ئىسپاتىدۇر.

زور تۈركۈمدىكى ئەسىرلەرنىڭ قۇل قىلىنىشى قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ شەكىللىنىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. ھۇنلارنىڭ قۇللىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى تۆت خىل بولۇپ، ئەسىرلەر ئاساسلىق قۇل مەنبەسى ئىدى. ئەسىرلەر ئىچىدە خەنزۇلارمۇ، باشقا مىللەت كىشىلىرىمۇ بار ئىدى.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ھۇنلار خەن سۇلالىسى چېگرىسىدىن ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ ناھايىتى نۇرغۇن خەنزۇلارنى بۇلاپ كەتكەن. مەسلەن:

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 177- يىلى (ۋېندىنىڭ 3- يىلى) ئوڭ قول بىلىك خان شاڭجۈن ئايمىقىغا بېسىپ كىرىپ خەلقلەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاپ كەتكەن.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 166- يىلى (ۋېندىنىڭ 14- يىلى) 14 تۈمەن كىشىلىك ھۇن ئاتلىق قوشۇنى چاۋنا،

سۇگۇەن، بېيدى قاتارلىق جايلارغا بېسىپ كىرىپ ناھايىتى كۆپ كىشىلەرنى ئەسىرگە ئېلىپ بۇلاپ كەتكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى ئۆلتۈرۈلگەن ۋە بۇلانغان خەلق ناھايىتى كۆپ بولغان. بولۇپمۇ يۇنجوڭ، لياۋدۇڭ قاتارلىق جايلاردا ئەھۋال ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، ھەر بىر ئايماقتىن بۇلانغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ سانى ئون مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 158- يىلى شاڭجۈن، يۇنجوڭ قاتارلىق ئىككى ئايماققا ئۈچ تۈمەندىن ئارتۇق ھۇن ئاتلىق ئەسكىرى بېسىپ كىرىپ، ناھايىتى نۇرغۇن كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاپ كەتكەن.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 129- يىلى (ۋۇدىنىڭ يۈەنگۇاڭ 6- يىلى) ھۇنلار شاڭگۇغا بېسىپ كىرىپ ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنى بۇلاپ كەتكەن ۋە ئۆلتۈرگەن.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 128- يىلى (يۈەنسۇ 1- يىلى) ھۇنلار لياۋشىغا بېسىپ كىرىپ ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى بۇلاپ كەتكەن. يەنە يۈياڭ ۋە يەنمېندا ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاپ كەتكەن.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 127- يىلى (يۈەنسۇ 2- يىلى) شىڭگۇ ۋە يۈياڭغا بېسىپ كىرىپ مىڭدىن ئارتۇق ئەمەلدار ۋە پۇقرانى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاپ كەتكەن.

مىلايىدىن بۇرۇنقى 126- يىلى (يۈەنسۇ 3- يىلى) دەيجۈن ئايمىقىغا بېرىپ كىرىپ مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى بۇلاپ كەتكەن. يەنە شۇ يىلى كۈزدە يەنمېنغا بېسىپ كىرىپ مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاپ كەتكەن.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 125- يىلى (يۈەنسۇ 4- يىلى) دەيجۈن، دىڭشياڭ، شاڭجۈن ئايمىقىغا بېسىپ كىرىپ مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاپ كەتكەن.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 124- يىلى (يۈەنسۇ 5- يىلى) دەيجۈن ئايمىقىغا بېسىپ كىرىپ مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاپ كەتكەن.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 121- يىلى (يۈەنسۇ 2- يىلى) دەيجۈن، يەنمېن ئايمىقىغا بېسىپ كىرىپ نەچچە يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاپ كەتكەن.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 120- يىلى (يۈەنسۇ 3- يىلى) يۇبېيپىڭ، دىڭشياڭغا بېسىپ كىرىپ مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاپ كەتكەن.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 102- يىلى (يۈەنسۇ 3- يىلى) كۇزدە هۇنلار دىگراك، يۈنجۇغا بېسىپ كىرىپ نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاپ كەتكەن. شۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئوڭ قول بىلىك خان يەنە جيۇچۈەن، جاڭيېغا بېسىپ كىرىپ نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاپ كەتكەن (لېكىن نەچچە مىڭ ئادەمنى خەن سۇلالىسىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سەركەردىسى رېن ۋېننىڭ قوشۇندىكىلەر قۇتقۇزۇۋالغان).

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 91- يىلى (جېڭخې 2- يىلى) شاڭگۇ ۋە ۋۇيۈەنگە بېسىپ كىرىپ ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاپ كەتكەن.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 87- يىلى (خۇيۈەن 2- يىلى) هۇنلار سۇفاڭغا بېسىپ كىرىپ ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاپ كەتكەن.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 78- يىلى (جاۋدىېنىڭ 3- يىلى)هۇنلار ۋۇيۈەنگە بېسىپ كىرىپ نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاپ كەتكەن. ئارقىدىنلا يەنە چېگرىدىكى قەلئەلەرگە ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاپ كەتكەن.⑦

يۇقىرىقىلار جاۋدى دەۋرىگىچە بۇلاپ كېتىلگەنلەر بولۇپ، سانى يۈزمىڭدىن ئاشىدۇ.

هۇنلار خەنزۇلاردىن سىرت يەنە باشقا ئۇلۇس ۋە قەبىلىلەردىنمۇ ناھايىتى نۇرغۇن كىشىنى تۇتۇپ كەتكەن. مەسىلەن: باتۇر تەڭرىقۇت توڭگۇسلارنى تارمار قىلغاندا خەلقنى ئەسىر ئېلىپ قايتىپ كەلگەن⑧. شىراۋىلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن نەچچە مىڭ ئادىمنى زورلۇق بىلەن هۇنلارنىڭ سول تەرىپىگە كۆچۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلدۇرغان⑨. ئۇنىڭ غەربتە ياۋچىلارغا زەربە بەرگەندە، جەنۇبتا ئالوبان خاننى، بايان خاننى قوشۇۋالغاندا، شىمالدا هۇنگىرلار، دىڭلىڭلار، قىرغىزلار ۋە شىنلىلارنى بويسۇندۇرغاندا، غەربىي شىمالدا كىرورەن، ئۇيسۇن، ئوغۇزلارنى ۋە ئەتىراپتىكى ھەر قايسى خەلقلەرنى تىنچىتقاندا قانچىلىك ئادەمنى ئەسىرگە ئالغانلىقىنى بىلمىسەكمۇ، تۆۋەندىكى ماتېرىياللاردىن ئۇلارنىڭ سانىنىڭمۇ ئاز ئەمەسلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

«ئۆچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. ۋېي پادىشاھلىق تەزكىرىسى» 30- جىلد «ئوغۇنلار. سيانبىلار ۋە شەرقتىكى يات قوشمىلار ھەققىدە قىسسە» دە «ۋېي پادىشاھلىق ھەققىدە» دېگەن ئەسەردىن نەقىل ئېلىنىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنۇۋ يىللىرىدا (تەخمىنەن مىلادىيە 48-يىلى) نەچچە تۈمەن تۇتۇنلۇك ئەسىر قۇللار هۇنلارنىڭ

جەنۇپ، شىمال ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ، ئاجىزلاشقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ھازىرقى خېشى كارىدورى ئەتراپىغا قېچىپ كېلىپ، ئاۋالقىدەك «ئوت - سۇ قوغلىشىپ» كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. قېچىپ كەلگەن قۇللارنىڭ ئىرقى ھەر خىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە غەربىي يۇرتلۇقلار، دىڭلىڭلار ۋە يەنە چياڭلارمۇ بار ئىدى ، دەپ خاتىرلەنگەن. يۇقىرىقى خاتىرىدىن ھۇنلار ئەسىرگە ئالغان يات مىللەت قۇللىرى ئىچىدە خەنزۇلار، تۇڭگۇسلار ۋە شىرۋىلاردىن سىرت، يەنە غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى مىللەتلەر، دىڭلىڭلار ۋە چياڭلارنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ قېچىپ كەلگەن قۇللارنىڭ ئومۇمىي سانى نەچچە ئون مىڭ تۈتۈندىن (لو) ئارتۇق بولۇپ، ھەر بىر تۈتۈننى بەش جان ھېسابلىغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ سانى نەچچە يۈز مىڭغا يېتىدۇ[10].

ھۇنلارنىڭ قۇللىرىنىڭ ئىككىنچى كېلىش مەنبەسى قوشنا مىللەتلەردىن سېتىۋېلىنغانلار ئىدى. مەسلەن، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربتىكى چياڭلار بۇلاپ كەلگەن زور تۈركۈمدىكى خەنزۇ قۇللارنى جەنۇبىي ھۇنلارغا سېتىپ بەرگەن. كېيىن جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتى خەن سۇلالىسىغا ئاسىيلىق قىلىپ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ بىر تۈركۈم قۇللارنى ۋە بۇرۇن بۇلاپ كېلىپ قۇل قىلىۋالغان ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى بىراقلا خەن سۇلالىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن[11].

ھۇنلارنىڭ قۇللىرىنىڭ ئۈچىنچى كېلىش مەنبەسى بېقىندى ئۇلۇس ۋە قەبىلىلەردىكى ئولپاننى تۆلىيەلمەي قالغان قەرزدارلار ئىدى. مەسلەن، « كېيىنكى خەننامە» 90- جىلد «ئوغانلار ھەققىدە قىسسە» دە، ئوغانلار باتۇر تەڭرىقۇت تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، ھۇنلارغا قارام بولۇپ قالغاچقا، ھەر يىلى ھۇنلارغا كالا، ئات، قوي تېرىسى تاپشۇرغان. ئەگەر ۋاقتىدا تاپشۇرالمىسا خوتۇنلىرى قەرزگە ھېسابلىنىپ قۇل قىلىنغان، دەپ خاتىرلەنگەن.

ھۇنلارنىڭ قۇللىرىنىڭ تۆتىنچى كېلىش مەنبەسى ھۇنلاردىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغانلار ئىدى. مەسلەن، ھۇنلارنىڭ قانۇنىدا، مال- مۈلۈك ئوغرىلىغۇچىلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرى ۋە مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭ بىلەن باشقا مىللەت ئەسىرلىرىنىڭ قۇل قىلىنىشىغا ئەگىشىپ ھۇنلارنىڭمۇ قۇل بولۇش ھادىسىسى پەيدا بولغان.

ھۇنلاردىكى بارلىق قۇللارنىڭ سانىنى توغرا كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سانىنى نەچچە

يۈزمىڭدىن كەم ئەمەس، دەپ مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. ئۇنداقتا بۇ سان ھۇنلارنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ قانچىلىك نىسبىتىنى ئىگەللەيدۇ؟

ھۇنلارنىڭ ئاھالىسى توغرىسىدا تارىخىي ئەسەرلەردە ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن پارچە- پۇرات ماتېرىياللاردىن يەنىلا تەخمىنەن مۆلچەرلەپ چىققىلى بولىدۇ.

«تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە، باتۇر تەڭرىقۇت دەۋرىدە ھۇن چەۋەندازلىرىنىڭ سانى 300 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 200- يىلىدىكى پىڭچېڭ قورشاۋىدا خەن گاۋدى لىيۇباڭنى 400- مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن مۇھاسىرىگە ئالغان. ھۇنلارنىڭ «باللىرى ئوقيا ئاتقۇدەك بولغان چاغدىلا ئاتلىق ئەسكەر بولاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. ۋېندى دەۋرىدە ئۆتكەن جيايىنىڭ ھۇنلاردىن «ھەر بەش ئادەمنىڭ بىرى ئەسكەر بولاتتى»⑫ دېگەنگە ئاساسلانغاندا، ھۇنلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى نوپۇسى تەخمىنەن ئىككى مىليون بولغان بولسا كېرەك. كېيىن ۋۇدى دەۋرىدە ئۇدا نەچچە ئون يىل خەن سۇلالىسىنىڭ ئېغىر زەربىسىگە ئۇچراپ ئەسكەر ۋە خەلقلەر كۆپلەپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى (تەبىي كۆپەيگەن نوپۇس ئۆلگەنلەر سانىنى تولۇقلىيالمىغان بولۇشى مۇمكىن) ، يەنە نۇرغۇنلىغان كىشلەرنىڭ جەنۇپقا كېلىپ ئەل بولغانلىقى⑬ تۇپەيلىدىن، بۇ مەزگىلدىكى نوپۇس باتۇر تەڭرىقۇت دەۋرىدىكىگە قارىغاندا خېلىلا ئازلىغان بولۇشى مۇمكىن.

«كېيىنكى خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 71- يىلى (شۈەندىنىڭ بېنشى 3- يىلى) ھۇنلار خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇيسۇنلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ 39 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى ئەسىرگە چۈشكەن؛ شۇ يىلى قىشتا تەڭرىقۇت ئۇيسۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ قايتىپ كېلىش سەپىرىدە قار ئاپىتىگە ئۇچراپ نەچچە تۈمەن ئادىمى توڭلاپ ئۆلگەن. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي دىڭلىڭ، ئوغان ۋە ئۇيسۇنلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھۇجۇم قىلىپ نەچچە تۈمەن ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن؛ يەنە تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن خەلقنىڭ ئوندىن ئۈچ قىسمى ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن؛ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 68- يىلى قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، خەلقنىڭ ئوندىن ئالتە- يەتتە قىسمى ئۆلۈپ كەتكەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 58- ، 57- يىلى بەش تەڭرىقۇتنىڭ ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى يۈز بەرگەنگە قەدەر ھۇنلارنىڭ نوپۇسى بۇرۇنقىدىن زور دەرىجىدە ئازلاپ، تەخمىنەن 1 مىليون 750 مىڭ ئەتراپىغا چۈشۈپ قالغان. بۇ بەش تەڭرىقۇت ئۇرۇشتا غەلبە قىلىپ ئوردىسىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە ئاران نەچچە تۈمەن ئاھالە قالغان؛

قۇتتىئۇش تەڭرىقۇت قوۋمنى باشلاپ كانگىيەگە يېتىپ كەلگەندە قول ئاستىدا ئارانلا ئۈچ مىڭ ئادىمى قالغان(14).

شۇڭا، بۇ بىر قاتار قالايمىقان ئۇرۇشلاردىن كېيىن ھۇنلارنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 500 مىڭ ئەتراپىغا چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مىلادىيە48- يىلى ھۇنلار جەنۇپ، شىمال ئىككىگە پارچىلىنىپ كەتتى. «كېيىنكى خەننامە» دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ ئاھالىسى ئەڭ كۆپەيگەن چاغدا (مىلادىيە 90- يىلى) 34 مىڭ تۈتۈن، 237 مىڭ 300 نوپۇس بولۇپ، 50 مىڭ 170 چەۋەنداز بولغان («جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» ). شىمالىي ھۇنلاردىن مىلادىيە 83- يىلى سەنمۇلو قەبىلىسىدىكى جىلۇس قاتارلىقلار 38 مىڭ ئادەمنى باشلاپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان.

مىلادىيە 87- يىلى قۇلان، شۇبى، قۇتقۇ قاتارلىقلار 200 مىڭ ئادەم، سەككىز مىڭ چەۋەدازنى باشلاپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان («جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»). مىلادىيە 89- يىلى ئونغۇش، باتىس، ئونئۇ، خوجۇررۇت قاتارلىقلار 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان («دۇشيەننىڭ تەرجىمھالىدىن»). بۇلار تەخمىنەن 400 مىڭ. مىلادىيە 91- يىلى شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ غەربكە كۆچكەن چاغدا نۇرغۇن خەلق ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەتكەن (جۇاجانلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان شىمالىي ھىنلارنىڭ سانىمۇ ئېنىق ئەمەس، يەنە مىلادىيە 91- يىلى يۇرتجان باشلاپ ماڭغان 20 مىڭ ئادەمنىڭ ھەممىسى يوقىتىلغان). چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئېشىپ قالغان بەش- ئالتە تۇمەن ئاھالە سيانپىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇنىڭغا يۇقىرىدىكى 400 مىڭنى قوشقاندا شۇ چاغدىكى شىمالىي ھۇنلارنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن بىر مىليون ئەتراپىدا بولغان بولىدۇ. بۇنىڭغا جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ 237 مىڭ نوپۇسنى قوشقاندا مىلادىيە 90- ، 91- يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە، ھۇنلارنىڭ نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 1 مىليون 300 مىڭدىن ئاشمىغان.

ئومۇمەن، خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە ھۇنلار قۇدرەت تاپقان مەزگىلدە نوپۇسى تەخمىنەن ئىككى مىليون ئەتراپىدا ئىدى. شۇندىن دەۋرىدە ئازلاپ بىر مىليون 750 مىڭغا چۈشۈپ قالدى. بەش تەڭرىقۇت ھاكىمىيەت تالاشقان چاغدا تېخىمۇ ئازلاپ بىر مىليون 500 مىڭغا چۈشۈپ قالدى. ھۇنلار تېخىمۇ ئاجىزلىشىپ ئىككىگە پارچىلانغان چاغدا ئاران بىر مىليون 300 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ قالدى. ھۇنلارنىڭ قۇللىرىنىڭ سانىنى تەخمىنەن 300 مىڭ ئەتراپىدا دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ سانى ھۇنلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ يەتتىدىن بىر ياكى بەشتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇنداق زور قۇللار شۈبھىسىزكى مەجبۇرىي ھالدا ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە سېلىنغان. چارۋىچى قەبىلىلەردىن كەلگەنلەر چارۋىچى قۇل، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىن كەلگەنلەر تېرىقچى قۇل، ھۈنەرۋەنچىلىكنى بىلىدىغانلار ھۈنەرۋەن قۇل بولغان. بۇنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن تېخىمۇ بەك دەلىللىگىلى بولىدۇ. بىرىنچى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھېلىقى قېچىپ كەلگەن ئەسىر قۇللار قېچىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا «ئوت ـ سۇ قوغلىشىپ» كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن: بۇنىڭدىن بىز ئۇلارنىڭ ھونلارنىڭ چارۋىچى قۇلى بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئىككىنچى، ھونلار قۇدۇق قېزىپ يەر سۇغىرىش، شەھەر قورۇپ ئۆي ـ ئىمارەت سېلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە خەنزۇلاردىن پايدىلانغان. چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ھون قەبىلىلىرىدىن خەنزۇلار ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن تۆمۈر ئورغاق، سوقا (ساپان) قاتارلىقلار بايقالغان. بۇلار خەنزۇلارنىڭ ھونلارنىڭ تېرىقچى قۇللىرى بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۈچىنچى، بويان تاغلىرىدىن بايقالغان ھونلارنىڭ مىس، تۆمۈر قوراللىرى ئىچىدە خەنزۇلارنىڭكىگە تەقلىد قىلىپ ياسالغانلىرى ناھايىتى كۆپ. بۇلارنىڭ خەنزۇ ئۇستىلارنىڭ قولىدىن چىققانلىقى ئېنىق. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى سودا ـ سېتىققا ئۇستا غەربىي يۇرتلۇقلار تاۋار يۆتكەپ ساتىدىغان تىجارەتچى قۇل بولغان قۇللارنىڭ ئىچىدە يەنە ئائىلە ئەمگىكى بىلە شۇغۇللىنىدىغانلىرىمۇ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياش ھەم چىرايلىق دېدەكلەر خوجايىنى تەرىپىدىن تۇقال قىلىۋېلىنغان. مەسىلەن، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى «غۇز چەۋەندازلىرى» تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلىپ كېيىن سول قول بىلىك خانىنىڭ قولىغا چۈشكەن سەي ۋېنجى[15] بۇنىڭ بىر مىسالى.

يۇقىرقى بايانلاردىن، ئەسىرگە چۈشۈپ قۇل بولغانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئەمگەكلىرىگە قاتناشقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەمما ھونلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمى بىلەن قەدىمكى رىمنىڭ قۇللۇق تۈزۈمى ئارىسىدا ئازراق ئوخشاشماسلىق ۋە پەرق بار.

بىرىنچىدىن، ئومۇمەن قۇلى بار ھونلار قۇللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە سالغاندىن سىرت، ئۆزىمۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىن ئايرىلمىغان. چۈنكى، ھونلار كىچىكىدىن باشلاپلا ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە قاتنىشاتتى. چوڭ بولۇپ قورامىغا يەتكەندە، ھەممىسى بىردەك «ئاتلىق ئەسكەر» بولىسىمۇ، لېكىن ئۇرۇش بولمىغان ۋاقىتلاردا يەنىلا ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار ھەم ئاتلىق ئەسكەر، ھەم چارۋىچى ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە، «ئادەتتىكى چاغلاردا ئوۋچىلىق چارۋىچىلىق

قىلسا، ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا جەڭگە قاتنىشىپ، باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۇلارنىڭ ئادىتى» دېيىلگەن. بۇ ھۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلى بىلەن ھەربىي تەشكىلىنىڭ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى، «ئاتلىق ئەسكەر» لەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇرۇشقا تەڭ قاتنىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا چارۋىلارغا ئەگىشىپ ئوت، سۇ قوغلىشىپ چارۋىچىلىق قىلسا، ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا ئاتقا مىنىپ ئوقيا ئېسىپ جەڭگە كىرەتتى. چارۋىچىلىق قىلىش ياكى ئوۋ ئوۋلاش جەريانىدا ھەر ۋاقىت ئۇرۇش يۈز بېرىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى (بۇلاڭچىلىق قىلىش ياكى بۇلاڭچىلىققا ئۇچراش سەۋەبىدىن). كېيىنكى قىتانلارنىڭ «ئۇرۇش بولغاندا ئۇرۇشقا قاتنىشىش، بىكار چاغلاردا بېلىق تۇتۇپ تۇرمۇشنى قامدىشى[16] ۋە موڭغۇللارنىڭ «ئاتقا مىنگەندە جەڭ قىلىش، ئاتتىن چۈشكەندە تېرىقچىلىق ياكى چارۋىچىلىق قىلىشى»[17] مۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال.

ھۇن ئاتلىق ئەسكەرلىرى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىرىقىشىغىمۇ قاتنىشاتتى. «خەننامە» 96- جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، «جاۋشى دەۋرىدە ‹ئۈيسۈن› مەلىكىسى خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ھۇنلارنىڭ ئاتلىق قىسىملىرىنىڭ قوشقا كېلىپ بوز يەر ئاچقانلىقىنى مەلۇم قىلدى» ، «جاۋى خانلىق دەۋرىدە ھۇنلار قوشتا تۆت مىڭ ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىپ يەنە بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. شۇەندى بەش سەركەردىنى قوشۇن باشلاپ ھۇنلارغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتكەندە، قوشتا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر قورقۇپ قېچىپ كەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن «ھۇنلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ قوشنا بىر تەرەپتىن مۇداپىئە تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ھۇنلارنىڭ بەزى قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى، بولۇپمۇ مېتالچىلىقنى كۆپ ھاللاردا خەنزۇلار ئۈستىگە ئالغان. لېكىن بۇ بارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى خەنزۇلار ئۈستىگە ئالغان، دېگەنلىك ئەمەس. ساپلا بويۇملارنى ياساش ۋە ئوقيا، چېدىر، كىگىز- پالاز ياساس، قېتىق- قايماق ئۇيۇتۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ھۇنلار ئۆزى قىلغان ۋە ياكى باشقا مىللەت قۇللىرىنى ياردەمچى قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئومۇمەن، ھۇن جەمئىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە قۇللىرى بار ھۇنلاردىن يۇقىرى تەبىقىدىكى ئاقسۆڭەكلەردىن سىرت، كۆپىنچە ئاھالىلەر ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشاتتى. بۇ قەدىمكى يۇنان، رىمدىكى قۇلدارلارنىڭ (ئەركىن پۇقرالار ) ئەمگەككە پۈتۈنلەي قاتناشماسلىقى، ھەتتا ئەمگەكنى كەمسىتىشى بىلەن ئوخشايدۇ. ھۇنلاردىكى قۇللارنىڭ نوپۇسى قەدىمكى يۇنان، رىمدىكىدەك مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ

ساندا ئانچە كۆپ سالمانى ئىگىلىمىسىمۇ (قەدىمكى يۇنان، رىمدا ھەر بىر ئەركىن پۇقراغا بىرنەچچىدىن قۇل توغرا كېلەتتى). ھۇن جەمئىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلى بىلەن ھەربىي تەشكىلىنىڭ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىدەك بۇ ئالاھىدىلىكى ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە ئومۇميۈزلۈك قاتنىششىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. قۇللارنىڭ نوپۇسىنىڭ ئاز، پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ كىچىك بولۇشى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ تىكلىنىشىگە توسالغۇلۇق قىلالمىغان. ھالبۇكى، جەمئىيەتنىڭ تەمىنلىشىدە پۈتۈنلەي قۇللارغا يۆلىنىۋالماسلىقتەك بۇ خىل ھادىسە ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنىڭ بىر قەدەر تۆۋەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ خىل بىر قەدەر تۆۋەن ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان قۇللۇق تۈزۈمىنى تەبىئىيكى قەدىمكى يۇنان، رىمدىكى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى، سودا- سانائىتى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان قۇللۇق تۈزۈم بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ھۇنلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمى قەدىمكى يۇنان ۋە رىمنىڭكىدەك پىشىپ يېتىلمىگەن. تەرەققىي قىلمىغان قۇللۇق تۈزۈمدە قۇللار ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ كۆپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەركىن چارۋىچىلارمۇ قىسمەن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتناشقان. بۇمۇ ھۇنلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ قەدىمكى يۇنان، رىمنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى.

ئىككىنچىدىن، ھۇنلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ قەدىمكى يۇنان ۋە رىمنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر يېرى شۇكى، ھۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىكى ھەرىكەتچانلىق ۋە تارقاقلىق. ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ زىيادە مەركەزلەشمەسلىكنى ۋە كۆلىمىنىڭ چوڭ بولماسلىقنى بەلگىلىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە «تۇتۇۋېلىنغانلار قۇل قىلىنغاچقا»، ھەر بىر جەڭچى تۇتۇۋالغان ئەسىرنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىپ، قۇللار ئىنتايىن ئاز ئەھۋالدا توپلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان (مەسىلەن، چوغاي تېغى ۋە جاڭتېدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇرۇقلىرى)، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ھەر قايسى ئائىلىلەرگە تارقىلىپ، ئائىلە باشلىقىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئاساسلىق ئەمگەك كۈچى بولغان. ئاز ساندىكى قۇللار «ئاسرانى» ياكى «توقال» لىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، خوجايىنى بىلەن تۇرغان (مەسىلەن، سەي ۋېنجى). بۇنداق ئەھۋال كىشىلەرنى ئاسانلا «توپلىشىپ قىلىنمايدىغان ۋە كەڭ كۆلەملىك بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش زور مىقداردىكى قۇللارغا مۇھتاج ئەمەس» دېگەن خاتا قاراشقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

هۇنلارنىڭ قۇللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئائىلىلەرگە تارقالغانلىقتىن، نۇرغۇنلىغان قۇللار يۈزەكى قارىغاندا پەقەت ئائىلە ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغاندەك قىلىدۇ. لېكىن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئائىلە ئەمگىكى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى ئايرىش ناھايىتى تەس. چۈنكى، چارۋا ھەم تۇرمۇش ۋاستىسى، ھەم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى، شۇڭا چارۋا بېقىش، قوتان ياساش، تۆل ئېلىش، يۇڭ قىرقىش، سۈت سېغىش ۋە ئائىلە قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىقلار ۋە ئائىلە ئەمگىكى ھەم ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى. بۇ خىل ئەمگەك قىلىش بىلەن ئوت، سۇ توغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈپ، چارۋىچىلىق قىلىش پەقەت چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى بىر ئىش تەرتىپلا خالاس. شۇڭلاشقا، بۇ خىل ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان قۇللارمۇ يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش قۇللىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى ئالىملار بۇ خىل ئەھۋالنىلا ئاساس قىلىپ، ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى خاتا ھالدا قۇللۇق تۈزۈمى دەپ ئاتايدۇ. ئەمىلىيەتتە بۇمۇ بىر خىل قۇللۇق تۈزۈمىدۇر. ئەمما بۇ خىل كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا شەكىللەنگەن قۇللۇق تۈزۈم قەدىمكى يۇنان ۋە رىمنىڭ قۇللۇق تۈزۈمگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئۈچىنچىدىن، ھۇنلارنىڭ قۇللىرىنىڭ ئەھۋالى قەدىمكى يۇنان ۋە رىمنىڭ قۇللىرىنىڭ ئەھۋالى بىلەن سەل ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا بىر خىل (سۆزلىيەلەيدىغان قورال) لىق ئورنىدا تۇرغان. چۈنكى، ئۇلار خوجايىنىنىڭ ئائىلىسىدە باشقا ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بىرگە ئەمگەك قىلسىمۇ، لېكىن ئىشنىڭ ئەڭ ئېغىرىنى قىلاتتى ھەم قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرايتى. ئادەم قۇربانلىق قىلىپ نەزىر- چىراق ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلگەندىمۇ داۋاملىق قۇربانلىق مال قىلىناتتى (مەسلەن، زور تۈركۈمدىكى قۇللارنىڭ ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن قۇربانلىق قىلىنىشى) بۇنىڭدىن باشقا ھۇنلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىمۇ قەدىمكى يۇنان ۋە رىمنىڭ قۇللۇق تۈزۈمگە ئوخشاش قۇل سودىسى ئېلىپ بېرىلاتتى.

تۆتىنچىدىن، بەزى ئالىملار قۇللارنىڭ پەيدا بولۇشى چۇقۇم ئىچكى ئامىلدىن بولىدۇ. چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ بېرى (چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق قىلىدىغان يەرلەر) كوللىكتىپ ئىگىدارچىلىقىدا بولغاچقا ھەم ئۇرۇقنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئورتاق پايدىلانغاچقا، ئاسانلىقچە خۇسۇسىي يەرگە ئىگە بولۇش ھادىسىسى ۋە ئۇرۇقنىڭ ئىچكى قىسمىدا قۇل بولۇپ قېلىش ھادىسىسى يۈز بەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پاترىئارخاللىق مۇناسىۋەت (ئورتاق ئۇرۇقنىڭ ئوخشاش قانداشلىق

مۇناسىۋىتى) مۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، ئاسانلىقچە قۇل بولۇش ھادىسىسى يۈز بەرمەيدۇ. شۇڭا، ھۇنلارنىڭ باشقا مىللەتلەرنى تۇتۇپ كېلىپ قۇل قىلىشى (تاشقى ئامىل) قۇللۇق تۈزۈم دېيىشكە بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ[18].

ئەمەلىيەتتە، ئاتالمىش ئىچكى ئامىل بىر جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىپ، بەلگىلىك سەۋىيىگە يېتىپ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ تىكلىنىپ راۋاجلانغانلىقىغا، جەملىدىن چارۋىچىلىقنىڭمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشتا ئادەم كۈچى يېتىشمەي، جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا قۇللارنى ئەمگەك سوپىتىدە قوبۇل قىلىش ۋە سىغدۇرۇش ھەم ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا قاتناشتۇرۇش ئېھتىماللىقى ۋە شارائىتىنىڭ ھازىرلانغان بولۇشىغا قارىتىلىشى كېرەك. بۇ خىل ئېھتىماللىق ۋە شارائىت ھازىرلانسا مۈلۈكدار باشقا مىللەت ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى ئۆلتۈرمەي ساقلاپ قالىدۇ ياكى مەقسەتلىك ھالدا باشقا مىللەت ئادەملىرىنى بۇلاپ ئەسىر قىلىۋېلىپ، ئەمگەك كۈچى قىلىپ پايدىلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، تاشقى ئامىلمۇ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ[19].

بۇنىڭدىن باشقا چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى يەر ئەمەس، بەلكى چارۋا[20]. شۇڭا، يەرنىڭ خۇسۇسىلار ئىگىدارچىلىقىدا بولۇش- بولماسلىقىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ئانچە چوڭ مۇناسىۋىتى يوق. ئەگەر بۇ نوقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالمىساق چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن دېھقانچىلىق مىللەتلىرىنىڭ پەرقىنى ئايرىۋالالايمىز. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بەزى ئالىملار «دېھقانچىلىق جەمئىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى يەر» دېگەننى چارۋىچى مىللەتلەرگە تەدبىقلاپ خاتا ھالدا يەكۈننى چىقارغان. پاكىتلاردىن مەلۇمكى، قەدىمكى يۇنان ۋە رىمنىڭ قۇللىرىمۇ ئاساسەن ئالدى بىلەن يۇنانلىقلار ياكى رىملىقلاردىن كېلىپ چىققانلار بولماستىن، بەلكى دېڭىز قاراقچىلىقىدا ۋە ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن ياكى قۇل بازىرىدىن سېتىۋېلىنغان باشقا مىللەتتىنكىلەر بولغان (بۇ ئادەتتىكى ساۋات بولۇپ، دۇنيا ئومۇمىي تارىخىي دەرسلىكنىڭ ھەممىسىدە بايان قىلىنغان). باشقا مىللەت ئەسىرلىرىنى قوبۇل قىلىۋېلىشنى قۇللۇق تۈزۈمنىڭ ئاساسىي قىلىشمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن بىرى، بۇ پەقەت ھۇنلاردىن بولۇپ قالماستىن، كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن سىيانپى، جۇرجان، تۈرك، ئۇيغۇر، قىتان، موڭغۇل قاتارلىقلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىنى تەتقىق قىلغاندا، بۇ ئالاھىدىلىككە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

# ئىزاھلار:

① موڭغۇلىيە ئارخېئولوگى س. دورجى سورۇڭ «شىمالىي ھۇنلارنىڭ قەبرىسى» دېگەن ماقالىسىدا ھۇنلارنىڭ دەپنە ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان. بۇ ماقالە 1956- يىلى ئۇلانباتۇر پەنلەر كومىتېتى نەشر قىلغان «ئاكادېمىيە ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى» نىڭ 1- سانىغا بېسىلغان.

② ماركس: «كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرىكى فورماتسىيىلەر» ، خەلق نەشرىياتى 1956- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 8- بەت.

③ «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» ، «خەننامە» 95- جىلد «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

④ «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»

⑤ «جىننامە» 101- جىلد «لىيۇيۈەنخەي ھەققىدە خاتىرە» 102- جىلد «لىيۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە».

⑥ سوۋېت ئارخېئولوگى كوزلوۋ : «تاشقى موڭغۇلنى تەكشۈرۈش دوكلاتى» (1925- يىلى لېنىنگراد نەشرى)؛ ياپونىيە ئالىمى مېيىۈەن موجى: «موڭغۇلىيە ئويان تاغلىرىدىن بايقالغان يادىكارلىقلار» (1960- يىلى توكيو نەشرى) 83- سۈرەت.

⑦ «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» ، «خەننامە» ۋە «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» ، 6- جىلد (ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە) ۋە 7- جىلد (جاۋدى ھەققىدە خاتىرە».

⑧«تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

⑨ «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

⑩«ھۇنلارنىڭ بىر تۆتۈن» (لو) زادى قانچىلىك ئادەم بار؟ ماچاڭشۇ «ھۇن قەبىلىلەر دۆلىتىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمى» («تارىخ تەتقىقاتى» 1954- يىلى 5- سان) دېگەن ماقالىدە «ھەر تۆتۈن بەش ئائىلە، ھەر ئائىلىدە بەش جان، نەچچە تۈمەن تۆتۈندىكى ئاھالىنىڭ يىغىندىسى ئۈچ- تۆت يۈزمىڭ بولىدۇ» دەپ قىياس قىلغان. مېنىڭ قارىشىمچە بۇ قىياس بەكلا ئاشۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، «تۆتۈن» گە بولغان چۈشەنچە ئانچە مۇۋاپىق بولمىغان. بۇنى بىر مىسال ئارقىلىق ئىسپاتلاي: «كېيىنكى خەننامە» 90- جىلد « سيانپىلار ھەققىدە قىسسە» دە، ھۇنلار يېمىرىلگەندە «ئېشىپ قالغان ئون تۈمەن تۆتۈندىن كۆپرەك كىشى ئۆزىنى سيانپى دەپ ئاتىغان» دەپ

خاترىلەنگەن. ئەگەر «ھەر تۈتۈندە بەش ئائىلە، ھەر ئائىلىدە بەش جان بار» دېگەندە ئاساسەن ھىسابلىساق، بۇ سىيانپىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن ھۇنلارنىڭ سانى ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى مىليون 300 مىڭدىن ئىككى مىليون 500 مىڭغىچە بولغان بولىدۇ. ماچاڭشۇ ئەپەندى ھۇنلارنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلىدىكى نوپۇسنى پەقەت بىر مىليون 500 مىڭ ئۆپچۆرىسىدە، دەپ مۆلچەرلىگەن. شۇنداق ئىكەن، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن چاغدا ئېشىپ قالغان ئاھالىنىڭ ئەكسىچە ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلىدىكى ئاھالىدىن بىر يېرىم ھەسسە، ھەتتا بىر ھەسسە كۆپىيىپ كېتىشىنى تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، «تۈتۈن» دېگەن گەپ ئائىلە دېگەن مەنىدە. ھەر بىر تۈتۈن بەش جان ، دەپ قارايمەن. ھازىرقى موڭغۇل تىلىدا ئائىلىنىڭ يەنىلا «ئىلو» دەپ ئاتىلىشىدىن «لو» نىڭ مەنىسىنىڭ تۈتۈن ئىكەنلىكى شەك-شۈبھىسىز.

(11)«كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

(12) جىيايى «شىننامە» 4-جىلد «ھۇنلار».

(13) مەسلەن، قۇنشارخان بىلەن شۇتۇقخاننىڭ قوۋمىدىن نەچچە تۈمەن ئادەم بىر قېتىملىق جەڭدە خەن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. كېيىن قۇنشارخان شۇتۇقخاننى ئۆلتۈرۈپ، تۆت تۈمەندىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان. «تارىخىي خاترىلەر» 110-جىلد «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، 111-جىلد «قىران چەۋانداز سانغۇننىڭ تەرجىمھالى».

(14) «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

(15) «كېيىنكى خەننامە» 84-جىلد «ئىپپەتلىك ئاياللارنىڭ تەرجىمھالى».

(16) «لىياۋ سۇلالىسى تارىخى» 31-جىلد «بارىگاھ-ياساۋۇللانلار تەزكىرىسى».

(17) «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 98-جىلد «لەشكەرلەر تەزكىرىسى».

(18) «شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» 1985-يىللىق 4-ساندىكى ئۇۋياڭشىنىڭ «ھۇن جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

(19) لىيۇچاڭلىن: «تاشقى ئامىلنىڭ ماددا تەرەققىياتىدىكى مۇھىم رولى توغرىسىدا» ، «ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش» ژورنىلى 1980-يىللىق 5-سان.

(20) ماركس «كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرىكى فورماتسىيىلەر» ناملىق كىتابىدا: «كۆچمەن

چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ جامائەسى ئەمەلىيەتتە داۋاملىق توپلىشىپ يۈرىدىغان سەپەرچىلەر (Reisegesellschaft)، كارۋانلار ۋە چارۋا توپىدۇر... بۇ يەردە ئىگەللىۋېلىنغىنى ۋە قايتا ئىشلەپچىقىرىلغىنى ئەمەلىيەتتە چارۋا توپى بولۇپ، يەر ئەمەس. . . . » (خەنزۇچە نەشرى 27- بەت) دېگەن: «كونا تاشنامە» 62- جىلد «جېك يۈەنشونىڭ تەرجىمھالى» دا تۈركلەرنىڭ گۆللىنىشى ۋە ھالاك بولۇشى ئات، قويلارغا مۇناسىۋەتلىك» دېگەن. «لىياۋ سۇلالىسى تارىخى» 59- جىلد «ئوزۇق- تۈلۈك تەزكىرىسى» دىمۇ «قىتانلارنىڭ ئادىتىدە بايلىق ئات بىلەن، كۈچلۈكلۈك قوشۇن بىلەن ئۆلچىنەتتى. ئۇلار ئوت، سۇ مول يەرلەردە ئات باقاتتى. ئادەملىرى قېتىق- قايماقنى ئوزۇق قىلاتتى. ئوۋ ئوۋلاشقا ماھىر بولۇپ، كۈندىلىك ھاجىتىدىن چىقاتتى. ئاشلىق يېتىشمىگەن چاغلاردا مۇشۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. ھونلارغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللاردا «تاشنامە» ۋە «لىياۋ سۇلالىسى تارىخى» دىكىگە ئوخشاش ئېنىق مەلۇماتلار يوق. شۇڭا، شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولغان تۈركلەر ۋە قىتانلارغا ئائىت ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

# 3. باپ ھۇن قۇلدارلىق ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشى

ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ پارچىلىنىپ، خۇسۇسىي مۇلۇك ۋە قۇللارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، ھونلاردا ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ھوقۇقتا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىمۇ مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپقا بۆلۈنۈشمۇ كۈنسېرى كەسكىنلەشتى ۋە چوڭقۇرلاشتى. كۆپلىگەن بۆلەكچىلىق ئۇرۇشلىرى نەتىجىسىدە، ئۇرۇق ئاقساقىلى ۋە ھەربىي باشلىقلار زور مىقداردىكى بايلىق ۋە قۇل توپلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھوقۇقى زورىيىپ، ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. دەسلەپتە ئۇلار سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلەتتى. ھوقۇقى ئۇرۇق ياكى قەبىلە كېڭەشمىسى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان بولۇپ، ئورنى ئۇرۇق ئەزالىرى بىلەن باراۋەر ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار پەيدىنپەي ھوقۇقنى ئىگەللىۋېلىپ، ئورنىنى مىراس قالدۇرىدىغان بولدى.

بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇق بىلەن قارىشلىشىدىغان ۋە ئۇرۇق ئەزالىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان سىياسىي كۈچ ئۇرۇقداشلىق قەبىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەۋجۇت بولدى. ئېنگېلس : «بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشى ئەڭ ئالىي ھەربىي باشلىق ۋە تۆۋەن ھەربىي باشلىقلارنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتتى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىن ۋارىسنى تاللاشتەك ئۇسۇل، ئاتىلىق ھوقۇقچىلىق تۈزۈم تىكلىگەندىن كېيىن، پەيدىنپەي ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمگە ئۆزگەردى. كىشىلەر دەسلەپتە تاقەت قىلىپ تۇردى. كېيىن تەلەپ قىلىشتى. ئەڭ ئاخىرىدا بۇ خىل ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى قوبۇل قىلىنىپ، خانلىق ھوقۇقىغا ۋە ئاقسۆڭەكلىك ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئاساسى تىكلەندى»① دەپ كۆرسەتكەن.

تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىردە، ھۇنلارنىڭ بۇ خىل ھوقۇققا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى پەيدىنپەي شەكىللىنىشكە باشلىدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209- يىلى باتۇر ئاتىسى تۈمەن تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى تەڭرىقۇت بولغاندىن باشلاپ بۇ خىل تۈزۈم ئاخىر تىكلەندى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە، باتۇر ئەسلى تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، تۈمەن كېيىن ئالغان ئالچىسىدىن (خانىشىدىن) تۇغۇلغان كىچىك ئوغلىنى ياخشى كۆرگەچكە، باتۇرنى غەربتىكى ياۋچىلارغا (ھازىرقى خېشى كارىدورى ئەتراپىدا چارۋىچىلىق قىلغان بىر مىللەت) بارىمتايلىققا ئەۋەتكەن ھەم ياۋچىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ياۋچىلارنىڭ قولى ئارقىلىق باتۇرنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان. لېكىن، باتۇر ياۋچىلارنىڭ بىر تۇلپارىنى ئوغرىلاپ قېچىپ كەلگەن. تۈمەن ئۇنىڭ باتۇرلىقىنى ماختاپ ئۇنى بىر تۈمەن ئاتلىق ئەسكەرگە باشلىق قىلغان. باتۇر بىر خىل «ئاۋازلىق ئوقيا» ياساپ ئەسكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرغان. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە ئاۋازلىق ئوقيا ئېتىلغان نىشانغا قارىتىپ ئاتمىغۇچىلارنىڭ بىردەك كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. ئۇ ئاتلىق ئەسكەرلىنى باشلاپ ئوۋغا چىققاندا، بۇيرۇق بويىچە ئوق ئاتمىغانلارنىڭ كاللىسىنى ئالغان. ئۇزۇن ئۆتمەي«ئاۋازلىق ئوقيا» نى ئۆزىنىڭ تۇلپارىغا ئاتقاندا، بەزى جەڭچىلەر ئېتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. ئۇ دەرھال ئېتىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلارنىڭ كاللىسىنى ئالغان. يەنە ئۇزۇن ئۆتمەي «ئاۋازلىق ئوقيا» نى ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئايالىغا قارىتىپ ئاتقاندا، بەزى جەڭچىلەر قورقۇپ ئېتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇلارمۇ كاللىسىدىن ئايرىلغان. كېيىن ئۇ ئوۋغا چىققاندا «ئاۋازلىق ئوقيا» نى تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ تۇلپارىغا قارىتىپ ئاتقان. بۇ قېتىم جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى قىلچە ئىككىلەنمەستىن «ئاۋازلىق ئوقيا» ئېتىلغان نىشانغا قارىتىپ ئاتقان. باتۇر شۇندىلا ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ مەشىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى، ئۇلارنى ئىشلىتىشكە

بولىدىغانلىقىنى بىلگەن. بىر كۈنى باتۇر ئاتىسىغا ئەگىشىپ ئوۋغا چىققاندا تۇيۇقسىز «ئاۋازلىق ئوقيا» سىنى تۇمەن تەڭرىقۇتقا قارىتىپ ئاتقان. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى دەرھال ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئېتىپ تۇمەن تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن باتۇر ئۆگەي ئانىسى ئۆگەي ئىنىسى ۋە ئۆزىگە بويسۇنمىغان ۋەزىرلەرنى (ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى) ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى تەڭرىقۇت بولغان. بۇ باياندا يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن كۈچلەرنىڭ زورلۇق ۋاستىسى ئارقىلىق كونا مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنى يوقىتىشتىكى جىددىي كۈرىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ بىر مەيدان سىياسىي كۈرەش بولۇپ، بۇ خىل كۈرەش ھۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىن قۇلدارلىق جەمئىيەتكە قاراپ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ھۇن تارىخىنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. شۇڭا، ئەمدىلا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈۋاتقان ھۇنلاردىكى باتۇرنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەنلىك ۋەقەسىگە فېئوداللىق كونا قېلىپ ۋە ئەخلاق قارىشى بىلەن قارىساق بولمايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، جەمئىيەتنىڭ تارىخىي مەنبەسى ۋە سىنىپىي مەنبەسى نوقتىسىدىن ھۇنلار جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن ھەر خىل «غەلىتە» ھادىسىلەرنى، مەسىلەن، كېيىن تىلغا ئېلىنىدىغان «ئاتىسى ئۆلسە ئوغلى ئۆگەي ئانىسىنى، ئاكىسى ئۆلسە ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئىنىسى، ئىنىسى ئۆلسە ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئاكىسى ئالىدىغان» غا ئوخشاش ئەھۋاللارنى توغرا بايان قىلغىلى بولمايدۇ.

باتۇر تەختكە چىققاندىن كېيىن، تەڭرىقۇتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇق لاندى ئۇرۇقىغا مەركەزلىشىپ مىراس قالدىغان، يەنى ئاتىسى ئۆلسە ئوغلىغا، ئاكىسى ئۆلسە ئىنىسىغا مىراس قالدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا خان، بەگ، بۈيۈك سەركەردە، بۈيۈك كاھبەگ، بۈيۈك ياساقبەگ قاتارلىق چوڭ مەنسەپلەرگە بىر قىسىم ئېسىلزادە ئۇرۇق ۋە جەمئىيەتتىكىلەر ۋارىسلىق قىلىدىغان بولدى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە، چوڭ مەنسەپدارلارنىڭ ھەممىسگە ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىناتتى. قۇيان، لان، شۈبۇ، ئۈچ ئېسىلزادە ئۇرۇق ئىدى، دېيىلگەن. «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ ئەمەلدارلارنىڭ ئىچىدىكى ئالىي مەنسەپ بولغان ئوڭ ، سول قول بىلىك خان، ئوڭ ، سول قول خان، ئوڭ قول، سول قول باتىس خان، ئوڭ قول، سول قول ئونئوت خان، ئوڭ قول، سول قول نازىر خان قاتارلىق مەنسەپلەرنىڭ ھەممىسگە تەڭرىقۇتنىڭ ئوغۇللىرى، ئاكا-ئۇكىلىرى ۋە تەخت ۋارىسلىرى تەيىنلىنەتتى. تەڭرىقۇت شۇلەندى («خەننامە» دىكى لاندىنىڭ تەرجىمىسى) ئۇرۇقىدىن بولۇپ، يات ئۇرۇقلاردىن قۇيان، شۈبۇ، چيۇلىن، لان قاتارلىق تۆت ئۇرۇق

هۇنلارنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇر ئۇرۇقلاردىن ئىدى، دەپ خاتىرلەنگەن.

هوقۇقتا ۋارىسلىق قىلىش، بولۇپمۇ تەڭرىقۇتلۇقتا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ئۇرۇقداش قەبىلە ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئورگىنىنىڭ رولىنى يوقاتتى. قەبىلە ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئورگىنى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دېموكراتىك پرىنسىپلىرى پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىلدى. مەسىلەن، باتۇر تەڭرىقۇت بولغاندىن كېيىن، ھەربىي، سىياسىي چوڭ ئىشلاردا گەرچە ھەر قايسى قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ پىكرىنى ئالسىمۇ، لېكىن دائىم شۇ بويىچە ئىش قىلماستىن، بەلكى ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلاتتى. ھەتتا بەزى چاغلاردا ئۆزىنىڭ پىكرىگە قارشى چىققان قەبىلە باشلىقلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەڭرىقۇت ھەر قايسى قەبىلە باشلىقلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يۈرۈشلىرىگە ئۆز ۋاقتىدا ئاتلىنىشىنى، «كېچىكىپ قالغۇچىلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ» غانلىقىنى ئۇقتۇراتتى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرلىنىشىچە، شۇ چاغدا شەرقتىكى توڭگوسلار (لياۋخې دەرياسى بويىدا چارۋىچىلىق قىلىدىغان مىللەت) قۇدرەت تاپقان بولۇپ، ئۇلار باتۇرنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ، تەڭرىقۇت بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ باتۇردىن تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ تۇلپارىنى بېرىشنى سورىغان. ئارقىدىنلا يەنە باتۇرنىڭ ئالچىسىنى سورىغان. باتۇر ھەر قايسى قەبىلە ئاقساقاللىرىدىن مەسلىھەت سورىغاندا بەزىلەر بېرىشكە بولمايدۇ، دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىككى قېتىمدا توڭگۇسلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن توڭگۇسلار مەغرۇرلىنىپ، پەيدىنپەي غەربكە تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىغان ۋە باتۇرغا ئەلچى ئەۋەتىپ، توڭگۇسلارنىڭ ھۇنلارنىڭ ئارلىقىدىكى «ئوتتۇرا» دىكى تاشلاندۇق قاقاس يەرنى بېرىشنى تەلەپ قىلغان (ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ئارلىق رايون). باتۇر بۇ قېتىممۇ ھەر قايسى قەبىلە ئاقساقاللىرىدىن پىكىر ئالغان. بۇ قېتىم بەزىلەر «بۇ تاشلىۋېتىلگەن بىكار يەر، بېرىۋەتسەك بىزگە ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ» دېيىشكەن. لېكىن باتۇر قاتتىق غەزەپلىنىپ «يەر دۆلەتنىڭ ئاساسى، بېرىشكە بولمايدۇ» دەپ، بۇ يەرنى توڭگۇسلارغا بېرىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلغانلارنى ئۆلتۈرۈپ، دەرھال توڭگۇسلارغا قوشۇن تارتقان ۋە «بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشنى سۆزلىگۈچىلەر ئۆلتۈرۈلىدۇ» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭكىدەك بۇ خىل ھوقۇق شۈبھىسىزكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقلىرىدا يوق ئىدى. بۇ چاغدا ئۇ بىر سىنىپىي ھاكىمىيەتنىڭ ھەققىي ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغانىدى.

باتۇر تەڭرىقۇت دەۋرىدە ھۇنلار ئەتراپتىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنى بويسۇندۇردى. ئۇلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ

شەرقتە توڭگۇسلارنى تارمار قىلىپ غەربتە ياۋچىلارغا زەربە بېرىپ، جەنۇپتا ئالۇبان ۋە بايان خانلىغىنى يۇتىۋېلىپ، شىمالدا ھۇنگىر، چۇشۇر، دىڭلىڭ، قىرغىز، شىنلى قاتارلىق مىللەتلەرنى بويسۇندۇردى. بۇ بىر قاتار ھەربىي غەلىبىلەر ئالدىدا ھۇنلارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى قورقۇشۇپ «باتۇر تەڭرىقۇتنى غالىب دېيىشىپ، قايتا قارىشلىق كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. باتۇر شۇنىڭغا ئەگىشىپلا ياۋچىلارنى يوقىتىپ، كرورەن، ئۇيسۇن، ئوغۇز ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا مىللەتلەرنى تىنجىتىپ، شەرقتە ھازىرقى لياۋخې دەرياسىغىچە، غەربتە پامىر تاغلىرىغىچە، شىمالدا بايقال كۆلىگىچە، جەنۇپتا سەددىچىن سېپىلىغىچە بولغان رايۇنلارنى كونترول قىلدى. بويسۇندۇرۇلغان رايۇنلارنىڭ كۆپىيىشى، زور تۈركۈمدىكى قۇللار ۋە ئولپاننىڭ ئېقىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، شەخسلەرنىڭ مال- مۈلكى ناھايىتى تېز كۆپەيدى. بۇ بايلىقلارنى قوغداش، قۇللار ۋە بويسۇندۇرۇلغان ئۇلۇس- قەبىلىلەرنىڭ قارىشلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا، ئالدى بىلەن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىنى، كېيىن چۆللۈكنىڭ شىمالىنى مەركەز قىلىپ، بىر ناھايىتى زور قۇلدارلىق دۆلەت ھاكىمىيىتى تىكلەندى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھۇنلار ياۋايىلىقتىن مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويدى (دۆلەت ھاكىمىيىتى سىنىپىي ئېزىش قورالى بولسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ بىر بەلگىسىدۇر)

ھۇن ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەنىدى.

بىرىنچىسى، تەڭرىقۇت ئوردىسى (مەركىزىي قىسىم) . ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلار ھۇنلارنىڭ ئوتتۇرا قىسمى بولۇپ، جەنۇبىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەيجۈن (ھازىرقى خېبېينىڭ ۋېيشيەن ناھىيىسى ئەتراپى) ۋە يۈنجۇڭ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ توقتۇ ناھىيىسى ئەتراپىدا) ئايماقلىرىغا ئۇدۇل كېلەتتى.

ئىككىنچىسى، سول قول بىلىك خان ئوردىسى (شەرقىي قىسىم). ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلار ھۇنلارنىڭ شەرقىي قىسمى بولۇپ، جەنۇبىي شاڭگۇ (ھازىرقى خېبېينىڭ خۋەيلەي ناھىيىسى ئەتراپى) ئايمىقىغا، غەربىي خۇيمولارغا ئۇدۇل كېلەتتى.

ئۈچىنچىسى، ئوڭ قول بىلىك خان ئوردىسى (غەربىي قىسىم) . ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلار ھۇنلارنىڭ غەربىي قىسمى بولۇپ، جەنۇبى شاڭجۈن (ھازىرقى شەنشىنىڭ يۈلىن ناھىيىسى ئەتراپى) ئايمىقىغا غەربىي ياۋچى، دى، چياڭلارغا ئۇدۇل كېلەتتى.

تەڭرىقۇت ھۇنلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ھەم ھاكىمىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي باشلىقى بولۇپ، ھۇنلار تەڭرىنى

«تەڭرى»، ئوغۇلنى «قۇت» دەيتى. تەڭرىقۇت دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «تەڭرىنىڭ ئوغلىغا ئوخشاش بۈيۈك باشلىق» دېگەنلىك بولاتتى②. بۇ خىل ئاتاش تەڭرىقۇتنىڭ ئادەتتىكى رەھبەر مەنىسىدىن تەڭداشسىز رەھبەر مەنىسگە ئۆزگەرگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

تەڭرىقۇت ھەربىي، سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە قاتارلىق بارلىق چوڭ ھوقۇقلارنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان بولۇپ، سىياسىي ئىشلارغا ئوڭ، سول قول قۇتقۇ ياردەملىشەتتى. قۇتقۇلۇقنى قۇيان، لان ۋە شۈبۈ ئۇرۇقىدىن بولغان ئاقسۆڭەكلەر ئۈستىگە ئالاتتى. قۇيان ئۇرۇقى سول، لان ۋە شۈبۈ ئۇرۇقلىرى ئوڭ مەرتىۋىلەرنى ئىگەللەپ، ئاساسەن سوراقلارغا ھۆكۈم چىقىرىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئەھۋاللارنى تەڭرىقۇتقا ئاغزاكى مەلۇم قىلىدىغان بولۇپ، يازىدىغان ۋە خاتىرلەيدىغان ئىشلار يوق ئىدى③.

سول قول، ئوڭ قول بىلىك خانلار ئەڭ ئالىي يەرلىك ھۆكۈمران ئىدى. ھۇنلار سول قول تەرەپنى ئەزىزلىگەچكە، تەڭرىقۇتتىن قالسىلا سول قول بىلىك خان ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. شۇڭا، ھوقۇقى ۋە ئورنى ئوڭ بىلىك خانغا قارىغاندا بىر قەدەر چوڭ ئىدى. سول قول بىلىك خانلىققا تەڭرىقۇتنىڭ ۋارىسى قويۇلىدىغان بولغاچقا، بۇ ۋەزىپىگە كۆپ ھاللاردا شاھزادىلەر قويۇلاتتى. ئوڭ قول بىلىك خان خاندىن قالسىلا سول قول، ئوڭ قول خانلار تۇراتتى. سول، ئوڭ قول خانلارمۇ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئوردا قۇرۇپ ، ئۆز يەرلىرىنى باشقۇراتتى. ھۇنلار ھاكىمىيىتىدىكى ئەمەللەر ئىچىدە سول قول، ئوڭ قول بىلىك خانلىق ۋە سول قول، ئوڭ قول خانلىق ئەڭ چوڭ ئەمەل ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭدىن قالسا سول قول، ئوڭ قول بۈيۈك سەركەردە، سول قول، ئوڭ قول بۈيۈك كاھبەگ، سول قول، ئوڭ قول بۈيۈك ياساقبەگ قاتارلىقلارمۇ چوڭ ئەمەل ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك پەرقى تۆۋەندىكىچە بولاتتى.

بىرىنچىسى، سول قول بىلىك خان، ئىككىنچىسى ئوڭ قول بىلىك خان، ئۈچىنچىسى، سول قول خان④. تۆتىنچىسى، ئوڭ قول خان، بەشىنچىسى سول قول ئۇلۇغ سەركەردە، ئالتىنچىسى، ئوڭ قول ئۇلۇغ سەركەردە، يەتتىنچىسى، سول قول بۈيۈك كاھبەگ، سەككىزىنچىسى، ئوڭ قول بۈيۈك كاھبەگ، توققۇزىنچىسى، سول قول ئۇلۇغ ياساقبەگ، ئونىنچىسى، ئوڭ قول ئۇلۇغ ياساقبەگ.

«ئۇرۇش ۋە ئۇرۇش قىلغۇچى تەشكىل بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان مىللىي تۇرمۇشنىڭ نورمال فۇنكسىيىسى بولۇپ قالغان» لىقتىن ⑤، ھۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇلدارلىق ھاكىمىيىتى، ئەمەلىيەتتە بىر كۆچمەن ھەربىي ھاكىمىيەت

ئىدى. بۇ ھاكىمىيەت ئەسلىدىنمۇ قوشنا مىللەتلەرنى بۇلاش ۋە ئېزىش جەريانىدا قۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ مەقسىدىنىڭ بىرى يەنىلا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قوشنا مىللەتلەرنى بۇلاش ۋە ئېزىش ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭدا بىر تەرەپتىن قورامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاتلىق ئەسكەر بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بارلىق ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى چوڭ ـ كىچىك ھەربىي باشلىق ئىدى. تەڭرىقۇت ئۆزى قوشۇن باشلاپ ئۇرۇشقا قاتناشقاندىن سىرت يەنە سول قول، ئوڭ قول بىلىك خانلاردىن تاكى سول قول، ئوڭ قول ئۇلۇغ ياساقبەگكىچە ھەممىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قوشۇن باشلاپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلاتتى. چوڭراقلىرى بىرەر تۈمەن ئاتلىق ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلسا، كىچىكرەكلىرى بىرەر نەچچە ئاتلىق ئەسكەرگە باشچىلىق قىلاتتى. ھۇنلاردا بىر تۈمەن ئەسكەرگە باشچىلىق قىلىدىغان ھەربىي باشلىقتىن 24 ى بولۇپ ، ئۇلار «تۈمەن بېشى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ 24 تۈمەن بېشىنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ قول ئاستىدا يەنە مىڭ بېشى، يۈز بېشى، ئون بېشى قاتارلىق ئەمەلدارلار بار ئىدى. بۇ كاھبەگ، ياساقبېگى، جورجى قاتارلىقلارمۇ ئوتتۇرا ـ تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ياكى ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشىنىڭ ئۆلچىمى ئىدى⑥.

تەڭرىقۇت ئوردىسى بىلەن سول قول، ئوڭ قول بىلىك خانلار ھەر قايسىسىنىڭ «ھەر قايسىسىنىڭ ئايرىم يەرلىرى بار ئىدى» (يەنى ھەر قايسىسىنىڭ بۆلۈشۈۋالغان يەرلىرى بار ئىدى) . ھەر قايسىسى ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان رايونلاردىن قوشۇن تەشكىللەپ، ئۇلارغا باشچىلىق قىلاتتى. بارلىق قورامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاتلىق ئەسكەر بولاتتى. ئۇرۇق باشلىقلىرى يۈز بېشى ياكى مىڭ بېشىلىققا تەيىنلىنىدىغان، ئېسىلزادە ئۇرۇق ياكى جەمەتتىكىلەر تۈمەن بېشى، ياكى خان تۆرە قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپلەرنى مونوپول قىلىۋالغان ھەم ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىدىغان بولۇپ، بۇ خىل تەشكىلىي مۇناسىۋەت (ھۆكۈمرانلىق مۇناسىۋىتى) ئارقىلىق «ساۋۇتلۇق چەۋەنداز» لارنى ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ تۈگمەيدىغان بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرىغا قاتنىششقا مەجبۇرلايتتى.

ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىك پەقەت تەشكىلىي جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى ئىدىيە جەھەتتىنمۇ ئۇرۇق ئەزالىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ماركس: «ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىدىيىسى ھەر قانداق بىر دەۋردە ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگەللەپ كەلگەن ئىدىيەدۇر. بۇ ئاشۇ سىنىپ ھەم جەمئىيەتتە ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگەللىگەن ماددىي كۈچ

ھەم جەمئىيەتتە ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگەللىگەن مەنىۋى كۈچ دېگەنلىكتۇر. ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلغان سىنىپ ئوخشاشلا مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسىگە ئىگىدارچىلىق قىلالايدۇ. شۇڭا، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە ئادەتتە ھۆكۈمران سىنىپ ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ»⑦ دېگەن. ھۇنلارنىڭ ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرىمۇ دەل ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇشخۇمارلىق ئىدىيىسى ۋە بۇلاڭچىلىق ئىدىيىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاستىدىكى ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىسىگە ئىگىدارچىلىق قىلاتتى.

ھۇنلار جەمئىيىتىنىڭ ئادىتىگە ئاساسەن، ئۇرۇشتا دۈشمەندىن بىرنى ئۆلتۈرگەنلەرگە بىر جام شاراپ مۇكاپات بېرىلەتتى. ئەسىر تۇتۇپ كەلگەنلەرگە ئەسىرلەر ئىنئام قىلىپ بېرىلەتتى. بۇ ئەسىرلەر قۇل قىلىناتتى. شۇڭا، ھۇنلار ئۇرۇش قىلغاندا ھەممەيلەن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلاتتى. ھون ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرى بۇ خىل ئادەتتىن پايدىلىنىپ قول ئاستىدىكى ئۇرۇق ئەزالىرىنى ئۆزلىرىنىڭ تەشكىلىي ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى ئىگىدارچىلىكىنى قوبۇل قىلىشقا قىزىقتۇراتتى. ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ ھەربىي مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇراتتى.

تەڭرىقۇت ۋە ھەر دەرىجىلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قوشۇن باشلاپ ئۇرۇش قىلىشى ھەم قورامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسكەر بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى نوقتا، ھۇنلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن ئەمدىلا ئايرىلىپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بولۇپمۇ تەڭرىقۇتنىڭ ھەربىي باشلىقلىقىدىن ئىبارەت بۇ بىر نوقتا ئۇنىڭ قەبىلە باشلىقلىقىدىن ئەمدىلا ھاكىمىيەت باشلىقلىقىغا ئۆزگەرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ھون قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇشتىكى مەقسىتىنىڭ بىرى قوشنا مىللەتلەرنى بۇلاش ۋە ئېزىش بولغاچقا، ئۇلار ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ فۇنكسىيىسى ئارقىلىق بويسۇندۇرۇلغان رايونلاردىكى خەلقلەرنى دەھشەتلىك تۈردە ئەزدى.

ئالدى بىلەن باتۇر تەڭرىقۇت شەرقتىكى قوشنىسى ئوغانلارنى ⑧ بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ھەر يىلى ئات، كالا، قوي تېرىلىرى تاپشۇرۇش، ۋاقتىدا تاپشۇرالمىغانلارنىڭ خوتۇنىنى قۇل قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا، يەنى ھۇنلار خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئوغانلار ھۇنلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن

دەۋردە هۇنلار يەنىلا كونا قائىدە بويىچە ئوغانلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپاننى سۈيلىدى، بۇ چاغدا ئوغانلار خەن سۇلالىسىنىڭ كۈچىگە تايانغاچقا، ئولپان تۆلەشنى رەت قىلدى، بۇنىڭ بىلەن هۇن ئەلچىسى غەزەپلىنىپ ئوغانلارنىڭ قەبىلە باشلىقىنى باغلاپ ئېسىپ قويدى. قەبىلە باشلىقىنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرى بۇنىڭدىن ناهايىتى غەزەپلىنىپ، هۇن ئەلچىسى ۋە ئۇ باشلاپ كەلگەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ، هۇن ئەلچىسىگە ئەگىشىپ سودىگەرچىلىك قىلغىلى ئەكەلگەن ئاياللار ۋە ئات، كالىلارنى تۇتۇپ قالدى. تەڭرىقۇت بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سول قول بىلىك خانىنى قوشۇن باشلاپ بېرىپ ئوغانلاردىن ئەلچىنى ئۆلتۈرگەن جىنايەتچىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ئەۋەتتى هەم ئوغانلارغا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىپ بىر قىسىم خەلقنى ئۆلتۈرۈپ ئاياللار ۋە ئاجىز، ئۇششاقلاردىن بولۇپ مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى بولاپ كېتىپ، ئۇلارنى سول تەرەپكە ئۇرۇنلاشتۇرۇپ، ئوغانلارنىڭ مال-چارۋا، تېرە تاپشۇرۇپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئۇقتۇردى. ئوغانلار مەجبۇرىي هالدا مال-مۈلۈك ۋە چارۋىلىرىنى بەرگەن بولسىمۇ،هۇنلار يەنىلا بۇلاپ كەتكەن كىشلەرنى قايتۇرۇپ بەرمىدى ⑨.

ئۇنىڭدىن كېيىن هۇنلار بويسۇندۇرۇلغان ئۇلۇس ياكى قەبىلىلەرگە قارىتا، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى ئۆز زېمىنىغا كۆچۈرۈشكە بولسىلا مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ كېلىپ ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ بىۋاستە ئىدارە قىلىشىغا ئورۇنلاشتۇردى. مەسلەن ،

هۇنلار شىرۋى قەبىلىسىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ نەچچە مىڭ ئادىمىنى قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن قوشۇپلا ئۆزلىرىنىڭ سول تەرىپىگە كۆچۈردى(11). يەنە تەڭرىتاغنىڭ ئىۋىرغول جىلغىسىدىكى «بارىكۆل خانلىقى»نىڭ خانى تەڭرىقۇتنى خاپا قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، تەڭرىقۇت ئۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭ ئالتە مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۇلۇغ تەرەپتىكى ئاۋۇ دېگەن يەرگە كۆچۈپ كەلدى، شۇڭا بۇ يەر «ئاۋۇ بەگلىكى»(12) دەپ ئاتىلىپ قالدى.

لېكىن، بويسۇندۇرۇلغان ئۇلۇس ياكى قەبىلىلەر خەلقىنىڭ هەممىسىنىڭ كۆچۈرۈلۈپ كېتىلىشى ناتايىن ئىدى، هۇن قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىگىمۇ ئۇلارنىڭ هەممىسىنى ئۆز زېمىنىغا كۆچۈرۈپ كېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. شۇڭا، هۇنۇنلار بويسۇندۇرۇلغان بەزى ئۇلۇسلارغا نىسبەتەن، مەسلەن ، غەربىي يۇرتتىكى هەرقايسى مىللەتلەرگە قارىتا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ئەۋەتىپ تۇرغۇزۇپ، باج-سېلىق يىغىپ هۆكۈمرانلىق قىلدى. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، غەربىي يۇرتتىكى هەر قايسى مىللەتلەرنىڭ هەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا باشلىقى،

قوشۇنى بولۇپ بىرلىككە كەلمىگەنىدى. ئۇلار ھۇنلارغا قارام بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ھۇن ھۆكۈمرانلىرى ئۇلارنىڭ ئات –ئۇلاغ، مال-مۈلۈكلىرىنى ئېلىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى مەجبۇرىي ھالدا كۆچۈرۈۋېتەلمىگەن. شۇڭا، غەربىي تەرەپنى باشقۇرۇدىغان باتىس خان چاكارلار كاھ بېگى تەسىس قىلىپ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇپ، ئاگنى، ئۇشاق، لوپنۇر ئارلىقىدا (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ قاراشەھەر، لوپنۇر ئەتراپى) تۇرغۇزۇپ، ھەرقايسى خەلقلەردىن باج ئالغان(13). بۇ چاكارلار كاھبېگى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60-يىل باتىس خاننىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇشى بىلەن ئەمەلدىن قالغان. لېكىن، ۋاڭ ماڭ دەۋرىدە غەربىي يۇت ھۇنلارغا يەنە بىر قېتىم قارام بولۇپ قالدى. ھۇن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دەھشەتلىك بۇلاڭ-تالىڭىغا غەربىي يۇت خەلقى بەرداشلىق بېرەلمىدى.مىلادىيە 61-يىلى ئۇدۇن (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ خوتەن ناھىيىسى ئەتراپى)ھۇنلار تەرەپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ شاھزادىسىنى ھۇنلارغا بارىمتايلىققا ئەۋەتىشكە ھەم ھەر يىلى ھۇنلارغا يىپەك قاتارلىق نەرسىلەرنى تاپشۇرۇشقا ماقۇل بولدى(14). مىلادىيە 73-يىلى ھۇن ھۆكۈمرانلىرى قايتىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى نازارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن

بىر ۋاقىتتا، پىشامشانغا (كرورەن، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ مىرەن ئەتراپى) ھىراۋۇل (دەرىجىسى ۋە ھوقوقى بىرقەدەر چوڭ ئەلچى) ئۇلايداي ۋە ياندىاش ھىراۋۇل بىلچىنى ئەۋەتىپ، يۈزدىن ئارتۇق ئەسكەر تۇرغۇزدى. كېيىن، بەن چاۋ غەربىي يۇرتنى تىنجىتقاندىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ كۆچى پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىلدى. ئەمما، مىلادىيە 120-يىلىغا كەلگەندە چياڭلارنىڭ قوزغىلىڭى تۈپەيلىدىن خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى، ھۇنلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە تاجاۋۇز قىلدى. شىمالىي ھۇنلار ئەلچى ئەۋەتىپ ھەر قايسى مىللەتلەردىن بۇرۇن قېلىپ قالغان باجلارنى سۈرۈشتۈرۈپ ھەم مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، چەكلىك مۇددەت ئىچىدە تۆلەشكە قىستىدى.بۇنىڭ بىلەن، پىشامشان، قوش (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ تۇرپان ئەتراپى) نىڭ غەزىپى قوزغالدى(15).

خەنزۇلارمۇ ئۈزۈلمەس بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرىدى. باتۇر ھاكىمىيەت قۇرغاندىن باشلاپ، لىيۇ باڭ بىلەن شياڭيۇ ئوتتۇرىسىدىكى چۇ-خەن ئۇرۇشىدىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قالايمىقانلىشىپ كەتكەن پۇرسەتتە جەنۇپقا تاجاۋۇز قىلىپ چىن سۇلالىسى دەۋرىدە مېڭ تيەن تارتىۋالغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالدى ۋە چېگرىسىنى دەريانىڭ جەنۇبىغىچە (ھازىرقى ئىچكى مۇڭغۇلنىڭ خېتاۋ ئەتراپى) سوزۇپ، تەسىر دائىرىسىنى

چاۋنا (گەنسۇنىڭ پىڭلياڭ ناھىيىسى ئەتراپى)، فۇشى (شەنشىنىڭ تۇلىن ناھىيىس) غىچە يەتكۈزدى.كىيىن، خەن گاۋدى لىيۇباڭ پىڭچېڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كىيىن، ھۇنلار بىلەن قۇدىلىششى سىياستىنى يولغا قويۇپ، خەن مەلىكىنى تەڭرىقۇتقا ئالچى قىلىپ بېرىشكە مەجبۇر بولۇپلا قالماستىن، يەنە نۇرغۇن تاۋار-دۇردۇن، ھاراق-شارەب، يېمەك ئىچمەك قاتارلىق نەرسلەربى بېرىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھۇنلار يەنىلا تاكى خەن ۋۇدى تەختكە چىقىپ قاتتىق قايتۇرما زەربە بېرىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغانغا قەدەر خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا پاراكەندە قىلىپ، ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ، ئاھالە ۋە چارۋىلارنى بۇلىدى.

ھۇن قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇلدارلىق ھاكىمىيىتىنىڭ فۇنكسىيىسى يالغۇز سىرتقىلا قارىتىلغان بولماستىن، يەنە ئىچكى قىسمىغا قارىتىلغان ئىدى. ئىچكى قىسمىغا قارىتىلغان فۇنكسىيىسى ئالدى بىلەن قۇللارغا دىكتاتورا يۈرگۈزۈش-قۇللارنى باستۇرۇش ئىدى.

ھۇنلار رايونىدا تەخمىنەن نەچچە يۈز مىڭ ھەر مىلللەت قۇللىرى بولۇپ، بۇ نەچچە يۈز مىڭ قۇل چارۋىچى چارۋىچى قۇل ياكى تېرىق قۇل ۋە ياكى ھۈنەرۋەن قۇل قىلىنىپ ھەر دەرىجىلىك قۇلدارلارغا بايلىق يارىتىپ بېرەتتى ياكى مەجبۇريي ھالدا ئائىلە ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىناتتى ۋە ياكى توقال بولاتتى، ھەتتە ئاقسۆڭەكلەر ئۆلسە قۇربانلىق قىلىنىپ بىللە كۆمۈلەتتى. قۇللارنىڭ بۇ خىل شەپقەتسىزلەرچە ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنئۇ يىللىرىدا ئون نەچچە تۈمەن «ئەسىر قۇل» نىڭ قېچىپ كېتىش قارشىلىق كۆرستىشىنىڭ بىر شەكلى ئىدى.

شۇڭا، قۇللارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ھۇن ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

ئۇنىڭدىن قالسا ھۇنلار رايونىنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاپ، قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ خۇسۇسىي مال-مۈلۈكلىرىنى قوغداش ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»دە، ھۇنلارنىڭ قانۇنى بويىچە پىچاق بىلەن ئادەمنىڭ بىر چىدىن ئارتۇق يېرىنى زەخملەندۈرگۈچىلەرنىڭ ئۆلتۈرلىدىغانلىقى، مال-مۈلۈك ئوغرىلىغۇچىلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرى ۋە مال- مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدىغانلىقى، باشقا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ يېنىكرەك بولغاندا پۇتى ھارۋا چاقىغا باستۇرۇلۇپ سۇندۇرۇلىدىغانلىقى، ئېغىرراق بولغاندا ئۆلتۈرۈلۈدىغانلىقى، زىندان تەسىس قىلىنغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

ئەڭ ئاخىردا بولسا خەلقتىن باج يىغىش ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دەپ، ھۇنلار ھەر يىلى ئۈچ قېتىم يىغىلىش ئۆتكۈزىدۇ. 1-ئايدا ھەر قايسى قەبىلىلەر باشلىقلىرى ھەر قايسى تەڭرىقۇت ئوردىسىغا يىغىلىپ ئەتىيازلىق نەزىر چىراغ ئۆتكۈزىدۇ؛ 5-ئايدا ھەممىسى ئەجدەربالىق شەھىرىگە يىغىلىپ ئەجدادلىرى، ئاسمان-زېمىن، جىن -ئەرۋاھلىرىغا ئاتاپ نەزىر چىراغ ئۆتكۈزىدۇ؛ كۈزدە ئاتلار سەمرىگەندە ھەممىسى دەيلىنگە يىغىلىپ «ئادەم ۋە چارۋا ماللارنىڭ سانىنى ئالىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ھەر يىلدىكى ئۈچ قېتىملىق يىغىلىشنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى كۈزدىكى بىر قېتىملىق بولۇپ، بۇ ۋاقىت دەل ئاتلار سەمرىپ، چارۋىلار كۆچكە تولغان ۋاقىت بولغاچقا، تەڭرىقۇت ھەرقايسى ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىنى دەيلىنگە يىغىپ يىغىن ئېچىپ«ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ سانىنى ئالغان» يەنى ھەرقايسى ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ بىر يىل ئىچىدىكى نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى -ئازىيىش ۋە ۋچارۋا -ماللارنىڭ ئاۋۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، قوشۇننىڭ سانىنى ئېلىپ بەلگىلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇدىغان بېجى ھېسابىدا يىغىۋالغان. بۇ خىل باج-سېلىق بەلكىم بۇرۇنقى ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىكى ئۇرۇقداش قەبىلىدىكى ئومۇم ئىشى ئۈچۈن ئۇرۇق ئەزالىرىغا بىر قىسىم خىراجەت تەڭ چېچىلىدىغان ئەدەتتىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

كېيىن، قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى بارلىققا كېلىپ ھاكىمىيەت ئورگىنى قۇرۇلغاندا خىراجەت قەرەللىك چېچىشقا قاراپ تەرەققىي قىلغان شۇ سەۋەپتىن ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۇرۇق ئەزالىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن. باج-سېلىق يىغىشنىڭ تۈزۈملىشىشىگە ئەگىشىپ يىغىۋېلىش ئۇسۇلى تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن. باتۇرنىڭ ئوغلى كىئوك تەڭرىقۇت دەۋرىدە، ھۇنلارغا ئەل بولغان جوڭ خاڭيۆ تەڭرىقۇتنىڭ سول قول، ئوڭ قول مەنسەپدارلىرىغا تىزىملاپ، پۇقرالارنىڭ چارۋىلىرىنى ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى تەكشۈرۈپ باج ئېلىشنى ئۆگەتىپ(16)، ئىلگىرىكى «ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ سانىنى ئېلىش» تەك ئاددىي ئۇسۇلنى بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزگەرتىپ، باج مەنبەسىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان ۋە ئۇنى كېڭەيتكەن. بۇنىڭدىن باشقا ئاقسۆڭەكلىرى سىياسىي ھوقۇقنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق باشلىقلىق ئورنىدىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ مەنپەئەتىنى بانا قىلىپ بۇرۇندىن ئۇرۇقنىڭ ئورتاق ئىگدارچىلىقىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق قىلىدىغان يەرلەرنى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئېلىۋالغان ۋە تېخىمۇ

ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇ چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە چارۋا باقىدىغان يەرلەرنى كونترول ۋە مونوپول قىلىۋېپ، ئاددىي خەلقلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە چىداشقا مەجبۇر قىلغان. بۇ خىل ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتى ئاتالمىش «ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ مەنپەئەتى» ۋە «ئادەت»بىلەن يوشۇرۇلۇپ سىنىپىي مۇناسىۋەت غۇۋالاشتۇرۇلغان.

يۇقۇرىدىكى بايانلارنى يىغىنچاقلىغاندا، ھۇن ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ بىرقەدەر ئاددىي ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈش باسقۇچىدىكى تەرەققىي قىلمىغان ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ھاكىمىيەت كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ھۇنلارنىڭ تەرەققىي قىلمىغان قۇللۇق تۈزۈمى بىلەن ماسلاشقان. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ شەكىلى تاكى مىلادىيە 1-ئەسىردە ھۇنلار گۇمران بولغىچە ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرمىگەن.

ئىزھلار:

① ئېنگىلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ماركس -ئېنگىلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتى 1972-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 4-توم 160～161-بەتلەر.

②«تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

③«خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

④ «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

⑤« كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»دە بىرىنچىسى، سول قول بىلىك خان؛ ئىككىنچىسى، سول قول خان؛ ئۈچۈنچىسى،ئوڭ قول بىلىك خان. تۆتىنچىسى، ئوڭ قول خان دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ تەرتىپ «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دىكىسى بىلەن بىردەك ئەمەس.

⑥ ئېنگىلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، خەنزۇچە نەشرى، 4-توم 160-بەت.

⑦«تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» ۋە «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»

⑧ ماركس، ئېنگىلس «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى»، «ماركس-ئېنگىلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 3-توم 52-بەت.

⑨«كېيىنكى خەننامە. ئوغانلار ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئوغانلار ئەسلىدە توڭگۇس

قەبىللەر ئىتىپاقىدىكى خېلى چوڭ قەبىلە بولۇپ، باتۇر تەڭرىقۇت «توڭگۇسلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ مال-مۈلۈكى ۋە خەلقىنى ئولجا ئالغان»دىن كېيىن، قېلىپ قالغان بىر قىسىم توڭگۇسلار ئوغان تېغى (ئىچكى مۇڭغۇلىنىڭ جاۋۋۇدا ئايمىقى ئالكۇرچىن خوشۇنىنىڭ غەربىي شىمالىدا)غا قېچىپ بارغانلىقى ئۈچۈن ئوغان دەپ ئاتالغان.

⑩«خەننامە. هۇنلار ھەققىدە قىسسە».

(11)«خەننامە. هۇنلار ھەققىدە قىسسە».

(12)« كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

(13)«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى». چاكار قۇل دېگەنلىك بولۇپ، چاكارلار كاھىبگى قۇللارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارنى كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭدىن هۇن قۇلدارلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قۇل ئورنىدا كۆرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

(14)« كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

(15)«كېيىنكى خەننامە. پەن چاۋنىڭ تەرجىمھالى» ۋە «بەن يۇڭنىڭ تەرجىمھالى».

(16)«تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار ھەققىدە قىسسە».

## 4-باب تەڭرىقۇت ئوردىسى ۋە ھەر قايسى خانلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرى (باشقۇرۇش رايونى)نىڭ جايلىشىشى

«تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە، تەڭرىقۇتنىڭ قول ئاستىدا سول قول، ئوڭ بىلىك خان قاتارلىق 24 نەپەر تۈمەن بېشى تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، سول قول خانلار شەرق تەرەپنى ئىگىلەپ، شاڭگۇ ئايمىقى (خېبېينىڭ خۇەيلەي ناھىيىسى ئەتراپىدا) نىڭ شەرقى بىلەن ، ئوڭ قول خانلار غەرب تەرەپنى، ئىگىلەپ، شاڭجۈن ئايمىقى (شەنشىنىڭ يۈلىن ناھىيىسى ئەتراپىدا)نىڭ غەربى بىلەن، تەڭرىقۇت ئوردىسى دەيجۈن ئايمىقى (خېبېينىڭ ۋېيشيەن ناھىيىسى ئەتراپىدا)ۋە يۈنجۇڭ ئايمىقى (ئىچكى موڭغۇلنىڭ توقتۇ ناھىيىسى ئەتراپى) بىلەن تۇتىشاتتى.

«ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا بۆلۈشۈۋالغان يەرلىرى بولۇپ، سۇ، ئوت قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى».

جۇملىدىن، ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇت ئوردىسى ھەم سول قول، ئوڭ قول بىلىك خان ئوردىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلارنىڭ بەلگىلىك چېگرىسى بولۇپ، بىلىكخانلارنىڭ قول ئاستىدىكى خانلار ۋە سانغۇنلارنىڭمۇ نىسبەتەن مۇقىم چارۋىچىلىق يەرلىرى بار ئىدى.

ھۇنلار تەڭرىقۇت ئوردىسىنىڭ زادى قەيەردىلىكى توغرىسىدا جۇڭگو-چەت ئەل ئالىملىرى كۆپلەپ تەكشۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئېنىق يازما تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كەمچىللىكى ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماددىي ئىسپاتلارنىڭ يېتەرسىز بولۇشى تۈپەيلىدىن بۇنى بېكىتىش ھازىرچە قىيىن بولۇۋاتىدۇ. تارىخىي ئەسەرلەردە سول قول، ئوڭ قول بىلىك خان ئوردىسى ھەمدە سول قول ۋە ئوڭ قول خانلار ئوردىسى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئوردىلارنىڭ قەيەرگە قۇرۇلغانلىقىغىمۇ بىرنېمە دېمەك تەس بولۇۋاتىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بەلگىلىك مۇقىم ئورۇنغا جايلاشقانلىقىنى شۈبھىسىز مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

«تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە، ھۇنلار ھەر يىلى ئۈچ قېتىم يىغىلىش ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ، 1-ئايدا تەڭرىقۇت ئوردىسىدا كىچىك يىغىلىش، 5-ئايدا ئەجدەربالىق شەھرىدە ۋە كۈزدە دەيلىندە چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزگەن. ھەر يىلى مۇقىم يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ۋاقتى بولغانىكەن، قائىدە بويىچە يەنە مۇقىم يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ئورنىمۇ بولۇشى كېرەك. تەڭرىقۇت ئوردىسى، ئەجدەربالىق ۋە دەيلىننىڭ ھازىرقى ئورنىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكىلى بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئورۇنلار توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. تۆۋەندىكى پاكىتلاردىن تەڭرىقۇت ئوردىسىنىڭ مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئۇلانباتور ئەتراپىدىلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

(1) يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان سىلىنگە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، ئۇلانباتورنىڭ70 مىل شىمالدىكى نۇبان تېغىدىن دەسلەپكى قەدەمدە نەچچە يۈزلىگەن ھۇن ئىمپېرىيىسى بايقالدى ۋە ئېنىقلاندى، سوۋېت ئىتتىپاقى، قوڭغۇلىيە ئارخېئولوگلىرى تەرىپىدىن قېزىلغانلىرىمۇ 20-30 دىن كەم ئەمەس. ئۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان ھۇن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ (ياكى تەڭرىقۇتنىڭ) چوڭ تىپتىكى قەبرىلىدۇر①. بۇ تاغ تەڭرىقۇتنىڭ ئوردىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان بولۇپ، بۇنىڭدىن تەڭرىقۇت ئوردىسىنىڭ بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەسلىكىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ.

(2) 6-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇرۇلغان تۈرك خانلىقىنىڭ ئوردىسى ئۆتۈكەن تېغىغا قۇرۇلغان (ھازىرقى

ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى خانگاي تېغىنىڭ شىمالىدىكى تاغ)②. كېيىن 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختىمۇ مۇشۇ يەرگە تەسىس قىلىنغان③. 13-ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە قۇرۇلغان مۇڭغۇل ئىمپېرىيىسىمۇ مىلادىيە 1235-يىلدىن (ئۆگەدەينىڭ 7-يىلىدىن) باشلاپ قاراقۇرۇمنى (هازىرقى ئورقۇن دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى ئوردانىسانت) پايتەخت قىلغان④. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى رايونلار (ئولانباتورنىڭ غەربىي شىمالى) تارىختىن بۇيان شىمالدىكى قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئوردا قۇرىدىغان جاي بولۇپ كەلگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يوللۇغ جۇ«قوش ئېقىن بويىدا كەيپىلىكتە يېزىلغان شېئىرلار» (2-جىلد) دىكى «قۇرۇمنى ئېلىش» ۋە «خان ئورىسىغا بېرىش» دېگەن ئىككى شېئىردا «خان ئوردىسى قۇرۇمنىڭ غەربىي شىمالىدا» دەپ ئىزاهات بەرگەن. بۇلاردىنمۇ تەڭرىقۇت ئوردىسىنىڭ ئورنىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتە پايدىلىنىشقا بولىدۇ⑤.

ئەجدەربالىق توغرىسىدا «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار هەقدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە، مايى ئۇرۇشىدىن كېيىن 5-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 129-يىلى) ئەتىيازداۋېي چىڭ شاڭگۇدىن يولغا چىقىپ ئەجدەربالىققا بارغان. بۇ ئەجدەربالىق هازىرقى ئىچكى مۇڭغۇل شىلىنغول ئايمىقىنىڭ شەرقى، غەربىي ۋۇجۇمۇشىن خوشۇنىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ هۇنلار هەر يىلى 5-ئايدا يىغىلىش ئۆتكۈزىدىغان ئورنىنىڭ شۇ ياكى ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

دەيلىن توغرىسىدا يەن شىگۇ «خەننامە. هۇنلار هەققىدە قىسسە» گە ئىزاھ بەرگەندە «نەزىر-چىراغ قىلىدىغان قويۇق دەرەخلىك يەر» دېگەن، ئۇ ئورمانلىق يەرلەرنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، هەرگىزمۇ كونكرېت يەر نامى ئەمەس.

«خەننامە. هۇنلار هەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60-يىلى شۈرۈچانچۇ تەڭرىقۇت ئۆلگەندە خۇسۇر خان شىنۋىيان تەڭرىقۇتنىڭ ۋارىسىنى بەلگىلەش ئۈچۈن هەر قايىسى جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، هەر قايىسى خانلارنىڭ قۇرۇلتايغا كېلىشىنى ئۇقتۇرغان. بۇنىڭدىن خانلار تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، ئەمما مۇقىم چارۋىچىلىق رايونىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، ئەگەر بۇنداق بولمىسا، ئۇلارنى خالىغان چاغدا چاقىرىپ كەلگىلى بولمايتتى.

تارىخىي ئەسەرلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ هەرقايىسى خانلارنىڭ «بۆلۈشۈۋالغان يەرلىرى» ——

چارۋىچىلىق رايونلىرى (باشقۇرۇش رايونلىرى) دىن يىپ ئۈچى ئارقىلىق تەخمىنەن ئون ئالتىسىنى تاپقىلى بولىدۇ:

## 1. قۇنشارخان ۋە شۇتۇق خانىنىڭ چارۋىچىلىق رايونى هازىرقى گەنسۇدىكى خېشى كارىدورى ئەتراپىدا بولغان

تارىخىي ئەسەرلەردە قۇنشارخان بىلەن شۇتۇق خانىنىڭ چارۋىچىلىق رايونى نىسبەتەن ئېنىق خاتىرىلەنگەن. «خەننامە» 28-جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە: «ۋۇۋېي ئايىمقى (هازىرقى گەنسۇدىكى مىنچىن ناهىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) ئەسلىدە هۇنلارنىڭ شۇتۇق خانىنىڭ چارۋىچىلىق رايونى ئىدى، جاڭيې ئايىمقى (گەنسۇدىكى جاڭيې ناهىيىسىنىڭ غەربىي شىمالى) ئەسلىدە هۇنلارنىڭ قۇنشارخانىنىڭ چارۋىچىلىق رايونى ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ رايونلار بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئەسلى ياۋچىلار ۋە ئۇيسۇرلارغا تەۋە يەرلەر بولۇپ، كېيىن ياۋچىلار بىلەن ئۇيسۇرلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ غەربكە، يەنى هازىرقى ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ رايوننى قۇنشارخان بىلەن شۇتۇق خان ئىگىلىگەن.خەن ۋۇدىنىڭ يۈەنشۇ 2-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 121-يىلى) كۈزدە قۇنشارخان شۇتۇق خانى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قوۋمىدىكى 40 مىڭ ئاھالىنى باشلاپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. شۇنىڭ بىلەن خېشى كارىدورىنى بويلاپ چىلىيەنشەن (تىلەك) تېغىدىن تارتىپ شىنجاڭنىڭ لوپنۇر كۆلىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىزىمۇ قالمىدى⑥. ئارقىدىنلا خەن سۇلالىسى خېشى كارىدورىدا تۆت ئايماق تەسىس قىلدى (ۋۇۋېي جاڭيې، جيۇچۈەن، دۇنخۇاڭ).

يەنە «تارىخىي خاتىرىلەر» 111-جىلد «قىران چەۋانداز سانغۇننىڭ تەرجىمىھالى» دىمۇ: «يۈەنشۇ 2-يىلى ئەتىيازدا قىران چەۋەنداز سانغۇن خۇچۇبىڭ قوشۇنى باشلاپ لوڭشىدىن يولغا چىقىپ ئالچى تېغىدىن (گەنسۇدىكى شەندەن ناهىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ئۆتۈپ مىڭ چاقىرىملاپ يۈرۈش قىلىپ، قۇنشارخانىنىڭ ئوغلىنى ئەسىرگە ئېلىپ، ‹كۆك تەڭرى مەبۇدى› غا ئىگە بولدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن خېشى كارىدورى ئەتراپى ھەقىقەتەنمۇ قۇنشارخان ۋە شۇتۇق خانىنىڭ چارۋىچىلىق رايونى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. قىران چەۋەنداز سانغۇننىڭ ئالچى يېغىدىن ئۆتۈپمۇ مىڭ چاقىرىملاپ سەپەر قىلغانلىقىغا قارىغاندا، قۇنشارخان ۋە شۇتۇق خانىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغان.

## 2.لەۋخان ۋە ئۇنئۇت خاننىڭ چارۋىچىلىق رايونى ھازىرقى گەنسۇدىكى خېشى كارىدورىنىڭ شىمالىدا بولغان

قۇنشارخان خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىن، خېشى كارىدورى ئەتراپىدا ھۇنلارنىڭ ئىزى قالمىغان بولسىمۇ لېكىن كارىدورىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونلار يەنىلا لەۋخاننىڭ چارۋىچىلىق رايونى ئىدى. «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 78-يىلى تەڭرىقۇت لەۋخاننى چېگرىنى كۆزىتىشكە ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ جيۇچۇەن، جاڭيې ئەتراپىدىكى مۇداپىئە كۈچلىرىنى ئاجىز دەپ قاراپ، ئەسكەر چىقىرىپ بۇ ئەتراپتىكى قولدىن كەتكەن رايونلارنى قايتۇرىۋالماقچى بولدى. ئۇزۇن ئوتمەي ئوڭ قول بىلىك خان ۋە لەۋخان تۆت مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ رىلې، ۋۇلەن ۋە پەنخېغا بېسىپ كىردى. جاڭيېنىڭ ۋالىيسى،قارام ئەل كاھىبېگى قوشۇن چىقىرىپ قايتۇرما زەربە بېرىپ غەلىبە قىلىپ لەۋخاننى ئېتىپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھۇنلار جاڭيېغا بېسىپ كىرىشكە پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالدى، دەپ خاتىرىلەنگەن.

جيۇچۇەن، جاڭيې ئەتراپى ئەسلىدە ھۇنلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى رايون بولۇپ، قۇنشارخان خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىن، بۇ يەرلەر خەن سۇلالىسگە ئۆتۈپ كېتىپ خەن سۇلالىسى بۇ يەردە تۆت ئايماقنى تەسىس قىلىغان، جاڭيېدىكى قارام ئەل كاھىبېگى قوشۇن تۇرغۇزۇپ مۇھاپىزەت قىلىغان ئىدى. بۇ چاغدا ھۇن تەڭرىقۇتى قولدىن كەتكەن رايونلارنى قايتۇرۇۋېلىش نىيىتىدە چارىۋىچىلىق رايونى جيۇچۇەن، جاڭيېغا قوشنا بولغان لەۋخاننى چېگرىنى كۆزىتىشكە ئەۋەتكەن ھەمدە قوشۇن باشلاپ رىلې، ۋۇلەن ۋە پەنخېغا بېسىپ كىرگەن. بۇنىڭدىن لەۋخاننىڭ باشقۇرۇش رايونىنىڭ خېشى كارىدورىنىڭ شىمالى ئەتراپلىرىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. لەۋخان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ ئەتراپتىكى يەرلەرنى ھۇنلارنىڭ يەنە بىر خانى— ئۇنئۇت خان باشقۇرغان.

«خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە، ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا تۇتىشىدىغان جاڭيې ئايمىقىغا ئۇدۇل كېلىدىغان بىر يېرىدىن ئاجايىپ بىر خىل ياغاچ ۋە تازقارا پېيى چىقىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدىن يا ئوقى ياسىغىلى بولاتتى. چېڭدىنىڭ سۆيخې 1-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 8-يىلى) دىۋان بېگى ۋاڭ گېنچيەن ئەلچى

ئەۋەتىپ تەگرىقۇتتىن بۇ يەرنى سورىۋالماقچى بولدى،تەگرىقۇت بۇ ئۇنئوت خاننىڭ باشقۇرۇشىدىكى يەر، بۇ ئۇنىڭغا ئاتىسىدىن مىراس قالغان، بىرىشكە بولمايدۇدەپ جاۋاپ بەردى، دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن بۇ يەرنىڭ ئۇنئۇت خاننىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايون ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

جاڭيې ئايمىقى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن بۇ يەرنىڭ ئەتراپىنى خەن سۇلالىسىنىڭ ئۈچ كاھىبىگى نەچچە يۈز ئەسكەرگە باشچىلىق قىلىپ مۇھاپىزەت قىلاتتى. بۇ ئۈچ كاھىبەگنىڭ بىرى رىلىپدىكى رىپسۇ جىلغىسىدا، بىر جۇيەندە، يەنە بىرى پەنخېدا تۇراتتى. خەن سۇلالىسىنىڭ زىمىنى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان بۇ يەر ھازىرقى گەنسۇدىكى خېشى كارىدورىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى روشۈي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بولغان شەندەن دەرياسى ۋە خوڭشۈي دەرياسى ۋادىسى، خېشى كارىدورىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى چىلىيەنشەن (تىلەك) تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى گوخې دەرياسى ۋادىسى ھەمدە ئىچكى موڭغۇلنىڭ جۈيەن كۆلى ئەتراپى ئىدى. شۇڭا، ئۇشتۇمتۇت خاننىڭ باشقۇرۇش رايونىنىڭ جەنۇبىي چېگرىسى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

## 3. قۇش خاننىڭ چارۋىچىلىق رايونى ھۇنلارنىڭ شەرق تەرىپىدە، يەنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ جېلىم ئايمىقى، جاۋۇۋدا ئايمىقى ۋە شىلىنغول ئايمىقى ئەتراپىدا بولغان.

«خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»دە، «مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 58- يىللار ئوغانلار ھۇنلارنىڭ شەرىقىدىكى قۇش خانغا ھۇجۇم قىلىپ بىر قىسىم خەلقنى بۇلاپ كەتتى. ئۇيانجۇت تەگرىقۇت بۇنىڭدىن غەزەپلەندى. قۇش خان بۇنىڭدىن قورقۇنچقا چۈشۈپ، ۋۇجانىمۇ ۋە سول قول تەرەپتىكى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بىرلىشىپ قوشۇندىن 40 ~ 50 مىڭنى چاقىرىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئۇيانجوت تەگرىقۇتقا ھۇجۇم قىلدى، دەپ خاتىرىلەنگەن.

«كېيىنكى خەننامە» 90- جىلد «ئوغانلار ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغانغاندا، ئوغانلار ئەسلى تونگگۇسلارنىڭ قالدۇق قوۋمى بولۇپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، تونگگۇسلارنىڭ ھۇنلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ قېلىپ، قالغانلىرى ئوغان تېغىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن «ئوغان» دەپ ئاتالغان. ئوغان تېغى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى جاۋۇۋدا ئايمىقى ئاراقىرچىن خوشۇنىنىڭ

غەربىي شىمالىدا، يەنى چوڭ ھىنگان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىدە. ئۇلار كېيىن ھازىرقى لياۋخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بولغان لاۋخا دەرياسى ۋادىسىغا كېلىپ چارۋىچىلىق قىلغان. خەن ۋۇدىنىڭ يۈەنشۇ 2- يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 121- يىلى) خەن سۇلالىسىگە ئەگە بولۇپ، يۇياڭ، شاڭگۇ، يۇبېيپىڭ، لياۋدۇڭ،لياۋشى قاتارلىق بەش ئايماقنىڭ سىرتىغا كۆچۈپ، خەن سۇلالىسىگە ھۇنلارنىڭ ئەھۋالىنى چارلاپ بەرگەن. بۇنىڭدىن لاۋخا دەرياسى، دالىڭ دەرياسى، لۇەنخې دەرياسى ۋە ھازىرقى جاڭجياكۇ ئەتراپلىرىغا پۈتۈنلەي ئوغانلارنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. قۇش خان ھۇنلارنىڭ شەرقىدە بولۇپ، ئەڭ شەرقىي چېگرىسىمۇ يۇقىرقى جايلاردىن ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. قۇش خانىنىڭ ئوغانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى ئۇنىڭ چارۋىچىلىق رايونىنىڭ ئوغانلاردىن يىراق ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭدىن قۇش خانىنىڭ باشقۇرۇش رايونىنىڭ ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى جېلىم ئايمىقى، جاۋۇدا ئايمىقى ۋە شىلىنغول ئايمىقى ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. بۇ يەرلەر ھۇنلارنىڭ سول تەرەپ رايونى بولغاچقا، قۇش خان جىخۇشاننى تەڭرىقۇت قىلىپ تىكلىگەندە چىقارغان قوشۇن دەل سول تەرەپ قوشۇنلىرى بولغان. ئۇ چىقارغان قوشۇنىنىڭ سانىنىڭ 40 ~ 50 مىڭغا يەتكەنلىكىدىن ئۇ باشقۇرۋاتقان قوۋمنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى ۋە باشقۇرۇش رايونىنىڭمۇ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## 4. سول قول لەۋخان شانىنىڭ چارۋىچىلىق رايونى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ توقتۇ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا بولغان

لەۋخان جاۋدى دەۋرىدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 78- يىلى) ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن تارتىپ ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، پادىشاھ بولغىچە تەڭرىقۇت يەنە شاننى سول قول لەۋخان قىلىپ تەيىنلەپ، ھۇنلارنىڭ سول تەرىپىنى باشقۇرۇشقا قويغان.

«خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە، ۋاڭ ماڭ دەۋرىدە ئوغانالر ھۇنالرنىڭ تېرە بېجى شۇلۇۋېلىشىغا قارىشى چىققاچقا، ھۇنلار قوشۇن چىقىرىپ ئوغانلاردىن مىڭدىن ئارتۇق خوتۇن- قىزى ۋە ئاجىز- ئۇششاقلىرىنى بۇلاپ كېتىپ، سول تەرىپىدىكى يەرلىرىگە ئورۇنلاشتۇردى ھەم ئوغانلارنىڭ مال- چارۋا، تېرە تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىشىنى

ئۆتتۈردى. گەرچە ئوغانلار مال- چارۋا بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھۇنلار مال- چارۋىلارنى ئېلىۋېلىپ تۇتىۋېلىنغان ئاھالىنى قايتۇرۇپ بەرمىدى. كېيىن ۋاڭ ماڭنىڭ سەركەردىسى تەڭرىقۇت ئوردىسىغا ئەلچىلىككە بېرىپ قايتىش سەپىرىدە لەۋ خان شان ئولتۇراقلاشقان يەردىن ئۆتكەندە نۇرغۇن ئوغانلارنى كۆرۈپ شاندىن سورىغاندا، شان بۇ ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى، دەپ خاتىرلەنگەن. بۇنىڭدىن تونۇۋېلىنغان بىر تۈركۈم ئوغانلار سول قول لەۋ خاننىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلارغا ئولتۇراقلاشقانلىقنى، ھۇنلارنىڭ ئوغانلارغا مال- چارۋا ئەپكېلىپ ئادەملىرىنى قايتۇرۇپ كېتىشنى ئۆتتۈرغانلىقىدىن سول قول لەۋ خان شاننىڭ باشقۇرۇش رايونىنىڭ ئوغانلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن ئانچە يىراقتا ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ھالبۇكى، ئوغانلارنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىنىڭ (ھازىرقى جېلىم ئايمىقى، جاۋۇۋدا ئايمىقى ۋە شىلىنغول ئايمىقى ئەتراپلىرى) قوش خاننىڭ چارۋىچىلىق رايونى ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا بايان قىلغانىدۇق. ئۇنداقتا، سول قول لەۋ خان شاننىڭ چارۋىچىلىق رايونى زادى نەدە؟

«ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە يەنە، جيەنگو 3- يىلىدىن (مىلادىيە 11- يىلى) باشلاپ ۋاڭ ماڭ ئەمىر نۆكەرنى يۇنجۇڭغا ئەۋەتىپ، قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ ئوغۇللىرىنى ئالداپ ئەل قىلىپ، ئۇلارغا رىتبە بويىچە ئوتتۇغات بەرمەكچى بولدى. تىلماچ بەگ سول قول لەۋ خان شان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن دېڭ، جۇ قاتارلىقلارنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ئۆچى كەلگەندە، ۋاڭماڭ شانغا ۋاپادار تەڭرىقۇت دەپ نام بەردى، دەپ خاتىرلەنگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۇنجۇڭ قورۇلى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى توقتۇ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، ۋاڭ ماڭ تىلماچ بەگنى ئەۋەتىپ، سول قول لەۋ خان شان ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنى قورۇلغا كەلتۈرگەنلىكىدىن قارىغاندا، شاننىڭ چارۋىچىق رايونىنىڭ يۇنجۇڭ قورۇلغا ئانچە يىراق ئەمەسلىكى ناھايىتى ئېنىق. تەخمىنەن ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى توقتۇ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى خوخخوت، باۋتۇ ئىككى شەھەر ۋە ئۇلۇنگۇر ئايمىقىنىڭ شەرقىدىكى كونا چاخار ئايمىقى ئەتراپىدىكى سول قول لەۋ خان شاننىڭ چارۋىچىلىق رايونى بولغان.

## .باتسخاننىڭ چارۋىچىلىق رايونى ھۇنلارنىڭ غەربىي تەرىپىدە بولۇپ ، ھازىرقى شىنجاڭ بىلەن تۇتاشقان.

«خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە، تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 92- يىلى قۇلۇق تەڭرىقۇت

شانشانچاننى باتسخان قىلىپ تەيىنلىدى، دەپ خاتىرىلەنگەن. «غەربىي تۇرت تەزكىرىسى» دىمۇ:«هۇنلارنىڭ غەربدىكى باتسخان چاكارلار كاھىبگى تەسىس قىلىپ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇپ، ئاگنى، ئۇشاق، لوپنۇر ئارىلىقىدا تۇرغۇزۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەردىن باج ـ سېلىق يىغدى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىدىكى خاتىرىلەردىن باتسخان شانشانچاننىڭ هۇنلارنىڭ غەرب تەرىپىنى باشقۇرغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ چاكارلار كاھىبگى تۇرغۇزۇپ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلغانلىقىدىنمۇ هۇنلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنىڭ چارۋىچىلىق رايونىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئانچە يىراق ئەمەسلىكىنى، يەنى غەربىي يۇرت بىلەن تۇتاش ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.چاكارلار كاھىبگىنىڭ ۋەزىپىسى، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنى باشقۇرۇش ۋ باستۇرۇش، يەنە بىرى غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەردىن باج ـسېلىق يىغۋېلىش ئىدى. ئۇنىڭ

تۇرۇشلۇق ئورنى ئاگنى (شىنجاڭدىكى قارا شەھەر ناھىيىسى)، ئۇشاق(هازىرقى قارا شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدا)، لوپنۇر(شىنجاڭدىكى كورلا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) ئۇچ جاينىڭ ئارىلىقىدا بولغان بۇلۇپ، بۇ ئۇچ يەر ئەينى چاغدا غەربىي يۇرتنىڭ شىمالى يولىدا ھەم شەرق بىلەن غەبنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا، چاكارلار كاھىبگى مۇشۇ يەرنى تۇرۇشلۇق ئورۇن قىلىپ تاللاپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن. چاكارلار كاھىبگى باتسخان تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان ھەمدە بىۋاستە باتسخانغا قارايدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ ئاگنى قاتارلىق ئۇچ جاي ئارىلىقىدا بولغانلىقىغا قاراپلا باتسخاننىڭ چارۋىچىلىق رايونىمۇ ئاگنى قاتارلىق ئۇچ جايغا تۇتاش دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ.

## 6.شەرقىي بارىكۆل خاننىڭ چارۋىچىلىق رايونى هازىرقى شىنجاڭنىڭ جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولغان

«خەننامە» 96ـجىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 60ـيىلى هۇنلارنىڭ شەرقىي بارىكۆل خانى سىلىجى 1700ـدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگىگە ئەل بولدى، قورۇقچى بەگ ئۇنى ئارقا قوش بەگلىكىنىڭ غەربىگەـئوتانزىلغا ئورۇنلاشتۇردى،دەپ خاتىرىلەنگەن.

باركۆل قوشتىكى ئالتە «بەگلىك»نىڭ بىرى بولۇپ، سىلجىنىڭ شەرقىي باركۆل خانى دەپ ئاتالغانلىقىدىن ھەم خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگىگە ئەل بولغانلىقىدىن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى چارۋىچىلىق رايونىنىڭ باركۆلنىڭ شەرقىدە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئۇ قورۇقچى بەگكە ئەل بولغاندىن كېيىن، ئارقا قوشنىڭ غەربىدىكى ئوتانزىل دېگەن جايغا يۆتكىۋېتىلگەن. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، ئوتانزىل شەرقتە تەڭقىن، جەنۇپتا چۇمۇل، غەربتە ئۇيسۇنلار بىلەن چېگرىلىنىدىغان بولۇپ، تەڭقىن ھازىرقى شىنجاڭدىكى فۇكاڭ ناھىيىسىدە، جۇمى ھازىرقى شىنجاڭنىڭ سانجى، ماناس ناھىيىلىرىنىڭ ئارىلىقىدا، ئۇيسۇنلار بولسا ھازىرقى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋادىسىدا ئىدى. بۇنداق بولغاندا شەرقىي باركۆل خانىنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىنكى چارۋىچىلىق رايونىنىڭ ھازىرقى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

## 7.جەنۇبىي لەۋ خانىنىڭ چارۋىچىلىق رايونىنىڭ ھازىرقى شىنجاڭدىكى جىمسار ناھىيىسىنىڭ شىمالى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدە بولغان

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، پېڭدىنىڭ يۈەنشى يىللىرىدا (مىلادىيە 1~5- يىللار ) ئارقا قوش «بەگلىكى »دە بىر يېڭى يول ئېچىلدى، ئۇ «ۋۇچۈەن» دىن باشلىنىپ، شىمالدا قاشقۇۋۇققا تۇتىشاتتى، بۇ يەرلەر ھۇنلارنىڭ ئەمەل تۈزۈمگە ئاساسلانغاندا، ھۇنلاردا پەقەت سول قول خان سەركەردە، ئوڭ قول خان سەركەردە ھەمدە سول قول، ئوڭ قول بۈيۈك سەركەردە قاتارلىقلار بولۇپ «سانغۇن» ئۇنۋانى بولمىغان. بۇ جەنۇنىي سانغۇن ئۇنۋانىنى قوغۇشار تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسگە ئەل بولغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، خەن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمگە تەقلىد قىلىپ تەسىس قىلغان بولۇپ، ئۇ جەنۇبىي لەۋخانغا قارىغان. شۇڭا، جەنۇبىي سانغۇنىڭ چارۋىچىلىق رايونىمۇ جەنۇبىي لەۋخانىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولغان.«خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە، ۋاڭ ماڭنىڭ جيەنگو 2-يىلى (مىلادىيە 10-يىلى) غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىلگەن ۋۇجى چېرىكچى بەگنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن چېن لياڭ، جۇڭ دەي، خەن شۈەن ۋە رېن شاڭ قاتارلىقلار ئىسيان كۆتۈرۈپ، چېرىكچى بەگ دياۋخۇنى ئۆلتۈرۈپ جەنۇبىي لەۋخان ۋە جەنۇبىي سانغۇندىن ياردەم تەلەپ قىلدى. جەنۇبىي

سانغۇن دەرھال 2000 كىشلىك ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ غەربىي يۇرتقا كىلىپ چىن لياڭ قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى، خەن شۈەن، رېن شاڭلار جەنۇبىي سانغۇننىڭ يېنىدا قېلىپ قالدى، لېكىن چىن لياڭ، جۇڭ دەي تەڭرىقۇت ئوردىسىغا كەتتى، دەپ خاتىرلەنگەن. بۇنىڭدىن ۋۇجى چېرىكچى بەگنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ جەنۇبىي سانغۇنىڭ چارۋىچىلىق رايونىدىن ئانچە يىراق ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

يەنە «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، يۈەن دىدەۋرىدىكى ۋۇجى چېرىكچى بەگ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئالدى قوش بەگلىككە قاراشلىق يەرلەردە بوز يەر ئۆزلەشتۈردى» دەپ خاتىرلەنگەن. دېمەك، ۋۇجى چېرىكچى بەگنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئالدى قوش بەگلىكى تەۋەسىدە بولغان. قوشۇنىڭ ئەسلى نامى «قوس» بولۇپ، شۈەندى دەۋرىدىن كىيىن، ئالدى ۋە ئارقا قوش بەگلىكىگە ھەم تاغنىڭ شىمالىدىكى ئالتە «بەگلىك» كە بۆلۈنۈپ كەتكەن.ئالدى قوش بەگلىكى يارغۇل شەھرى، يەنى ھازىرقى شىنجاڭدىكى تۇرپان شەھرىنىڭ غەربىي شىمالىنى باشقۇرغان؛ ئارقا قوش بەگلىكى قاغان بۇت شەھرى، يەنى ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جىمسارنىڭ جەنۇبى ئەتراپىنى باشقۇرغان. دەل قوش بىلەن ھۇنلارنىڭ جەنۇبىي سانغۇننىڭ يېرى يېقىن بولغانلىقى سەۋەبلىك، چىن لياڭ قاتارلىقلار ئىسيان كۆتۈرگەندە ئۆزلىرىگە يېقىن جەنۇبىي سانغۇن بىلەن ئالاقىلىشىپ ياردەم سورىغان، جەنۇبىي سانغۇنمۇ قوشۇن ئەۋەتىپ ناھايىتى ئاسانلا ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەن. يۇقىرىقى پاكىتلار جەنۇبىي سانغۇننىڭ چارۋىچىلىق رايونى بىلەن ئارقا قوش بەگلىكىنىڭ يېرىنىڭ قوشنا ئىكەنلىكىنى، جەنۇبىي سانغۇننىڭ چارۋىچىلىق رايونىڭ جەنۇبىي لەۋخاننىڭ چارۋىچىلىق رايونىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا، جەنۇبىي لەۋخاننىڭ چارۋىچىلىق رايونى ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جىمسار ناھىيىسىنىڭ شىمالى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقى ئەتراپلىرىدا بولغان بولىدۇ.

## 8. ئۇشەن خاننىڭ چارۋىچىلىق رايونى ھازىرقى بايقال كۆلى ئەتراپىدا بولغان

«خەننامە» 54-جىلد «سۇۋۇنىڭ تەرجىمھالى» دا، سۇۋۇ بايقالغا ىبرىپ بەش-ئالتە يىل تۇرۇپ قالدى. تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى ئۇشەن خان بايقال كۆلى بويىغا ئوۋ ئوۋلاشقا چىققاندا سۇۋۇنى كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭغا ئوزۇق-تۈلۈك، كىيىم-كېچەك سوۋغا قىلدى. ئارىدىن ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە ئۇشەن خان

كېسەل بىلەن ئۆلۈپ، ئۇنىڭ قوۋمى كۆچۈپ كەتتى. دەپ خاتىرىلەنگەن.

سۇۋۇ خەن ۋۇدىنىڭ تىيەنخەن 1-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 100-يىلى)هۇنلارغا ئەلچىلىككە بارغاندا تەڭرىقۇت تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنىپ، شىمالىي دېڭىزغا سۈرگۈن قىلىنغان. شىمالىي دېڭىز هازىرقى بايقال كۆلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇشەن خاننىڭ بايقالغا ئوۋ قىلغىلى بېرىشى ھەم كۆپ يىل شۇ ئەتراپتا تۇرۇپ قېلىشى، ئۆلگەندىن كېيىن قوۋمىنىڭ ئۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىشىدىن هازىرقى بايقال كۆلى ئەتراپىنىڭ ئۇنىڭ چارۋىچىلىق رايونىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## 9. ئوڭ ئۇكەن باتىس خان بىنىڭ چارۋىچىلىق رايونى هازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى كونا سەدىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، غەربتە خېتاۋدىن شەرقتە خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىكى نەنياڭ دەرياسىنىڭ غەربىگىچە بولغان

«كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي هۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە، قوغۇشار تەڭرىقۇت جىخۇشان ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغۇللىرى نوۋەت بىلەن تەڭرىقۇت بولدى، بىنىڭ تاغىسى قۇتئەرىش تەڭرىقۇت يۇ دەۋرىگە كەلگەندە، بى ئوڭ ئۇكەن باتىس خان بولۇپ تەيىنلىنىپ جەنۇب تەرەپنى ۋە ئوغانلارنى باشقۇردى، دەپ خاتىرلەنگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئوڭ ئۇكەن باتىس خان بىنىڭ چارۋىچىلىق رايونىنىڭ هۇنلارنىڭ جەنۇبىدا ئىكەنلىكى ئېنىق. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئوغانلارنى باشقۇرغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ چارۋىچىلىق رايونىنىڭ شەرقتە ئوغانلار رايونىغىچە سوزۇلغانلىقىنىمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

كېيىن قۇتئەرىش تەڭرىقۇت يۇ ئۆلگەندە، تەڭرىقۇتلۇق ئورنىنى باشقا خانلار تارتىۋالغانلىقى ئۈچۈن، بى بۇنىڭدىن ناھايىتى نارازى بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە هۇنلار رايونىدا ئۇدا بىر نەچچە يىل تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ، نەچچە مىڭ چاقىرىم دائىرىدىكى ئوت-چۆپلەر قۇرۇپ كېتىپ، ئادەم، مال-چارۋىلارغا ۋابا تارقىلىپ يېرىمى دېگۈدەك ئۆلۈپ كەتتى. شۇڭا، بى جيەنئۇ 23-يىلى (مىلادىيە 47-يىلى) شىخې ۋالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىخې ئايمىقىنىڭ مەركىزى پىڭدىڭ بولۇپ، هازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ دۇڭشېڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا. جيەنئۇ 24-يىلى باھاردا هۇنلارنىڭ جەنۇبتىكى

سەككىز قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى مەسلىھەتلىشىپ بىنى يۆلەپ قوغۇشار تەگرىقۇت قىلىپ كۆتەرمەكچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ، ۋۇيۈەن قەلئەسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولۇشنى ۋە شىمالىي ھۇنلاردىن بىرلىكتە مۇداپىئە كۆرۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ۋۇيۈەن قەلئەسى ھازىرقى ئىچكى مۇڭغۇلدىكى خېتاۋنىڭ شىمالىدا. بۇنىڭدىن غەربتىن خېتاۋغىچە بولغان رايونلارنىڭمۇ بىنىڭ چارۋىچىلىق رايون ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، شۇ يىلى قىشتا بى ئۆزىنى قوغۇشار تەگرىقۇت (شىلوشىيوت تەگرىقۇت )دەپ ئاتىدى . شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جيەنۋۇ 26-يىلى (مىلادىيە 50-يىلى)ئەمىر نۆكەر ئەۋەتىپ قوغۇشار تەگرىقۇت بىنىڭ ۋۇيۈەن قەلئەسىنىڭ غەربىدىن 80 چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايغا تەگرىقۇت ئوردىسى (جەنۇبى تەگرىقۇت ئوردىسى)قۇرۇشىغا ياردەم بەرى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنى يۈنجۇڭ ئايمىقىغا ، كېيىن يەنە شخې ئايمىقىنىڭ مېيجى ناھىيسىگە (ھازىرقى ئىچكى مۇڭغۇلدىكى جۇڭغار خوشۇنىنىڭ غەربىي شىمالىدا) كۆچۈردى. بىمۇ ئۆز قەبىلىلىرىنى سۇفاڭ، ۋۇيۈەن، يۈنجۇڭ، دىڭراڭ، يەنمېن ۋە دەيجۈن ئايماقلىرىغا ئورۇنلادتۇرۇپ خەن سۇلالىسى ئۈچۈن شىمالىي ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆردى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالتە ئايماق ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بولۇپ، غەربتە خېتاۋدىن غەربتە خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىكى نەنياڭ دەرياسىنىڭ ئەتراپىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن بۇ رايونلارنىڭ قوغۇشار تەگرىقۇت بىنىڭ ئەسلىدىكى سەككىز قەبىلىسىنىڭ چارۋىچىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. «جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە، ئۇ باشقۇرۋاتقان جەنۇبتىكى سەككىز قەبىلىدە تۆت-بەش تۈمەن ئادەم بار، دېيىلگەن.

## 10.سول ئىجىز خاننىڭ چارۋىچىلىق رايونى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ شىلىنغول ئايمىقى ئەتراپىدا بولغان

«كېيىنكى خەننامە»90-جىلد«سىيانپىلار ھەققىدە توڭگۇسلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، سىيانپى تاغلىرىدا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. سىيانپى تېغى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى جېلىم ئايمىقى قىرچىن ئوڭ ئوتتۇرا خوشۇنىنىڭ غەربىدە ⑦ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە سىيانپىلار جەنۇبقا كۆچۈپ ھازىرقى

لىياۋخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بولغانشىراموۇرەن دەرياسى ۋە جاۋئېرخې دەرياسى ئارىلىقىدا چارۋىچىلىق قىلغان. ئۇلار ئوغانلارنىڭ شىمالىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، يەنە لىياۋدۇڭ سىيانپىلىرى دەپمۇ ئاتالغان. شۇ ۋاقىتتا ئوغانلار لاۋخا دەرياسى ۋە ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىكى نەنياڭ دەرياسىنىڭ شەرقىدە ئولتۇراقلاشقان. نەنياڭ دەرياسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونى ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، شىمالىي ھۇنلارنىڭ سول ئىجىزخانىنىڭ چارۋىچىلىق رايونى شىراموۇرەن دەرياسىنىڭ غەربىدە، يەنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى شىلىنغول ئايمىقى ئەتراپىدا بولغان بولىدۇ. بۇ رايون خەن سۇلالىسىنىڭ لىياۋدۇڭ ئايمىقىغا (ھازىرقى لىياۋنىڭدىكى لىياۋياڭ شەھىرى) يېقىن بولغاچقا ھەم بىر يىل بۇرۇن (مىلادىيە 48-يىلى) جەنۇبىي ھۇنلار شەرقىي خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغاچقا، بۇ يەرنى سول ئىجىزخان باشقۇرغان. بۇنى خەن سۇلالىسى پىششىق بىلگەچكە، پيەن خې ئەل بولماقچى بولغاندا، جەي رۇڭ ئۇنى سول ئىجىزخانغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ ئەل بولۇشىنىڭ سەممىيىتىنى بىلدۈرۈشكە بۇيرىغان. ئەگەر جەي رۇڭ سول ئىجىزخانىنىڭ چارۋىچىلىق رايونىنى بىلمىگەن بولسا، پيەن خېغا بۇنداق ئېنىق ھالدا ھۇجۇم قىلىش نىشانىنى كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن بولاتتى.

ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ شىلىنغول ئايمىقى ئەتراپى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 58-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە ھۇنلارنىڭ شەرقىدىكى قۇش خانىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان بولۇپ، يۈز نەچچە يىللىق ئۆزگىرىش ئارقىلىق ئۇ سول ئىجىزخانىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى يەرگە ئايلانغان

## 11. گۇرەن ئونئوت خانىنىڭ چارۋىچىلىق رايونى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى ماندال چۆللۈكىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا بولغان

«كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە، مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ 16-يىلى (مىلادىيە 73-يىلى)جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتى سول قول بىلىك خان شىننى ئوردا مىراقۇلى جەي رۇڭ ۋە ۋۇتاڭ بىلەن سوفاڭ ئايمىقىدىكى گاۋچۇ دېگەن يەردىن چىقىپ جۇيې تېغىدا گۇرەن ئونئوت خانىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، گۇرەن ئونئوت خان خەن لەشكەرلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قۇملۇقتىن قېچىپ كەتتى، دەپ خاتىرىلەنگەن.

جۇيې تېغى قەدىمكى گاۋچۇ قەلئەسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن مىڭ چاقىرىم يىراقتا بولۇپ، ھازىرقى موڭغۇلىيە

خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ماندال چۆللۈكىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا. غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بۇيان بۇ تاغ دائىم شىمالغا يۈرۈش قىلىشتىكى ئۆتەر يول بولۇپ كەلگەن. جەي رۇڭ قاتارلىقلارنىڭ گاۋچۆدىن جۇيىي تېغىغا ھۇجۇم قىلغانلىقىدىن گۇرەن ئۇنئۇت خانىنىڭ چارۋىچىلىق رايونىنىڭ ماندال چۆللۈكىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئىكەنلىكى ئېنىق. گۇرەن ئۇنئۇت خانىنىڭ قوۋمىنى باشلاپ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ شىمالغا كەتكەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەسلىدە ماندال چۆللۈكىنىڭ جەنۇبىدا چارۋىچىلىق قىلغانلىقىنى، كېيىن خەن لەشكەرلىرىدىن قورقۇپ قۇملۇقنىڭ شىمالغا كەتكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئۈچ يىل ئۆتۈپ جاڭدىنىڭ جيەنچيۇ 1-يىلىغا (مىلادىيە 76-يىلى) كەلگەندە، گۇرەن ئۇنئۇت خان قوۋمىنى باشلاپ قايتىدىن جۇيىي تېغىغا ئورۇنلاشتى. جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يېنىك چەۋەندازلارنى چېگرا ئايماق لەشكەرلىرى ۋە ئوغان لەشكەرلىرى بىلەن بىللە قورۇلدىن چىقىپ ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، نەچچە يۈز كىشىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئۈچ-تۆت مىڭ كىشىنى ئەسىرگە ئالدى. بۇنىڭدىن جىيىي تېغىنىڭ گۇرەن ئۇنئۇت خانىنىڭ تەۋەسى، يەنى مۇقىم چارۋىچىلىق رايونى ئىكەنلىكى، شۇڭا ئىلگىرى خەن لەشكەرلىرىدىن قورقۇپ چۆللۈكنىڭ شىمالغا قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، خەن لەشكەرلىرى چېكىنگەندىن كېيىن يەنە قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ بۇ چاغدا جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ نەچچە مىڭ ئادىمى چىقىم بولغان بولسىمۇ، يەنىلا بۇ يەردىن كەتمىگەن. ئارىدىن توققۇز يىل ئۆتكەندىمۇ ئۇ يەنىلا شۇ يەردە چارۋىچىلىق قىلغان. «جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە، يۈەنخې 2-يىلى (مىلادىيە 85-يىلى جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتى مىڭدىن ئارتۇق ئادىمنى ئوۋغا ئەۋەتكەن، ئۇلار جۇيىي تېغىغا كەلگەندە گۇرەت ئۇنئۇت خان بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ قاتتىق جەڭ قىلغان ۋە ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەن

## 12. گۇرىن خانىنىڭ چارۋىچىلىق رايونى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى جۇيەن كۆلىنىڭ 600 نەچچە چاقىرىم شىمالىدا بولغان

يۈەن خۇڭنىڭ «كېيىنكى خەن خاتىرىلىرى» 10-جىلد «مىڭدى ھەققىدە خاتىرە» دە، يۇڭپىڭ 16-يىلى (مىلادىيە 73- يىلى گېڭ بىڭ جاڭيېدىكى جۇيەن قورۇلدىن گۇرىن خانغا ھۇجۇم قىلىپ، قۇلۇ تېغىدىن ئۆتۈپ،

قۇملۇقتا600 چاقىرىم ئىچكىرىلەپ كىردى، بۇ يەردە سۇ،ئوتتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى، قولغا چۈشكەن ھۇنلار گۇرىن خاننىڭ سۇ، ئوت قوغلىشىپ شىمالغا كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. دەپ خاتىرىلىگەن.

«كېيىنكى خەننامە» 23ـ جىلد «دۇگۇنىڭ تەرجىمىھالى» دا، قۇلۇ تېغى «سەنمۇلۇ تېغى»دەپ خاتىرىلەنگەن.

بۇ تاغنىڭ ئورنى ئېنىق ئەمەس. لېكىن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇيەن قەلئەسىنى غەربىي خەن سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدى دەۋرىدىكى لۇبودې سالغۇزغان. بۇنى سالغۇزۇشتىكى مەقسەت ھۇنلارنىڭ جېشى رايونىغا پاراكەندىچىلىك سېلىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئىدى. شۇڭا بۇ قەلئە يەنە «قوغدىغۇچ توسۇق» دەپمۇ ئاتالغان. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ئېجىنا ئايمىقىنىڭ شىمالىدىكى جۇيەن كۆلى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. گېڭ بىڭنىڭ بۇ قورۇلدىن شىمالغا يولغان چىقىپ قۇملۇقتا 600چاقىرىم ئىچكىرىلەپ كىرگەنلىكىدىن سەنمۇلۇ تېغىنىڭ جۇيەن كۆلىنىڭ 600ـ چاقىرىم شىمالىدا ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. گۇرىن خان ئەسلىدە مۇشۇ تاغدا چارۋىچىلىق قىلغان بولۇپ، شۇ چاغدا ئەتراپتىكى ئوت-چۆپلەر قۇرۇپ كەتكەچكە، شىمالغا كۆچۈپ كەتكەن، شۇڭا خەن سۇلالىسى سەركەردىسى ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي قايتىشقا مەجبۇر بولغان.

گۇرىن خان شىمالغا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن ، بۇ تاغقا قايتا كەلمىگەن، شۇڭا ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ تاغنىڭ ئەتراپىنى ھۇنلارنىڭ باشقا قەبىلىسى ــجىلۇس قەبىلىسى ئىگىلىگەن. «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە، جيەنچۇ 8ـ(مىلادىيە 83ـ يىلى) شىمالىي ھۇنلارنىڭ سەنمۇلۇ قەبىلىسىدىن جىلۇس قاتارلىقلار 38 مىڭ ئادەمى، 20 مىڭ يىلقىسى، 100ـ مىڭ تۆگىسىنى ئارتۇق قوي-كالىسى بىلەن ۋۇيەن قەلئەسىگە كېلىپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. دەپ خاتىرىلەنگەن. جىلۇسنىڭ قەبىلىسى سەنمۇلۇ تېغىدا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇ سەنمۇلۇ قەبىلىسىدىن دېيىلگەن. بۇ سەنمۇلۇ تېغى گۇرىن خان بۇرۇن تۇرغان سەنمۇلۇ تېغى بولۇپ، ئورنى جۇيەن كۆلىنىڭ شىمالىدا، ۋۇيۇەن قەلئەسىگە بىرقەدەر يېقىن بولغاچقا، جىلۇس جەنۇبقا كېلىپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغاندا، ئالدى بىلەن ۋۇيۇەن قەلئەسىگە (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى خېتاۋنىڭ شىمالىدا) بارغان.

## 13. قۇيان خاننىڭ چارۋىچىلىق رايونى ھازىرقى شىنجاڭنىڭ تۇرپان ۋە باركۆل كۆلى ئەتراپىدا بولغان

يۇەن خۇڭنىڭ «كېيىنكى خەن خاتىرىلىرى» 10ـ جىلد «مىڭدى ھەققىدە خاتىرە» دە، ئەمىر نۆكەر گېڭ بىڭ

مەلۇماتنامە يوللاپ، ئىۋىرغولدا هۇنلارنىڭ قۇيان خانىنىڭ قوۋمى بار، ئۇنى يوقىتىش هۇنلارنىڭ بىر قانتىنى سۇندۇرۇش بىلەن باراۋەر دېدى، دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەمەلىيەتتە شۇ چاغدا شەرقىي خەن سۇلالىسى شىمالغا يۈرۈش قىلىپ شىمالىي هۇنلارنى يوقىتىشنى پىلانلاۋاتقان ئىدى. «كېيىنكى خەننامە» 2-جىلد (مىلادىيە 73-يىلى) باهاردا، دۇگۇ تەڭرىتاغدا قۇيان خانىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىۋىرغولدا ( هازىرقى شىنجاڭدىكى قۇمۇلنىڭ غەربىدە ) قوشۇن تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئاچتى، دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن قۇيان خانىنىڭ هازىرقى تۇرپان ئەتراپىدا چارۋىچىلىق قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ قېتىمقى زەربىدىن كېيىن قۇيان خان ئانچە قاتتىق چىقمىغا ئۇچۇرمىغان. شۇڭا، يۇقىرىقى ئەسىردە يەنە، «يۈكپىك 17-يىلى قىشتا دۇگۇ، گېڭ بىڭ دۇنخۇاڭدىكى قۇرۇم قورۇلىدىن چىقىپ ئاق تاغ تەڭرىتاغنى كۆرستىدىغان بولۇپ، ئاق تاغ ئاقساقلى تەڭرىتاغدىكى قۇيان خان ئىدى، ئەمما، قۇيان خانىنىڭ بۇ يەردىكى تەسىر كۈچى باشتىن ئاخىرى ساقلىنىپ قالغان، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ياكى ۋارىسلىرى يەنىلا داۋاملىق بۇ رايوندا چارۋىچىلىق قىلغان. شۇڭا، 50 يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ بارىكۆل بويىدا قۇيان خانىنىڭ قوۋمىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

ئەندىنىڭ يۈەنگۇاڭ 2-يىلى (مىلادىيە 123-يىلى)دۇنخۇاڭ ۋالىيسى جاڭ داڭ مەلۇماتنامە سۇنۇپ ئۈچ تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ تەدبىرلەردە شىمالىي هۇنلارنىڭ قۇيان خانىنىڭ بارىكۆل كۆلى ۋە چىننۇر كۆلى ئارىلىقىدا پائالىيەت قىلىپ، غەربىي يۇرتنا بۇلاڭ-تالاڭ يۈرگۈزگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. شۇندىنىڭ يۇڭجىيەن 1-يىلى (مىلادىيە 126-يىلى غەربىي يۇرت دورغابى بەن يۇڭ قوشتىكى ئالتە«بەگلىك» نى تىنچىتىپ، غەربىي يۇرتتىكى هەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ كۈچى بىلەن قۇيان خانغا هۇجۇم قىلغاندا، قۇيان خانىنىڭ قوۋمىدىن 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى خەن سۇلالىسگە ئەل بولغان، قويان خان كۆۋۈ دەرياسى (هازىرقى ئورنى ئېنىق ئەمەس) ئەتراپىغا كۆچۈپ كەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن، قوش ئەتراپىدىن هۇنلارنىڭ ئىزى ئۆچكەن. لېكىن، ئارىدىن توققۇز يىل ئۆتكەندىن كېيىن (ياڭجيا 4-يىلى، مىلادىيە 135-يىلى) قۇيان خان يەنە بارىكۆل كۆلى ئەتراپىنى ئېلىپ ئارقا قوشقا باستۇرۇپ كىرگەن، يۇڭخې 2-يىلى (مىلادىيە 137-يىلى)غا كەلگەندىلا ئاندىن دۇنخۇاڭ ۋالىيسى پېي سېننىڭ قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ قۇيان خان ئۆلگەندىن كېيىن بۇ رايوننى يەنە بىر قۇيان خان باشقۇرغان هەم خۇەندىنىڭ يۈەنجيا 1-يىلى (مىلادىيە 151-يىلى)ئىۋىرغول

شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان، خەن سۇلالىسى لەشكەرلىرى ھېچقانداق تۆھپە يارىتالماي قايتىپ كەلگەن⑧.

تارىخي ئەسەرلەردە قۇيان خانىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

## 14. ئىلخانىنىڭ چارۋىچىلىق رايونى ھازىرقى شىنجاڭدىكى تۇرپانىنىڭ غەربىدىكى تەڭرىتاغ ئەتراپىدا بولغان

«كېيىنكى خەننامە» 47 جىلد «بەن يۇڭنىڭ تەرجىمھالى» دا، يەنگۇاڭ 3-يىلى (مىلادىيە 127-يىلى) بەن يۇڭ غەربىي يۇرتتىكى كۇسەنىنىڭ ئاتلىق، پىيادە لەشكەرلىرىدىن ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ ئالدى قوش بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ يىخي جىلغىسىدا ھۇنلارنىڭ ئىلخانى يەڭدى، دەپ خاتىرىلەنگەن.

يىخي جىلغىسى ھازىرقى شىنجاڭدىكى تەڭرى تېغىدا بولۇپ، ئالدى قوش بەگلىكىگە ئانچە يىراق ئەمەس. بەن يۇڭنىڭ كۇسەندىن شەرقە ئاتلىنىپ، ئالدى قوش بەگلىكىگە يۈرۈش قىلىپ، يىخي جىلغىسىدا ئىلخانى مەغلۇب قىلغانلىقى ئىلخانىڭ چارۋىچىلىق رايونىنىڭ تۇرپانىڭ غەربىدىكى تەڭرىتاغ ئەتراپى ئىكەنلەكىنى چۈشەندۈرىدۇ. تۇرپانىنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىدىكى رايونلار ئالدىدا بايان قىلىنغان قۇيان خانىنىڭ چارۋىچىلىق رايونى ئىدى.

## ئىزاھلار:

①س. دورجى سورۇڭ: «شىمالىي ھۇنلار»، -1باب «ھۇنلارنىڭ قەبرىلىرى».

②«جۇنامە» 50-جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

③«يېڭى تاڭنامە» 217- خىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 2-خىلد «ەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە»

⑤جۇڭگو خەرىيە نەشرىياتى نەشر قىلغان«جۇڭگو تارىخى ئاتلىسى»2-توم 93-خەرىتە «ھۇن قاتارىلىق قوۋملەر»دە، تەڭرىقۇت ئوردىسى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئۇلانباتورنىڭ جەنۇبىغا سىزىلغان بۇنىڭدا مەلۇم ئاساس بولسا كېرەك.

⑥« تارىخى خاتىرىلەر »110-جىلد «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، 12جىلد «پەرغانە تەزكىرىسى»، «خەننەمە»

⑦ بۇ سىيانپې تېغى بىلەن توبا سىيانپىلىرىنىڭ ئەجداتلىرى ئولتۇراقلاشقان چوڭ سىيانپې تېغى بىر ئەمەس. چوڭ سىيانپې تېغى هازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى خولۇنبىر ئايمىقى ئېلۇنچۈن ئاپتونوم خوشۇنىدىكى ئالىخې بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئون كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، چوڭ هىنگان تاغلىرىنىڭ شىمالى بۆلىكىنىڭ شەرقىي تارمىقىغا مەنسۇپ («نۇر گېزىتى تارىخشۇناسلىرىنىڭ سەهىپىسى» نىڭ 1980- يىللىق 11- ئاينىڭ 25- كۈنىدىكى 202- سانىدىكى مى ۋېنپىڭنىڭ «چوڭ هىنگان تاغلىرىنىڭ شىمالىدا سىيانپې غارى خارابىسى بايقالدى» دېگەن ماقالىسى).

⑧«كېيىنكى خەننامە» 88- جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى». 47- جىلد «پەن يۈڭنىڭ تەرجىمالى» ۋە «مېتال، تاش پۈتۈكلەردىن تاللانما» دىكى «خەن دەۋرىدىكى دۇنخۇاڭ ۋالىيسى پېيى سېننىڭ تۆهپە مەڭگۈ تېشى».

## 5-باب هۇنلارنىڭ گۈللىنىشى، خارابلىششى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى(1)

### 1. چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرى هۇنلارنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرى هۇنلار باش كۆتۈرۈپ چىققان، ئۇنداقتا ئۇلار ئەڭ ئاۋال قايسى ۋاقىتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن مۇناسىۋەت قىلغان؟ بۇ مەسىلىگە نۆۋەتتە تېخى ئېنىق جاۋاب بەرگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما هېچقانداق يىپ ئۇچىمۇ يوق ئەمەس.

قەدىمكى هۆججەتلەر ئىچىدە چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرى هۇنلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئارىسىدا مۇناسىۋەت بولغانلىقىغا دائىر خاتىرىلەردىن ئىشەنچلىكرەكلىرىدىن ئۈچى بار①: بىرىنچىسى، ليۇشياڭ يازغان «پەندى-نەسىهەتلەر» (1-جىلد) دە يەن بېگى جاۋ ۋاڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 312-يىلى) جاۋ ۋاڭ گوۋېي بىلەن سىياسىي ئىشلارنى مۇهاكىمە قىلغاندا، گوۋېي «هۇنلار ئالوبانلارنىڭ تۆۋىنىگە كەتتى» دېدى،

دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئىككىنچىسى، «تارىخى خاتىرىلەر» 81-جىلد «لى مۇنىڭ تەرجىمھالى» دا جاۋ بېگى شياۋ چىڭۋاڭنىڭ دەسلەپكى يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 265-يىلى) لى مۇ دەيجۈن، يەنمېن ئايماقلىرىدا ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرۈپ، ھۇنلارنىڭ ئون تۈمەندىن ئارتۇق چەۋەندازىنى تارمار قىلدى، دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئۈچىنچىسى، 31-جىلد «يەن بەگلىكىنىڭ تەدبىرلىرى» دە يەن بېگى شىنىڭ 27-يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 228-يىلى) چىن بەگلىكى سەركەردىسى پەن ۋۇجى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويۇپ يەن بەگلىكىگە قېچىپ كەلگەندە، ۋەلىئەھد دەن ئۇنى ئېلىپ قالماقچى بولدى، ئۇنىڭ ئۇستازى چۈۋۇ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، سەركەردە پەن ۋۇجىنى ھۇنلارغا ئەۋەتىپ بېرىپ كۆزدىن يوقىتىش كېرەك ھەم غەربتە چىن بەگلىكى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، جەنۇبتىكى چى ۋە چۇ بەگلىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ، شىمالدا ھۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، چىن بەگلىكىنى يوقىتىش كېرەك دېدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىقى ئۈچ ماتېرىيالدىن ھۇن چەۋەندازلىرىنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا، يەنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىلا، شۇ چاغدىكى ئالوبانلارنىڭ ئەتراپىدا (ھازىرقى شىمالىي سەنشىدە) ② پائالىيەت قىلغانلىقى ۋە يەن، جاۋ بەگلىكىگە ناھايىتى زور تەھدىت سالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. شۇنداق بولغانىكەن، ئەينى چاغدا ھۇنلار بىلەن يەن، جاۋ بەگلىكلىرى ئارىسىدا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ئالاقە بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئالوبانلار ياشىغان رايونلار جاۋ بەگلىكىنىڭ ئىچكى سېپىلى بىلەن چېگرىداش بولۇپ، كېيىنكى جاۋ بېگى ۋۇلىڭۋاڭ (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 325-299-يىللار تەختتە ئولتۇرغان) شىمالدا ئالوبانلار ۋە ئورمانلىق غۇزلىرىنى (بۇلار ئالوبانلارنىڭ غەربىي شىمالىدا ئىدى) تارمار قىلىپ، تاشقى سېپىلنى ياساپ، چوغاي تېغىنىڭ (ھازىرقى يىنشەن تېغى، بۇرۇن داچىڭشەن تېغى دەپمۇ ئاتالغان) تۆۋەندىن تاكى گاۋچۆگىچە بولغان ئارلىقنى چېگرا قىلىپ، ئالوبانلار ۋە ئورمانلىق غۇزلىرى پائالىيەت قىلىدىغان رايونلاردا يۈنجۇڭ، دەيجۈن ۋە يەنمېندىن ئىبارەت ئۈچ ئايماق تەسىس قىلغان③. شۇنىڭدىن باشلاپ جاۋ بەگلىكى تاشقى سېپىلنى پاسىل قىلىپ ھۇنلار بىلەن قارىشىپ تۇرغان. ئۇ چاغدا ھۇنلار پائالىيەت قىلىدىغان دائىرە ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، شەرقتە يەنمېن، دەيجۈندىن غەربتە دەريانىڭ شىمالىغىچە (خېتاۋنىڭ شىمالى) بولغان رايونلاردا ئۇلارنىڭ ئىزى بار ئىدى. شۇڭا «تارىخى خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»دە، ئەينى چاغدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يەتتە «ئورۇشقاق بەگلىك» بولۇپ،

ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ بەگلىك (يەن، جاۋ، چىن) ھۇنلار بىلەن قوشنا ئىدى، دەپ خاتىرىلەنگەن. ھۇن كۆچمەنلىرىنىڭ تەھدىت سېلىشى تۈپەيلىدىن، جاۋ بەگلىكىنىڭ بېگى شىياۋ چېڭۋاڭ لى مۇنى دەيجۈن، يەنمېن ئايماقلىرىنى ساقلاشقا ئەۋەتكەن. لى مۇ بۇ يەرلەرنى ياخشى قوغداپ، قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈش، دۈشمەن ئەھۋالىغا دىققەت قىلىش، ئالدىراپ ھۇجۇمغا ئۆتمەسلىك قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقتىن، ھۇنلار مەقسىتىگە يېتىشكە ئامالسىز قالغان. كېيىن جاۋ بېگى لى مۇنىڭ ئورنىغا باشقا كىشىنى قويغاندا، ھۇنلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە بەرداشلىق بېرەلمەي چەت چېگرالاردا دېھقانچىلىق قىلالمىغان. شۇنىڭ بىلەن جاۋ بېگى يەنە لى مۇنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ ھۇنلارنىڭ ئون نەچچە تۈمەن چەۋەندازىنى تارمار قىلىپ، ئۇلارغا قاتتىق زەربە بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون نەچچە يىل ئىچىدە ھۇنلار جاۋ بەگلىكى چېگرىسىغا يېقىن كېلىشكە پېتىنالمىغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ھۇنلار كۆپ قېتىم بىۋاستە جاۋ بەگلىكى بىلەن ئالاقە قىلغان.

بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇپ ۋەلىئەھد دەنگە ئۈنى تېزدىن ھۇنلارغا ئەۋەتىپ بېرىپ، ھۇنلار بىلەن بىرلىشىپ چىن بەگلىكىنى يوقىتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان.ئەگەر ئەينى چاغدا ئىككىلا تەرەپ بۇرۇندىن ئالاقىلىشىپ تۇرمىغان بولسا، چوۋۇ بۇنداق تەدبىرنى تېپىپ چىقالمايتتى.

يېغىلىق دەۋرىدىن باشلاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەردىن ھۇنلار رايونىغا كىرگەنلەر ناھايىتى كۆپ بولغان، چىن سۇلالىسى دەۋرىدە تېخىمۇ كۆپەيگەن. شۇڭا، شىگۇ «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» گە ئىزاھ بەرگەندە، « چىن بەگلىكى دەۋرىدە ھۇنلارغا قېچىپ بارغانلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھازىرمۇ «چىنلىقلار» دەپ ئاتىلىدۇ، دېگەن. يېقىن دەۋىردە ياشىغان ۋاڭ گوۋېيمۇ «گۇەنتاڭ توپلىمى» 18-جىلد «ھۇن مۇشاۋۋرىنىڭ مۆھۈرى ھەققىدە» دە، ھۇنلارنىڭ ئۆزلىرى ياسىۋالغان مۇشاۋۋرلۇق قاشتېشى مۆھۈرى بار، ئۇنىڭ شەكلى ۋە خېتى چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى مۆھۈرلەرگە ئوخشايدۇ، دېگەن. بۇنىڭدىن ھۇنلارنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا ئۆز زېمىنىغا كەلگەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەردىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى ئۆگىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

يۇقۇرقى چۈشەنچىلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يىغىلىق دەۋرىدىكى ھۇنلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇناسىۋىتى ئەڭ بالدۇر دېگەندە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3-،4-ئەسىرگە ۋە ھۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنغا سۈرۈشكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھۇنلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش مۇناسىۋىتىلا

بولۇپ قالماستىن، يەنە مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى (مەسىلەن، قاشتېشى مۇھۇر) ھەم ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتمۇ بولغانلىقىنىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ (ئېپىتىشلارغا قارىغاندا، چوڭلۇقىنىڭ شىمالىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تارقالغان، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان تاش ياغۇنچاق بايقالغان)④.

يەنە «ھۇن» نامىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھۆججەتلىرىدە ئەڭ بالدۇر كۆرۈلۈشىمۇ چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىدىكى ھۇنلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. قەدىمكى ھۆججەتلەردە «ھۇن» نامى ئەڭ بالدۇر «جۇ سالنامىسى» (7-جىلد)، «تاغ-دەريالار قۇرئى» (10-جىلد) ۋە «يىغلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر» دە كۆرۈلىدۇ. «جۇ سالنامىسى» ۋە «تاغ- دەريالار قۇرئى»نىڭ كىتاب بولۇپ چىققان ۋاقتى نۆۋەتتە تېخى بېكىتىلمىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرى يېزىلغانلىقى شۈبھىسىز. ئەمما، ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەن «ھۇن» نامىنى كېيىنكىلەر قوشۇپ قويغان بولۇشى، ئىشەنچلىك بولماسلىقى مۇمكىن. «يىغلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر» دىكى خاتىرىدىن بولسا گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. «يىغلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر» دېگەن ئەسەر شەرقىي خەن دەۋرىدىكى لىيۇشياڭ تەرىپىدىن توپلىنىپ تۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسلى مەزمۇنى يىغلىق دەۋرىدىكى كىشلەرنىڭ قولىدىن چىققان، بۇ نۇقتىنى ئالىملار ئارىسىدىمۇ ئومومىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان. غەربىي خەن دەۋرىدە ئۆتكەن سى ماچيەن « تارىخى خاتىرىلەر» نى يازغاندا بۇ ئەسەردىن پايدىلانغان. يىغلىق دەۋرىدىكى «ھۇن» نامىنىڭ كۆرۈلۈشى دەل بۇ دەۋردە (ياكى بۇ دەۋردىن تېخىمۇ بۇرۇن) ھۇنلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئارىسىدا كۆپ قېتىملىق ئالاقىنىڭ بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

چىن شىخۇاڭ ئالتە بەگلىكنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 221-يىلى) كېيىن، ھۇنلار بىلەن چىن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى تارىخىي كىتابلاردا بىرقەدەر ئېنىق خاتىرىلەنگەن.«تارىخى خاتىرىلەر» 5-جىلد «چىن بەگلىرى ھەققىدە خاتىرە» ۋە 110-جىلد «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، چىن شىخۇاڭ 32-يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 215-يىلى)تۈمەن باشچىلىقىدىكى ھۇن قۇلدارلىرى جەنۇبقا تاجاۋۇز قىلغاندا، چىن شىخۇاڭ مېڭ تيەن باشچىلىقىدا 300 مىڭ كىشلىك قوشۇن ئەۋەتىپ ھۇنلارغا جازا يۈرۈش قىلىپ، «دەريانىڭ جەنۇبىدىكى يەر» نى تارتىۋېلىپ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل خېتاۋدىكى ئىكجاۋ ئايمىقى ئەتراپى)، ھۇنلارنىڭ شىمالغا 700 چاقىرىمدىن ئارتۇق چېكىنىشكە مەجبۇ قىلغان، شۇنىڭدىن باشلاپ

«غۇزلار جەنۇبقا كېلىپ ئاتلىرىنى بايلىتالمايدىغان،ئەسكەرلىرى ئوقيا كۆتۈرۈپ قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان»⑤. شىمالىي چېگرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، چىن شىخۇاڭ «دەرياقىيشىدا توسالغۇلارنى ياستىپ» (خۇاڭخېنىڭ خېتاۋ ئەتراپلىرىدا ياسالغان قورغان ۋە ئەلئەلەرنى كۆرستىدۇ)⑥ ئىچكىرىدىن 30 مىڭ ئائىلىلىكنى دەريانىڭ شىمالىغا (ھازىرقى خېتاۋدىكى ئۈكا دەرياسىنىڭ شىمالى) ۋە يۈجۇڭ (ھازىرقى خېتاۋنىڭ شەرقىي شىمالى) ⑦ غا كۆچۈرۈپ كېلىپلا قالماي، 33-يىلى بۇرۇنقى يەن، جاۋ، چىن ئۈچ بەگلىك شىمالىدا ياساتقان سېپىللارنى تۇتاشتۇرۇپ ھەم شەرق، غەرب تەرەپلەرگە كېڭەيتىپ «سەددىچىن سېپىلى» نى ياساپ چىققان. ئۇ غەربتە لىنتاۋدىن (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى مىنشيەن ناھىيسى باشلىنىپ خۇاڭخېنىڭ شىمالى، خېتاۋنى بويلاپ چوغاي تاغلىرىغا ياندىشقان ھالدا شەرقتە لياۋدۇڭ ئايمىقىغىچە (ھازىرقى يالۇجياڭ دەرياسى بويى) تۇتىشىدىغان بولۇپ، 10 مىڭ چاقىرىمغا سوزۇلغان. يەنە مىڭ تيەننى شاڭجۈن ئايمىقىدا تۇرغۇزۇپ مۇداپىئە كۆرگەن، كېيىن (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 210- يىلى) مىڭ تيەن ئۆلگەن. كېيىنكى يىلى چېن شېڭ، ۋۇگۇاڭ دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ، چىن سۇلالىسى پارچىلىنىپ سەركەردە-جەڭچىلەر تاراپ كېتىپ، شىمال تەرەپ بوش قالغان. شۇنىڭ بىلەن، ھۇن قۇلدارلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دەريانىڭ جەنۇبىغا قايتا ئۆتۈپ بۇرۇنقى چېگرىنى ئەسلىگە كەلتۈرىۋالغان.

## 2. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھۇنلارنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇنلار بىلەن قۇدىلىششى ۋە ئۇرۇشۇشى

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ كۈچى مىسلىسىز قۇدرەت تېپىپ، باتۇر تەڭرىقۇت رەھبەرلىكىدە «ساۋۇتلۇق چەۋەنداز»لارنىڭ سانى 300 مىڭدىن ئېشىپ، توختىماستىن ئەتراپتىكى مىللەتلەرگە تاجاۋۇز قىلدى. باتۇر تەڭرىقۇت ئەينى چاغدىكى چۇ-خەن ئۇرۇشى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قالايمىقان ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، جەنۇبتا سەددىچىن سېپىلىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ھازىرقى شىمالىي خېبېي، سەنشى، شەنشى ۋە خېتاۋ ئەتراپلىرىنى پاراكەندە قىلىپ، ئەمدىلا قۇرۇلغان غەربىي خەن سۇلالىسىگە زور تەھدىت سالدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ۋە چۇ-خەن ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش تۈپەيلىدىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى خاراپلىشىپ، ئەمگەك كۈچى ئازىيىپ، دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئىدى. خۇددى «تارىخىي خاتىرىلەر» 30-جىلدتا ئېيتىلغىنىدەك، خەن سۇلالىسى يېڭى قۇرۇلغان چاغدا چىن سۇلالىسىنىڭ خارابىسىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، ياشلارنىڭ ھەممىسى ئەسكەرلىككە قاتنىشىپ يۈرۈشكە چىقىپ كەتكەچكە، ھاشار-ئالۋۇڭنى قېرى-ئاجىزلار ئۆتەيتتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغاچقا، دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىمى يوق دېيەرلىك ئىدى. ھەتتا پادىشاھنىڭ ھارۋىسىغا قوشقىلى بىر خىل رەڭلىك تۆت ئات تاپقىلى بولمايتتى، ۋەزىر، سەركەردىلەر ئاران كالا ھارۋىسىدىلا ئولتۇرالايتتى، ئاددىي خەلقنىڭ قولىدا ھېچنىمە قالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىكتە «يات فامىلىلىك» لەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىلەن ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلمەي، ھۇنلارغا قارشى تۇرۇشقا مادار قالمىغانىدى. گاۋدى (لىيۇباڭ) نىڭ 6-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 201-يىلى) كۈزدە، ھۇنلار مايىغا (ھازىرقى سەنشىدىكى سۇشيەن ناھىيىسى) كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىدى، مايىنى ساقلاپ تۇرغان سەركەردە خەن ۋاڭشىن ھۇنلارغا تەسلىم بولدى. ھۇنلار داۋاملىق قوشۇن تارتىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ گوۋجۇ (تاغ، ھازىرقى سەنشىدىكى دەيشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە) غا بېسىپ كىرىپ، تەييۈەنگە ھۇجۇم قىلىپ، جىنياڭغا (ھازىرقى سەنشىدىكى تەييۈەننىڭ غەربىي جەنۇبىدا) قىستاپ كەلدى. 7-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 200-يىلى) قىشتا، گاۋدى شەخسەن ئۆزى قوشۇن باشلاپ ھۇجۇمغا ئاتلاندى، باتۇر تەڭرىقۇت 400 مىڭ كىشىلىك سەرخىل ئاتلىق قوشۇنى بىلەن پىڭچېڭدىكى (ھازىرقى سەنشىدىكى داتۇڭنىڭ شەرقىي شىمالىدا) بەيدېڭ تېغىدا ئۇنى قورشىۋېلىپ، خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئىچكى-تاشقى ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. كېيىن گاۋدى چىن پىڭنىڭ تەدبىرى بىلەن باتۇرنىڭ ئالچىسىغا ئاستىرتتىن سوۋغا-سالام ئەۋەتىش ئارقىلىق ئاران قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، لىيۇجىڭ ھۇنلارنىڭ قېشىغا بېرىپ قۇدىلىشىش ئەھدى تۈزدى ⑨. شۇنىڭدىن كېيىن، گاۋدى زامانىسىدىن باشلاپ شياۋدى، خۇيدى، لۈ خانىشتىن تاكى ۋېندى، جىڭدى زامانىسىغىچە بولغان 60 ~70 يىل ئىچىدە، قۇدىلىشىش غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇنلارغا قاراتقان بىر خىل سىياسىتى بولۇپ قالدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى قۇدىلىشىش سىياسىتىنى خەن

سۇلالىسى ھۇنلار بىلەن بولغان كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا زور پەرق بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ھۇنلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ۋاقتىنچە ساقلىنىشنى ئويلاپ يولغا قويغان، بۇ سىياسەتنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن خەن سۇلالىسى زور بەدەل تۆلىدى. گاۋدىنىڭ 9-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 198-يىلى) لىيۇجىڭ ھۇنلار بىلەن قۇدىلىشىش ئەھدى تۈزگەندىن تارتىپ ۋۇدىنىڭ يۈەنگۇاڭ 2-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 133-يىلى) ھۇنلارغا ھۇجۇم قوزغىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى قۇدىلىشىش ئەھدىنىڭ مەزمۇنىنى ئۈچكە بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، گاۋدى لىيۇجىڭنى ئەلچىلىكە ئەۋەتىپ قۇدىلىشىش ئەھدى تۈزگەن دەسلەپكى چاغلاردا، تەڭرىقۇتقا مەلىكىلەرنى ياتلىق قىلىپ، بىر قېتىمدىلا مىڭ جىڭ ئالتۇن بېرىشتىن باشقا يەنە، ھەر يىلى بەلگىلىك مىقداردا شايى-كىمخاپ، ھاراق-شاراب، گۈرۈچ ۋە يېمەكلىكلەرنى ئەۋەتىپ بەرگەن.

خۇيدىنىڭ 3-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 192-يىلى)، ۋېندىنىڭ 6-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 174-يىلى)، جىڭدىنىڭ 1-يىلى ۋە 5-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 156-ۋە 154-يىللار) ئىلگىرى كېيىن بولۇپ بىر نەچچە مەلىكىنى ياتلىق قىلغان ۋە مال- مۈلۈكلەرنى يىلمۇيىل ئەۋەتىپ تۇرغان. ۋېندىنىڭ جۈۋيۈەن 2-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 162-يىلى) ئەۋەتىلىدىغان شايى-كىمخاپ، ھاراق-شاراپ، گۈرۈچ ۋە يېمەكلىكلەر ھاراق ئېچىتقۇسى، ئالتۇن، يىپەك، پاختا قاتارلىق نەرسىلەرگە ئۆزگەرتىلگەن، ھەم يەنىلا ھەر يىلى بەلگىلىك مىقداردا ئەۋەتىلىپ تۇرغان.

ۋېندىنىڭ بۇنچە زور قۇربان بېرىشكە چىدىشى ئەسلىدە بۇنىڭدىن كېيىن ئەسلىدە بۇنىڭدىن كېيىن «ھۇنلار قورۇلغا كىرگۈزمەي ئۇزاق مۇددەتكىچە تۇغقاندارچىلىقنى ساقلاش» ئۈچۈن ئىدى. كېيىن بۇ ماللار خۇۋيۈەن 6-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 158-يىلى) ھۇنلارنىڭ بېسىپ كىرىشى تۈپەيلىدىن بىر مەھەل ئەۋەتىلمىگەن. شۇنداقتىمۇ جىڭدىنىڭ 1-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 156-يىلى) باش تەپتىش بىگى تاۋچىڭ دەيجۈنگە بېرىپ ھۇنلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، قۇدىلىشىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ھەر يىلى مال ئەۋەتىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. بۇ تاكى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 133-يىلى خەن ۋۇدى ھۇنلارغا ھۇجۇم قوزغىغىچە داۋاملاشقان⑩.

ئىككىنچى، خەن سۇلالىسى «چېگرا بازىرى» ئېچىپ، ئىككى مىللەت خەلقىنىڭ سودا قىلىشىغا يول قويغان. بۇ لىيۇجىڭ قۇدىلىشىش ئەھدى تۈزگەندىن كېيىنلا يولغا قويۇلغان. ئەينى چاغدا چېگرا بازىرى ئارقىلىق ھۇنلار خەنزۇلار رايونىدىن ئاز بولمىغان تاۋارلارنى ۋە مېتال بۇيۇملارنى، بولۇپمۇ مىسنى ئۆز تاۋارلىرىغا ئالماشتۇرغان.

شۇڭا، ۋېيدىنىڭ 6-يىلى جىيايى مەكتۇپ سۇنۇپ مىس قورالار ۋە رۇدىسىنىڭ قورۇلدىن چىقىشىنى مەنئى قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ھۇنلارنى چەكلەش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان [11]. كېيىن چېگرا بازىرى خۇۋيۇەن 6-يىلى ھۇنلارنىڭ بېسىپ كىرىشى تۈپەيلىدىن بىر مەھەل تاقىلىپ قالغان بولسىمۇ، جىڭدىنىڭ 1-يىلى قۇدىلىششىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ قايتىدىن ئېچىلغان. چېگرا بازىرى ئىچىدە خەنزۇ، ھۇن ئىككى مىللەت خەلقىنىڭ ئالاقىلىششىغا ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا پايدىلىق بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ بۇنداق قىلىشى توغرا ئىدى.

ئۈچىنچى، خەن سۇلالىسى ھۇنلار بىلەن قېرىنداش بولۇپ، سەددىچىن سېپىلىنى پاسىل قىلىپ، شىمال «ئوقياچىلار» رايونى بولۇپ، ھۇنلار چارۋىچىلىق قىلىدىغان ۋە تەگرىقۇتنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولىدىغان، جەنۇب «ئۇتتۇغاتلىقلار» رايونى بولۇپ، خەنزۇلار دېھقانچىلىق، توقۇمچىلىق قىلىدىغان ۋە خەن سۇلالىسى پادىشاھىغا تەۋە بولىدىغان بولغان[12] . بۇنىڭ بىلەن بىر دۆلەت-جۇڭگونىڭ تېرىتورىيىسىدە خەنزۇلار بىلەن ھۇنلار ئەسلىدىن ياشاپ كەلگەن رايونلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇپ، بىر-بىرىگە تاجاۋۇز قىلىشمىغان. ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپ ئەھدىنامىگە ھەقىقىي رىئايە قىلىشقان بولسا، ئۇ ھالدا ئىككى مىللەت خەلقى تىنچ، خاتىرجەم ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلغان، بازار ئارقىلىق ئۆزئارا بېرىش-كېلىش ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرغان بولاتتى.

لېكىن، مەلىكە، مال-مۈلۈك ۋە بازار ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ نەپسىنى قاندۇرالمايتتى، شۇڭا خەن سۇلالىسى گەرچە غايەت زور قۇربان بېرىشلەرگە چىدىغان بولسىمۇ، يەنىلا شىماليي چېگرىسىنىڭ خاتىرجەملىكىگە ئېرىشەلمىدى ۋە خەنزۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، مال-مۈلۈكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلالمىدى. ئەينى چاغدا لوڭشى، بېيدى، شاڭجۈن، يۈنجۇڭ، شاڭگۇ ۋە لياۋدۇڭ قاتارلىق جايلاردا داۋاملىق پاراكەندىچىلىككە ئۇچراپ تۇردى. ھۇن ئاتلىق ئەسكەرلىرى بارغانلا يېرىدە زىرائەتلەرنى ۋەيران قىلىپ، مال-مۈلۈكلەرنى بۇلاپ-تالاپ، ئەمەلدار-پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ، زور تۈركۈمدىكى ئاھالىلەرنى بۇلاپ قۇل قىلىۋالدى. پەقەت يۈنجۇڭ، لياۋدۇڭدىلا ھەر يىلى ھەر ئايىماقتىن ئۆلتۈرۈلگەن ۋە بۇلاپ كېتىلگەنلەرنىڭ سانى ئون مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ خۇددى ۋېيدىنىڭ 6-يىلى تەگرىقۇتقا ئەۋەتىلگەن خەتتە: «خەن پادىشاھى بىلەن ھۇن ئېلى قېرىنداشلىق ئەھدى تۈزدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەگرىقۇتقا چوڭ سوۋغا-سالاملار ئەۋەتىلدى، ۋاھالەنكى ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلىپ قېرىنداشلىق، تۇغقانچىلىقنى بۇزغۇچىلار ھەر قاچان ھۇن ئېلى

تەرەپتىكىلەردىن بولۇپ كەلدى»[13] دېيىلگەندەك ئىدى.

ۋۇدىنىڭ يۈەنگۇاڭ 2-يىلدىكى پەرمانىدىمۇ: «مەن پەرزەنتلىرىمنى تەڭرىقۇتقا ياتلىق قىلدىم، ئالتۇن-كۈمۈش، تاۋار-دۇردۇنلاردىنمۇ كۆپ ئەۋەتتىم، لېكىن تەڭرىقۇت داۋاملىق تەكەببۇرلۇق، ئۆكتەملىك قىلىپ، پاراكەندىچىلىكنى توختاتماي چېگرىغا زىيان كەلتۈردى، بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەبلەنمەكتىمەن»[14] دېيىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ۋۇدى تەختكە چىققاندىن كېيىنمۇ، هۇنلارنىڭ توختىماستىن شىمالىي چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سالغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ، بولمىسا خەن ۋۇدى «پاراكەندىچىلىكنى توختاتماي، چېگرىغا زىيان كەلتۈردى» دېگەن گەپنى قىلمىغان بولاتتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى قۇدىلىشىش سىياستى ئەمەلىي ئۈنۈم هاسىل قىلالمىغان. پەقەت خەنزۇ ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق يارىتىلغان بايلىقلارنى قۇدىلىشىش شەكلى ئارقىلىق هەر يىلى هۇن قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تېخىمۇ هەشەمەتلىك ۋە ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ئەۋەتىپ بەرگەن، بۇنىڭدىن هۇن خەلقى هېچقانداق نەپكە ئېرىشەلمىگەن.

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى قۇدىلىشىش سىياستىنىڭ بىر خىل پاسسىپ سىياسەت، بىر خىل شەكلى ئۆزگەرگەن ئولپان تاپشۇرۇش ئىكەنلىكىنى، ئەينى چاغدىكى تارىخى شارائىت ئاستىدىكى مەجبۇرىي تۈزۈلگەن بىر خىل سۈلهى ئىكەنلىكىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ تەبئىيكى خەنزۇلارنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كەلمەيتتى هەم خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە زور زىيان سالاتتى. بۇ سىياسەت هۇن قۇلدارلىرىنىڭ نەپسىنى بەلگىلىك دەرىجىدە قاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن خەنزۇ خەلقىگە خاتىرجەملىك، هۇن-خەنزۇ خەلقلىرىگە دوستلۇق ئېلىپ كېلەلمىدى. شۇڭا، خەن ۋۇدىنىڭ دۆلەت كۈچى كۈچىيىپ هۇنلارغا زەربە بەرگىدەك بولغاندا فېئودال هۆكۈمرانلىقىنى قوغداش مەركىزىي هۆكۈمەتنىڭ نوپۇزىنى تىكلەش مەقسىتىدە ئاكتىپ ئۇرۇش فاڭجېنىنى پاسسىپ قۇدىلىشىش سىياستىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشى خەلقنىڭ ئارزۇسى ۋە مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ئىدى. بۇ خۇددى ئۇرۇش قىلىشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلغان ۋەزىر ۋاڭ خۇينىڭ خەن ۋۇدىنىڭ پەرمانىغا جاۋاب قايتۇرغاندا: «هازىرئالىيلىرىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن سەركەردە-لەشكەرلەر چېگرا-قورالللارنى ساقلاشقا ئەۋەتىلىۋاتقان، چېگرىغا ئاشلىق توشۇلۇپ مۇداپىئە كۆرۈلۈۋاتقان بولسىمۇ، هۇنلار بۇلاڭچىلىق ۋە تاجاۋۇزچىلىقنى قىلچە توختاتمىدى. بۇ باشقا سەۋەبتىن ئەمەس،پەقەت ئۇلارنى هۇجۇم بىلەن

قورقتىپ قويمىغانلىقتىن بولغان. شۇڭا مىنىڭچە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغان ياخشى»[15] دېگىنىدەك ئىدى.

غەربىي خەن سۇلالىسى 60 ~70 يىللىق ھاللاندۇرۇش سىياستى ئارقىلىق ۋۇددى تەختكە چىققاندا كۈچەيدى. «تارىخىي خاتىرىلەر» 30-جىلدتا خاتىرىلىنىشچە، ۋۇدىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، ئاستانە ۋە چېگرىدىكى ئامبارلار ئاشلىققا لىق تولغان، ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىكى بايلىق ئىنتايىن كۆپەيگەن، ئاستانە خەزىنىسىدىكى پۇللارنىڭ ھسابىنى ئالغىلى بولمىغان. خانلىق ئامبىرىدىكى ئاشلىقلار ئۇزۇن يىل بېسىلىپ قېلىپ، سېتىپ كېتىپ يېگىلى بولمىغان، خەلقنىڭ قولىدىكى ئات-كالىلارمۇ كۆپىيىپ ھەمملا يەردە يايلاپ يۈرىدىغان بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە «يات بەگ» لەرنىڭ توپىلىڭىنىڭ تىنچىتىلىشى ھەم ۋېيىدى، جىڭدىلارنىڭ ۋاسساللارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇشى، «ئوخشاش فامىلىلىك بەگ» لەر كۆتۈرگەن «يەتتە بەگلىك توپىلىڭى» نى تىنچىتىش بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى يەرلىك بۆلۈنمە كۈچلەر قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، ھوقوقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش كۈچەيدى ھەم مۇستەھكەملەندى. يەنە كېلىپ خەن ۋۇدى ئۇرۇش قىلىشنى ياقلايدىغان ۋەزىرلەرنىڭ تەشەببۇسنى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا زەربە بېرىشنىڭ شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلدى.

ۋۇدىنىڭ ھۇنلارغا قارىشى ئۇرۇشى يۈەنگۇاڭ 2-يىلدىن (مىلادىيدىن بۇرۇنقى 183-يىلى) باشلاندى. شۇ يىلى 10-ئايدا، ۋەزىر ۋاڭ خۈي «بۆكتۈرمە قويۇپ تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلىش» تەدبىرىنى ئوتتۇرغا قويدى. خەن سۇلالىسى 300 مىڭ كىشىلىك خىللانغان قوشۇننى مايى ئەتراپىدىكى جىلغىغا بۆكتۈرمە ئۇرۇنلاشتۇرۇپ، مايلىق نىيې يىنى يالغاندىن شەھەرنى تاپشۇرماقچى بولغاندەك قىياپەتتە تەڭرىقۇتنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى، تەڭرىقۇت مايىدىكى بايلىقلارغا قىزىقىپ بۇنىڭغا ئىشەندى. 6-ئايدا [16] 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ ۋۇجۇ قورۇلغا كەلدى، كېيىن قولغا چۈشكەن خەن سۇلالىسىنىڭ كۆزەتچى بېگى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارلاپ قويغاچقا، تەڭرىقۇت چېكىنىپ كېتىپ خەن سۇلالىسىنىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى[17]. بۇنىڭ بىلەن ھۇنلار يوللارغا ۋە قورۇللارغا زور كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ، «دائىم خەن چېگرىسىدا بۇلاڭچىلىق قىلدى ھەم بۇلاپ كەتكەن نەرسىلىرى ناھايىتى كۆپ بولدى». بۇنىڭ ئىچىدە يۈياڭ، شاڭگۇ ئەتراپى ناھايىتى ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ، بۇلانغان، ئۆلتۈرۈلگەن پۇقرا ۋە ئەمەلدارلار ھەر قېتىمدا مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. كېيىن ۋۇدى قوشۇن چىقىرىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. خەن سۇلالىسى سەركەردىسى ۋېي چىڭ شاڭگۇدىن يولغا چىقىپ ھۇنلارنىڭ ئەجدەرىبالىق

شەھىرىگىچە بېرىپ، 700 كىشىنىڭ كالاللىسىنى ئالدى؛ لى گۇاڭ يەنىمۇ يەنىلا مەغلۇپ بولۇپ يارىلىنىپ ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى، ھۇنلار ئۇنى ئىككى ئاتقا چېتىلغان تورغا سېلىپ ئېلىپ ماڭغاندا، ئۇ يالغاندىن ئۆلگەن بولۇۋېلىپ، ھۇنلارنىڭ دىققەت قىلمىغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ تۇيۇقسىز سەكرەپ تۇرۇپ يېنىدا كېتىۋاتقان ھۇن جەڭچىسىنىڭ ئېتىغا مىنىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئوقياسىنى تارتىۋېلىپ جەنۇپقا چېپىپ كەتتى ۋە تەلىيىگە ئامان قېلىپ قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي لى گۇاڭ يۇبېيپىڭنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەندە، ھۇنلار ئۇنى «خەنلىكلەرنىڭ ئۇچار سانغۇنى» دەپ ئاتىشىپ نەچچە يىلغىچە يۇبېيپىڭغا بېسىپ كىرىشكە پېتىنالمىدى [18].

ۋۇدى ھۇن قۇلدارلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى تۈپتىن يوقىتىش ئۈچۈن ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ بىر نەچچە قېتىملىق ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك چوڭ ئۇرۇش قوزغىدى. بۇنىڭ بىرىنچىسى دەريانىڭ جەنۇبىدىكى ئۇرۇش (چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇرۇشمۇ دېيىلىدۇ)، ئىككىنچىسى دەريانىڭ غەربىدىكى ئۇرۇش، ئۈچىنچىسى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇرۇش ئىدى.

«دەريانىڭ جەنۇبى» ھۇنلار بارلىققا كەلگەن يەر، ھۇنلارنىڭ «بۆشۈك» ى بولۇپ، سۇيى، ئوت-چۆپى مول ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم ئورۇن ئىدى. بۇ يەرنى بۇرۇن چىن سۇلالىسى سەركەردىسى مىڭ تيەن تارتىۋالغان بولسىمۇ، خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە باتۇر تەڭرىقۇت يەنە قايتۇرۇۋالغان ئىدى. خەن ۋۇدىنىڭ 3-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 177-يىلى) ھۇنلارنىڭ ئوڭ قول بىلىك خانى بۇ يەرنى بازا قىلىپ، دائىم شاڭجۈن ئايمىقىغا بېسىپ كىرىپ خەلقلەرنى ئۆلتۈردى ۋە بۇلىدى، يەنە كېلىپ بۇ يەر بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەننىڭ ئارىلىقى بىر قەدەر يېقىن بولغاچقا، خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى، شۇڭا ۋۇدى ئالدى بىلەن دەريانىڭ جەنۇبىدىكى ئۇرۇشنى قوزغىدى.

يۈەنسۇ 2-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 127-يىلى) 1-ئايدا ۋېي چىڭ، لى شى چوڭ قوشۇننى باشلاپ چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، يۈگۈ قورۇلى ئارقىلىق شىمالدا يۈنجۇڭدىن ئۆتۈپ غەربىي شىمالغا يۈزلىنىپ، تاشقى سەددىچىننى بويلاپ مېڭىپ ئۇدۇل گاۋچۆگە باردى، ئاندىن جەنۇپقا بۇرۇلۇپ بېيخې دەرياسىدىن (ھازىرقى خېتاۋنىڭ شىمالىدىكى ئۇكا دەرياسى) كۆۋرۈك سېلىپ ئۆتۈپ، خۇاڭخېنى بويلاپ، خېلەن تېغىنىڭ يېنىدىن لوڭشىغا قايتىپ كەلدى. ئۇلار بۇ جەرياندا ئات تۇيۇقى شەكلىدە يۈرۈپ، ھۇنلارغا قارام ئالوبان خان ۋە بايان خانىنىڭ قوشۇنىنى قوغلىۋېتىپ، دەريانىڭ جەنۇبىدىكى يەرنى ئىگىلەپ، نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ۋە

ئەسرگە ئېلىپ، ملىيون تۇياقتىن ئارتۇق كالا- قوي ئولجا ئالدى.ئالوبانلار ۋە بايانلار ئەسلدە هازىرقى شمالىي شەنشى ۋە ئىچكى موڭغۇلنىڭ جەنۇبىدا ياشىغان بولۇپ، مىلادىيدىن بۇرۇنقى 209-يىلىنىڭ ئالدى – كەيىندە باتۇر تەڭرىقۇت تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ يەرگە كۆچۇرلۇپ ئوۋڭ قول بىلىك خانغا تەۋە قىلىنغاندى. ۋېي چىڭ قاتارلىقلارنىڭ ئات تۇيۇقى شەكلدە يۈرۈش، ئاساسلىقى ئوڭ بىلىك خانىنىڭ تۇرۇشلۇق يېرى گاۋچۆنىڭ شمالىدا بولغاچقا، ئۇدۇل گاۋچۆگە بېرىپ، ئوڭ قول بىلىك خانىنىڭ جەنۇبقا چۈشۈپ ئالوبان خان ۋە بايان خانغا ياردەم يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئىدى. ئارقىدىنلا خەن ۋۇدى جۇ فۇيەنىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن دەريانىڭ جەنۇبىدىكى يەردە سۇفاڭ ئايمىقىنى تەسىس قىلىپ، سۇجىيەنىنى يۈز نەچچە مىڭ كىشىنى باشلاپ سۇفاڭ شەھرىنى سېلىشقا، چىن سۇلالىسى دەۋرىدە مېڭ تيەن ياسىغان قەلئە- خەندەكلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەۋەتتى ھەم يازدا ئىچكىرىدىن يۈز مىڭ ئاھالىنى سۇفاڭغا كۆچۈرۈپ ئاھالىنى تولۇقلاپ ھۇنلارنىڭ قايتا ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى[19].

ھۇنلارمۇ دەرۋەقە قايتا ھۇجۇمغا ئۆتتى، تەڭرىقۇت ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ نەچچە تۈمەن كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى دەيجۈن، يەنمېن ۋە دىڭراڭغا تاجاۋۇز قىلىشقا ئەۋەتىپ، ھەر قېتىمدا نەچچە مىڭلىغان كىشىنى ئۆلتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە تارىخى ئەسەرلەردە خاتىرىلەنگىنىدەك: «ئوڭ قول بىلىك خانمۇ بەن سۇلالىسىنىڭ دەريانىڭ جەنۇبىنى تارتىۋېلىپ سوفاڭ قەلئەسىنى سالدۇرغانلىقىندىن غەزەپلىنىپ، نەچچە قېتىم چېگرىغا تاجاۋۇز قىلىپ، بۇلاڭچىلىق قىلدى ۋە دەريانىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىرىپ سۇفاڭنى پاراكەندە قىلىپ، ناھايىتى نۇرغۇن ئەمەلدار، پۇقرانى بۇلاپ كەتتى ۋە ئۆلتۈردى» [20] تۈەنسۇ 5-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 124-يىلى) ئەتىيازدا، ۋۇدى هارۋا ئاتلىقلارنى سانغۇنى ۋېي چىڭنى ئالتە سەركەردە 100 مىڭدىن كۆپ ئەسكەر بىلەن سۇفاڭدىن چىقىپ گاۋچوگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا ئوڭ قول بىلىك خان گاۋچۈڭنىڭ شمالىدا جا بولغاچقا، خەن قوشۇنلىرىنى كېلەلمەيدۇ دەپ قاراپ، شاراپ ئىچىپ مەس ياتقانىدى. ۋېي چىڭ قورۇلدىن چىقىپ 600 ~ 700 چاقىرىم يولنى جىددىي بېسىپ، ئويلىمىغان يەردىن كېچىدە ئوڭ قول بىلىك خانىنىڭ ئوردىسىنى قورشىۋالدى. ئوڭ قول بىلىك خان بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ ئۆزى يالغۇز يۈزدەك ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ كېچىلەپ قېچىپ قورشاۋنى يېرىپ شمالغا كەتتى. ۋېي چىڭ ئوڭ قول بىلىك خانىنىڭ قول ئاستىدىكى كىچىك خانلاردىن ئون نەچچىنى، ئەر- ئايال بولۇپ 15 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىرگە ئېلىپ، مىليۇن

تويىاقىا يېقىن چارۋىنى ئولجا ئالدى [21]. ۋۇدى ۋېي چېگرىسى ئۇرۇشتا شانلىق غەلىبە قىلغاچقا، ئۇلۇغ سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلۈپ، باشقا سەركەردىلەرگىمۇ زور ئىنئام بەردى. لېكىن، بۇنىڭ ئۇچۈن تۆلىگەن بەدەلمۇ ئاز بولمىدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، خەن سۇلالىسى ھۇنلارغا قارىشى ئۇدا نەچچە يىل يۈز مىڭلاپ قوشۇن تارتىۋەرگەچكە، جەڭچىلەر ۋە ئاتلاردىن ئۆلگىنىمۇ يۈز مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. دۆلەتنىڭ سودا- سېتىق ئىشلىرى ۋە ئاشلىق توشۇش ئۇچۇن ھەددى - ھېسابسىز پۇل كەتكەن. كۆپ يىللىق جۇغۇللانما خوراپ تۈگەپ، غەزنە قۇرۇپ كەتكەن[22].

ھۇنلار ھەر يىلى دېگۈدەك دىڭراڭ ئەتراپىغا باستۇرۇپ كىرىۋەرگەنلىكتىن ھەم دىڭراڭنىڭ غەربىي سۇفاڭغا يېقىن بولغانلىقتىن، خەن سۇلالىسى سۇفاڭنىڭ شىمالىدىكى ئوڭ قول بىلىك خانىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ يۈەنسۇ 6- يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 123- يىلى) 2- ئايدا يەنە ئالتە سانغۇننى باشلاپ دىڭراڭدىن يولغا چىقىپ، سۇفاڭنىڭ شەرقىدىكى تاجاۋۇزچى كۈچلەرنى داۋاملىق يوقاتتى. گەرچە ئۇرۇشتا زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولسىمۇ پەقەت بىر نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قايتقان بولسىمۇ، ئەسكەر ۋە ئاتلارنى دىڭراڭ، يەنمېن ۋە يۈنجۇڭدا ئارام ئالدۇرۇۋالدى. 4- ئېيىدا، ۋېي چىڭ يەنە دىڭراڭدىن يولغا چىقىپ ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. لېكىن، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئوڭ قانات سانغۇن شۈجيەن ۋە ئالدىنقى سانغۇن جاۋشىن تەڭرىقۇت ئۆزى باشچىلىق قىلغان قوشۇنغا ئۇچراپ قېلىپ، ئىككى تەرەپ بىر كۈن ئۇرۇش قىلىپ، ئاخىرى خەن قوشۇنلىرى ئۆلۈپ تۈگەپ، سۇجيەن ئۆزى يالغۇز قېچىپ كەلدى. جاۋشىن ئەسلىدە ھۇنلارنىڭ كىچىك خانى بولۇپ، بۇرۇن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان ۋە خەن سۇلالىسى ئۇنىڭغا يابغۇ ئۇنۋانىنى بەرگەن ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ مەغلۇپ بولغاچقا، قېلىپ قالغان 800 دەك ئەسكىرى بىلەن ھۇنلارغا قايتىدىن ئەل بولدى. تەڭرىقۇت ئۇنى خەن سۇلالىسىدە ئۇزۇن تۇردى، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدۇ دەپ قاراپ، ياندىش خان قىلىۋالدى ۋە ئۆزىنى ھەدىسىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسىگە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى مەسلىھەتلەشتى. جاۋشىن تەڭرىقۇت قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يىراق يەرلەرگە چېكىنىش، خەن قوشۇنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چارچىتىپ ئاندىن تارمار قىلىش، قورۇلغا يېقىن بارماسلىق توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. تەڭرىقۇت ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى [23].

دەريانىڭ جەنۇبىدىكى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ۋۇدى ئارقىدىنلا دەريانىڭ غەربىدىكى ئۇرۇشنى

قوزغىدى. دەريانىڭ غەربىدىكى (ھازىرقى گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي ئەتراپى،يەنى خېشى كارىدورى ۋە خۇاڭشۈي دەرياسى ۋادىسى) ئورنى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالىدىكى جۇيەن كۆلى ھۇن ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇپقا يۈرۈش قىلىشىدىكى مۇھىم تۈگۈن ئىدى. ھۇنلارنىڭ قۇنشارخان ۋە شۇتۇق خانىنىڭ قوۋمىدىكىلەر خېشى كارىدورىدا چارۋىچىلىق قىلىدىغانلىقتىن، سۇفاڭنىڭ غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇپ تەرىپى ۋە لوڭشىنىڭ شەربىي شىمالى پۈتۈنلەي ھۇن تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىدە تۇراتتى. شۇڭا، سۇفاڭ ۋە لوڭشىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ھەم ھۇن تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنىڭ جەنۇپقا يۈرۈش قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن دەريانىڭ غەربىدىكى جايلارنى چۇقۇم تارتىۋېلىش زۆرۈر ئىدى.

يۈەنشۇ 2- يىلى ( مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 121- يىلى) 3- ئايدا قىران چەۋەنداز سانغۇن خۇچۈبىڭ ئون مىڭ كىشلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن لوڭشىدىن يولغا چىقىپ، ھۇنلارغا زەربە بېرىشكە ئاتلاندى. ئۇ ھۇنلارنىڭ بەش خانغا تەۋە يەرلەردە ئالتە كۈن ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىپ، غەربتە ئالچى تېغىدىن ئۆتۈپ، 10 مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، شەرەن خانىنى ئۆلتۈرۈپ، رۇقۇ خانىنىڭ كاللىسىنى ئالدى. قۇنشار خانىنىڭ ئوغلى، ۋەزىرىنى، كاھ بېگىنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، 8900 دىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىرگە ئالدى. شۇتۇق خانىنىڭ «كۆك مەبۇدى» نى ئولجا ئالدى. قىران چەۋەنداز سانغۇنىنىڭ قول ئاستىدىكى شۇڭقار سەركەردە جاۋپون يەنە سۈپۇ خانىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، جىكە خانىنى تۇتىۋالدى. چېرىكچى بەگ گاۋبۇشى قۇيۇنچى خان ۋە 11 كىشىنى تۇتۇپ، 1768 كىشىنى قولغا چۈشۈردى. يازدا خۇچۈبىڭ يەنە نەچچە تۈمەن ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ بېيىدىن چىقىپ، ھۇنلار رايونىغا 2000 چاقىرىمدىن ئارتۇق ئىچكىرلەپ كىرىپ، كىچىك ياۋچىلارنىڭ [24] يېرىدىن ئۆتۈپ، چىليەن تېغىغا ھۇجۇم قىلىپ سانشان خان، تۇتۇ خان ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر، كاھبەگ قاتارلىق 2500 كىشىنى ئەل قىلدى. 30 مىڭ 200 كىشى ئەسىر ئېلىندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. تۇتۇلغان كىچىك خانلار 70 تىن ئېشىپ كەتتى[25].

قىران چەۋەنداز سانغۇن ئۆتكەن يۈرىشىدىكى رايونلار ھۇنلارنىڭ قۇنشارخان ۋە شۇتۇق خانغا تەۋە يەرلەر ئىدى. كۆزدە تەگرىقۇت قۇنشارخان ۋە شۇتۇق خانلارنىڭ خەن قوشۇنلىرىدىن يېڭىلىپ، نەچچە تۈمەن ئادىمىنىڭ ئەسىرگە چۈشكەنلىكى ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن غەزەپلىنىپ، ئۇلارنى چاقىرتىپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. قۇنشارخان بىلەن شۇتۇق خان بۇنىڭدىن قورقۇپ، ئۆز- ئارا مەسلىھەتلىشىپ، خەن سۇلالىسىگە ئەلچى بولماقچى

بولدى. خەن سۇلالىسمۇ كۆتۈپلىشقا قىران چەۋەنداز سانغۇننى ئەۋەتتى. شۇتۇق خان كىيىن قىلغانلىرىدىن پۇشايمان قىلغاچقا، قۇنشارخان ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قوۋمىدىكى 40 مىڭ كىشىنى باشلاپ چاڭئەنگە باردى. خەن سۇلالىسى ئۇنىڭغا تايىن تۆرىسى دېگەن مەرتىۋىنى بېرىپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى كىچىك خانلاردىن قۇدۇن، يانبى، چىنلى ۋە تۇگرى قاتارلىق تۆت كىشىگە تۆرىلىك مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلدى. خېشى كارىدورى شۇنىڭ بىلەن تىنجىدى. خەن سۇلالىسى هۇنلاردىن ئەل بولغانلارنى چېگرىدىكى لوڭشى، بېيدى، شاڭجۈن، سۇفاڭ ۋە يۈنجۇڭدىن ئىبارەت بەش ئايماق سىرتىدىكى قورۇلارغا يۆتكىدى. بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى دەريانىڭ غەربىدە ئىدى. شۇندىن باشلاپ جىنچېڭ دەرياسى (خۇاكخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى) نىڭ غەربى، غەربتە نەنشەن تېخى (چىليەنشەن تېغى) دىن تۇزكۆلگىچە (هازىقى شىنجاڭدىكى لوپنۇر كۆلى) بولغان ئارلىقتا هۇنلار قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى لوڭشى، بېيدى، شاڭجۈن ئايماقلىرىدىكى قوشۇنلىرىنىڭ يېرىمىنى قىسقارتىپ ئەلنى خاتىرجەم قىلدى[25].

چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇرۇش يۈەنشۇ 4- يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 119- يىلى) بولدى. شۇ يىلى يازدا ۋۇدى تەڭرىقۇتنىڭ يابغۇ جاۋشىننىڭ پىلانى بويىچە خەن لەشكەرلىرى بارالمايدىغان يىراق جايلارغا قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ زور قوشۇن ئەۋەتىپ ، ئۇنى ئۆزۈل- كېسىل يوقاتماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭنىڭ دىگراڭدىن، قىران چەۋەنداز خۇچۈبىڭنىڭ دەيجۈندىن يولغا چىقىپ، ھەر بىرىنىڭ بەش تۈمەندىن ئاتلىق قوشۇن بىلەن هۇنلارغا هۇجۇم قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. پىيادە ئەسكەرلەردىن ئاشلىق توشۇيدىغان نەچچە مىڭ كىشىمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلىنىپ، چۆللۈكتىن ئۆتۈپ، هۇنلارغا زەربە بېرىشكە ماڭدى.

تەڭرىقۇت خەن لەشكەرلىرى قۇملۇقتىن ئۆتكىچە ئادەم ۋە ئاتلىرى چارچاپ هالدىن كېتىدۇ دەپ قاراپ، سەر خىل قوشۇنى بىلەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدا كۈتۈپ تۇردى. ئۇلۇغ سانغۇن قورۇلدىن چىقىپ مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، تەڭرىقۇت قوشۇنلىرىنىڭ سەپ تۈزۈپ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، جەڭ هارۋىلىرى بىلەن ئەتراپىنى قورشاپ قورغان هاسىل قىلدى ۋە تەڭرىقۇت هۇجۇم قىلىشقا بەش مىڭ چەۋەنداز ماڭدۇردى. تەڭرىقۇت ئۇنىڭغا قارشى ئون مىڭ چەۋەنداز ماڭدۇردى. شۇ چاغ گۇگۇم مەزگىل بولۇپ، بوران چىقىشقا باشلاپ، قۇم- تاشلار يۈزگە ئۇرۇلۇپ تۇرغاچقا، ئىككى قوشۇن بىر- بىرىنى كۆرەلمىدى. خەن قوشۇنلىرى ئوڭ- سولدىن

تەڭرىقۇتنى مۇھاسىرىگە ئالدى. تەڭرىقۇت خەن قوشۇنلىرىنىڭ كۆپ ھەم كۈچلۈكلىكىنى كۆرۈپ،ئۇرۇشنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى پەملەپ، بىر نەچچە يۈز قاۋۇل چەۋەندازلىرى بىلەن «خېچىر» غا مىنىپ مۇھاسىرىنى بۇزۇپ، غەربىي شىمال تەرەپكە قېچىپ كەتتى. قاراڭغۇ چۈشكەندە ئىككى تەرەپ قوشۇنى گىرەلەشمە جەڭ قىلىپ، ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ چىقىم تارتتى. خەن قوشۇنلىرى قولغا چۈشكەن ھۇن ئەسكەرلىرىنى تەڭرىقۇتنىڭ گۇگۇم كېچىدە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ، يېنىك چەۋەندازلار بىلەن ئۇنى قوغلىدى. ھۇن ئەسكەرلىرى تەرەپ- تەرەپكە قېچىپ كەتتى. قوشۇن تاڭ سۈزۈلگىچە 200 چاقىرىمدىن ئارتۇق ئىلگىرلەپ، تەڭرىقۇتنى قولغا چۈشۈرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھۇنلارنىڭ 19 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىرگە ئالدى. ۋېي چىڭ تيەنيەنشەن تېغىدىكى جاۋشىن قەلئەسىگىچە قوغلاپ بېرىپ، ھۇنلانىڭ زاپاس سۆكلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، قوشۇننىڭ ئۇزۇق- تۈلىكىنى تولۇقلىدى. قوشۇن جاۋشىن قەلئەسىدە بىر كۈن تۇرغاندىن كېيىن، قېلىپ قالغان ئاشلىقنى كۆيدۈرۈۋېتىپ قايتتى.

قىران چەۋەنداز سانغۇن قورۇلدىن چىقىپ ئىككى مىڭ چاقىرىمدىن ئۇشۇق يول مېڭىپ قۇملۇقتىن ئۆتكەندىن كېيىن، سول قول بىلىك خان بىلەن ئۇچراشتى. سول قول بىلىك خان مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، خەن قوشۇنلىرى 70 مىڭدىن كۆپ كىشىنى ئەسىرگە ئالدى. خۇچۈبىڭ لاڭجۈشۈ تېغىدا نەزىر قىلىپ، خەنخەيگىچە (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ شىلىنغول ئايمىقىدىكى سۇنىت سول خوشۇننىڭ شىمالى ئەتراپى) بېرىپ قايتىپ كەلدى.

بۇ ئۇرۇشتا خەن قوشۇنلىرى ھۇنلاردىن جەمئىي سەككىز- توققۇز تۈمەن كىشىنى ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، خەن لەشكەرلىرىدىن ئۆلگىنىمۇ نەچچە تۈمەنگە يەتتى. ئاتلاردىن ئۆلگىنى يۈزمىڭدىن ئېشىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن ھۇنلار يىراققا كۆچۈپ كېتىپ، خېتاۋ ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلاردىن چېكىنىپ، «چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا تەڭرىقۇت ئوردىسى قالمىدى». خەن سۇلالىسى دەريادىن ئۆتۈپ، سۇفاڭنىڭ غەربىدىن لىڭجۈگىچە (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى يۇڭدېڭ ناھىيىسىنىڭ غەبىي شىمالىدا) بولغان ئارلىقتا ئۆستەڭ چېپىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ بەش ~ ئالتە تۈمەن پۇقرا ۋە ئەمەلدارنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، زېمىننى ھۇنلارنىڭ شىمالىغىچە تۇتاشتۇرۇۋالدى [27] خەن سۇلالىسى شەرقى تەرەپتىن خەن سۇلالىسى زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. خەن سۇلالىسى ھۇنلارنىڭ سول تەرەپ رايونىنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، ئىلگىرى ھۇنلارغا قارام بولغان ئوغانلارنى يۆلەپ، ئۇلارنى قورۇلنىڭ

سىرتىدىكى شاڭگو، يۈياڭ، يۈبېيپىڭ، لياۋشى ۋە لياۋدۇڭدىن ئىبارەت ئۇچ ئايماققا كۆچۈرۈپ، ئۇلارغا ھۇنلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئوغان چېرىكچى بېشى قويۇپ ئۇلارنى نازارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھۇنلار بىلەن بولغان قاتناش ئالاقىسىنى چەكلەپ، بۇ ئارقىلىق ھۇنلارنىڭ «سول قول» نى كېسىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەن سۇلالىسى جاڭ جيەننى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ياۋچىلار [28] ۋە پەرغانە (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە ئويمانلىقى) بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇيسۇنلار خانىغا مەلىكىلەرنى ياتلىق قىلىپ [29]، ھۇنلارنىڭ غەربتىكى ئىتتىپاقىنى بۇزۇپ، ھۇنلارنىڭ «ئوڭ قول» نى ئۈزۈپ تاشلىدى. يەنە خېشىدا جيۇچۇەن، ۋۇۋېي، جاڭخې ۋە دۇنخۇاڭدىن ئىبارەت تۆت ئايماق تەسىس قىلىپ، بىر تەرەپتىن ھۇنلارنىڭ چياڭلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن خېشى ۋە شاڭجۈن، سۇفاڭ، شىخې قاتارلىق جايلاردا بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. شۇنىڭدىن باشقا، مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى كۈچەيتىپ، تۇز كۆلىگىچە (لوپنۇر كۆلى) كېڭەيتتى [30]. بۇ بىر قاتار ھەربىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەدبىرلەر ئارقىلىق ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ تەھدىتى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلدى.

خەن ۋۇدى ھۇن قۇلدارلىرىغا بەلگىلىك دەرىجىدە زەربە بەرگەندىن كېيىن، ئەسلىدە چېگرىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلغان ئەھۋالدا، يەنە ئىلگىرلەپ زەربە بېرىلمىسىمۇ بولاتتى. چۈنكى خەن سۇلالىسى ئىزچىل ھالدا ھۇنلار كۆچمەن چارۋىچى مىللەت، دائىم كۆچۈپ يۈرۈپ مۇقىم تۇرمايدۇ. ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش تەس. ئەگەر ئۇلار چېگرا رايونلارغا قايتا پاراكەندىچىلىك سالمىسىلا ئۇلار بىلەن ئۇزاققىچە قارىشىلىشىش ھاجەتسىز، دەپ قارايتى. ئەمما، ھۇن قۇلدارلىرى تىنچلىق ۋاستىسى بىلەن قاقتى- سوقتى قىلىشنى ۋە ھەربىي جەھەتتە تاجاۋۇزچىلىق قىلىشنى توختاتمايتتى. شۇڭا، ئۇلارغا ئۇنىڭغا يەنە زەربە بەرمەي بولمايتتى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 87- يىلى ۋۇدى ئۆلدى. بۇندىن بۇرۇن خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى ھۇنلارغا 20 نەچچە يىل توختىماي زەربە بېرىپ، ھۇنلاردىكى ئۆلۈم- يېتىم ۋە زىيان ناھايىتى ئېغىر بولدى. تەڭرىقۇتنىڭ تۆۋەنىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاقسۆڭەكلەر قۇدىلىششنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئويلىمىغان بولسىمۇ، خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىلىرىغا پاراكەندىچىلىك سېلىشنى يەنىلا توختاتمىدى. بىراق جاۋدى دەۋرىدە ھۇنلارنىڭ زور كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلغۇدەك كۈچى قالمىدى. بىر تەرەپتىن خەن سۇلالىسى چېگرا رايونلاردا «تۇرلارنى تەسىس قىلىپ» قاتتىق ھوشيار بولغانلىقتىن، ھۇن قۇلدارلىرى چېگرا رايونلارغا باستۇرۇپ كىرىپ ھېچقانچە نەپكە ئېرىشەلمىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن قۇيانىدى تەڭرىقۇتنىڭ يېشى كىچىك بولغانلىقى، تەختكە يېڭى چىققانلىقى، ئانا ئالچىنىڭ پەزلىتىنىڭ دۇرۇس بولمىغانلىقى، ئىچكى قىسمىنىڭ داۋالغۇپ تۇرۇشى، خەن سۇلالىسىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن دائىم ئەنسىرگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ھۇنلار ئامالسىز شەھەر- قەلئەلەرنى سالدۇرۇپ، ئاشلىق توپلاپ مۇداپىئە كۆرۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەرنى تەسلىمچىلەرنى قوبۇل قىلىش شەھىرىگە (خارابىسى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى يىشىن تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئويرات ئوتتۇرا ئاراق بىرلەشمە خوشۇنىنىڭ شەرقىدە) ئەۋەتىپ، خەن قوشۇنلىرىدىن مۇداپىئە كۆردى ھەم شىمالدىكى يۈۋۈ دەرياسىغا (ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى تۇرا دەرياسى) كۆۋرۈك سېلىپ، ھەر ۋاقىت قېچىشقا تەييارلىق كۆردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇتۇپ قېلىنغىنىغا 19 يىل بولغان خەن ئەلچىسى سۇۋۇنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ياخشى كۆڭلىنى بىلدۈرۈپ، خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان دۈشمەنلىك كەيپىياتىنى پەسەيتىپ، قۇدىلىشىشنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى. ئەمما، ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى قۇدىلىشىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ھۇن ئاتلىق ئەسكەرلىرى دائىم دېگۈدەك خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىدا پەيدا بولۇپ تۇردى. ئۇلار جەنۇپقا يۈرۈش قىلىشتىن نەپ چىقمىغاچقا، نىشانىنى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربتىكى ئىتتىپاقدىشى — ئۇيسۇنلارغا قاراتتى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 74- يىلى ھۇنلار چېگىغا بىر نەچچە قېتىم تاجاۋۇز قىلدى ھەم قۇش بىلەن بىرلىشىپ ئۇيسۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى. كېيىنكى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 73- يىلى) زور قوشۇن باشلاپ ئۇيسۇنلارنىڭ يەرلىرىدىن چەيان ۋە ئۇشنى تارتىۋېلىپ، خەلقنى ئەسىر قىلدى ھەم ئۇيسۇن خانىكىسىنى (جيې يۈ مەلىكىنى) سوراپ، «خانىكىنى تېزدىن ئەۋەتىپ بېرىش» نى تەلەپ قىلىپ، قوراللىق تەھدىت ئارقىلىق ئۇيسۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى بۇزماقچى بولدى. ئۇيسۇن كۈنبېگى ۋە مەلىكە ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ مەكتۇپ سۇنۇپ ياردەم تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى بەش يول قوشۇن تەشكىللەپ، ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلىشىپ 200 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 71- يىلى كۆلىمى زور بىر قېتىملىق ئۇرۇشنى قوزغىدى.

ئەتىيازنىڭ تۇنجى ئېيىدا يول قوشۇن يولغا چىقتى. ھۇنلار خەن سۇلالىسىنىڭ زور قوشۇنلىرىنىڭ ئاتلانغانلىقىنى ئاڭلاپ، قېرى- چۆرىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، مال- چارۋىلىرىنى ھەيدەپ يىراققا كۆچۈپ كەتكەنلىكتىن، بۇ بەش قوشۇن كۆپ نەتىجە قازىنالمىدى. لياۋ شۈيدىن ئۆتكۈرچى سانغۇن فەن مىڭيۇ جاڭيېدىن يولغا چىقىپ 1200

چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ پۈلخۇ دەرياسى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ئېجىنا دەرياسى) غا يېتىپ باردى. ئالدىچى سانغۇن خجەن زېڭ يۈنجۇڭدىن يولغا چىقىپ 1200 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ ۋۇيۈەنگىچە (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى قارقۇن دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قونا خالخا چوڭ خوشۇنىنىڭ شىمالىدا) باردى.باركۆل سانغۇنى جاۋچۇڭگو جيۇچۇەندىن يولغا چىقىپ 1800 چاقىرىمدىن ئاتۇق يول يۈرۈپ، غەربتىكى خۇشەنگىچە (ھازىرقى ئورنى ئېنىق ئەمەس) يېتىپ باردى. چىليەن (تىلەن) سانغۇنى تيەن گۇاڭمىڭ شىخېدىن يولغا چىقىپ 1600 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ جىجى تېغىغا (ھازىرقى ئورنى ئېنىق ئەمەس) يېتىپ باردى. بارس سانغۇن تيەن شۈن ۋۇيۈەندىن (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى باۋتۇ شەھرى) يولغا چىقىپ 800 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، دەينۇۋۇ دەرياسى (يۈۋۇ دەرياسى) غىچە يېتىپ باردى.

ھەممىسى پەقەت نەچچە يۈز ياكى نەچچە مىڭدىنلا كىشىنى ئۆلتۈردى ياكى ئەسىر ئېلىپ قايتىپ كەلدى.

ئۈيسۇنلار شانلىق غەلبىگە ئېرىشتى. ئۈيسۇن كۈنبىگى 50 مىڭ كىشلىك ئاتلىق ئەسكەر ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ چېرىكچى بېگى ئوردىسىغىچە يېتىپ بېرىپ، تەڭرىقۇتنىڭ تاغىسى، يەڭگىسى، مەلىكىسى، ئاتاقلىق خانلىرى، كاھېگىسى، مىڭ بېشى، سەركەردىلىرىدىن بولۇپ 39 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىرى ئېلىپ، 700 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق ئات، كالا، قوي، خېچىر ۋە تۆگە ئولجا ئالدى. ھۇن ئاھالىلىرى ۋە مال- چارۋىلىرىدىن ئۆلگەن، پىتراپ كەتكەنلىرى سان- ساناقسىز بولدى.

بۇ غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بۇيانقى خەن- ھۇن ئۇرۇشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق چوڭ ئۇرۇش ئىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى پۈتۈنلەي ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، خەن سۇلالىسى بىلەن ئۈيسۇنلارنىڭ قوشۇن چىقىرىشى بىر قېتىملىق قايتۇرما زەربە بېرىش ئىدى. نەتىجىدە ھۇنلار قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ ئاجىزلىشىپ، قۇدىلىششىنى تېخىمۇ بەك ئويلايدىغان بولدى. شىمالىي چېگرىمۇ بارا- بارا تىنجىدى[31].

خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن باشلاپلا خەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىدا «ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا زەربە بېرىش كېرەكمۇ- يوق» دېگەن مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇرۇشپەرەسلىك ۋە تىنچلىقپەرەسلىكلەردىن ئىبارەت ئىككى گورۇھنىڭ كۆرىشى ئۈزلۈك مۇددەتكىچە داۋاملاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ۋۇدى ۋە جاۋدى دەۋرىدىكى كۈرەش ئەڭ كەسكىن بولدى. «خەننامە» نىڭ ئاپتورى بەن گۇنىڭ «ھۇنلار ھەققىدە

قىسسە» دەئەينى چاغدىكى كۆرەش ئەھۋالىنى بايان قىلىشچە، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنى ئايرىپ چىققان. تىنچلىقپەرەس كۆكزىچىلار قۇدىلىششىنى ياقلىغان. ئۇرۇشپەرەس ئەمەلدارلار جازا يۈرۈشى قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا. «تۇز ۋە تۆمۈر ھەققىدە» دېگەن ئەسەردىمۇ بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشنىڭ پايدا- زىيىنى ھەققىدىكى بەس- مۇنازىرىسى تەپسىلىي بايان قىلىغان. كېيىنكىسى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 133- يىلى خەن ۋۇدى ئۇرۇش قوزغىغاندىن باشلاپ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 71- يىلى چوڭ ئۇرۇشقىچە بولغان 60 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە خەن سۇلالىسى «دۆلەت غەزنىسى» قۇرۇپ كەتكەن. نوپۇسنىڭ يېرىمى ئازىيىپ كەتكەن» [32] لىكتەك زور بەدەل تۆلىگەن بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ھۇنلارنىڭ تەھدىتىنى تەل- تۆكۈس يوق قىلدى. ئەگەر بۇ 50 ~ 60 يىللىق تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش ۋە ئۇنىڭ غەلبىسى بولمىغان بولسا، خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىنىڭ خاتىرجەملىكى، خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىنىڭ بىخەتەرلىكى، مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرى، فېئوداللىق ئىجتىمائىي، ئىقتىساد مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. شۇڭا، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۇنلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ماھىيەتتە فېئوداللىق تۈزۈم بىلەن قۇللۇق تۈزۈم ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرىنى ۋە ئىلغار رولىنى مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ۋۇدى دەۋرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىلغار رولى ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ خەنزۇلارغا قىلغان تاجاۋۇز چىلىقىنى چەكلىگەنلىكىدە ئىپادىلىنىپ قالماي، يەنە ئوغان، دىڭلىڭ، شىرۋى، ئۇيسۇن ۋە غەربىي تۇرتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنى ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ قۇل قىلىشىدىن ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ (گەرچە بۇ ۋۇدىنىڭ قوشۇن تارتىشتىكى مەقسىتى بولمىسىمۇ) ، ئۇلارنى ھۇنلارنىڭ قالاق قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتقۇزۇپ، خەنزۇلارنىڭ ئىلغار فېئوداللىق ئىقتىسادىي مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشتۇرغانلىقىدىنمۇ ئىپادىلىنىدۇ، بۇ ئەينى چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

## 3. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇشى ۋە شىمال بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بىرلىككە كېلىشى

هۇن قۇلدار ھۆكۈمرانلار گورۇھىنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا قىلغان تاجاۋۇزلۇقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇرۇش هۇن مىللىتىگە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، بولۇپمۇ هۇن خەلقى ئۇچرىغان ئاقىۋەت ئەڭ ئېغىر بولدى.

بىرىنچىدىن، هۇنلارنىڭ ئاھالىسى ۋە چارۋا-ماللىرى زور تۈركۈمدە ئولجا ئېلىندى ۋە ئۆلدى. مىلادىيدىن بۇرۇنقى 127-يىلىدىكى ئۇرۇشتىلا هۇنلاردىن ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئەسىرگە چۈشۈپ، مىليون تۇياقتىن ئارتۇق قوي كالا ئولجا ئېلىندى[33]. مىلادىيدىن بۇرۇنقى 121- ۋە 119-يىللىرىدىكى ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا هۇن جەڭچىلىرىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئەسىر ئېلىنغانلىرى تەخمىنەن كۆپ بولۇپ، 130 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى[34] (قۇنشارخانىنىڭ قوۋمىدىن ئەسىرگە چۈشكەن ۋە ئۆلتۈرۈلگەن نەچچە تۈمەن ئادەم ۋە خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان 40 مىڭ ئادەم بۇنىڭ سىرتىدا). بۇنىڭ بىلەن باتۇر تەڭرىقۇت دەۋرىدىكى 300 مىڭ ئوقياچى چەۋەندازنىڭ يېرىمى ئازىيىپ كەتتى. مىلادىيدىن بۇرۇنقى 71-يىلىدىكى ئۇرۇشتا ئوڭ قول خانىنىڭ قوۋمىدىن 39 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئەسىر ئېلىنىپ، 700 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا-مال ئولجا ئېلىندى. قېلىپ قالغان ئاھالىلەردىن ئۆلگەن، چېچىلىپ كەتكەنلىرى ۋە چارۋىلاردىن ئۆلگەن، پىتراپ كەتكەنلىرىنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق[35] بولۇپ، بۇ هۇنلارنى قاتتىق ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى.

ئىككىنچىدىن، هۇنلار ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چارۋىچىلىققا باب كېلىدىغان رايونلاردىن چېكىنىپ چىقىپ (مەسىلەن، ئالوبان خان، بايان خان قوۋمى، هازىرقى ئىچكى مۇڭغۇلدىكى خېتاۋدىن، قۇنشارخان قوۋمى هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى خېشى كارىدورىدىن چېكىنىپ چىققان) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى سۇ ۋە ئوت-چۆپ يوق رايونلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا تەسىر يەتكۈزۈشى تەبئىي ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە خېشىدىكى چىلىيەن (تىلەن) تېغى، ئالچى تېغى (هازىرقى گەنسۇدىكى شەندەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) خېتاۋنىڭ شىمالىدىكى چوغاي تېغىدىن چېكىنىپ چىقىشىنىڭ تەسىرى بىر قەدەر زور بولدى. چۈنكى، چىلىيەن تېغى ۋە ئالچى تېغى قارىغايلار كۆپ، ئوت-سۇيى مول، قىشتا ئىللىق، يازدا سالقىن بولۇپ، چارۋىچىلىق قىلىشقا ناھايىتى باب كېلەتتى ھەم هۇن خەلقىنىڭ تىرىكچىلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى زور ئىدى. شۇڭا، هۇنلار بۇ ئىككى تاغدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن:

ئايرىلىپ قالغاندا تىلەن تېغىدىن،

ئاۋۇماس بولۇپ قالدى چارۋا-مېلىمىز.

ئايرىلىپ قالغاندا ئالچى تېغىدىن،

مۈڭلىنىپ سارغايدى قىز-ئايالىمىز[36] .

دەپ قوشاق توقۇشتى. چوغاي تېغىدىمۇ ئوت-چۆپ، دەل-دەرەخلەر قويۇق، ياۋايى هايۋانلار كۆپ بولۇپ، چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىقتا باب كېلىپلا قالماستىن، يەنە زور مىقداردىكى ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن ھەربىي ئىشلاردا پايدىلىنىشقا (ئوقيا ياساشقا) بولاتتى. بۇ يەر باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئارقا سەپ ئامبىرى ۋە جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشتىكى مۇھىم بازىسى ئىدى[37]. ھۇنلار چوغاتاي تېغىنىڭ شىمالىغا چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن، تاغنىڭ شىمالىدىكى، شەرقتىن غەربكىچە نەچچە مىڭ چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغىمۇ نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان چوڭ قۇملۇقتا ئوت-سۇ بولمىغاچقا، چارۋىچىلىق قىلالمىدى[38]. بۇ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە بايلىق مەنبەسىنى زور دەرىجىدە چەكلەپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەن سۇلالىسى چوغاي تېغىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن بۇ يەردە قەلئە-قورۇللارنى قۇرۇپ، تۇرلارنى سېلىپ، تاشقى سېپىلنى ياساپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ مۇداپىئە كۈرگەچكە، ھۇنلار جەنۇبقا كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، «ھۇنلاردىن چوغاي تېغىنى قولدىن بېرىپ قويغاندىن كېيىن ئاھ ئۇرمىغان ھېچكىم قالمىدى»[39]. كېيىن خەن سۇلالىسى يەنە غۇزلارنى يوقاتقۇچى سانغۇن گوچاڭ ۋە ياۋايىلارنى تۈتقۇچى تۆرە جاۋپونۇنى سۇفاڭنىڭ شەرقىدە تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئېچىشقا ئەۋەتىپ، ھۇن كۈچلىرىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالغاچقا، ئۇشلۇ تەڭرىقۇت تەختتە ئولتۇرغاندىن (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 105-يىلى) كېيىن، ھۇنلار بارغانسېرى غەربىي شىمالغا يۆتكىلىپ، سول تەرەپتە يۈنجۇڭ ئايمىقىغا، ئوڭ تەرەپتە جيۇچۈەن، دۇنخۇاڭ ئايماقلىرىغا ئۇدۇل كېلىدىغان بولۇپ قالدى (ئەسلىدە ھۇنلارنىڭ سول تەرەپى شاڭگۇ ئايمىقىغا، ئوڭ تەرەپى شاڭجۈن ئايمىقىغا ئۇدۇل كېلەتتى). بۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىق رايونلىرى تېخىمۇ تارىيىپ كەتتى. ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىشى، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ زور كۆلەمدە تارىيىشى ئىشلەپچىقىرىشنى چېكىندۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قار ئاپىتى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 104-، 89-، 71-يىللىرى)

تۆپەيلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 68-يىلى ھۇنلاردا زور قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ خەلقنىڭ ئوندىن ئالتە-يەتتىسى ئۆلۈپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋەيران بولۇپ، مىللەتنىڭ مەۋجۇدلۇقى زور تەھدىتكە دۇچ كەلدى[40].

ئۈچىنچىدىن، قارام ئەللەر بۆلۈندى. باتۇر تەڭرىقۇت دەۋرىدىن بۇيان بويسۇندۇرۇلغان نۇرغۇنلىغان قەبىلە ۋە قوۋملار ھۇن قۇلدار ھۆكۈمرانلار گورۇھىنىڭ ئېغىر بېسىمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە چىدىماي بەس-بەستە ئىسيان كۆتۈردى. ھۇنلارنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن پايدىلىنىپ دىڭلىڭلار شىمالدىن، ئوغانلار، ئۇيسۇنلار غەربتىن، شەرقتىن ھۇجۇم قىلدى، سول تەرەپتىكى شەرقىي قەبىلىسى جەنۇبقا بېرىپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى، غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى مىللەتلەرمۇ بىرلىكتە ھۇنلارغا ھۇجۇم قوزغىدى[41]. بۇنىڭ بىلەن غايەت زور ھۇن قۇلدارلىق ھاكىمىيىتى بىر مەھەل بۆلۈنۈش ۋە نىزا ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.

تۆتىنچىدىن، ھۇن ھۆكۈمرانلار گورۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ بۆلۈنۈش پەيدا بولدى. ھۇن يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەسلىدىمۇ ھوقۇق تالىشىش، بولۇپمۇ «تەڭرىقۇت» لۇقتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش يۈزىسىدىن نۇرغۇن زىددىيەت يوشۇرۇنغان بولۇپ، دائىم دېگۈدەك تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى بولۇپ تۇراتتى[42]. بۇ چاغدا ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنىڭ تارىيىشى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ چېكىنىشى، قوۋمنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە قارام ئەللەرنىڭ بۆلۈنىشى بىلەن يوقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىششكە باشلىدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 60-يىلىدىن باشلاپ تەڭرىقۇتلۇق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى تۈپەيلىدىن ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پارچىلىنىش تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 57-يىلغا كەلگەندە «بەش تەڭرىقۇتنىڭ ھاكىمىيەت تالىششى» كېلىپ چىقىپ، ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بۇ ھون قوۋمى، جەمئىيىتى ۋە ھاكىمىيىتىنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىردى. مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئالدىدا قوغۇشار تەڭرىقۇت تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، ھۇنلارنى بۇرۇلۇش پۇرستىگە ئىگە قىلدى.

قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ ئەسلى ئىسمى جىخۇشان بولۇپ، تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ 7-ئەۋلادى، شۈرۈچانچۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ يۇقىرى تەبىقىدىكى ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ھۇنلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدىكى شەخس ئىدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 60-يىلى شۈرۈچانچۇ تەڭرىقۇت

ئۆلگەندىن كېيىن، تەڭرىقۇتلۇقتا ۋارىسلىق قىلىش قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇ ئاتىسىنىڭ تەڭرىقۇتلۇق ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى شۈرۈچانچۇ تەڭرىقۇتنىڭ ھوقۇقلۇق ۋەزىرى خۇسۇر خان شىنۇيان ھەر قايسى جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ھەر قايسى ئۇرۇق ئاقساقاللىرىنى كېڭەشكە چاقىرىپ، تەڭرىقۇتنىڭ ۋارىسنى مەسلىھەتلىشىپ قارار قىلماقچى بولغاندا، شۈرۈچانچۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئايالى- جۇەنچۇ ئالچى ئىنىسى سول قول جورچى دۈرۈنچى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇرۇق ئاقساقاللىرىنىڭ تېخى كېلىپ بولالمىغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئاشنىسى ئوڭ قول بىلىك خان تۇغتاننى ئۈيانجۈت تەڭرىقۇت قىلىپ تىكلىدى. ئۈيانجۈت تەڭرىقۇت ئىنتايىن ياۋۇز تەبىئەتلىك بولغاچقا شىنۇياننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، دۈرۈنچىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى ھەم شۈرۈچانچۇ تەڭرىقۇتنىڭ پەرزەنتلىرى، ئىنىسى ۋە يېقىنلىرىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە ئىنىلىرىنى قويدى. تەختكە ۋارىسلىق قىلالمىغان ۋە چەتكە قېقىلغان جىخۇشان ئامالسىز ھۇنلارنىڭ سول تەرىپىدىكى قېيناتىسى ئۇجانمۇنىڭ يېنىغا پاناھلىق تىلەپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

جىخۇشان ناھايىتى قابىلىيەتلىك بولغانلىقى ھەم تەڭرىقۇت ئەۋلادى بولغانلىقتىن، گەرچە سول پاناھلىق تىلگۈچى سۈپىتىدە قېچىپ بارغان بولسىمۇ، يەنىلا سول تەرەپتىكى ھۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆرمىتى ۋە قوغدىشىغا ئېرىشتى. ھالبۇكى، ئۈيانجۈت تەڭرىقۇت زوراۋانلىق قىلىپ قالايمىقان ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكتىن، خەلقنىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىدى.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 58-يىلى سول تەرەپتىكى ئاقسۆڭەكلەر ئۇجانمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جىخۇشاننى قوغۇشار تەڭرىقۇت قىلىپ تىكلەپ، ئارقىدىنلا سول تەرەپتىكى لەشكەرلەر بىلەن ئۈيانجۈت تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلدى. ئۈيانجۈت تەڭرىقۇت ئىچكى جەھەتتە خەلقنىڭ نەزىرىدىن قالغانلىقى، تاشقى جەھەتتە ياردەمگە ئېرىشمىگەنلىكى ئۈچۈن، قارشىلىق كۆرسىتەلمەي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، ئۇنىڭ قوۋمى پۈتۈنلەي قوغۇشار تەڭرىقۇتقا ئەل بولدى. قوغۇشار تەڭرىقۇت ئۈيانجۈت تەڭرىقۇتنى يەڭگەندىن كېيىن تەڭرىقۇت ئوردىسىغا قايتىپ بېرىپ، تەڭرىقۇتقا بىۋاسىتە قاراشلىق يەرلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، ھەر قايسى جايلارنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى تېز سۈرئەتتە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ھاكىمىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىر نەچچە ئايدىن كېيىنلا قوشۇنلارنى قىسقارتىپ، ئاقسۆڭەكلەرنى ئەسلىدىكى يەرلىرىگە قايتىشقا بۇيرۇق قىلدى. لېكىن، بۇ چاغدا ئوڭ قول بىلىك خاننىڭ يېنىغا قېچىپ بارغان دورۇنچى ئوڭ قول بىلىك خان بىلەن بىرلىشىپ ئۈيانجۈتنىڭ

ئىنىسى باتىسخان بوشتاننى تۇغ تەڭرىقۇت قىلىپ تىكلەپ، قوشۇن تارتىپ قوغۇشار تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلدى. قوغۇشار تەڭرىقۇت يېڭىلىپ چېكىندى. تۇغ تەڭرىقۇت ئىككى ئوغلىنى تەڭرىقۇت ئوردىسىنى ساقلاشقا بۇيرۇپ، شەرق تەرەپتە نۇرغۇن قوشۇن تۇرغۇزۇپ قوغۇشار تەڭرىقۇتتىن مۇداپىئە كۆردى. ئەمما، تۇغ تەڭرىقۇت ئىقتىدارسىز بولغانلىقى، پىتنە-پاساتقا ئىشىنىپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ھەر قايسى ئاقسۆڭەكلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، بەس-بەس بىلەن ئۆزلىرىنى تەڭرىقۇت دەپ ئاتاشتى. غەربتە ئوغۇز تەڭرىقۇت، شەرقتە چەلى تەڭرىقۇت ۋە ئۈجە تەڭرىقۇت باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇلار تۇغ تەڭرىقۇت ۋە قوغۇشار تەڭرىقۇت قوشۇلۇپ تارىختا «بەش تەڭرىقۇتنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىشى» دەپ ئاتالدى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 57-يىلى). بەش تەڭرىقۇت قالايمىقان ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا ياكى مەغلۇپ بولۇپ ئەل بولۇپ، ياكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ، ئەڭ ئاخىرى غەلىبە قوغۇشار تەڭرىقۇتقا مەنسۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن قوغۇشار تەڭرىقۇت تەڭرىقۇت ئوردىسىغا يەنە قايتىپ كەلدى. لېكىن ، بۇ قېتىمقى قالايمىقان ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئاھالە زور دەرىجىدە ئازىيىپ، پەقەت نەچچە تۈمەن ئادەملا قالدى. بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئادەم ئۇرۇشتا ئۆلۈپ، چارۋىلارنىڭ ئوندىن سەككىز-توققۇزى زىيانغا ئۇچراپ، خەلق ئاچارچىلىقتا قېلىپ، بۇلاڭچىلىق ئەۋج ئالدى[43]. قوغۇشار تەڭرىقۇت ئىنتايىن تەس كۈنگە قالغانلىقتىن قالايمىقانچىلىقتىن كېيىنكى ئېغىر ۋەزىيەتنى ئوڭشىماقچى بولدى، ئەمما بۇ چاغدا ئويلىمىغان يەردىن تۇغ تەڭرىقۇتنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى شۇشۇن خان غەربتە ئۆزىنى رۇنجىن تەڭرىقۇت دەپ ئاتىدى، قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ ئاكىسى سول قول بىلىك خان قۇتىئۇشمۇ شەرقتە ئۆزىنى قۇتىئۇش تەڭرىقۇت دەپ ئاتىدى. (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 56-يىلى) ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قۇتىئۇش رۇنجىننى ئۆلتۈرۈپ، قوغۇشارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ تەڭرىقۇت ئوردىسىنى ئىگىلىۋالدى.

قوغۇشار يەنە بىر قېتىم قېچىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنداق ۋەزىيەت ۋە ئەھۋال ئالدىدا ئۇ خەن سۇلالىسى مەركىزي ھاكىمىيىتىگە ئەل بولۇپ، خەن سۇلالىسى مەركىزي ھاكىمىيىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى بىلەن ئۆزىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، قۇتىئۇشنى تىنچىتىپ ھۇنلار رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھۇنلارنى خەتەرلىك ۋەزىيەتتىن قۇتقۇزۇش ئويىغا كەلدى.

ھۇنلار باتۇر تەڭرىقۇتتىن باشلاپ 150يىل جەريانىدا (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209~ 56-يىللار) شىمالىدا

سەلتەنەت سۈرۈپ، چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەنلىكتىن، ئۆزلىرىنى «تەڭرىنىڭ ئەركە ئوغلى» دېيىشىپ خەن سۇلالىسى ھاكىمىيتى بىلەن يۈت تېپىشىپ تۇرغانىدى. ئارىدا قۇدىلىشىش بولغان بولسىمۇ، پەقەت خەن سۇلالىسى مەلىكىلىرىنى بېرىپ، ھەر يىلى شايى-كىمخاپ، كىيىم-كېچەك ئەۋەتىپ بېرىپ تۇرغاچقىلا، ۋاقىتلىق ھالدا چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سالمىغان ئىدى. كېيىن خەن سۇلالىسىنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى قاتتىق زەربىسى بىلەن ھۇن قۇلدارلىرى چۆچۈپ قۇدىلىشىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، خەن سۇلالىسىگە بېقىنىشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. بۇ چاغدا قوغۇشار تەڭرىقۇت كۈچ - ماغدۇرىدىن كەتكەچكە، ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى ئارقىسىدا ئوغلىنى بارىمتايلىققا ئەۋەتىپ ئۆزىنى قارام دەپ تونۇپ، مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلماقچى بولدى. خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى بۇنداق تۈپ ئۆزگىرىش ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ئىش ئەمەس ئىدى. بۇ يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلارنىڭ سىياسىي نوپۇزى ۋە ئورنىغىلا چېتىلىپ قالماي، يەنە مەنپەئەتىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭا، قوغۇشار تەڭرىقۇت «خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇش كېرەكمۇ-يوق» دېگەن مەسىلىنى ئۇرۇق ئاقساقاللىرىنىڭ ئالىي كېڭەشىگە قويغاندا قولىلغۇچىلار ۋە قارشى تۇرغۇچىلاردىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھ بارلىققا كېلىپ، «ۋەزىرلەر ناھايىتى ئۇزۇن بەس-مۇنازىرە قىلىشتى». قارشى تۇرغۇچىلار: «ھۇنلارنىڭ ئادىتىدە ئەزەلدىن كۈچلۈكلۈك ئەتىۋارلىنىپ، قوللۇق پەس كۆرۈلىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىزنىڭ قائىدە -تۈزۈملىرىنى بۇزۇپ، خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغۇدەكمىز؟ ئۇنداق قىلساق ئۆتكەن دەۋرلەردىكى تەڭرىقۇتلارنىڭ شەنىگە داغ تەككۈزۈپ قويىمامدۇق؟ بۇنداق قىلىپ ئەمەلىيەتتە ئېرىشكىنىمىز بىلەن يات قوۋملارنى قانداق باشقۇرىمىز» دېيىشەتتى، سول ئىجىز خان باشچىلىقىدىكى قوللىغۇچىلار: «ھازىر خەن سۇلالىسى كۈچلۈك، ئۇيسۇنلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بېقىندى. چەتتۇ تەڭرىقۇتتىن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 101~96-يىللار) بۇيان ھۇنلار كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلىشىپ كەتتى، دەماللىققا ئەسلىگە كېلىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇنداق تەرسالىق قىلغىنىمىز بىلەن بىر كۈنمۇ ئەمىنلىك تاپالمايمىز، خەن سۇلالىسىگە بېقىنساق تىنچ-ئامان ياشايمىز، ئەگەر بېقىنمىساق دۆلەت ھالاك بولىدۇ»[44] دېيىشتى.

ۋەھالەنكى، ئەينى چاغدا شىمالدا قۇتتۇش باش كۆتۈرگەن، جەنۇبتا خەن سۇلالىسى تەھدىت سېلىپ تۇرغان، غەرب-شەرقتىكى بېقىندى ئەللەرمۇ بۆلۈنگەن، ئەھۋال ناھايىتى روشەن بولغاچقا، ئەگەر قوغۇشار تەڭرىقۇت خەن

سۇلالىسىگە ئەل بولمىسا ئىككى تەرەپتىن (قوزغىلاڭچىلار بىلەن خەن سۇلالىسىدىن) ھۇجۇمغا ئۇچراش خەۋپىدىن ساقلىنالمايتتى. ناۋادا تەشەببۇسكارلىق بىلەن خەن سۇلالىسىگە ئەل بولسا، خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭچىلار بىلەن قارشىلىشىپ، ئۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيتتى. يەنە كېلىپ قوزغىلاڭچىلار ئىبارەت قوغۇشار تەگرىقۇتىمۇ ۋە خەن سۇلالىسىگىمۇ دۈشمەن بولغان كۈچ چوڭلۇقىنىڭ شىمالدا تۇرىۋاتقاچقا، قوغۇشار تەگرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ ئۆزىنى قارىشى ئالدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئەڭ ئاخىردا سول ئىجىز خانىنىڭ پىكرىنى قوللاپ قوۋمىنى باشلاپ جەنۇبقا بېرىپ، خەن سۇلالىسى چېگرىسىغا يېقىنلاشتى ھەم مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 53-يىلى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئوغلى ئوڭ قول بىلىك خان جۇلقۇتان ۋە ئىنىسى سول قول بىلىك خانىنى خەن سۇلالىسىگە ئەۋەتىپ، بۇ ئارقىلىق خەن سۇلالىسىنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە ئىنكاسىنى بىلىپ باقماقچى بولدى. خەن سۇلالىسىنىڭ قارىشى ئېلىش سەمىمىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 51-يىلى ئەتىيازنىڭ 1-ئېيىدا ئۆزى خەن سۇلالىسى پادىشاھى بىلەن كۆرۈشكىلى بېرىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيەتكە ئەل بولۇش سەمىمىيىتى ۋە خەن ھۆكۈمرانىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى.

خەن سۇلالىسى قوغۇشار تەگرىقۇتنىڭ ئەل بولۇشىنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالدى. چۈنكى، خەن سۇلالىسى ئەزەلدىن ھۇنلارنى بويسۇندۇرۇش بەك تەس دەپ قارىغان، شۇڭا ئاۋۋىدىن باشلاپ ھۇنلار بىلەن ئەھدىلىشىپ، ھۇنلار شىمالغا پاراكەندىچىلىك سالمىسىلا، يەڭگىللىك بىلەن ئۇلارغا قورال ئىشلەتمىگەنىدى. ۋۇدى دەۋرىدىن باشلاپ غەلىبىلىك مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىنغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن زور بەدەل تۆلىگەنىدى. ئەمدىلىكتە ھۇنلارنىڭ ئىچكى مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن قوغۇشارنىڭ ئۆزلۈكىدىن بېقىنىپ، خەن ئوردىسىغا كېلىشى ئەلۋەتتە خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى. يەنە كېلىپ قوزغىلاڭچىلار شىمالدا بولغاچقا، قوغۇشار ئارقىلىق قوزغىلاڭچىلارنى چەكلەش خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالنى تىنجىتىشتىكى تۈپ سىياستى ئىدى.

خەن سۇلالىسى تەگرىقۇتنى قارشى ئالدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇ كېلىشتىن ئاۋۋال ھارۋا-ئاتلىقلار سانغۇنى خەن چاڭنى مەخسۇس ئەلچى قىلىپ ۋۇيۈەن قورۇلغا قارشى ئېلىشقا ئەۋەتتى ھەم ۋۇيۈەن، سۇفاڭ، شىخې، شاڭجۈن،بېيدى ۋە فېڭشياڭ ئايماقلىرىدىن چاڭئەنگىچە بولغان يول بويىغا ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ھۆرمەت قاراۋۇللىرى قىلدى. ئۇ كەلگەندە يەنە

تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ھەرقايىسى بەگ- تۆرىلەرنىڭ ئورنىدىن يۇقىرى قىلدى. ئۇ خەن پادىشاھى كۆرشۈشتە ئۆزىنى «ئەئىيانىگىز»دەپ ئاتاپ، نامىنى ئاتىمىدى. ئۇنىڭغا ئالتۇندىن ياسالغان «ھۇن تەڭرىقۇت مۆھۈرى» ۋە يىپشىل مۆھۈر بىغى ئىنئام قىلىنىپ، ئۇنىڭ ھۇنلارنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن قانۇنىي جەھەتتىن (يازما بولمىسىمۇ) پادىشاھ- پۇقرالىق مۇناسىۋىتى تىلەندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە قوغۇشار تەڭرىقۇت ھاكىمىيىتى- ھۇنلارنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى بىلەن خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتىنىڭ بېقىندىلىق سىياسىي ئورنىمۇ تىكلەندى[45]. بۇنىڭدىن باشقا خەن سۇلالىسى يەنە زور مىقداردىكى قىممەتلىك سوۋغىلارنى، يەنى كەمەر، تون، يان خەنجەر، ئوقيا، يالمان، ھارۋا-ئات، ئالتۇن-كۈمۈش، كىمخاپ- تاۋار قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلدى. قوغۇشار تەڭرىقۇت شىمالغا قايتىدىغان چاغدا ئۆزىنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، قۇتىئۇشنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچىگە تايىنىش ھەم ئۆز ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزى ئىلتىماس قىلىپ گۋاڭلىيۇ قورۇلىدا (ھازىرقى باۋتۇ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) تۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، جىددىي پەيتلەردە خەن سۇلالىسىنىڭ تەسلىمچىلەرنى قوبۇل قىلىش شەھىرىنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خەن سۇلالىسىمۇ ئۇنى ئوبدان چەكلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ گاۋچاڭ تۆرىسى دۇڭ جۇڭ ۋە ھارۋا-ئاتلىقلار سانغۇنى خەن چاڭ قاتارلىقلارغا قوشۇن باشلاپ ئۇنى سوفاڭنىڭ جىلۇ قورۇلىغىچە (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى كاڭجىن ئارقا خوشۇنىنىڭ غەربىدە) قوغداپ ئۇزۇتۇپ قويۇشنى ھەم قوشۇنلارنى قورۇلنىڭ سىرتىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ تەڭرىقۇتقا بويسۇنمىغانلارنى باشتۇرۇشنى بۇيرىدى. يەنە ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋەيران بولغانلىقى، خەلقنىڭ ئاچ-يالىڭاچلىقتا قالغانلىقىنى بىلىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 34 مىڭ پاتمان ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىپ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇردى.[46].

بۇ چاغدا قۇتىئۇش قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغانلىقى ھەم خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىنى كۆرۈپ، قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقتى، شۇڭا ئۇمۇ خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلىپ (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى50～51-يىللاردا)، ئوغلىنى بارىمتايلىققا ئەۋەتىپ دوستانىلىقىنى بىلدۈردى. خەن سۇلالىسى قوغۇشار تەڭرىقۇت بىلەن قۇتىئۇشنىڭ نىزاسىغا نىسبەتەن ئوتتۇرىدىن پايدا ئېلىشنى كۆزلىمەي، بەلكى ھەر ئىككىلىسىنى

كەڭ قورساقلىق بىلەن قوبۇل قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولدى، شۇڭا قۇتەيبەنىڭ ئەلچىسىنىمۇ كاتتا كۈتىۋالدى. قوغۇشار قۇتەيبەنىڭ ھەرىكىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ تۇردى. ئۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 50-يىلى خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى. كېيىنكى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 49-يىلى) شەخسەن ئۆزى ئوردىغا بېرىپ خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتمەكچى بولدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 48-يىلى خەن سۇلالىسى قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يەنە 20 مىڭ پاتمان ئاشلىق ياردەم قىلدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 43-يىلى يەنە ئۇنىڭ شىمالدىكى تەڭرىقۇت ئوردىسىغا قايتىشىقا رۇخسەت قىلدى. قوغۇشار تەڭرىقۇت بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى باشتىن-ئاخىر دوستانە ۋە مۇستەھكەم بولغاچقا، قۇتەيبە بۇزغۇدەك يوچۇق تاپالمىدى.

قۇتەيبە دەسلەپتە قوغۇشار خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى، ھەربىي كۈچى ئاجىز، شىمالغا قايتىپ كېلەلمەيدۇ دەپ ئويلاپ، غەربكە قوشۇن تارتىپ ئۇنىڭ ئوڭ تەرەپ زېمىنىنى ئىگىلىۋالماقچى بولغانىدى. شۇ چاغدا تۇغ تەڭرىقۇتنىڭ كىچىك ئىنىسى قوغۇشار تەڭرىقۇتتىن يۈز ئۆرۈپ[47]، ئوڭ تەرەپكە بېرىپ ئىككى ئاكىسىنىڭ ئادەملىرىنى يىغىۋېلىپ ئۆزىنى ئىلىم تەڭرىقۇت دەپ ئاتىۋالدى.

قۇتەيبە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، 50 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى قوشۇۋالدى. كېيىن خەن سۇلالىسىنىڭ قوغۇشار تەڭرىقۇتقا ئەسكەر ۋە ئاشلىق ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئوڭ تەرەپ زېمىنىدا تۇرۇپ قالدى ھەم ئۆزىنىڭ ھونلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، غەربكە كۆچۈپ ئۇيسۇنلارغا يېقىنلىشىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىشىشنى ئويلاپ ئۇيسۇنلارنىڭ كىچىك كۈنبېگى ئۇجۇتقا ئەلچى ئەۋەتتى. قۇتەيبەنىڭ قېچىپ يۈرگەنلىكىنى بىلگەن ئۇجۇت ئۇنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىگە ئەۋەتىپ بېرىپ، سەككىز مىڭ چەۋەنداز چىقىرىپ، يالغاندىن چىچىنى قارشى ئالماقچى بولغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالدى. قۇتەيبە ئۇنىڭ سۇيىقەستىنى سېزىپ قېلىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. ئارقىدىنلا شىمالغا ھۇجۇم قىلىپ ئوغۇزلارنى، دىڭلىڭلارنى (غەربىي دىڭلىڭلارنى)[48]، قىرغىزلارنى يېڭىپ، بۇ ئۈچ مىللەتنىڭ يەرلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، قىرغىزلار يېرىدە پايتەخت قۇردى، كۈچىمۇ خېلىلا كۈچەيدى.

كېيىن، قۇتەيبە ئۆزىنىڭ تۇرغان يېرىنى خەن سۇلالىسىدىن يىراقتا دەپ قاراپ، خەن سۇلالىسىنىڭ قوغۇشار تەڭرىقۇتنى قوللاپ ئۆزىنى قوللىمىغانلىقىدىن نارازى بولۇپ، خەن سۇلالىسى ئەلچىسى جاڭ نەيشى قاتارلىقلارنى

هاقارەتلىدى ھەم بارىمتايلىقتا تۇرۇۋاتقان ئوغلىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئوغلىنى ئەكىلىپ قۇيۇشقا كەلگەن گۇجىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئارقىدىن ئۆزىنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقىنى بىلىپ ھە قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ كۈچىيىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇپ تېخمۇ يىراققا كۆچۈپ كەتتى. كانگىيە خانى (كانگىيە ھازىرقى قازاقىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) ئىلگىرى ئۇيسۇنلاردىن كۆپ قېتىم يېڭىلگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ قۇتىئۇشنىڭ قېچىپ يۈرگەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۇنى كانگىيەنىڭ شەرقىگە جايلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ بىرلىكتە ئەسكەر چىقىرىپ ئۇيسۇنلارنىڭ يېرىنى تارتىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى شۇ يەرگە جايلاشتۇرۇش غەرىزىدە قىرغىزلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇنى قۇتىئۇشقا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئېيتتى. قۇتىئۇش بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خوش بولۇپ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلدى، لېكىن يول ئۈستىدە كۆپ ئادىمى توڭلاپ ئۆلگەچكە، كانگىيەگە كەلگەندە ئاران 3000 ئادىمى قالدى. كانگىيە خانى قىزىنى قۇتىئۇشقا ياتلىق قىلدى، قۇتىئۇشمۇ قىزىنى كانگىيە خانىغا ياتلىق قىلدى. كانگىيە خانى قۇتىئۇشنى ناھايىتى ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئەتراپتىكى ئەللەرگە تەھدىت سالدى، قۇتىئۇش كانگىيەنىڭ قوشۇنىدىن پايدىلىنىپ ئۇيسۇنلارغا زەربە بېرىپ، ئۇيسۇنلارنىڭ پايتەختى قىزىل قورغان شەھىرىگىچە بېسىپ بېرىپ، پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ، چارۋا ۋە مال-مۈلۈكلەرنى بۇلاپ كەتتى. ئۇيسۇنلار قوغلاپ زەربە بېرىشكە پېتىنالمىغاچقا، غەربتە مىڭ چاقىرىمدەك ئارىلىق بوش قالدى. شۇ ۋاقىت تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 44-يىلى ئىدى.

قۇتىئۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن غەلىبىسىدىن كۆرەڭلەپ، كانگىيە خانىنى كۆزگە ئىلمىدى ھەم كېيىن كانگىيە خانىنىڭ قىزىنى ھەم بەگلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ياكى پۇت-قولىنى كېسىپ تاشلاپ تالاس دەرياسىغا تاشلىۋەتتى. يەنە خەلقنى ھاشارغا تۇتۇپ قورغان سالدۇرۇپ، ھەر كۈنى 500 ئادەمنى ئىشلىتىپ قورغاننى ئىككى يىلدا پۈتتۈردى. ئەتراپتىكى ئائورسى، پەرغانە قاتارلىق ئەللەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرۇشقا يارلىق چۈشۈردى. ئۇلار ئولپاننى تاپشۇرماسلىققا پېتىنالمىدى. خەن سۇلالىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كانگىيەگە ئۈچ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ گۇجى قاتارلىقلارنىڭ جەسىتىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، قۇتىئۇش ئەلچىلەرنى خورلاپ يارلىقنى كۆزگە ئىلمىدى. بۇنىڭدىن خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى چېرىكچى بېگى گەن يەنشۇ ۋە ئورۇنباسار چېرىكچى بەگ چېن تاڭ قاتارلىقلار قاتتىق غەزەپلەندى. ئەمما، قۇتىئۇشنىڭ كۈچىنىڭ داۋاملىق كۈچىيىۋاتقانلىقىنى ئويلىشىپ، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ قوشۇنىدىن پايدىلانماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن،

قوشتىكى تېرىقچى لەشكەرلەر ۋە غەربىي يۇرتتىكى 15 بەگلىكنىڭ قوشۇنلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 40 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر يىغدى. پۈتۈن قوشۇننى ئالتە بۆلەككە بۆلۈپ، ئۈچ بۆلەك قوشۇن پامىردىن ئېشىپ پەرغانە ئارقىلىق ماڭدى، ئۈچ بۆلەك قوشۇن شىمالىي يول بىلەن مېڭىپ، ئۈنسۇن ئارقىلىق كانگىيەگە كىردى. ئۇلار قۇتىئۇشنىڭ ئوردىسىغا نەچچە ئون چاقىرىم كېلىدىغان جايغا قارارگاھ قۇرۇپ، كانگىيەنىڭ بىر بېگىنى تۇتۇۋېلىپ يول باشلىغۇچى قىلىپ، قۇتىئۇشنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى ئۇقۇۋالدى. نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن گەن يەنشۇ، چېن تاڭ قاتارلىقلار قۇتىئۇشنىڭ ئوردىسى يېنىدىكى تالاس دەرياسىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئوردىغا ئۈچ چاقىرىم كېلىدىغان جايغا قارارگاھ قۇردى. قۇتىئۇش شەھەر سېپىلىغا تۇغ-ئەلەملەرنى تىكلەپ، لەشكەرلەرنى تەقلەپ مۇداپىئە كۆردى. ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا ئوقيا ئېتىشتى، قۇتىئۇشنىڭ ئالچىلىرىمۇ ئوقيا ئاتتى. قۇتىئىتشنىڭ بۇرنىغا ۋە ئالچىلىرىدىن بىرنەچچىسىگە خەن لەشكەرلىرىنىڭ ئوقى تەگدى. كېچىدە شەھەر ئېلىنىدى، كانگىيە قوشۇنىدىن ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئون نەچچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ سېپىلنى ئوراپ ياردەم بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ ئۈگۈشلۈق بولمىدى. تاڭ يورۇش بىلەن سېپىلنىڭ تۆت تەرىپىدىن ئوت كۆتۈرلۈپ خەن لەشكەرلىرى چۇقان كۆتۈرگىنىچە كانگىيە لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى، ناغرا-دۇمباق ساداسى يەر-جاھاننى لەرزىگە سالدى، كانگىيە قوشۇنلىرى چېكىندى. خەن لەشكەرلىرى شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى، ئېغىر يارىلانغان قۇتىئۇش تەڭرىقۇت ئۆلدى. چاۋۇش بەگ دۇشۈن ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىۋالدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قۇتىئۇشنىڭ ئالچىسى، ئوغلى، داڭلىق خانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1500 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرلۈپ، 140 دىن ئارتۇق ئادەن ئەسىرگە ئېلىنىپ، مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئەل قىلىندى. بۇ ۋاقىت مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 36-يىلى ئىدى[49].

شۇنىڭ بىلەن، ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان كۈچى ئاخىر يوقىتىلدى. ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۈيانجۇت تەڭرىقۇتتىن باشلانغان 20 نەچچە يىللىق قالايمىقان ۋەزىيەت خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچى ۋە ياردىمى ئارقىلىق ئاخىرلاشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ قايتا بىرلىككە كېلىشى 100 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتى (شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە يەنە پارچىلىنىپ كەتتى). قۇتىئۇش تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلىشىش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ، مەركىزىي ھاكىمىيەتتىن بۆلۈنۈش يولىدا چىڭ تۇرغانلىقتىن، ئۆز-ئۆزىنى ھالاك قىلدى. قوغۇشار تەڭرىقۇت بولسا خەن سۇلالىسىغا ئەل بولغان چاغدىكى دەسلەپكى ئارزۇسىغا سادىق بولغاچقا ئاخىرى مەقسىتىگە يەتتى.

قۇتىئۇشنىڭ ئۆلۈمىدىن قوغۇشار تەڭرىقۇت ھەم خۇشال بولدى. ھەم قورقتى. خۇشاللىقى قۇتىئۇشنىڭ ئۆلۈشى بىلەن سىياسىي رەقىبى يوقىلىپ غەمدىن خالاس بولغانلىقىدىن بولسا، قورقۇشى قۇتىئۇشتىن ئىبارەت خەن سۇلالىسىنى چەكلەپ تۇرىدىغان كۈچنىڭ يوقۇلۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ھەيۋىسىنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقى، ئۆزى يالغۇز ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، كېيىن خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇپ قۇتىئۇشتەك ئاقىۋەتكە قېلىشتىن ئەنسىرىگەن ئىدى. ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خەن سۇلالىسىگە يېقىنلاشقاندىلا، ئاندىن بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلالايتتى. شۇڭا، ئۇ مەكتۇپ سۇنۇپ: « مەن خان بىلەن كۆرۈشۈشنى دائىم ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بولساممۇ، لېكىن قۇتىئۇش غەربتە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇپ، خان ئالىيلىرىنى زىيارەت قىلالمىدىم. ھازىر قۇتىئۇش ئۆلتۈرۈلدى، شۇڭا خان ئالىيلىرىنى زىيارەت قىلغىلى بارماقچىمەن» دېدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 33-يىلى ئەتىيازنىڭ 1-ئېيىدا ئۇ ئوردىغا زىيارەتكە كەلدى (بۇ ئۇنىڭ شىمالدىكى تەڭرىقۇت ئوردىسىغا قايتقاندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق زىيارىتى ئىدى) ئۇنىڭغا قىلغان قائىدە - يوسۇن ۋە ئىنئاملار بۇرۇنقىدەك بولدى. ھەم كىيىم -كېچەك، تاۋار-دۇردۇن، سەرناق قاتارلىق نەرسىلەر خۇاڭلۇڭ 1-يىلىدىكىگە قارىغاندا بىر ھەسسە كۆپ تەقدىم قىلىندى. زىيارەت مەزگىلىدە قوغۇشار تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىگە كۈيئوغۇل بولۇشنى ۋە دوستلۇقنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يۈەندى ئارقا ھەرەمدىكى «ياخشى ئائىلىنىڭ پەرزەنتى» راڭ چياڭنى (يەنە بىر ئىسمى جاۋجۈن) ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. قوغۇشار تەڭرىقۇت بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشاللىنىپ، جاۋجۈنگە «ھۇنلارنى ئەمىن قىلغۇچى ئالچى» نامىنى بەردى. ئارقىدىنلا يەنە خەن سۇلالىسىگە مەكتۇپ سۇنۇپ خەن سۇلالىسى ئۈچۈن شاڭگۇنىڭ غەربىدىن دۇنخۇاڭغىچە بولغان جايلارنى قوغداپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بۇ يەردىكى قورۇللارنى بىكار قىلىپ ئەسكەرلەرنى چېكىندۈرۈپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. خەن سۇلالىسى «خاتىرجەملىك ئىچىدە خەۋپنى ئۇنتۇپ قالماسلىق»تەك ھوشيارلىق بىلەن ئۇنىڭ تەلىپىنى سىلىق رەت قىلدى. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 31-يىلى) ئۇ ئۆلدى[50].

قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. بۇ ئۇنىڭ شەخسى ئارزۇسىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، بەلكى خەنزۇ، ھۇن ئىككى مىللەتنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تارىخى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. ئەمما، ئۇ ئەينى چاغدا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تارىخ ئېقىمىغا ئەگىشىپ،

هۇن خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى ھەم ئۆزىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى يىراقنى كۆرەرلىكى، قابىلىيىتى ۋە جاسارىتى ئارقىلىق ئاخىر خەنزۇ، ھۇن مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، شىمال بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق خەنزۇ ۋە ھۇن مىللىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتتى.

ھۇنلار كۆچمەن چارۋىچى مىللەت سۈپىتىدە قۇللۇق تۈزۈمدە تۇرۇۋاتقان، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدە تۆمۈر قورال-لار مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، چارۋىچىلىقى تەرەققىي قىلىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئايرىلىپ چىققان بولسىمۇ، ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يەنىلا كۆلىمى كىچىك، تېخنىكىسى تۆۋەن، قول ھۈنەرۋەنچىلىك تولۇق تەرەققىي قىلمىغان، مەدەنىيىتى ئارقىدا بولۇپ، ئەينى چاغدىكى خەنزۇلارنىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلغان فېئوداللىق ئىقتىسادى، مەدەنىيىتىگە سېلىشتۇرغاندا پەرقى ناھايىتى زور ئىدى. «تۇز ۋە تۆمۈر ھەققىدە» دە ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئەھۋالى تەسۋىرلىنىپ: «ھۇنلارنىڭ يۇقىرىدا قانۇن-قائىدىسى، تۆۋەندە يېزىق-بەلگىسى يوق ئىدى. چېدىر-كەپىلەردە ئولتۇرۇپ كىگىزلەرنى تام قىلاتتى. شەھەر-قەلئەلىرى يوق بولۇپ، ئوردا-سارايلارنى قۇرمايتتى. كىيىم-كېچەك تىكەلمەيتتى. زىننەت بويۇملىرىنى ياسىيالمايتتى» دېيىلگەن. شۇڭا، ھۇنلار ئۆزلىرىنىڭ چارۋا ماللىرى ۋە يۇڭ-تېرىلىرىنى خەنزۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىغا ئالماشتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى قامداشقا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن باتۇر تەڭرىقۇت دەۋرىدىن بۇيان ھۇنلار خەنزۇلار بىلەن چېگرا بازىرى ئېچىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ۋېندى دەۋرىدە جيايى: «ھۇنلار بازار ئېچىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق» دېگەنىدى [51]. جىڭدى دەۋرىدە ھۇنلار خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان چېگرا بازىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ۋۇدى تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەردىمۇ بازار داۋاملىق ئېچىلىپ تۇردى. بازار ھۇنلارنى ئىنتايىن جەلپ قىلغان بولۇپ، تارىخىي ئەسەرلەردە «ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتتىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسىگە يېقىنچىلىق قىلىپ، سەددىچىن ئارىلىقىدا بېرىپ-كېلىپ يۈرەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. كېيىن خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئارىسىغا كەڭ-كۆلەملىك ئۇرۇش پارتلىغان بولسىمۇ، ھۇنلار خەنزۇلار رايونىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ياخشى كۆرگەچكە، بازاردىن ۋاز كېچىشنى خالىمىدى [52]. بۇنىڭدىن ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي ئېھتىياجى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تەرەققىي تاپقان ئىقتىسادىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئىقتىسادىي

جەھەتتىكى بۇ خىل زۆرۈر مۇناسىۋەت دەل ھۇنلار بىلەن خەنزۇلار، شىمال بىلەن جەنۇبنىڭ بىرلىككە كېلىش ۋە ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى ئىدى.

ھۇنلار ئىقتىسادىي جەھەتتىلا خەنزۇلار بىلەن بازار ئېچىشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالماستىن، يەنە مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ خەنزۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېھتىياجلىق ئىدى. مەسىلەن، ھۇنلارنىڭ خەنزۇلاردىن ھېسابلاش ۋە تىزىملاش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاھالە، چارۋا ماللىرىنىڭ ھېسابىنى قىلغان [53]. يەنە شەھەر سېلىش، قۇدۇق قېزىش [54]، مۇھۇر ياساش [55] قاتارلىقلارنى ئۆگىنىۋالغانىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى قالاق ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدا زور رول ئوينىغانىدى.

چېگرا بازىرى ئېچىش، ئەلچىلىك قىلىش، قۇدىلىشىش، ئۇرۇش، ئەسىرگە چۈشۈرۈش، ئەل بولۇش ۋە ئۆز-ئارا ئالاقە قىلىش قاتارلىق ھۇنلارئارىسىدا نۇرغۇنلىغان كىشلەر تەدرىجى ھالدا خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. ۋېندى دەۋرىدىن بۇرۇنلا، تارىخىي ئەسەرلەردە «ھۇنلار خەنزۇلارنىڭ كىيىم-كېچەك ۋە يېمەك-ئىچمەككە ئامراق» دەپ خاتىرلەنگەن. بۇنىڭدىن شۇ چاغدىكى ھۇنلارنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن قاتلىمىدىكىلەرنىڭ خەنزۇلارنىڭ ماددىي مەدەنىيتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭا، ۋۇدى دەۋرىدىن كېيىن، كۆپلىگەن ھۇنلار خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان قۇدىلىشىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مايىل بولدى ھەم نۇرغۇن خان، بەگلەر قوۋملىرىنى باشلاپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى [56]. بۇنىڭدا باشقا سەۋەب مەسىلەن، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇش، ئىچكى زىددىيەت قاتارلىقلار بولسىمۇ، لېكىن خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلارغا بولغان ئۇززاق مۇددەتلىك كۈچلۈك تەسىر يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئىسپاتقا ئېرىشتى [57]. مەسىلەن، خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ھۇنلارغا توشۇلغان تاۋار- دۇردۇن ۋە قول ھۈنەۋەرنچىلىك بۇيۇملىرى كېيىنچە تەدرىجى ھالدا ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئادەتتىكى خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان بولۇپ، ھۇن قەبرىلىرىدىن دائىم دېگۈدەك خەنزۇچە ئۇسلۇپتىكى يىپەك كىيىملەر، بىرونزا ئەينەك، ئۈزەڭگە ۋە سىرلانغان ئەسۋاپلار تېپىلغان. بۇ خىل ئەھۋال خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ چېگرىداش جايلىرىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغان.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ھۇنلار گەرچە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە

ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋە تۇرمۇش جەھەتتە يەنىلا ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالدى. خەن سۇلالىسى ھەر قېتىم زور تۈركۈمدىكى ھۇنلارنىڭ ئەل بولۇشنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، قورۇلغا يېقىن جايلاردا «قارام ئەل» (خەن سۇلالىسگە تەۋەلىك بىلدۈرگەن، لېكىن مىللىي ئۆرۈپ-ئادىتىنى ئۆزگەرتمىگەن) تەسىس قىلىپ، ئۇلارنى «ئەسلىدىكى ئادىتى» (ئەسلىدىكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى) بويىچە ئورۇنلاشتۇردى [58] . بۇ دەل ھۇنلارنىڭ ئىگىلىك، تۇرمۇش ۋە ئۆرپ-ئادەت جەھەتتە يەنىلا ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ھۇنلار بىرلا قوۋم بولماي، كۆپلىگەن قوۋمى ياكى قەبىلىلەردىن تۈزۈلگەن ئورتاق گەۋدە بولغانلىقى، ھەر قايسى قىسىملىرى نەچچە مىڭ چاقىرىم دائىرىگە تارقالغانلىقى ئۈچۈن، ئىجتىمائىي سەۋىيىسى ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. رايون جەھەتتە بەزىلىرى خەنزۇلارغا يېقىن بولغانلىقى (مەسىلەن، خېتاۋ رايونىدا پائالىيەت قىلغان ئالوبان خان ۋە بايان خانلارنىڭ قوۋمى، كېيىن جاگېينىڭ يېقىن ئەتراپىدا پائالىيەت قىلغان ئۇنىئۆت خانىنىڭ قوۋمى) [59]، يەنە بەزىلىرى خەنزۇلاردىن يىراق جايلاشقىلىقى (مەسىلەن، بايقال كۆلى بويىدىكى ئۇكەن خانىنىڭ قوۋمى، غەربىي يۇرتتىكى باتىس خان شانشانچانىنىڭ قوۋمى، شەرقىي بارىكۆل خانى سىلىجىنىڭ قوۋمى) [60] ئۈچۈن، خەنزۇلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش دەرىجىسىمۇ بىردەك ئەمەس ئىدى. بۇ خىل ئىقتىسادى، مەدەنىي، جۇغراپىيۋى ئامىللار ھەم سىياسىي، ھەربىي ئامىللار ھۇنلاردا تەدرىجىي ھالدا قۇتىئۇش ۋە كىلىلىكىدىكى ۋە قوغۇشار ۋەكىللىكىدىكى خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئوخشىمىغان پوزىتسىيە تۇتىدىغان ئىككى خىل ئىجتىمائىي كۈچنى شەكىللەندۈرىدى. ھالبۇكى، قوغۇشارنىڭ خەن سۇلالىسگە ئەل بولۇشى يەنە بىر جەھەتتىن ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدىكى تەكپۇكسىزلىقنى يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا كۈچەيتىۋەتتى ۋە چوڭقۇرلاشتۇرىۋەتتى. كېيىن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلگە كەلگەندە، ھۇنلار رەسمىي ھالدا جەنۇب-شىمالدىن ئىبارەت ئىككىگە پارچىلىنىپ كەتتى. جەنۇبىي ھۇنلار كېيىنچە تەدرىجىي ھالدا فېئوداللاشقان بولسا، شىمالىي ھۇنلار قۇللۇق جەمئىيەتتىن ئىبارەت تارىخىي باسقۇچتا توختاپ قالدى.

ئەمما، بۇ خىل ئەھۋال-- ھۇنلارنىڭ قۇتىئۇش ۋە قوغۇشاردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈشى-بىلەن قوغۇشارنىڭ خەن سۇلالىسگە ئەل بولۇشىنىڭ غايەت زور تارىخى ئەھمىيىتىنى ھەرگىز تۆۋەنلىتىشكە بولمايدۇ ھەم

قوغۇشارنىڭ خەن سۇلالىسگە ئەل بولۇشى پۈتكۈل هۇن خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە هەرگىز ئۇيغۇن كەلمەيتتى، دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، هۇن ئەمگەكچى خەلقى، جۈملىدىن قۇتئۇش هۆكۈمرانلىقىدىكى ئەمگەكچى خەلق بىلەن خەنزۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ هېچقانداق مەنپەئەت توقۇنۇشى يوق بولۇپ، ئۇلار ئوخشاشلا هۆكۈمرانلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە ئېزىشىگە ئۇچرايتتى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دوستانە ئىدى. هۇنلاردا خەنزۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش دەرىجىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، خەنزۇ مەدەنىيىتىگە ئىنتىلىش دەرىجىسى بىردەك بولمىسىمۇ، خەنزۇلارغا ئەل بولۇش-بولماسلىق مەسىلىسىدە ئىختىلاپ بولسىمۇ، ئۇلار خەنزۇلار بىلەن ئۆزلىرى ئارىسىدا دۈشمەنلىك هالەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى، بولۇپمۇ ئۇرۇشنىڭ يۈز بېرىشىنى قەتئىي خالىمايتتى. چۈنكى، ئۇرۇش ئىككى مىللەتنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پۈرسىتىنى توسالغۇغا ئۇچرىتىپ، ئىككى مىللەت خەلقىگە، بولۇپمۇ هۇن خەلقىگە ئېغىر ئاپەت ئېلىپ كېلەتتى. شۇڭا، هۇن ئەمگەكچى خەلقى تىنچلىق، خاتىرجەملىكنى، خەنزۇلار بىلەن دوستانە ئۆتۈپ، بازار ئېچىپ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ نۇقتىدا مەيلى قوغۇشارنىڭ هۆكۈمرانلىقىدىكى هۇن ئەمگەكچى خەلقى بولسۇن ياكى قۇتئۇشنىڭ هۆكۈمرانلىقىدىكى بىردەكلىككە ئىگە ئىدى. قۇتئۇش هۆكۈمرانلىقىدىكى هۇن ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرالماسلىقى قۇتئۇش باشچىلىقىدىكى هۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ خەلقنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 87-يىلى ۋۇدى ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئىككى تەرەپ 20 نەچچە يىل ئۇرۇش قىلىپ، هەر ئىككى تەرەپ ئېغىر ئۆلۈم-يىتىم ۋە زىيانغا ئۇچراپ، هۇنلار هالىدىن كېتىپ، تەڭرىقۇتنىڭ تۆۋىنىدىكى هەر دەرىجىلىك ئاقسۆڭەكلەر قۇدىلىششىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىشقان بولۇپ، قۇلقۇ تەڭرىقۇت (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 96～85-يىللار) ۋە غۇيانىدى تەڭرىقۇت (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 85～68-يىللار) خەن سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىششىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئويلاشقان. يەنە قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ ئاتىسى شۈرۈچانچۇ تەڭرىقۇتمۇ تىرخان تۇلقۇز قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ يارىششىنى تەلەپ قىلغان، ئەمما تەڭرىقۇت ئۆلۈپ كەتكەچكە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60-يىلى) بۇ ئىش نەتىجىسىز قالغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەنزۇ، هۇن ئىككى مىللەتنىڭ ئەسكەرلەرنى ئارام ئالدۇرۇپ دوستانە بېرىش-كېلىش قىلىش خاهىشى ۋە شىمال بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە يۈزلىنىشى قوغۇشار تەڭرىقۇت تارىخ سەهنىسىگە چىقىش هارپىسىدىلا

پىشىپ قالغان، ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى قوغۇشار تەڭرىقۇت جىخۇشاندەك بىر سىياسىي جەھەتتە يىراقنى كۆرەرلىككە، قابىلىيەتكە ۋە ئىقتىدارغا ئىگە كىشىنىڭ بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈرۈنلىشىنىلا كۈتۈپ قالغان ئىدى.

قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇشى زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ تارىخىي ئەھمىيەت يەنە ئۆز نۆۋىتىدە قوغۇشارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئاكتىپ رول ئوينىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچىدىن، مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتە ئۇ خەنزۇ مىللىتى بىلەن ھۇن مىللىتى ئوتتۇرىسىدىكى 150 يىللىق (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 201-يىلىدىن 51-يىلىغىچە) ئۇرۇش ھالىتىنى تىنچ، دوستانە مۇناسىۋەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئىككى مىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق يېڭى ۋەزىيىتىنى ياراتتى ھەم كېيىنكى جەنۇبىي ھۇنلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك دوستانە ھەمكارلىقىغا ئاساس سېلىپ، ئىككى مىللەت مۇناسىۋىتى تارىخىدا پارلاق سەھىپە ئاچتى.

ئىككىنچىدىن، سىياسىي جەھەتتە ئۇ «ئۈچ دەۋر(شيا، شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى)دىن بۇيان غۇز، يۆلەر مەركىزىي ھاكىمىيەتكە بويسۇنماسلىق»تەك كونا ئەنئەنىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەركىزى ھاكىمىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشىنى باشلاپ بەردى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئىلغار سىياسىيسى شىمالغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ، شىمال بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ سىياسىي مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، شىمال بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئۈچىنچىدىن، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە خەنزۇ، ھۇن ئىككى مىللەتنىڭ تىنچ، دوستانە ئۆتۈشى، چېگرا بازارلىرىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىماسلىقى ياكى ئاز ئۇچرىشى بىلەن ئىككى مىللەت ئەمگەكچى خەلقى بازار ئارقىلىق كۆپلەپ ئالاقە قىلىپ، ھۇنلار خەنزۇلاردىن كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئىگە بولۇپ، خەنزۇ مەدەنىيىتى ھۇنلارغا تېخىمۇ كۆپ تارقالدى. بۇنىڭ بىلەن، ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشى تېز يۈكسىلىپ، قالاق ھالەتتىن تېزلا قۇتۇلدى.

تۆتىنچىدىن، قوغۇشارنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ قۇتىئۇشنى يېتىم قالدۇرۇپ، ئۇنى غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلىشى خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇنى بويسۇندۇرۇشىغا پايدىلىق بولدى. بۇنىڭ بىلەن ھۇنلارنىڭ 20 نەچچە

يىللىق بۆلۈنمە ھالىتى ئاخىرلىشىپ، سىياسىي جەھەتتىكى قالايمىقانلاشقان ۋەزىيىتى تىنچىدى، بۇ ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە نۇپۇسنى ئاۋۇتۇشقا پايدىلىق شارائىت ئىدى. شۇڭا، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 51-يىلى قوغۇشار تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 43-يىلى تەڭرىقۇت ئوردىسىغا قايتىپ كەتكۈچە بولغان ئارلىقتا ئاران ئالتە-يەتتە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، تارىختا خاتىرلەنگەن "تەڭرىقۇتنىڭ خەلقى گۈللەنگەن" ھالەت شەكىللەندى ھەم قوغۇشارنىڭ ئۇرقىمۇ " ئاتا -بوۋىلىرىنىڭ سەلتەنىتىنى ساقلاپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇردى" . يەنە قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ ئۇيانجۇت تەڭرىقۇت ۋە قۇتىئۇش تەڭرىقۇتقا قارىغاندا مۆتىدىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ، خەن سۇلالىسى بىلەن دوستانە-ئىتتىپاق ئۆتۈپ ئۇرۇشنى توختاتقانلىقى، سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكنى ھۇن خەلقىگىمۇ پايدىلىق ئىدى. شۇڭا، قوغۇشار تەڭرىقۇت ئوردىسىغا قايتقاندا ھۇن خەلقىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تەۋە بولۇشنى ئارزۇ قىلىشتى ۋە ئارقا-ئارقىدىن ئۇنىڭغا تەۋەلىك بىلدۈرۈشتى. تارىخى ئەسەرلەردە قەيت قىلىنىشىچە، "تەڭرىقۇت ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن خەلق ئاستا-ئاستا يىغىلىپ، دۆلەت ئەمىنلىك تاپقان". قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇشى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەچكە، قوغۇشار ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇقدىكىلەرنىڭ خەنزۇلار بىلەن ھۇنلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقىغا بولغان تونۇشىمۇ چوڭقۇرلاشقان. قوغۇشارنىڭ ئالچىسى جۈەنچۇ " ھۇنلار ئون نەچچە يىللىق قالايمىقانچىلىقتا قىل ئۈستىدە قالغان ئىدى، خەن سۇلالىسىنىڭ ياردىمىدە ئاران ئەمىنلىككە ئېرىشتى" دىگەن بولسا، قوغۇشارنىڭ ۋاڭ جاۋجۈنگە " ھۇنلارنى ئەمىن قىلغۇچى ئالچى"نامىنى بېرىشىمۇ ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمىنلىككە ئېرىشكەنلىكنى ئىپادىلىگەن. ئۇ ئوردىسىغا قايتقاندىن كېيىن خەن سۇلالىسى ئەلچىسى خەن چاڭ ۋە جاڭ مىڭلار بىلەن تۈزگەن ئىتتىپاقلىق ئەھدىنامىدە "بۈنىڭدىن كېيىن خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى بىر ئائىلىدەك يېقىن ئۆتىدۇ، ئەۋلادتىن –ئەۋلادقا بىر –بىرىنى ئالدىمايدۇ" دىگەننى قايتا-قايتا تەكىتلىگەن. سەكراتتقا چۈشۈپ قالغاندىمۇ نەۋرە-چەۋرىلىرىگە ۋەسىيەت قىلىپ خەن سۇلالىسى بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامىگە رىئايە قىلىپ خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، خەن پادىشاھىغا جاۋاپ قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. تاكى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھۇنلار جەنۇب، شىمال ئىككىگە پارچىلىنىپ كەتكەن چاغدا (مىلادىيە 48-يىلى)، ئۇنىڭ نەۋرىسى شىلوشىيۇت تەڭرىقۇتنىڭ يەنىلا "قوغۇشار" نامىنى

قوللىنىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشمۇ ئۇنىڭ ”بوۋىسى خەن سۇلالىسىنىڭ شاپائىتىدە ئەمنىلىككە ئېرىشكەچكە نامىغا ۋارىسلىق قىلىشنى ئويلىغانلىقى[61]“دىن بولغانىدى. بۇنىڭدىن قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ، خەن سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ياردىمىنى قوبۇل قىلىشىنىڭ ھۇنلارغا قانچىلىك چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇنلارغا كۆپلەپ كىيىم-كېچەك تەقدىم قىلىپ، نۇرغۇن ئاشلىق بېرىپ، ئۇلارنى ئەسكەر چىقىرىپ قوغدىشى، ھۇن تەڭرىقۇتى، شاھزادىسى، ئاقسۆڭەكلىرى، ۋەزىرلىرى، ئەلچىلىرى، مەلىكىلىرى ۋە ئاياللىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز خەن سۇلالىسىگە بېرىپ ئىنئاملارغا ئىگە بولۇشى ياكى خەن سۇلالىسى پادىشاھلىرى بىلەن كۆرۈشۈشى، ئۇزۇن مۇددەت ياكى قىسقا مۇددەت خان ئوردىسى ياكى چاڭئەندىكى گاۋجېي كوچىسىدا (غەربىي خەن دەۋرىدىكى چېگرىدىكى مىللەتلەرنى كۈتۈۋالىدىغان مېھمان ساراي تۇرۇشلۇق جاي) تۇرۇشىمۇ ئىككى مىللەتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تىل، ئۆرپ-ئادەت، كىيىم-كېچەك جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشى ۋە تەسىرىنى كۈچەيتتى. بۇلۇپمۇ ۋاڭ جاۋجۈننىڭ ياتلىق قىلىنىشى ئىككى مىللەتنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئىتتىپاقلىق ۋە دوستلۇقىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى ۋە مۇستەھكەملىدى. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى قۇشۇلۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

بەشىنچىدىن، قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇشى خەنزۇ خەلقىگىمۇ ئەمەلىي نەپ ئېلىپ كەلدى. شىمال تىنچلانغانلىقتىن، ”چېگرا-قۇرۇللاردىكى شەھەر قۇۋۇقلىرى ناھايىتى كەچ يېپىلىدىغان، ئات ۋە كالىلار ھەممىلا يەردە يايلاپ يۈرىدىغان، ئۈچ ئەۋلات كىشىلەر جەڭ سىگنالىنى ئاڭلىمايدىغان ۋە پۇقرالار ئۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدىغان بولدى“[62]. شىمالدىكى خەلقلەر 60 يىلغىچە (ۋاڭ ماڭ خەنزۇلار بىلەن ھۇنلار مۇناسىۋىتىنى بۇزۇۋەتكىچە) ئارام ئېلىپ ھاللىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇ تەبىئىيكى خەنزۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ناھايىتى پايدىلىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن خەنزۇ، ھۇن ئىككى مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ زور كۆلەمدە ئالمىشىشى ۋە ئىككى مىللەت خەلقىنىڭ قويۇق ئالاقىسى بىلەن خەنزۇ مەدەنىيىتىمۇ ئوخشاشلا ھۇن مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى ھەم خەنزۇلارنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىي تۇرمۇشى تېخىمۇ تولۇقلاندى ۋە بېيىدى. مەسىلەن، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋە خەنزۇ خەلقىنىڭ يىلقىچىلىقىنىڭ مىسلىسىز راۋاجلىنىشى ھۇنلار رايونىدىن ئاتنىڭ كۆپلەپ كىرگۈزۈلۈشى ۋە ئات بېقىش تېخنىكىسىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

يەن شكۇ «خەننامە، جىڭدى ھەققىدە خاتىرە» گە ئىزاھ بەرگەندە «خەن يۈسۈنلىرىغا ئىزاھ» دېگەن ئەسەردىن نەقىل ئېلىپ، ئوردا مىراقۇلىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى 36 ئاتخانا شىمال ۋە غەربكە تارقالغان بولۇپ، جەمئىي 300 مىڭ ئات بېقىلاتتى، دېگەن. يەنە «تارىخىي خاتىرىلەر. ۋېيى چىڭ ۋە قىران چەۋەنداز سانغۇننىڭ تەرجىمھالى» خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، يۈەنشۇ 2-يىلىدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەر 140 مىڭ ئات چىقارغان. بۇنىڭدىن ئەينى چاغدا ھۆكۈمەت خەلقنىڭ يىلقىچىلىقىنىڭ ناھايىتى گۈللەنگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يەنە «تۈز ۋە تۆمۈر ھەققىدە» 1-جىلد «تېرىقچىلىق»دا، ھۇنلارنىڭ قېچىر تۆگە قاتارلىق ئۇلاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ كىرگەنلىكى، ئاتنىڭ يەرلىك چارۋىغا ئايلىنىپ قالغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىكى ئەينى چاغدا ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ يىلقىچىلىقىنىڭ ناھايىتى گۈللىنىشىنىڭ ھۇنلار رايونىدىن ئاتنىڭ كۆپلەپ كىرگۈزۈلگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ھۇن جىن مىتى ئات بېقىشقا ئۇستا بولۇپ، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇچۇن ئات بېقىپ بەرگەن، «باققان ئاتلىرى سېمىز بولغاچقا »، خەن ۋۇدى ھەيران قېلىپ ئۇنى مىراخور كەھبەگلىككە تەيىنلىگەن، بۇ ئات بېقىش تېخنىكىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشىنىڭ تىپىك بىر دەلىلى بولالايدۇ [63] خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تاش ئويما سەنئىتىدىنمۇ ھۇنلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش تېمىسى ۋە ئۇسلۇبىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىڭپىڭ ناھىيىسى ماۋلىڭدىكى خۇچۇبىڭ قەبرىسى ئالدىدىكى ھۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك زور تاش ئويما بۇنىڭ گەۋدىلىك بىر مىسالىدۇر [64]. سەددىچىن سېپىلىنىڭ جەنۇبىدىنمۇ ھۇنلارنىڭ نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇن، خەنزۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى زىچ ئالاقىسىنى ۋە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ھۇنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئالتىنچىدىن، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئابرۇيىنىڭ ئۆسۈشى ۋە قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇشىنىڭ تەسىرى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرمۇ خەن سۇلالىسىنى ھۆرمەتلەيدىغان بولدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيسۇندىن ئارساكقىچە بولغان ئەللەرنىڭ ھەممىسى ھۇنلار بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان بولۇپ، ھۇن ئەلچىلىرى تەڭرىقۇتنىڭ خېتىنى [65] كۆتىرىپ بارسىلا ئۇلار تەخىرسىز ئوزۇق-تۈلۈك يەتكۈزۈپ بەرگەن. لېكىن خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى بارغاندا پۇل-مال چىقارمىسا يىگۈدەك ئاشلىق، مىنگۈدەك

ئۇلاق تاپالمىغان، قوغۇشار تەڭرىقۇت ئەل بولغاندىن كېيىن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسىنى ھۆرمەتلەيدىغان بولغان[66]. ۋاڭ جاۋجۈن مىلادىيۇيۇرۇنقى 33-يىلى (خەن يۈەندىنىڭ جىڭنىڭ 1-يىلى) قوغۇشار تەڭرىقۇتقا ياتلىق قىلىنغان. «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ئۇ ياتلىق بولۇشتا ئۆزى «ھەرەمدىن چىقىشنى ئىلتىماس قىلغان». ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ياتلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىشى ئوردىغا كىرىپ نەچچە يىلدىمۇ ”خاننىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلمەي“ قىيدىغانلىقتىن بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ خەنزۇ، ھۇن مىللىتىنىڭ ئىتتىپاق، دوستانە ئۆتۈشىنىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدىكى تونۇشى بىر قەدەر چوڭقۇر ھەم توغرا بولغان.

جاۋجۈن گەرچە ئوردىدا تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، خەنزۇ، ھۇن مىللەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى يەنىلا بىلەلىگەن «خەننامە. يۈەندى ھەققىدە خاتىرە» دە خاتىرىلىنىشىچە:

جيەنجاۋ 3- يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنى 36- يىلى) قىشتا، خەن يەنشۇ، چېن تاڭ قاتارلىقلار قۇتىئۇش تەڭرىقۇتنىڭ كاللىسىنى پايتەختكە ئەۋەتىپ بەرگەن. ئۇنىڭ كاللىسى ”يات قوۋملەر مېھمانسارىيى“ نىڭ دەۋازىسىغا ئېسىپ قويۇلۇپ سازايى قىلىنغان.

جيەنجاۋ 4- يىلى ئەتىيازنىڭ تۇنجى ئېيىدا، قۇتىئۇش تەڭرىقۇتنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى مۇناسىۋىتى بىلەن نەزىر- چىراق قىلىنىپ، پۈتۈن ئەل بويىچە چوڭ كەچۈرۈم ئېلان قىلىنىپ، ۋەزىر- ۋۇزىرالار زىياپەت بىلەن تەبرىكلەنگەن. قۇتىئۇش تەڭرىقۇتقا قىلىنغان جازا يۈرۈشى تورغىرىسىدىكى رەسىملەر ھەرەمدىكىلەرنىڭ كۆرۈشىگە بېرىلگەن.

جىڭنىڭ 1- يىلى ئەتىيازنىڭ تۇنجى ئېيىدا، قوغۇشار تەڭرىقۇت ئوردىغا زىيارەتكە كەلگەندە خەن يۈەندى قۇتىئۇشنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە قوغۇشارنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى تەبرىكەپ، يىلنامىنى ”جىڭنىڭ“ (ئەمىنلىك) غا ئۆزگەرتكەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئوردا ۋە پۈتۈن مەملىكەتنى لەرزىگە كەلتۈرگەن چوڭ ئىشلاردا ۋاڭ جاۋ جۈن پۈتۈنلەر خەۋەر تاپقان. بولۇپمۇ قۇتىئۇشقا ئائىت رەسىملەرنىڭ ھەرەمخانىدا كۆرسىتىلىشى ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھۇن، خەنزۇ مىللەتلىرىنىڭ دوستلىشىشى ۋە دۈشمەنلىشىشىنىڭ پايدا- زىيىنى ھەققىدە مۇئەييەن قاراش پەيدا بولۇپ بولغان. شۇڭا، قوغۇشار تەڭرىقۇت خەن

سۇلالىسىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىش ئۈچۈن كۈيئوغۇل بولۇشنى ئىلتىماس قىلغاندا، ئۇ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز رازىلىقى بىلەن ”تىنچلىق ئەلچىسى“ رولىنى ئويناپ، ھۇن، خەنزۇ مىللەتلىرىنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەشتەك زور ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان. 2000 يىل ئاۋۋالقى فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى بىر كېنىزەكنىڭ بۇنداق باتۇرانە ھەرىكىتىنى ھەقىقەتەنمۇ جەسۇرانە ھەرىكەت دېمەي بولمايدۇ.

ۋاڭ جاۋجۈن قوغۇشار تەڭرىقۇتقا ئەگىشىپ، شىمالدىكى تەڭرىقۇت ئوردىسىغا بارغان. ئۇ خەن سۇلالىسى ئۆتكۈزگەن ئۆزىتىش مۇراسىمىدا ناھايىتى تەمىن، سالاپەتلىك تۇرغان. «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە ئەينى چاغدىكى ئەھۋال تەسۋىرلىنىپ، «قوغۇشارنى ئۆزىتىش مۇراسىمىدا جاۋجۈن ناھايىتى گۈزەللىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئىسىل سەرپايلار ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. ئۇنى ئۇزاتقىلى چىققانلار يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تىللىرىنى چاكىلداتقىنىچە قاراپ تۇرىشاتتى»، دەپ خاتىرلەنگەن. ئۇ خەنزۇلار بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۈزگىتىپ، تونۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى باشتىن - ئاخىر ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئورۇنلىغان. ئۇ ھۇنلار يېرىدە ئوغۇل - قىز پەرزەنت كۆرۈپ [67] چېدىر ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇپ، مالنىڭ گۆشىنى يەپ، سۈت - قېتىق ئىچىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش كەچۈرۈپلا قالماستىن، يەنە ئەڭ ئاخىرىغىچە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، قوغۇشار تەڭرىقۇت ئۆلگەندىن كېيىن (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 31- يىلى) ”ھۇنلارنىڭ ئادىتى بويىچە“ ئۇنىڭ چوڭ ئالچىسىدىن (بۇ ئىككىنچى ئالچى، جۈنجۇ ئالچى بىرىنچى ئالچى ئىدى) تۇغۇلغان. چوڭ ئوغلى فۇجۇرۇت تەڭرىقۇت داتاۋ بۇقاغا ياتلىق بولغان. ئەسلىدە ”ئاتىسى ئۆلسە ئۆگەي ئانىسىنى خوتۇنلۇققا ئېلىش“ ئادىتى ئىپتىدائىي توپ نىكاھ تۇرمۇشىنىڭ قالدۇقى بولۇپ، بۇ خىل ئادەت خەن سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ قائىدە - يوسۇنى ۋە ئەينى چاغدىكى تارىخىي شارائىتتىن ئېيتقاندا قالاق ئادەت ئىدى. لېكىن ۋ ھۇنلاردا يەنىلا كەڭ تۈردە ساقلىنىپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، ”ھۇنلارنىڭ ئەلچىسى“ بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋاڭ جاۋجۈن ئەگەر ”ھۇنلارنىڭ ئادىتى“ بويىچە ئىش قىلمىسا، ئادەتتىكى ھۇنلار ئارىسىدا ياخشى تەسىرى قالدۇرمايلا قالماستىن، يەنە خەنزۇلار بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىگىمۇ يامان تەسىر يەتكۈزۈپ قوياتتى. چۈنكى جاۋجۈن بىلەن تەڭرىقۇتنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتى ماھىيەتتە خەنزۇلار بىلەن ھۇنلارنىڭ سىياسىي مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. شۇڭا، ئەينى چاغدا خەن چېڭدىنىڭ جاڭجۈننىڭ قايتا ياتلىق بولماي خەن سۇلالىسىگە قايتىپ كېتىش توغرىسىدىكى مەكتۇبىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ”ھۇنلارنىڭ ئادىتى“ بويىچە ئىش كۆرۈش

توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈشى خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇنلارنىڭ ئۆرۈپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلغانلىقىنى ۋە ھۇنلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ دوستلۇقىنى قەدىرلىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ۋاڭ جاۋجۈن خەن سۇلالىسىنىڭ بۇ مۇددىئاسىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكتىن، خەن چېڭدىنىڭ پەرمانىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىگە كېتىش نىيىتىدىن يېنىپ، دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، خەنزۇ، ھۇن بىلەن دوستلۇقىنى ئەلا بىلىپ، خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىسىنى قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ بۇزۇلىشىغا پەرۋا قىلماي، "ئوغلىنىڭ ئانىسىغا ئۆيلىنىشى" (گەرچە ئۆز ئانىسى بولمىسۇمۇ) دەك ئادەتنى قوبۇل قىلىپ،ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئورۇنداپ، خەنزۇ، ھۇن مىللەتلىرىنىڭ دوستلۇق، ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرغان.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاياللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قورۇلنىڭ سىرتىغا ياتلىق قىلىنىش ئادەتتىكى ئىش ئەمەس ئىدى. گاۋى، لىيۇباڭ خەنزۇلار بىلەن ھۇنلارنىڭ تىنچلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، لىيۇجىڭنىڭ تەكلىپى بويىچە چوڭ قىزى لۇيۆەننى باتۇر تەڭرىقۇتقا ياتلىق قىلىپ قۇدىلاشماقچى بولغاندا، لۈ خانىش ئۇنىماي:«نىمىشكە مېنىڭ قىزىمنى ھۇنلارغا تاشلاپ بېرىسلەر؟» دەپ ئاھ ئۇرغان [68]. سۇدى سەلتەنەتتىكى ۋاقتىدا ئۇيسۇنلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ،بىرلىكتە ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا زەرب بېرىش ئۈچۈن، جياڭدۇ بېگى لىيۇجىيەننىڭ قىزى شىجۈننى ئۇيسۇن كۈنبېگىگە ياتلىق قىلغان. لېكىن شىجۈن ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋەزىپىسىنى قىلچە تونىمىغاچقا، يات تۇرمۇشقا كۆنەلمەي، كۈن بويى غەمگە چۆكۈپ يۇرتىغا كەتكۈسى كېلىپ كەتكەن. شۇڭا:

ئۇزاتتى يىراققا مېنى تۇققانلار،
ياتلىق قىلىشىپ ئۇيسۇن خانىغا.
ئۆيلىرى يۇمۇلاق كىگىز ئوتاۋكان،
ئۇلارغا گۆش ـ قېتىق تائام ـ ئۇزۇككەن.
ئۆرلەيدۇ پىغانىم يۇرتنى ئەسلىسەم،
قۇش بولۇپ يۇرتۇمغا ئۇچۇپلا كەتسەم[69].

دەپ شېئىر يازغان.

ئۇنىڭ بۇنداق ھەسرەتلىك كەيپىياتى ۋە ئىپادىسى جاۋجۇننىڭ مەردانە روھلۇق ھالىتى ئەلۋەتتە پەرقلىنىدۇ.

«كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: «جاۋجۇن نەنجۇن ئايىمقىنىڭ زىگۇي ناھىيىسىدىن، مۆمىن پۇقرا ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان» دەپ خاتىرلەنگەن. ئاتالمىش مۆمىن پۇقرا ئائىلىسىنى كېيىنكىلەر تىۋپىلىق، باخشىلىق، سودىگەرچىلىك قىلمايدىغان ئائىلە دەپ ئىزاھلىغان. باشقا تارىخىي ئەسەرلەردىمۇ جاۋجۇننىڭ ئەمەلدار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان. بۇنداق بولغاندا، ئۇ دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىقمىغاندىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ئاددىي پۇقرا ئائىلىسىدىن، ئومۇمەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشايدىغان ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، بۇنداق ئائىلىدىن كېلىپ چىقىش ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنداق ئىكەن، شىجۇننىڭ ئىپادىسىنىڭ جاۋجۇننىڭ تامامەن ئەكسىچە بولۇشىنى ئۇنىڭ ئاقسۆڭەك ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقى ۋە ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دېيىشكە بولمايدۇ.

جاۋجۇننىڭ ياتلىق قىلىنىشى زور تارىخىي ئەمىيەتكە ئىگە. بىرىنچىدىن، خەنزۇ، ھۇن ھەر ئىككى تەرەپ بۇ ئىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. قوغۇشار تەگرىقۇتنىڭ جاۋجۇنگە ”ھۇنلارنى ئەمىن قىلغۇچى ئالچى“ نامىنى بېرىشى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. 1954- يىلى ئىچكى موڭغۇلنىڭ باۋتۇ شەھرىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ماتۇ يېزىسىدىكى خەن سۇلالىسى قەبرىسىدىن چىققان غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە مەنسۇپ بولغان ”تەگرىقۇت بىلەن قۇدىلاشتۇق“ ، ”ياشىسۇن ئەمىنلىك“ ، ”مەڭگۈ ئاسايىشلىق بولغاي“ دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن ساپال كاھىشلارمۇ [70] خەن سۇلالىسىنىڭ جاۋجۇننىڭ ياتلىق قىلىنىشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈردۇ

ئىككىنچىدىن، جاۋجۇننىڭ ياتلىق قىلىنىشى خەنزۇ، ھۇن مىللەتلىرىگە تىنچلىق، دوستانىلىق ئۇرۇقىنى چاچقان. شۇڭا ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىزى شۈبۇ قۇنچۈيى يۈن ۋە كۈيئوغۇلى شۈبۇ تان يەنىلا ئۇنىڭ ھايات چېغىدىكى ئەقىدىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، داۋاملىق تۈردە خەنزۇ، ھۇن ئىككى مىللەتنىڭ تىنچ، دوستانە ئۆتۈشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

ئۈچىنچىدىن، ۋاڭ ماڭ دەۋرىدە خەنزۇ، ھۇن ئىككى مىللەتنىڭ ئالاقىسى كۆپ ھاللاردا جاۋجۇندىن ئىبارەت مۇشۇ شەخسنىڭ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان. ئەينى چاغدا خەنزۇ، ھۇن ئىككى تەرەپكە ۋەكىل بولۇپ،

ئوتتۇرىغا چۇشۇپ ئارازچىلارنى تۈگەتكەن ۋە ۋاڭ ماڭنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەنلەر. جۇملىدىن شۇبۇ قۇنچۇيى يۈن، شۇبۇ تان، بۇيۇك جورچى شى (جاۋجۇننىڭ نەۋرىسى، داڭيۇ قۇنچۇيىنىڭ ئوغلى)، شىتۇ خان (جاۋجۇننىڭ جىيەنى) ۋە سادىخېك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جاۋجۇننىڭ تۇققانلىرى ئىدى. بۇنىڭغا جاۋجۇننىڭ خەنزۇلار بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە تۇتقان ئورنى ۋە قالدۇرغان چوڭقۇر تەسىرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

جاۋجۇننىڭ ئۆلگەن ۋاقتى ۋە يېرى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن ئۇنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تەگرىقۇت ئوردىسىدا ئۆلگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ [71].

## ئىزاھاتلار:

[1] يەنە «تارىخىي خاتىرىلەر» 5- جىلد، «چىن بەگلىكلىرى ھەققىدە خاتىرە» دە خۇيۋېنۋاڭنىڭ چۇڭېك 7- يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 318- يىلى) «خەن، جاۋ، ۋېي، يەن، چى بەش بەگلىك ۋە ھۇنلار قوشۇن باشلاپ چىن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغان» دەپ خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، ئىشەنچلىك بولمىغاچقا ئىشلىتىلمىدى. چۈنكى، «تارىخىي خاتىرىلەر»دىكى خەن، جاۋ، ۋېي، يەن، ۋە چۇ بەگلىرى ھەققىدىكى خاتىرە ھەم «يىغلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر. چىن بەگلىكىنىڭ تەدبىرلىرى»دە ئەينى چاغدا بەش بەگلىك (ياكى ئالتە بەگلىك)نىڭ چىن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان بولسىمۇ، بۇنىڭغا ھۇنلارنىڭ قاتناشقانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىمۇ شۇ يىلى «چۇ، خەن، جاۋ، ۋېي ۋە يەن بەگلىرى بىرلىشىپ قوشۇن چىقىرىپ چىن بەگلىكىگە جازا يۈرۈش قىلىپ، خەنگۇ قورۇلىغا ھۇجۇم قىلدى، چىن بەگلىكى قوشۇن چىقىرىپ ئۇلارغا تاقابىل تۇردى، بەش بەگلىكنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى» دەپ خاتىرىلەنگەن. ھۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ماتېرىياللاردىمۇ ھۇنلارنىڭ چىن بەگلىكىگە قىلىنغان ھۇجۇمغا قاتناشقانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان. شۇڭا، «چىن بەگلىرى ھەققىدە خاتىرە» دىكى «ھۇنلار قوشۇن باشلاپ» دېگەن سۆز خاتا يېزىلىپ قالغان بولسا كېرەك.

[2] يىغلىق دەۋرىدە چىن بېگى خۇيۋېنۋاڭ ئالوبان ناھىيىسىنى تەسىس قىلغان بولۇپ، ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى سۇشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە. شۇڭا، «پەندى-نەسىھەتلەر» دىكى «ئالوبانلارنىڭ تۆۋىنى» ھازىرقى سەنشىنىڭ شىمالىنى كۆرسىتىدۇ.

[3] «تارىخىي خاتىرىلەر» 110-جىلد «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»

[4] س.دورجى سورۇڭ: «شىمالىي ھۇنلار قەبرىلىرى».

[5] جيايى «شىننامە» 1-جىلد «چىن بەگلىكى ھەققىدە مۇھاكىمە».

[6] «خەننامە» 49-جىلد «چاۋسونىڭ تەرجىمھالى».

[7] «تارىخىي خاتىرىلەر» 6-جىلد «چىن شىخۇاڭ ھەققىدە خاتىرە»، 15-جىلد «ئالتە بەگلىك يىلنامىسى».

[8] «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[9] «تارىخىي خاتىرىلەر. لىۋجىڭنىڭ تەرجىمھالى».

[10] «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، «خەننامە» 52-جىلد، «خەن ئەنگونىڭ تەرجىمھالى»، 2-جىلد، «خۇيدى ھەققىدە خاتىرە» 5-جىلد، «جىڭدى ھەققىدە خاتىرە».

[11] «شىننامە» 3-جىلد «مىس ۋە رەخت».

[12] «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»،

[13] «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»،

[14] «خەننامە» 6-جىلد «ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە».

[15] «خەننامە» 52-جىلد، «خەن ئەنگونىڭ تەرجىمھالى».

[16] خەن سۇلالىسى دەسلەپتە چىن سۇلالىسىنىڭ كونا كالېندارىنى قوللانغان بولۇپ، 10-ئاي يىلنىڭ بېشى قىلىنغان. شۇڭا، ئاۋال قىش، ئاندىن ئەتىياز، ياز بايان قىلىنغان. ۋۇدىنىڭ تەيچۇ 1- يىلىدىن باشلاپ كالىندار ئۆزگەرتىلىپ، ئەتىيازنىڭ تۇنجى ئېيى يىلنىڭ بېشى قىلىنغان.

[17] «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، 108 – جىلد «خەن چاڭرۇنىڭ تەرجىمھالى»، «خەننامە» 6- جىلد، «ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە»، 52- جىلد «خەن ئەنگونىڭ تەرجىمھالى».

[18] «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، 111- جىلد «ۋېيى چىڭ ۋە قىرران چەۋەنداز سانغۇنىنىڭ تەرجىمھالى» 109-جىلد، «لى سانغۇنىنىڭ تەرجىمھالى».

[19] «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» ، 111 – جىلد، «ۋېيى چىڭ ۋە قىرران چەۋەنداز سانغۇنىنىڭ تەرجىمھالى»، 112-جىلد «ۋېيى سانغۇنىنىڭ تەرجىمھالى».

[20] «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[21] «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە». 111-جىلد «ۋېيي سانغۇنىنىڭ تەرجىمھالى»

[22] «تارىخىي خاتىرىلەر» 30-جىلد «بازارنامە توغرىسىدا»

[23] «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» ۋە 111-جىلد «ۋېيي سانغۇنىنىڭ تەرجىمھالى»

[24] كىچىك ياۋچىلار ياۋچىلارنىڭ بىر تارمىقى. ياۋچىلار ئەسلىدە چىن، خەن دەۋرىدىلا دۇنخۇاڭ ۋە چىلىيەن (تىلىيەن) تېغى ئارلىقىدا (ھازىرقى گەنسۇدىكى خېشى كارىدورى ئەتراپىدا) چارۋىچىلىق قىلغان بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 174-يىلنىڭ ئالدى-كەينىدە ھۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى رايونىغا كۆچۈپ كەتكەنلىرى ئۇلۇغ ياۋچىلار، چىلىيەن تېغى ئەتراپىدا قېلىپ چىياڭلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقانلىرى كىچىك ياۋچىلار دەپ ئاتالغان.

[25] «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، 111- جىلد، «ۋېيي چىڭ ۋە قىرران چەۋەنداز سانغۇنىنىڭ تەرجىمھالى».

[26] «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، 111- جىلد، «ۋېيي چىڭ ۋە قىرران چەۋەنداز سانغۇنىنىڭ تەرجىمھالى»، 123-جىلد «پەرغانە تەزكىرىسى»، 20-جىلد «جيەنيۈەن يىللىرىدىن بۇيانقى تۆرىلەرنىڭ يىلنامىسى»

[27] «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، 111- جىلد، «ۋېيي چىڭ ۋە قىرران چەۋەنداز سانغۇنىنىڭ تەرجىمھالى».

[28] ياۋچىلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 174-يىلى ھۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن خېشى كارىدورىدىن غەربكە كۆچۈپ ھازىرقى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا كۆچۈپ كەلگەن كېيىن، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 150-يىلنىڭ ئالدى-كەينىدە يەنە ئۈيسۇنلار تەرىپىدىن قوغلىنىپ ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ باكتىرىيىگە بويسۇنۇپ، ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى باشلىغان تەخمىنەن ۋۇدىنىڭ يۈەنسۇ 1-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 128-يىلى) جاڭ چيەننىڭ ئۇلارنىڭ يېرىگە بېرىشى خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئالاقىسىنىڭ باشلانغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

[29] ئۈيسۇنلار دەسلەپتە ياۋچىلار بىلەن بىللە دۇنخۇاڭ ۋە چىلىيەن (تىلەن) تېغى ئارىلىقىدا چارۋىچىلىق قىلغان، يولباشچىسى ناندومى ۋاقتىدا ياۋچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، يېرى ئىگە قىلىۋېلىنغاندىن كېيىن

هۇنلارنىڭ يىرىگە قېچىپ بارغان. ناندومىنىڭ ئوغلى راغومنى تەخرىقۇت بېقىۋالغان، ئۇ چوڭ بولغاندا كىئوك تەخرىقۇت ئۇنىڭ قىساس ئېلىشىغا ياردەم بەرگەن. شۇ چاغدا ياۋچىلار باتۇر تەخرىقۇت تەرپىدىن تارمار قىلىنىپ، خېشى كارىدورى ئەتراپىدىن هازىرقى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا كۆچۈپ كەتكەن ئىدى. كۇنبەگ غەربتىن ياۋچىلارغا هۇجۇم ياۋچىلار خانىنى ئۆلتۈرگەچكە، ياۋچىلار ئامالسىز يەنە ئامۇ دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كەتكەن. ئۇيسۇنلار ئىلى دەرياسى ۋادىسىدائولتۇراقلىشىپ قىلىپ قىزىل قورغان شەهرىنى (هازىرقى شىنجاڭدىكى ئۇنسۇ ناهىيسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى نارىن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا)پايتەخت قىلغان. خەن ۋۇدىنىڭ يۈەنگۇاڭ 2-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 115-يىلى)جاڭ چيەن ئۇيسۇنلارغا ئەلچىلىككە بېرىپ ئىتتىپاق تۈزگەندىن كېيىن، شىجۈن ۋە جيېي تۇ ئىككى مەلىكە ئىلگىرى-كېيىن، ئۇيسۇن كۇنبەگلىرىگە ياتلىق قىلىنغان.

[30] «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار هەققىدە قىسسە»، «پەرغانە تەزكىرىسى»، «بازارنامە توغرىسىدا»، «خەننامە»، 96- جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «كېيىنكى خەننامە»، 90- جىلد «ئوغانلار هەققىدە قىسسە»، 87-جىلد «غەربىي چياڭلار هەققىدە قىسسە».

[31] «خەننامە. هۇنلار هەققىدە قىسسە»، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» 8-جىلد «شۈەندى هەققىدە خاتىرە».

[32] «خەننامە»، 7-جىلد «جاۋدى هەققىدە خاتىرە».

[33] «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار هەققىدە قىسسە»، «ۋېي چىڭ ۋە قىران چەۋەنداز سانغۇننىڭ تەرجىمھالى».

[34] تۈەنشۇ 2-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 121 يىلى) ئەتىيازدا خۇچۈبىڭ 8000دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرگەن. يازدا يەنە 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىر ئالغان («تارىخى خاتىرىلەر. هۇنلار هەققىدە قىسسە»)، لى گۇاڭ 3000 دىن ئارتۇق ئادىمنى ئۆلتۈرگەن («خەننامە. ۋۇدى هەققىدە خاتىرە»)تۈەنشۇ 4-يىلى ۋېي چىڭ 19 مىڭ ئادىمنى ئۆلتۈرگەن،ۋە ئەسىر ئالغان («خەننامە. هۇنلار هەققىدە قىسسە»)، ھەممىسنى قوشقاندا 130 مىڭدىن ئارتۇق.

[35] «خەننامە. هۇنلار هەققىدە قىسسە».

[36] «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار هەققىدە قىسسە»گە نەقىل قىلىپ ئېلىنغان «شىخېدىكى كونا ئىشلار».

[37] «خەننامە. هۇنلار هەققىدە قىسسە»دىكى كاتاۋۇل خۇيىڭنىڭ يەندىگە سۇنغان مەكتۇبى.

[38] ۋاڭ شيەنچيەن «خەننامىگە تولۇقلىما. هۇنلار ھەققىدە قىسسە»دە شىن چىنخەننىڭ «ئەتراپتىكى ئەللەر»دىن ئالغان نەقلى.

[39] «خەننامە. هۇنلار ھەققىدە قىسسە»

[40] «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار ھەققىدە قىسسە»، «خەننامە. هۇنلار ھەققىدە قىسسە»

[41] « تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار ھەققىدە قىسسە»، «خەننامە. هۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[42] «خەننامە. هۇنلار ھەققىدە قىسسە»دە ۋۇدىنىڭ يۈەنسۇ 3-يىلى قىشتا ئىچىغسە ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ ئېلان قىلىپ، كۈن تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى يۈتانىنى ئۆلتۈردى. جاۋدىنىڭ شىيۈەن 2-يىلى ئانا ئالچى تەڭرىقۇتنىڭ ئۆز ئوغلىنى ۋارىس قىلماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئادەم ئەۋەتىپ سول قول بۈيۈك كاھىبەگنى ئۆلتۈردى. ۋېيلۈ ۋە جۈەنچۈ ئالچى تىل بىرىكتۈرۈپ غۇيانى تەڭرىقۇتنى تەختكە چىقاردى. سول قول بىلىك خان، ئوڭ قول خان تەڭرىقۇت بېكىتىش ئۈچۈن ئەجدەربالىقتا ئېچىلغان قۇرۇلتايغا قاتناشمىدى دەپ خاتىرىلەنگەن.

[43] «خەننامە. شۈەندى ھەققىدە خاتىرە»

[44] «خەننامە. هۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[45] «خەننامە. هۇنلار ھەققىدە قىسسە»دىكى ۋاڭ ماڭنىڭ بەش سانغۇننى ئەۋەتىپ "هۇن تەڭرىقۇتنىڭ مۆھۈرى"نى ئۆزگەرتكەنلىكىگە قاراڭ. «ئۇزۇق-تۇلۇك تەزكىرىسى»دە "شۈەندى تەڭرىقۇتقا تەقدىم قىلغان مۆھۈر پادىشاھنىڭكىگە ئوخشاش"دېيىلگەن.

[46] «خەننامە. هۇنلار ھەققىدە قىسسە»، «شۈەندى ھەققىدە خاتىرە» ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «جۇيەندىكى خەن سۇلالىسى پۈتۈكلىرى» ئىزاھىنىڭ 74-بېتى، (1957-يىلى ئىلىم-پەن نەشرىياتى نەشرى).

[47] تۇغ تەڭرىقۇت مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 57-يىللىدىكى "بەش تەڭرىقۇتلارنىڭ ھاكىمىيەت تالىششى" دىكى تەڭرىقۇتنىڭ بىرى، كېيىن ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. ئۇنىڭ ئىنىسى شۇشۇن خان غەربتە ئۆزىنى رۇڭجىن تەڭرىقۇت دەپ ئاتاپ، ئۇزۇن ئۆتمەي قۇتىئۇش تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. تۇغنىڭ كىچىك ئىنىسى قوغۇشارغا ئەل بولغان.

[48] بۇ چاغدا دىڭلىڭلار شەرق، غەربتىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، شەرقىي قىسمىدىكى دىڭلىڭلار

يەنىلا ھازىرقى بايقال كۆلى بويىدا چارۋىچىلىق قىلغان. غەربىي دىڭلىڭلار بولسا ئېرتىش دەرياسى ۋە بالقاش كۆلى ئارلىقىدا چارۋىچىلىق قىلغان.

[49] «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، 70-جىلد «چېن تاڭنىڭ تەرجىمھالى»، 9-جىلد «يۈەندى ھەققىدە خاتىرە».

[50] «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[51] «شىننامە» 4-جىلد «ھۇنلار»

[52] « تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[53] « تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»دە ”جۇڭ خاڭيۈ تەڭرىقۇتنىڭ ئوڭ قول، سول قول خانلىرىغا ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ سانىنى ئېلىشنى ئۆگەتتى“ دېيىلگەن.

[54] شەھەر قۇرۇش، قۇدۇق قېزىشنى ئەسلىدە چاڭشۈي ھۇنلىرىدىن بولغان ۋېي لۈ ھۇنلارغا ئۆگەتكەن. ئەمما ۋېي لۈ خەن سۇلالىسىدە ئۇزۇن يىل ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان بولۇپ، خەنزۇلارنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى چوڭقۇر ئۇچرىغان (خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، 54-جىلد «لى گۇاڭ، سۇن لىك تەرجىمھالى»). شۇڭا شەھەر قۇرۇش، قۇدۇق قېزىش ئۇسۇلىنى ۋېي لۈ خەنزۇلاردىن ئۆگىنىپ، ھۇنلارغا ئۆگەتكەن.

[55] ۋاڭ گوۋېينىڭ «گۇەنتاڭ توپلىمى» 18-جىلد «ھۇن ۋە زىرىنىڭ مۆھۈرى ھەققىدە».

[56] «تارىخىي خاتىرىلەر» 20-جىلد «جىيەنيۈەن يىللىرىدىن بۇيانقى تۆرىلەرنىڭ يىلنامىسى» ۋە «خەننامە» 8-جىلد «شۈەندى ھەققىدە خاتىرە»، 17-جىلد «جىڭدى، ۋۇدى، جاۋدى، شۈەندى، يۈەندى، چېڭدى دەۋرلىرىدىكى تۆھپىكار ۋەزىرلەرنىڭ يىلنامىسى»، «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[57] بۇ جەھەتتە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمىنى جۇڭگو تارىخ مۇزېيىدىن، بىر قىسمىنى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى»نىڭ 1957-يىللىق 4-سانىدىكى لى يىيۇنىڭ «ئىچكى مۇڭغۇلنىڭ غەربىدىكى ھۇن ۋە خەن دەۋرى يادىكارلىقلىرى»دىن كۆرۈڭ.

[58] «خەننامە. ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە»، «شۈەندى ھەققىدە خاتىرە»، «تارىخىي خاتىرىلەر. ۋېي چىڭ ۋە قىران چەۋەنداز سانغۇننىڭ تەرجىمھالى».

[59] «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، «خەننامە» 28-جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى»، « ھۇنلار

ھەققىدە قىسسە».

[60] «خەننامە» 54-جىلد «سۈۋۈنىڭ تەرجىمھالى»، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

[61] «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[62] «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[63] «خەننامە» 68-جىلد «جىن مىللىتىنىڭ تەرجىمھالى»

[64] «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» نىڭ 1955-يىللىق 10-سانىدىكى ۋاڭ زىيۈنىڭ «غەربىي خەن دەۋرىدىكى خۇچۇبېڭنىڭ تاش ئويمىسى» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

[65] ھۇنلارنىڭ ئەسلىدە يېزىقى يوق بولۇپ، ئۇلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە يازغان خەتلىرىنى خەنزۇلار خەنزۇ يېزىقىدا يېزىپ بەرگەنلىكى شۈبھىسىز، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇيسۇن ۋە غەربتىكى باشقا ئەللەرگە يازغان خەتلىرىنى زادى قايسى يېزىقتا يازغانلىقى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردا مەلۇمات بولمىغاچقا، بىر نېمە دېمەك تەس.

[66] «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

[67] جاۋجۈن بىر ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغقان، ئوغلى ئىتجىياس (قوغۇشاردىن تۇغۇلغان) كېيىن ئوڭ قول باتىس خان بولغان. چوڭ قىزى يۈن ئوڭ قول شۇبۇتانغا ياتلىق بولغانلىقى ئۈچۈن شۇبۇ قۇنچۇيى، كىچىك قىزى داڭيۇ ئۇرۇقىغا ياتلىق بولغانلىقى ئۈچۈن داڭيۇ قۇنچۇيى دەپ ئاتالغان (ئىككىلا قىز جۇرۇت تەڭرىقۇتتىن تۇغۇلغان).

[68] «تارىخىي خاتىرىلەر» 99-جىلد «لىيۇ جىڭنىڭ تەرجىمھالى».

[69] «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

[70] «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» نىڭ 1955-يىللىق 10-سانىدىكى ئىچكى موڭغۇل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمەت پونكىتى ئېلان قىلغان «باۋتۇ شەھىرىنىڭ غەربىدىكى خەن قەبرىلىرىنى ئېنىقلاپ رەتلەش دوكلاتى».

[71] ئىچكى موڭغۇلدىكى كۆكخوت شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا بىر جاۋجۈن قەبرىسى بولۇپ، قاچان قۇپۇرۇلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى يازما ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، جاۋجۈن قەبرىسى ئەڭ دەسلەپ تاڭ دەۋرىدىكى دۇيۇ يازغان «ئومۇمىي قامۇس»نىڭ 179-جىلدىدا تىلغا ئېلىنغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۆشى يازغان «تىنچ-ئاسايىش يىللاردىكى

خاتىرىلەر» نىڭ 38-جىلدىدا يەنە ”كۆك قەبرە“ تىلغا ئېلىنغان ھەم جاۋجۈننىڭ قەبرىسى دائىم كۆپكۆك ئوت-چۆپلەر بىلەن قاپلىنىپ تۇرغاچقا ”كۆك قەبرە“ دەپ ئاتالغان، دېيىلگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى توقتۇ يازغان «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 1-جىلد «تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» ۋە 41-جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دىمۇ جاۋجۈن قەبرىسى ۋە ”كۆك قەبرە“ ھەققىدىكى بايانلار خاتىرىلەنگەن. جاۋجۈننىڭ ياتلىق قىلىنىشى ۋە جاۋجۈن قەبرىسى توغرىسىدىكى تەپسىلىي ئەھۋاللار مۇئەللىپنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، ئىچكى مۇڭغۇل خەلق نەشرىياتى 1979-يىلى نەشر قىلغان «جاۋجۈن ۋە جاۋجۈن قەبرىسى» دېگەن كىتابتا خاتىرىلەنگەن.

## 6. باب ھۇنلارنىڭ گۈللىنىشى، خارابلىششى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى(II)

# 4. ۋاڭ ماڭنىڭ ھۇنلارغا قاراتقان خاتا سىياستى ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپدىكى ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ تاجاۋۇزى

قوغۇشار تەڭرىقۇت ئۆلگەندىن (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 31-يىلى) كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە بويسۇنۇپ خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيتى بىلەن تىنچ، دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلىدى. فۇجۇرۇت تەڭرىقۇتتىن كېيىن ھەر بىر تەڭرىقۇت تەختتە ئولتۇرغاندا ئاتاقلىق خانلىرىنى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى ياكى ئوغۇللىرىنى بارىمتايلىققا ئەۋەتتى ۋە ياكى شەخسەن ئۆزى ئوردىغا زىيارەتكە كەلدى. زىيارەتكە بىللە كەلگەن خانلىرى ۋە ھەمراھلىرى دائىم 200 ئەتراپىدا بولدى. ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت زىيارەتكە كەلگەندە (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1-يىلى) باشلاپ كەلگەن ئادەملىرى 500 گە يەتتى①. خەن سۇلالىسىمۇ ئۇلارنى ناھايىتى ھەشەمەتلىك كۈتۈۋالدى. ھەر قېتىم قارىشى ئالدىغانلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مەخسۇس خادىملارنى قورۇلدىن چىقىپ كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتتى② ھەم ئابرويلۇق چېگرا ئەمەلدارلىرى ۋە قەددى-قامەتلىك كىشلەرنى تاللاپ

تەڭرىقۇتنىڭ ئۆتەر يولىدىكى ئايماقلارنىڭ (مەسلەن، يەنمېن، يۈنجۇڭ دېگەندەك) ۋالىيلىقىغا قويدى③. ھەر قېتىم ئۇلارنى قۇبۇل قىلغان چاغدا قائىدە بويىچە كىمخاپ، شايى، سەرناق، كىيىم-كېچەكلەرنى ھەسسىلەپ تەقدىم قىلدى. ئەمما، بۇ خىل دوستانە مۇناسىۋەت ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرىدىن (مىلادىيە 1-يىلىدىن) باشلاپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

ۋاڭ ماڭ ھۇنلارغا ئىنتايىن خاتا سىياسەت تۇتتى.

بىرىنچىدىن، ئۇ شۇەندى، يۈەندى دەۋرلىرىدە خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئۆچ ماددىلىق كېلىشىمگە (جۇڭگو تېررىتورىيىسىدە خەنزۇ، ھۇن مىللەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ياشاۋاتقان رايونلىرىنى ئۆزى ساقلاش؛ قورۇللار تاجاۋۇزغا ئۇچرىسا دەل ۋاقتىدا خەن سۇلالىسىگە مەلۇم قىلىش؛ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ھۇنلارغا قېچىپ بارغۇچىلارنى قوبۇل قىلماسلىق) خىلاپلىق قىلدى ھەم يولسىزلىق بىلەن ھۇنلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارلىشىپ، باشقىدىن تۆت تۈرلۈك بەلگىلىمە تۈزۈپ (بىرىنچى، خەنزۇلاردىن ھۇنلارغا قېچىپ بارغۇچىلارنى قۇبۇل قىلماسلىق؛ ئىككىنچى، ئۇيسۇنلاردىن ھۇنلارغا قېچىپ بارغۇچىلارنى قۇبۇل قىلماسلىق؛ ئۈچىنچى، غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى «بەگلىك»لەردىن خەن سۇلالىسىنىڭ تامغا ئوتۇغاتلىرىنى قۇبۇل قىلغۇچىلاردىن ھۇنلارغا تەسلىم بولغۇچىلارنى قۇبۇل قىلماسلىق؛ تۆتىنچى، ئوغانلاردىن ھۇنلارغا تەسلىم بولغۇچىلارنى قۇبۇل قىلماسلىق)④ ھۇنلارنى قۇبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىدى.

ئىككىنچىدىن، ئۇ شۇەندى دەۋرىدە قوغۇشار تەڭرىقۇتقا تەقدىم قىلىنغان ئالتۇندىن ياسالغان «ھۇن تەڭرىقۇتنىڭ مۆھۈرى» نى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇتقا «شىن سۇلالىسى ھۇن تەڭرىقۇتنىڭ مۆھۈرى»نى (شىن-ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەت تارتىۋالغاندىن كېيىنكى دۆلەت نامى) تارقىتىپ بەردى. بۇ مۆھۈر ۋاڭ ماڭنىڭ ھۇن تەڭرىقۇتنىڭ سىياسىي ئورنىنى قەستەن چۈشۈرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى خەن سۇلالىسى ھۇنلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى دەپ ھۆرمەتلەيدىغان ئورنىنى شىن ھاكىمىيىتىنىڭ بېگى ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغانلىق ئىدى (خەن سۇلالىسى تەڭرىقۇتنى ھەر قايسى بەگلەردىن يۇقىرى ئورۇنغا قويغانىدى)، جۈملىدىن ھۇن ھاكىمىيىتىنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان قارامىلىق مۇناسىۋىتىنى شىن ھاكىمىيىتى بىلەن بولغان سىياسىي بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىق ئىدى.

ئۈچىنچىدىن، ئۇ ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇتنىڭ «ھۇن تەڭرىقۇتى» دېگەن نامىنى «بېقىندى ھۇنلار تەڭرىقۇتى»

دەپ ئۆزگەرتتى.

ۋاڭ ماڭنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ھۇنلارنى ھاقارەتلەش قىلمىشى بولۇپ، ئۇ كۇڭزىچىلارنىڭ «يات تائىپىلەر خان پادىشاھ بولسىمۇ، ئىگىسىز خۋاشىيالىقلارغا يەتمەيدۇ» دەيدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان ۋە ھاقارەتلەيدىغان ئىدىيىسىنىڭ ئەكس ئېتىشى ئىدى.

تۆتىنچىدىن، ئۇ خەن سۇلالىسى ھاكىمىيتىنى تارتىۋېلىپ شىن ھاكىمىيتىنى قۇرغاندىن (مىلادىيە9-يىلى) كېيىن، قورال كۈچى ئارقىلىق ئابروينى ئاشۇرۇش غەرىزىدە 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇن يىغىپ، 12 سانغۇننى ئۇلارغا باش قىلىپ بىرلا ۋاقىتتا ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدۇرۇپ، ھۇنلارغا قوغلاپ زەربە بېرىپ، ھۇنلار رايونىنى 15 بۆلەككە پارچىلاپ، جىخۇشاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن 15 كىشىنى مەجبۇريي تەڭرىقۇت قىلىپ⑤، ھۇنلارنىڭ كۈچىنى پارچىلاش ۋە ئاجىزلىتىشقا ئۇرۇندى ھەم ئەمىر نۆكەرنى يۈنجۇڭ قورۇلىدىن چىقىرىپ ئۇلڭ قول لەۋ خان شان ۋە ئوغلىنى ئالداپ قورۇلغا ئەكىرىپ، ئۇلارنى مەجبۇريي ھالدا ۋاپادار تەڭرىقۇت، ئىتائەتمەن تەڭرىقۇت قىلدى.

بۇ بىر قاتار ئىشلار ھۇنلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىقۇت ئۇلڭ، سول تەرەپتىكى ھەر قايسى خانلارغا قورۇلغا كىرىپ تاجاۋۇز قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، كۆپ بولغاندا 10 مىڭ، ئادەتتىكىچە بولغاندا نەچچە مىڭ، ئاز بولغاندا بىر نەچچە يۈز كىشىلىك قوشۇن تارتىپ يەنمېن، سۇفاڭلارنىڭ ۋالىيلىرىنى، چېرىكچى بەگلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنى ئەسىر ئېلىپ، سانسىزلىغان چارۋىلارنى بۇلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، شىمال يەنە قايتا زور ئاپەتكە ئۇچرىدى. ئەسلىدە شۇەندى دەۋرىدىن كېيىن شىمالدا تۇرالاردا سىگنال ئوتلىرى يېقىلمايدىغان، چارۋا-ماللار ھەممىلا يەردە يايلاپ يۈرۈيدىغان بىر گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەنىدى، ئەمدىلىكتە ۋاڭ ماڭنىڭ ھۇنلارغا خاتا سىياسەت يۈرگۈزۈپ، خەنزۇلار بىلەن ھۇنلارنىڭ تىنچ بىللە تۇرۇش ۋەزىيىتىنى بۇزۇۋېتىش تۈپەيلىدىن، شىمالدىكى زور تۈركۈمدىكى خەلق ھۇنلار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ ۋە ئۆلتۈرۈۋېتىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئەسكەرلىرى ئۇزۇن مۇددەت مۇداپىئەدە تۇرۇپ ھالىدىن كېتىپ، نەچچە يىل ئىچىدىلا شىمالدا ئادەمزات ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان، ئۆلگەنلەرنى كۆمۈپ قويغۇدەك ئادەملەرمۇ چىقمايدىغان بولۇپ قالدى⑥.

دەل خەنزۇلار بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ بىر-بىرىگە قول سېلىش پەيتىگە كەلگەندە، ۋاڭ جاۋجۈننىڭ كۈيئوغلى، ھۇنلارنىڭ ھوقۇقلۇق ۋەزىرى ئۇلڭ قول قۇتقۇ شۇبوتان ئايالى يۈن بىلەن بىر ئامال قىلىپ بۇ

خىل خەتەرلىك ۋەزىيەتنى ئوڭشىماقچى بولدى. نەق شۇ ۋاقىتتا ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت ئۆلدى (مىلادىيە 13-يىلى)، شۈبۈتان بىلەن يۈن ئۆزلىرى يېقىن ئۆتىدىغان ئولۇك قول لەۋ خان شاننى ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت قىلىپ تىكلەپ، ئۇنىڭغا ۋاڭ ماڭ بىلەن قۇدىلىششنى نەسىھەت قىلدى. ھۇنلارنىڭ تەشەببۇسكار بولۇشى بىلەن قۇدىلىشش ئىشقا ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما ۋاڭ ماڭنىڭ داۋاملىق خاتا سىياسەت يۈرگۈزۈشى، مەسىلەن، ئۇنىڭ «ھۇن» دېگەن نامنى «ئىتائەتچان قۇل» دەپ، «تەڭرىقۇت» دېگەن نامنى «ئوبدان مۇلازىم» دەپ ئۆزگەرتىشنى، يەنە قورال كۆچگە تايىنىپ شۈبۈتان بىلەن يۈننى مەجبۇرىي چاقىرىپ ئەكىلىپ، شۈبۈتاننى تەھدىت بىلەن شۈبۇ تەڭرىقۇت قىلىشى ھەم ئۇنى زور قوشۇن بىلەن ھۇنلار رايونىغا تەڭرىقۇت بولۇشقا ئەكىلىپ قويىشى تۈپەيلىدىن، ھۇنلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى نورمال مۇناسىۋەتنى تۈپتىن ساقلىغىلى ۋە ياخشىلىغىلى بولمىدى. شۇ سەۋەبتىن ھۇنلار يەنە شىمالغا پاراكەندىچىلىك سېلىپ، شىمالنىڭ ئەمىنلىكى يەنە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى⑦. لېكىن، ۋاڭ ماڭ باشتىن-ئاخىر ۋەزىر يەن يۇ ۋە گۇڭسۇن لۈلەرنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ زور مىقداردىكى ئاشلىقنى چېگرىدىكى ئايماقلارغا يۆتكەشكە بۇيرۇپ، ھۇنلارغا تاجاۋۇز قىلىشقا تەييارلاندى. لېكىن، ئۇ تېخى قوشۇن تارتىشقا ئۈلگۈرمەي يىلا ھاكىمىيىتى دېھقانلار قوزغىلىڭى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، ئۆزىمۇ قوزغىلاڭچى قوشۇن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

گېڭشى 2-يىلى (مىلادىيە 24-يىلى) پادىشاھ لىيۇشۈەن ھۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسى بۇرۇن بەرگەن تەڭرىقۇت مۆھۈرىنى ھەر قايسى بەگلەرنىڭ تامغىلىرىنى بەردى ھەم چاقىرىپ ئەنىدە ئۆلۈپ كەتكەن شۈبۈتان، يۈنلەرنىڭ جەسەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، مۇلازىملىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ۋاڭ ماڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان خەنزۇ، ھۇن ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى نورمالسىز مۇناسىۋەتنى ياخشىلىماقچى بولدى. لېكىن، بۇ چاغدا قۇتئەرىش تەڭرىقۇت خەنزۇلارنىڭ ۋاڭ ماڭغا قارشى تۇرۇش جەريانىدا ئۆزىنىڭمۇ قوشۇن چىقىرىپ ۋاڭ ماڭغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ۋاڭ ماڭنىڭ مەغلۇپ بولۇپ خەن سۇلالىسىنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىدە «بىزنىڭمۇ ھەسسىمىز بار، شۇڭا بىز ھۆرمەت قىلىنىشىمىز كېرەك»⑧ دەپ تۇرىۋالدى. شۇ سەۋەبتىن، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىلا ياخشىلىنالمىدى.

ھۇن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيە تۇتىشىغا قوغۇشار تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن

بۇيان ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ئەمىنلىك تېپىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئەسلىگە كېلىپ ۋە يۈكسىلىپ، ۋاڭ ماڭ دەۋرى ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە كۈچى ئىنتايىن زورىيىپ، قۇلدارلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق كۈچى يېڭىۋاشتىن باش كۆتۈرگەنلىكى سەۋەب بولغانىدى. ھالبۇكى، خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە دۆلەت كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە ۋاڭ ماڭنىڭ ھۇنلارغا خاتا سىياسەت يۈرگۈزۈشى خەنزۇلار بىلەن ھۇنلارنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىدىكى بىۋاستە سەۋەب ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئەگەر ھۇنلار جەمئىيىتىدىكى ئىچكى ئامىل خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىن تەھلىل قىلىنمىغاندا، ئىزدەنمىگەندە پادىشاھ گېڭشىدى ۋە گۇۋاڭ ۋۇدىنىڭ ۋاڭ ماڭنىڭ خاتا سىياسىتىنى تۈزىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەدبىر قوللىنىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن خەنزۇلار ۋە ھۇنلارنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ، يەنىلا ھېچقانداق ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى چۈشەنمەك تەسكە توختايدۇ.

ھۇن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپلا خەن سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلىشىشنى ئويلايدىغان ئىككى خىل كۈچ ( قوغۇشار تەڭرىقۇت بىلەن قۇتىئۇش تەڭرىقۇت بۇ ئىككى خىل كۈچنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى) مەۋجۇت ئىدى. قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىچىدىمۇ بۇ ئىككى خىل كۈچ يەنىلا مەۋجۇت بولدى. ئەينى چاغدا، تىنچلىقپەرەسلەرنىڭ ۋەكىللىرى ۋاڭ جاۋجۈننىڭ قىزى يۈن ۋە كۈيئوغلى شۈبۈتانلار ئىدى. ئۈجۈلجۈت تەڭرىقۇت ئۆلگەندە، ئوڭ قول لەۋ خان شاننىڭ ئۈلجۈت تەڭرىقۇت نامى بىلەن تەختكە چىقىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋاڭ ماڭ بىلەن قۇدىلىشىشى يۈن بىلەن شۈبۈتاننىڭ پىلانلىشى ۋە تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇ تىنچلىقپەرەسلەرنىڭ كۈچەيگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. غەربىي خەن سۇلالىسى ۋە ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ۋاڭ جاۋجۈننىڭ جىيەنى ۋاڭ شىنى قۇدىلاشقۇچى تۆرە قىلىپ تەيىنلىشىمۇ يالغۇز ۋاڭ شىنىڭ يۈن بىلەن تۇغقان بولغانلىقىدىنلا بولماستىن، يۈن بىلەن شۈبۈتاننىڭ ھۇنلاردىكى تىنچلىقپەرەسلەرنىڭ ۋەكىللىك قىلغانلىقىدىن ئىدى. كېيىن ئۈلجۈت تەڭرىقۇت ۋە يۈن، شۈبۈتانلارنىڭ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۆلۈشى بىلەن تىنچلىقپەرەسلەر بىرمەھەل ئاجىزلاپ، ئۇرۇشپەرەسلەر پەيدىنپەي يېتەكچى ئورۇنغا چىقىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ قالايمىقانلىقىدىن پايدىلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى بارغانسىرى غالجىرلىشىپ

كەتتى. شۇڭا، غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بۇيانقى خەنزۇلار بىلەن هۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى قۇدىلىشىشتىن ئۇرۇشۇشقىچە، دۈشمەنلىشىشتىن دوستلىشىشقىچە، ئارازلىشىشتىن تاجاۋۇز قىلىشقىچە بولغان ئەگرى-توقاي، مۇرەككەپ جەريانىنى نوقۇل هالدا خەن سۇلالىسى ياكى ۋاڭ ماڭ هاكىمىيىتىنىڭ سىياسىتىگە باغلىق بولۇپلا قالماي، يەنە هۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى هەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ كۈچىيىش-ئاجىزلىششى ۋە خەن سۇلالىسى بىلەن هۇنلارنىڭ سېلىشتۇرمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق مۇهىم ئامىللارغىمۇ باغلىق، دېيىشكە بولىدۇ.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە هۇن قۇلدارلىرىنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرى خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى دېهقانلار قوزغىلىڭى، ۋاڭ ماڭ هاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى يەرلىك كۈچلەرنىڭ بۆلۈنمىچىلىكى، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، هەربىي كۈچىنىڭ بىر قەدەر ئاجىزلىقى ۋە شىمالدىكى رايونلارنى باشقۇرۇشقا مادارى يەتمىگەنلىكى قاتارلىق ئاجىزلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۈچ تەرەپتىن شەرقىي خەن سۇلالىسىگە ئېغىر بېسىم پەيدا قىلدى.

بىرىنچىدىن، ئۇلار ئوغانلارنى يېڭىۋاشتىن تىزگىنلەپ، ئوغانلار ۋە يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن سيانپىلار بىلەن بىرلىكتە قوشۇن تارتىپ هۇجۇم قىلدى. ئوغانلار ئەسلىدە خەن ۋۇدى دەۋرىدە هۇنلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، هۇن قۇلدارلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغانىدى. كېيىن ۋاڭ ماڭ هۇنلارغا هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن 12 يول قوشۇن تارتقاندا، ئوغان ئەسكەرلىرىنى يۆتكەپ دەيجۈنگە ئورۇنلاشتۇردى هەم ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئائىللىرىنى ئايماق مەركىزىگە ئەكىلىپ گۆرۈگە ئېلىۋالدى. كېيىن ئوغانلار قاچقاندا گۆرۈگە ئېلىۋالغان ئائىلىلارنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، ئوغانلار ۋاڭ ماڭ بىلەن ئۆچەكىشىپ قالدى. هۇن قۇلدارلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوغانلارنى ئۆزىگە تارتىپ ئۇلارنىڭ ئېسىلزادىلىرىنى ئەمەل بىلەن قىزىقتۇرۇپ، باشقا ئادەملىرىنىمۇ رام قىلىۋالدى. گۇاڭۋۇ يىللىرىنىڭ دەسلەپىدە هۇن قۇلدارلىرى ئوغانلار ۋە سيانپىلار بىلەن بىرلىشىپ شىمالغا هۇجۇم قىلدى. دەيجۈن ئايمىقىنىڭ شەرقىدىكى رايونلار ئاپەتكە ئەڭ ئېغىر ئۇچرىدى. ئوغانلارنىڭ چارۋىچىلىق يەرلىرى خەن سۇلالىسى يەرلىرىگە ئەڭ يېقىن بولۇپ، ئەتىگەندە تاڭ سۈزۈلگەندە يولغا چىقسا كۈن كۆتۈرۈلۈشى بىلەن كېلىپ بولغىلى بولاتتى. شۇڭا، شىمالدىكى بەش ئايماقتىكى خەلق ئېغىر ئاپەتكە ئۇچراپ پۇقرالار سەرسان بولۇپ كەتتى. خەن قوشۇنلىرى ئۇلار بىلەن نەچچە يۈز قېتىم چوڭ-كىچىك ئۇرۇشلارنى قىلغان بولسىمۇ غەلبە قىلالمىدى.⑨

ئىككىنچىدىن، ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى يەرلىك بۆلۈنمە كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈردى ۋە ئۇلارنى قوللىدى. مەسىلەن ئەندىك ئايمىقى سەنشۈي ناھىيىسىدىكى (ھازىرقى نىڭشيادىكى گۇيۈەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا) لۇفاڭ، دەيشيەن ناھىيىسىدىكى (ھازىرقى خېبېيدىكى ۋېيشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) جاڭ يې، يۈياڭ ئايمىقىدىكى (ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىدىكى مىيۈن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) پېڭ چۇڭ، ۋۇيۈەن ئايمىقىدىكى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى باۋتۇ شەھىرىنىڭ غەربىدە) لى شىڭلار داۋاملىق شىمالدا پاراكەندىچىلىك تېرىپ ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، بولۇپمۇ، لۇفاڭ ھۇن قولدارلىرىنىڭ جەنۇبقا تاجاۋۇز قىلىشىدىكى مۇھىم قورالىغا ئايلىنىپ قالدى. ھۇن قۇلدارلىرى قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇنىڭ بۆلۈنمىچىلىكىنى قوللاپلا قالماستىن، يەنە ئۇنى يۆلەپ «خەن پادىشاھى» (قورچاق پادىشاھ) قىلىپ جيۇيۈەندە تۇرغۇزۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىگە بىۋاستە قول تىقتى. لۇ فاڭ ۋۇيۈەن، سۇفاڭ، يۈنجۇڭ، دىڭشياڭ، يەنمېندىن ئىبارەت بەش ئايماقنى ئىگىلىۋېلىپ، ھۇنلارنى يۆلەنچۈك قىلىپ خورىكى بەك ئۆسۈپ كەتتى ⑩.
كېيىن لۇفاڭنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىلەر (مەسىلەن، سۈي لى) ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن، ئۇ ھۇنلار ئارىسىغا قېچىپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يەنە ئىنئامغا بېرىلىپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغاچقا، ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ سۈيقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى، ئۇلار بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ بۇلاڭچىلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. بۇنىڭ بىلەن، شاڭداڭ (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى جاڭزى ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا)، فۇفېڭ (ھازىرقى شىئەن شەھىرى)، تيەنشۈي (ھازىرقى گەنسۇدىكى تۇڭۋېي ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا)، شاڭگۇ (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىكى خۇەيلەي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا)، جۇڭشەن (ھازىرقى خېبېيدىكى دىڭشيەن ناھىيىسى) قاتارلىق جايلار ھۇن ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ تاجاۋۇزى، قىرغىنچىلىقى ۋە بۇلاڭ-تالىڭىغا ئۇچراپ، شىمالنىڭ ئەمىنلىكى بۇزۇلدى [11]

ئۈچىنچىدىن، ئۇلار غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قاقتى-سوقتى قىلىپ باج-سېلىق يىغىپ، ئىقتىسادىي كۈچىنى كۈچەيتتى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شۇەندى، يۈەندى دەۋرلىرىدىن بۇيان غەربىي يۇرت ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان، خەن سۇلالىسى قورۇقچى بەگ تەسىس قىلىپ غەربىي يۇرتنى باشقۇرغانىدى. كېيىن ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرىنىڭ ئورنىنى چۈشۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. شۇنىڭ

بىلەن، ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن يۈز ئۆرۈپ قورۇقچى بەگ دەن چىننى ئۆلتۈرۈپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزدى. ھۇن قۇلدارلىرى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىپ، غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى يەنە يېڭىۋاشتىن ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالدى. ھۇن قۇلدارلىرى ھەر مىللەت خەلقلىرىدىن ئېغىر باج-سېلىق يىغقاچقا، ئۇلار چىداشقا ئامالسىز قالدى [12].

ئەينى چاغدا، بىر تەرەپتىن ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ تاجاۋۇزلىق كۈچى قۇدۇرەت تاپقان، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقىي خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتى يېڭى قۇرۇلغان، سىياسىي جەھەتتە يەرلىك بۆلۈنمە كۈچلەر تېخى تولۇق يوقىتىلماي پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىرلىكى تېخى ئىشقا ئاشمىغان، ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋەيران بولۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ئوندىن ئىككى-ئۈچى قالغان، «قەلئەلەر بوشاپ، ساقلىغىلى ئادەم قالمىغان»، «قورۇللار بۇزۇلۇپ تۈرلار ۋەيران بولغان » ئىدى[13].شۇڭا، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى بۇ خىل پەرق ئەينى چاغدىكى شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە قارىتا ئىستراتېگىيىلىك قايتۇرما زەربە بەرمەي، پاسسىپ مۇداپىئە كۆرۈش تاكتىكىسىنى يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى.

مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۇنلارغا تۆۋەندىكىدەك تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللاندى:

بىرىنچىدىن، سىياسىي جەھەتتە، جيەنۇۋ 6-يىلى (مىلادىيە 30-يىلى) گۇاڭ ۋۇدى (لىيۇشيۇ) ھۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئالتۇن-كۈمۈش سوۋغا قىلىپ، بۇرۇنقى دوستانە مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، سىياسىي ۋاستە ئارقىلىق ھۇنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى توسماقچى بولدى. گەرچە ھۇنلار جاۋابەن ئەلچى ئەۋەتكەن (ھۇنلار بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئۆز-ئارا جاۋابەن ئەلچى ئەۋەتىشى شۇنىڭدىن باشلاندى) بولسىمۇ، ئەمما پاراكەندىچىلىكنى توختاتمىدى[14].ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلانمىدى.

ئىككىنچىدىن، ھەربىي جەھەتتە، گۇاڭ ۋۇدى سەركەردە-لەشكەرلەرنى يۆتكىگەن بولسىمۇ مۇداپىئەنى ئاساس قىلدى. ئارىلاپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسىمۇ، دۈشمەننى چېكىندۈرۈش بىلەن توختاپ قېلىپ، ئاساسىي جەھەتتىن قورۇلدىن چىقىپ ئۇرۇش قىلمىدى[15].يەنە كېلىپ قىسمەن ئۇرۇشلارنىڭ كۆپىدە غەلبىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى. «كىيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە، ھۇنلار لۇفاڭ بىلەن

بىرلىكتە نەچچە قېتىم شىمالغا تاجاۋۇز قىلغان. جيەنئۇ 9-يىلى بۇيۇك ئەمىر لەشكەر ۋۇخەن قاتارلىقلار ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسىمۇ، نەچچە يىلغىچە ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قەلغا كەلتۈرەلمىگەن. ئەكسىچە ھۇنلار بارغانسېرى كۈچىيىپ تاجاۋۇزچىلىقى بارغانسىرى كۆپەيگەن. 13-يىلى خېدۇڭغا تاجاۋۇز قىلغاندا ئايماق، ۋىلايەتلەر تاقابىل تۇرالمىغان. شۇڭا، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى نۇرغۇنلىغان ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى روشەن پاسىپ مۇداپىئە خاراكتېرىدە بولغان. تارىخىي ئەسەرلەردە خاتىرىلىنىشىچە، گۇاڭۋۇدى تەختكە چىققاندىن (مىلادىيە 25-يىلى) كېيىن، بەي سۇنى دەيجۈن ئايمىقىنىڭ ۋالىيسى قىلىپ، «قورۇللارنى مۇستەھكەملەپ ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرگەن». ئاتالمىش «قورۇلنى مۇستەھكەملەش» قەلئە، قورۇللارنى پاسىپ مۇداپىئە قىلىش دېگەنلىك ئىدى. يەنە جيەنئۇ 5-يىلى گوجى يۈياڭ ئايمىقىنىڭ ۋالىيسى بولغاندا ھۇنلار چېگرىغا پاركەندىچىلىك سېلىپ، چېگرىدىكى خەلقلەر غەمگە پاتقان. گوجى ئەسكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، ھۇجۇمغا تەييارلىنىپ مۇداپىئە كۆرگەنلىكتىن، ھۇنلار قورقۇپ قورۇلدىن كىرىشكە پېتىنالمىغان. بۇنىڭدىمۇ پەقەت«ھۇنلارنى قورۇلدىن كىرگۈزمەسلىك» بىلەنلا چەكلىنىپ، قورۇلدىن چىقىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن زەربە بېرەلمىگەن. يەنە جيەنئۇ 7-يىلى دۇماۋ پەرمانغا بىنائەن قوشۇن باشلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ جىنياڭ، گۇاڭۋۇدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ ھۇن قاراقچىلىرىدىن مۇداپىئە كۆرگەن. جيەنئۇ 12-يىلى گۇاڭ ۋۇدى يەنە دۇەن جۇڭنى ھەر قايسى ئايماقلاردىكى كەچۈرۈم قىلىنغان مەھبۇسلارنى باشلاپ دۇماۋنىڭ شىمالنى قوغدىشىغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتكەن. دۇەن جۇڭ شىمالغا بارغاندىن كېيىن ئەسكەرلەرنى ئىشلىتىپ «قەلئە، قورۇللارنى سېلىپ، تۇرلارنى ياساپ»، مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى ۋە كۈچلىرىنى كۈچەيتكەن[16].بۇمۇ يەنىلا مۇداپىئەلىنىشنى ئاساس قىلغان.

ئۇچىنچىدىن، مۇداپىئەلىنىشتە مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى كۈچەيتىش زۆرۈر ئىدى، شۇڭا شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە قەلئە، قورۇل، تۇرلارنى رېمونت قىلىش ۋە ياساش ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ بولدى. تارىخىي ئەسەرلەردە خاتىرىلىنىشىچە، جيەنئۇ 15-يىلى يەنمېن، دەيجۈن، شاڭگۇ ئۈچ ئايماق خەلقلىرى چاڭشەنگۇەن (ھازىرقى خېبېيدىكى تاڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا)، جۈيۇڭگۇەن (ھازىرقى خېبېيدىكى جۈيۇڭگۇەن) نىڭ شەرقىگە كۆچۈپ ھۇنلارنىڭ پاركەندىچىلىكىدىن پاناھلانغان. ھۇنلارنىڭ سول تەرەپتىكى قوشۇنلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىچكىرلەپ كىرىپ قورۇلنىڭ ئىچىگە جايلىشىۋالغان.شەرقىي خەن

سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمىتى تۇسۇشقا ئامالسىز قېلىپ، چېگرىدىكى ھەر قايسى ئايماقلاردىكى ئەسكىرىي كۈچنى كۆپەيتىپ، «كەڭ كۆلەمدە قەلئە، قورۇللارنى سېلىش، تۇرلارنى ياساش» قا مەجبۇر بولغان. جيەنۋۇ 12-يىلى يېڭۋاشتىن دەيشيەن ناھىيىسىدىن پىڭچېڭغا تۇتىشىدىغان، ئۇزۇنلۇقى 300 چاقىرىمدىن ئاشىدىغان فېيخۇ يولى ياسالغان بولسا، ئەمدىلىكتە (جيەنۋۇ 15-يىلى) شىخېدىن ۋېيچياۋغىچە، خېشاڭدىن ئەنيگىچە، تەييۈەندىن جىڭجىڭغىچە، جۇڭشەندىن يېغىچە بولغان ئارىلىقتا قەلئە، قورغانلار سېلىنىپ، ھەر ئون چاقىرىم ئارىلىقتا بىردىن تۇر ياسىلىپ مۇداپىئە كۈرۈلگەن [17].

تۆتىنچىدىن، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋەزىيىتىنى ئوڭشاپ ھەم شىمالدىكى قەلئە، قورغانلارنى ساقلاپ، ۋاقتىنچە غەربىي يۇرت بىلەن كارى بولمىدى. شۇڭا، جيەنۋۇ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى «بەگلىك» لەرنى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئەلچى ئەۋەتىپ شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن مەركەزگە تەۋە بولۇشنى ھەم قورۇقچى بەگ تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، گۇاڭ ۋۇدى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك يېڭىدىن تىنجىدى، ھۇنلار تېخى بويسۇندۇرۇلمىدى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ سىرتىدىكى ئىشلارغا چولىمىز تەگمەيدۇ، دېگەن سەۋەب بىلەن ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىدى[18].

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا گەرچە ھۇن قۇلدارلىرى توختىماستىن جەنۇبقا تاجاۋۇز قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئارىدا ئەلچىلەر يەنىلا بېرىپ-كېلىپ تۇردى. جيەنۋۇ 6-يىلى (مىلادىيە 30-يىلى) شەرقىي خەن سۇلالىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەلچى ئەۋەتكەن، ھۇنلارمۇ بۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرغاندىن باشقا، جيەنۋۇ 14-يىلى (مىلادىيە 38-يىلى) ھۇنلارمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى، شەرقىي خەن سۇلالىسمۇ قائىدە بويىچە ئەمىر مۆكەرنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ جاۋاب قايتۇردى[19].

لېكىن بۇ خىل ئۇچرىشىش ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي مۇناسىۋىتىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىدا ھېچقانداق رول ئوينىيالمىدى، ئۇرۇش ۋە تاجاۋۇزچىلىق يەنىلا داۋاملاشتۇرۇلدى. پەقەت خەنزۇ، ھۇن خەلقلىرى ئارىسىدا ئەينى چاغدا ئۇرۇش بىر قەدەر ئاز بولغان خېشى كارىدورى ئەتراپىدىكى رايونلاردىلا قويۇق ئىقتىسادىي ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى ساقلىنىپ قالدى. «كېيىنكى خەننامە» 31-جىلد «كۇڭ فېننىڭ تەرجىمھالى» دا، جيەنۋۇ يىللىرىدا جاھان قالايمىقانلىشىپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت خېشى رايونىلا ناھايىتى تىنچ ئىدى، گۇزاڭ ناھايىتى باياشات بولۇپ، چياڭلار (غەربىي چياڭلار)، غوزلار (ھۇنلار ۋە ئارىلاشما غوزلار) «سودا قىلىشاتتى»، «ھەر كۈنى تۆت قېتىم

بازار بولاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. قەدىمكى چاغلاردا بازار سودىسىدا ئادەتتە بىر كۈندە ئۈچ قېتىم بازار بولىدىغان بولۇپ، بىر كۈندە تۆت قېتىم بازار بولۇشىدىن بۇ يەردىكى بازار سودىسىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. گۇزاڭ خەنزۇ، چياڭ، هۇن ۋە ئارىلاشما غوزلار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، بىر كۈندە تۆت قېتىم بازار بولغانلىقىدىن قارىغاندا، ئەينى چاغدا هۇنلار، خەنزۇلار ۋە باشقا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا ناهايىتى گۈللەنگەن.

## 5. غەربىي خەن سۇلالىسى ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدىكى ئەل بولغان ئادەتتىكى هۇنلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا هۇنلاردىن خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغۇچىلار بار ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار هەققىدە قىسسە»دە ۋېيدىنىڭ هۇن تەڭرىقۇتىغا يازغان خېتىدە «هەر ئىككىلا تەرەپ ئۆتكەن ئىشلارنى تەگەشمەيلى، مەن قېچىپ كەلگەنلەرنى قۇيۇۋېتەي، سىلمۇ جاننى قاتارلىقلارنىڭ ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرمىسىلە» دېگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردە تىلغان ئېلىنغان جاننى قاتارلىق كىشلەر دەل خەن سۇلالىسىگە قېچىپ بارغان هۇنلار ئىدى. جىڭدى دەۋرىدە نۇرغۇنلىغان هۇن خانلىرى خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ، خەن سۇلالىسى ئۇلارنىڭ هەممىسىگە تۆرىلىك مەرتىۋىسىنى بەرگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر. شىياۋ جىڭدى هەققىدە خاتىرە» دە «خۇيدى، جىڭدى دەۋرلىرىدىكى تۆرىلەرنىڭ يىلنامىسى» دا بۇ ئەهۋاللار خاتىرىلەنگەن. لېكىن، زور تۈركۈمدىكى هۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇش سۈدى، شۈەندى دەۋرلىرىدە بولغان. ۋۇدىنىڭ يۈەنشۇ 2- يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 121- يىلى) كۈزدە، هازىرقى گەنسۇدىكى خېشى كارىدورى ئەتراپىدا چارۋىچىلىق قىلىدىغان قۇنشار خان شۇتۇق خاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قوۋمىدىن40 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. خەن سۇلالىسى ئۇنىڭغا تايىن تۆرىسى دىگەن مەرتىۋىنى بەردى هەم چېگرىدىكى بەش ئايماقنىڭ سىرتىدا بەش «بېقىندى ئەل» تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭ قومىنى ئورۇنلاشتۇردى[20]. شۈەندىنىڭ ۋۇفېڭ 2- يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 56- يىلى) قىشتا خۇسۇر خان ۋە سول ئىجىز خان ئۆز قوۋمىدىن 50 مىڭدىن ئوشۇق كىشىنى باشلاپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. خەن سۇلالىسى ئۇلارغا تۆرىلىك

مەرتىۋىسى بەردى ھەم شخي، بېيدى ئىككى ئايماقتا بېقىندى ئەل تەسىس قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇردى [21]. بۇنىڭدىن باشقا ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئوغلى، ئاتاقلىق خانلىرى، سەركەردىلىرى، ۋەزىرلىرى، كاھ بەگلىرى، جورچىلىرى قاتارلىقلاردىنمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، خېلى كۆردى خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. «خەننامە. جىڭدى، جاۋدى، شۈەندى، يۈەندى دەۋرلىرىدىكى تۆھپىكار ۋەزىرلەرنىڭ يىلنامىسى» دا بۇ ئەھۋاللار خاتىرلەنگەن. شۈەندى دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھۇنلاردىن خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغانلار تەخمىنەن يۈز مىڭدىن ئاشقان. تېخى ھەر قېتىملىق ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەسىرگە چۈشۈپ ئەل بولغانلار بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.

ئاتالمىش «بېقىندى ئەل» زادى نېمە؟ «تارىخىي خاتىرىلەر. ۋېي چىڭ ۋە قىران چەۋانداز سانغۇنىنىڭ تەرجىمھالى» دا: «قېچىپ كېلىپ ئەل بولغانلارنىڭ ھەممىسى چېگرىدىن بەش ئايماقنىڭ سىرتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلار ئۆز ئادىتى بويىچە ياشىغاچقا، بېقىندى ئەل دەپ ئاتالدى» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان ھۇنلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئەمەللىرىنى ۋە قەبىلە تەشكىلىنى ساقلاپ قېلىپ، خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى كۆرسىتىپ بەرگەن دائىرىدە يەنىلا چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمىگەن. لېكىن مەمۇرىي خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان بېقىندى ئەل كاھ بېگىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. بېقىندى ھەل كا بېگىلىكىگە كۆپ ھاللاردا خەنزۇلار تەيىنلەنگەن. لېكىن، ھۇنلارنىڭ يۇقىرى قاتلام شەخسلىرىدىنمۇ تولۇقلانغان. بۇ خەن سۇلالىسىنىڭ ئەل بولغان ھۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلار جەھەتتە خەنزۇلار بىلەن بىردەك بولۇشقا مەجبۇرلىمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ چېگرىدىكى ئەل بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قاراتقان بىر تۈرلۈك مىللىي سىياستى ئىدى.

بېقىندى ئەل چىن سۇلالىسىدىن باشلاپ تەسىس قىلىنغان. خەن سۇلالىسى قۇنشار خانىنىڭ قوۋمىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن بەش بېقىندى ئەل تەسىس قىلغان. بېقىندى ئەل كاھ بەگ، ياردەمچى كاھ بەگ قاتارلىق مەنسەپلەر تەسىس قىلىنغان. يەنە مىڭبېگى، توققۇز تىلماچ بەگ بولغان [22].

ۋۇدى دەۋرىدىكى بېقىندى ئەللەر تەسىس قىلىنغان چېگرىدىكى بەش ئايماق كېيىنكىلەرنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، لۇڭشى، بېيدى، شاڭجان، سۇفاڭ، يۈەنجۇڭ [23] قاتارلىقلار بولۇپ، بېقىندى ئەل كا بەگلىرىنىڭ

تۇرۇشلۇق ئورنى تيەنشۈيدىكى يۈڭشى ناھىيىسى (ھازىرقى گەنسۇدىكى يۈجۇڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا)، ئەندىڭدىكى سەنشۈي ناھىيىسى (ھازىرقى نىڭشىيادىكى گۇيۈەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا)، شاڭجۈندىكى چيۈزى ناھىيىسى (ھازىرقى شەنشىدىكى يۈلىن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا)، شىخېدىكى مېيجى ناھىيىسى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى جۇڭغار خوشۇنىنىڭ غەربىي شىمالىدا) ۋە ۋۇيۈەندىكى پۇزې ناھىيىسى (ھازىرقى ئورنى ئېنىق ئەمەس، ئېھتىمال بۇرۇنقى شەنشىنىڭ يۈلىن مەھكىمىسى تەۋەسىدە، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئىكجاۋ ئايمىقى ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن) دە بولغان [24]. شۇەندى دەۋرىدىكى بېقىنى ئەللەر شىخې، بېيدى، دىڭشاڭدا بولغان. ئەمما، بېيدىدىكى كاھ بەگنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى «خەننامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە كۆرۈلمەيدۇ.

ھالبۇكى، ئۇنىڭدىكى «فۇپىڭ ناھىيىسى» گە بېرىلگەن ئىزاھتىكى «شىمالىي تەرەپ كاھ بېگى شىنچۈەن قەلئەسىگىچە بولغان جايلارنى باشقۇرىدۇ» دېگەنگە ئاساسلىنىپ پەرەز قىلغاندا، ئۇنىڭ ئورنى فۇپىڭدا بولغان (ھازىرقى نىڭشيادىكى ۋۇجۇڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا). يەنە «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دىكى ۋۇدىنىڭ يۈەنفېڭ 3- يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 78- يىلى) «ئۇڭ قول بىلىك خان، لەۋ خان تۆت مىڭ چەۋەنداز بىلەن ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنۈپ، رىلې، ۋۇلەن، پەنخېغا بېسىپ كىردى. جاڭيې ۋالىيسى، بېقىندى ئەل كاھ بېگى گوچۇڭ قوشۇن چىقىرىپ زەربە بەردى» دېگەن خاتىرىدىن قارىغاندا، جاڭيېدىمۇ قارام ئەل بولغان. ئەمما ئۇنىڭ قاچان تەسىس قىلىنغانلىقى، كاھ بەگنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نەدىلىگى ئېنىق ئەمەس.

خەن سۇلالىسى ئەل بولغان ھۇنلارغا ئادەتتە مايىل قىلىش ۋە ئىلتىپات كۆرسىتىش سىياستىنى قوللانغان. جىڭدى دەۋرىدىلا ھۇن خانى ئۇيشىلۇ قاتارلىق بەش كىشى ئەل بولغاندا، جىڭدى ئۇلار ئارقىلىق كېيىنكىلەرگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە تۆرىلىك مەرتىۋىسىنى بېرىپ، مىڭ ئائىلىلىكنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن [25]. ۋۇدى ھۇنلاردىن ئەل بولغانلارغا تېخىمۇ بەك ئىلتىپات كۆرسەتكەن. بۇ «تارىخىي خاتىرىلەر» 120- جىلد، «جى جېڭنىڭ تەرجىمھالى» دا ناھايىتى ئېنىق خاتىرلەنگەن بولۇپ، جى جېڭ: «كەمىنىلىرىنىڭ قارىشىچە ئالىيلىرى قولغا كەلتۈرگەن ھۇنلارنى قۇل قىلىپ، ئۇلارنى مال- مۈلكى بىلەنلا قوشۇپ جەڭدە قۇربان بولغانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىپ، پۇقرالارنىڭ رەھمىتىنى ئېلىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتتۇشلىرى كېرەك ئىدى. سىلى بۇنداق قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە قۇنشار خان نەچچە تۈمەن كىشىنى باشلاپ ئەل بولغىلى كەلگەندە، خەزىنىدىن پۇل چىقىرىپ ئۇلارنى تارتۇقلىسىلا، يەنە تېخى پۇقرالارنى ئۇلارنىڭ ھالىدىن

خەۋەر ئېلىشقا بۇيرۇپ، خۇددى ئەزىز- مېھماندەك كۈتىۋالدىلا» دېگەن. 30- جىلد، «بازارنامە توغرىسىدا» دىمۇ: «شۇ يىلى كۈزدە قۇنشار خان نەچچە تۈمەن كىشىنى باشلاپ ئەل بولغاندا، خەن سۇلالىسى 20 مىڭ ھارۋىنى كۈتىۋېلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار كەلگەندە مول ئىنئاملارنى بېرىپ، يۈز تۈمەندىن ئارتۇق يارماق سەرپ قىلدى» دېيىلگەن. ئەل بولغانلار ئىچىدىكى يۇقىرى قاتلام شەخسلەرنىڭ ھەممىسگە تۆرىلىك مەرتىۋىسى بېرىلىپ، كۆپ بولغاندا ئون مىڭ ئائىلە، ئازراق بولغاندا مىڭ نەچچە ئائىلە، ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ بەش- ئالتە يۈز ئائىلە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن. يەنە بەزىلىرى بىقىندى ئەللەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك سەركەردىلىك ۋەزىپىسگە تەيىنلەنگەن. مەسلەن، لىياڭچى تۆرىسى رانپانىۇ بىقىندى ئەل كاھ بېگلىكىگە، كۈن تۆرىسى جۇجى بىقىندى ئەل چەۋەندازلار سەركەردىلىكىگە تەيىنلەنگەن[26].

خەن سۇلالىسدىكى تۆرىلىك ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان بىر خىل مەرتىۋە بولۇپ، تۆرىلەرگە سۇيۇرغال قىلىنغان يەرلەرنى مەركەز ئادەم ئەۋەتىپ باشقۇراتتى. تۆرىلەر بولسا پەقەت سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن ئائىلىلەردىن باج- سېلىق يىغىۋالاتتى. خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان ھۇن خانلىرى، سەركەردىلىرى ۋە ۋەزىرلىرىدىن تۆرىلىك مەرتىۋىسى بېرىلگەنلەرمۇ شۇنداق بولغان. خەن سۇلالىسگە ئەل بولغان ھۇن خانلىرى، سەركەردىلىرى ۋە ۋەزىرلىرىگە سۇيۇرغال قىلىنغان يەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھازىرقى خېنەن، سەنشى، شەندۇڭ، خېبېي ئەتراپلىرىدا بولۇپ، خېنەندە – ئەينى چاغدىكى يىچۇەن ئايمىقىدا ئەڭ كۆپ بولغان. يىچۇەن ئايمىقىدىكى راڭچېڭ، يەنلىڭ، ۋۇياڭ، ياڭچېڭ قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسدە سۇيۇرغال يەرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋۇياڭ ناھىيىسدە ھەممىدىن كۆپ بولغان. تۆرىلىك مەرتىۋىسگە ئېرىشكەن ھۇن خانلىرى، سەركەردىلىرى، ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرقى سۇيۇرغاللىقلارغا مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار ئەگەر خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتىگە ئېرىشەلمىسە ئۆزلىرى خالىغانچە كۆچۈپ كېتەلمىگەن. مەسلەن، شىيامو تۆرىسى قۇدۇن يۇەنشۇ 2- يىلى مەرتىۋىسى بېرىلگەندىن كېيىن، ئىزچىل ھالدا سۇيۇرغال يېرى چىشى (ھازىرقى شەنشىنىڭ لىنچى ناھىيىسى) دا تۇرغان. ئۇنى نەۋرىسى شېنجۈ 3- يىلى پەرمان بويىچە گېجۇ تېغىغا (ئۇيسۇنلارغا يېقىن) كۆچۈرۈلگەن. كېيىن ئۆز مەيلىچە ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ ۋۇشىغا (ئۇيسۇنلارنىڭ يېرى) كۆچۈپ كېتىپ ئولتۇراقلاشقاچقا، تۆرىلىك مەرتىۋىسى ئېلىپ تاشلانغان [27].

غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تۆرىلىك مەرتىۋىسى بېرىلگەن ھۇنلاردىن «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە

«خەننامە» دە خاتىرلەنگەنلىرىدىن جەمئىي 30 – 40 ى بار. بۇلاردىن ھۇنلار تەرەپكە قېچىشقا ئورۇنغانلىقى (مەسلەن، چىنياڭ تۈرىسى يۈجى ۋە روياڭ تۈرىسى مېڭدەك)، ئاسىيلىق قىلغانلىقى، خەن پادىشاھلىرىغا ھاقارەت كەلتۈرگەنلىكى، تۈزۈم- قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلغانلىقى، ۋارىسلىق قىلدىغان ئوغلى بولمىغانلىقى سەۋەبلىك ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. مەرتىۋىسى بىكار قىلىنغان ياكى مەرتىۋىسى ئېلىپ تاشلانغانلاردىن باشقىلىرىنىڭ مەرتىۋىسىگە خەن سۇلالىسى ئومۇمەن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ۋارىسلىق قىلدۇرۇغان. بۇنىڭ ئىچىدە، ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغىنى دۇ تۈرىسى جىن مىتى (شۇتۇق خاننىڭ ئوغلى) ئىدى. بۇنى «خەننامە» 68- جىلد، «جىن مىتىنىڭ تەرجىمھالى» دىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئادەتتىكى ھۇن چارۋىچىلىرى ئەسلىدىنلا ئاتلىق ئەسكەر بولغاچقا، خەن سۇلالىسى ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنى بېقىندى ئەل قوشۇنىغا كىرگۈزۈپ «بېقىندى ئەل چەۋەندازى» قىلغان. مەسلەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بېقىندى ئەل چەۋەندازلار سەركەردىسى جوجى باشچىلىق قىلغان بېقىندى ئەل چەۋەندازلىرى دەل مۇشۇنداق ئاتلىق ئەسكەرلەر بولغان. «تارىخىي خاتىرىلەر» پەرغانە تەزكىرىسى» دە يۈەنفېڭ 3- يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 108- يىلى) ۋۇدىنىڭ جاۋ پونۇنى بېقىندى ئەل چەۋەندازلىرى ۋە ئايماق لەشكەرلىرىدىن نەچچە تۈمەننى باشلاپ قوشقا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەنلىكى خاتىرلەنگەن. ۋاڭ شيەنچيەن «خەننامىگە تولۇقلىما. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە شۇ سۆزنىڭ ئىزاھاتىدىن نەقىل ئېلىپ، بۇ بېقىندى بەش چەۋەندازلىرىنىڭ دەل يۈەنشۇ 2- يىلى تەسىس قىلىنغان بەش بېقىندى ئەلدىكى قۇنشار خان ۋە شۇتۇق خانلارنىڭ قوشۇنى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بۇنىڭدىن بېقىندى ئەل قوشۇنىغا قوبۇل قىلىنغان ھۇن ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى ھەم ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

خەن سۇلالىسى يەنە ئەل بولغان بىر قىسىم ھۇنلاردىن (سانى ئېنىق ئەمەس) قوشۇن تۈزۈپ، ئۇلارغا چاڭشۈي ھۇن چەۋەندازلىرى ۋە شۈەنچۇ ھۇن چەۋەندازلىرى (چاڭشۈي ھازىرقى شەنشىدىكى لەنتيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا، شۈەنچۇ خەن دەۋرىدىكى چاڭئەن سەنپۇدا تۇرغۇزۇلغان. «خەننامە. ئەمەلدار- تۈرەلەر يىلنامىسى» دا خاتىرلىنىشچە، چاڭشۈي چېرىكچى بېگى چاڭشۈي، شۈەنچۇ بېگى چىياڭ ھۇن چەۋەندازلىرىنى باشقۇرغان بولسىمۇ، دائىملىق ۋېيلۇنىڭ ئاتىسى چاڭشۈي ھۇنلىرىدىن بولۇپ، ئۇ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىن، ھۇن چەۋەندازلىرى چېرىكچى بېگى بولۇپ تەيىنلىنىپ چاڭشۈيدە تۇرغان.

ۋېيلۇ خەن سۇلالىسىدە چوڭ بولۇپ كېيىن ھۇنلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەندە قايتىدىن ھۇنلارا ئەل بولغان [28]. ۋۇدىنىڭ جېڭخې 2- يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 91- يىلى) داخانلىق ۋەقەسىدە [29]. جىياڭ چۇڭ چاڭئەندىكى گۇناكار تۆرىلەرنى ئەۋەتىپ چاڭشۈي ۋە شۈەنچۇ ھۇن چەۋەندازلىرىنى يۆتكىگەن [30] بۇ ھۇن چەۋەندازلىرى بەزىدە ھەربىي يۈرۈشكىمۇ سېلىنغان. مەسىلەن، شۈەندىنىڭ شېنخۆ 1- يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 61- يىلى) 3- ئايدا، غەربىي چياڭلار ئىسيان كۆتۈرگەندە، خەن سۇلالىسى سەنپۇدىكى ھۇن ۋە يۆ چەۋەندازلىرىنى ئەۋەتىپ، جىنچېڭغىچە قوغلاپ بارغان [31].

ئەل بولغان ھۇنلاردىن بېقىندى ئەل چەۋەندازلىقىغا ياكى چاڭشۈي، شۈنچۇ ھۇن چەۋاندازلىقىغا تاللانمىغانلىرى بولسا خۇاڭخې دەرياسى ۋە خېتاۋنىڭ جەنۇبىدىكى چېگرىدىكى بەش ئايماقنىڭ سىرتىغا تارقاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۇڭا، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ۋۇۋېي، سۇفاڭ، ۋۇيۈەن، بېيدى، شىخې ئەتىراپلىرىدىكى شۇتۇق ھۇنلىرى (شۇتۇق خان قوۋمىنىڭ ئەۋلاتلىرى) ناھايىتى كۆپ بولغان. خەن سۇلالىسى ئەل بولغان ھۇنلاردىن شۈەندىنىڭ ئاخىرىدا بېقىندى ئەللەردىكى ئەل بولغان ھۇنلاردىن شۈەندىنىڭ ئاخىرقى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 49- يىلى) شىخې بېقىندى ئېلىدە ۋە يۈەندىنىڭ دەسلەپكى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 48- يىلى) شاڭجۈن بېقىندى ئېلىدە ئېلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، بىر قىسىم ھۇنلارنىڭ ھۇنلار رايونىغا قېچىپ كېتىش ۋەقەسى سادىر بولغاندىن كېيىن، ھېچقانداق قالايمىقانچىلىق ۋە ئىسيان كۆرۈلمىگەن [32].

شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بېقىندى ئەللەردە دەل ئۆزگىرىش بولدى. تارىخىي ئەسەرلەرگە ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدا ئەندىك بېقىندى ئېلى، شىخې بېقىندى ئېلى، شاڭجۈن بېقىندى ئېلى، جايى بېقىندى ئېلى، جۈيەن بېقىندى ئېلى بولغان [33]. بېقىندى ئەل يەنىلا كاھ بەگ، بەگلەر ۋە بېقىندى ئەل چەۋاندازلىرى تەسىس قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاڭشۈي ھۇن چەۋاندازلىرى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، يۇڭپىڭ 2- يىلى (مىلادىيە 52- يىلى) قىشتا، مىڭدى جۇڭشىيەن بېگى لىيۇيەنگە سۇيۇرغال قىلىنغان يېرىدىن كېلىشكە پەرمان چۈشۈرگەن ھەم ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتىپ قوغداپ ئەكەلگەن. مىڭدى لىيۇيەنگە: «بۇ ئاتلىق قوشۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى شىمالىي قوشۇندىكى ھۇن چەۋاندازلىرى، يېنىڭ قوراللانغان، ئوقيا ئېتىشقا ئۇستا، بىر تال ئوقنىمۇ زايا كەتكۈزمەيدۇ» دېگەن [34]. ئاتالمىش شىمالىي قوشۇندىكى ھۇن چەۋاندازلىرى، دەل چاڭشۈي چېرىكچى بېگىگە قاراشلىق چاڭشۈي ھۇن چەۋەندازلىرى بولۇپ،

شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاڭشۇي چېرىكچى بېگى شىمالىي قوشۇن قوشىبېشى بولغاچقا [35]، مىڭدى چاڭشۇي ھۇن چەۋاندازلىرىنى شىمالىي قوشۇن ھۇن چەۋاندازلىرى، دېگەن. يەنە مەسلەن، يۈڭپىڭ 11- يىلى (مىلادىيە 68- يىلى) لىۇ بەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئاتلىق قوشۇننىڭ ئاتلىق چېرىكچى بېگى بولۇپ تۇرىۋاتقان چېغىدا، مىڭدى ھەر قېتىم سۇيۇرغاللارنى كۆزدىن كەچۈرگىلى چىققاندا، ئۇ دائىم چاڭشۇي ھۇن چەۋەندازلىرىنى باشلاپ ئۇنى قوغدىغان [36].

ئەندىك بېقىندى ئېلىدىكى ھۇنلار غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپلا ئۇزۇن مۇددەت خەنزۇلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقاچقا، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى پەيدىنپەي خەنزۇلاردىن تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالغان. بەزىلىرى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچىپ، دېھقانچىلىق ياكى يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. شىيې جېن «كېيىنكى خەننامە. چياڭلار، غۇزلار ھەققىدە قىسسە» دە: «بېقىندى ئەلدە ئەل بولغان چياڭ ۋە ھۇنلاردىن نەچچە مىڭى بار. ئۇلار تاغدا ئولتۇراقلىشىپ چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق قىلىدۇ» دەپ خاتىرلەنگەن. بۇ يەردە دېيىلگەن بېقىندى ئەل ئەندىك بېقىندى ئېلى بولۇپ، تاغ چېگشەن تېغىنى (ھازىرقى گەنسۇدىكى خۇەنشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەندىك بېقىندى ئېلىدە ئولتۇراقلاشقان ھۇنلارنىڭ (يەنە چياڭلارمۇ بار) چىگشەن تېغى ئەتراپىدا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملىرىنىڭ چارۋىچىدىن دېھقانغا ياكى قوشۇمچە دېھقانچىلىق قىلىدىغان چارۋىچىغا ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ چارۋىچىدىن دېھقانغا ياكى قوشۇمچە دېھقانچىلىق قىلىدىغان چارۋىچىغا ئۆزگىرىش جەريانى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خەنزۇ فېئودال بيۇروكراتلىرى ۋە پومېشچىكلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراش جەريانى بولغان. ئۇلارنىڭ ئەندىك بېقىندى ئېلىدىكى سەنشۆيدە تۇرىۋاتقان چاغدا، خەنزۇ دېھقانلىرىغا ئوخشاشلا يەرلىك خەنزۇ فېئودال بيۇروكراتلىرى ۋە پومىشچىكلىرىنىڭ ئېزىشى، ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغان. شۇڭا ۋاڭ ماڭنىڭ ئاخىرقى يىللىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، ئۇلارمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. جىگشەن تېغىنىڭ يەر شەكلى مۇھىم، تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا باپ كەلگەچكە، قوزغىلاڭچى قوشۇن چىگشەنگە يىغىلغان. ئۇلارنىڭ قوزغىلىڭى ماھىيەتتە فېئوداللىق زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى ھەققانىي خارەكتېردىكى سىنىپىي كۈرەش ئىدى. لېكىن ئۇلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇش جەريانىدا، دوست- دۈشمەننى ئېنىق ئايرىماي،

سەنشۈيدىكى يەرلىك فېئودال بۆلۈنمىچى لۇفاڭ ۋە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ھۇن قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرى بىلەن ئۆز- ئارا تىل بىرىكتۈرگەن. ھۇن قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرى شۇ سەۋەبتىن گۇرىن خانىنى ئەسكەر باشلاپ ئۇلارغا ھەمدەم بولۇشقا ئەۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ قوزغىلاڭ فېئودال بۆلۈنمە كۈچلەر ۋە تاجاۋۇزچى كۈچلەر پايدىلىنىدىغان بىر قورالغا ئايلىنىپ قالغان. كېيىن (جيەنۋۇ 6- يىلى، مىلادىيە 30- يىلى) چىڭشەن تېغىغا توپلانغان بۇ ھۇنلاردىن بىر تۈمەندىن ئارتۇق كىشى باشلىقى فېيتۇشياۋچىننىڭ رەھبەرلىكىدە بېيدى ۋالىيسى فېڭ يىغا ئەل بولغان. بىر قىسىم ھۇنلار لۇفاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، سەنشۈيگە قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ناھىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئېغىر زۇلۇمى تۈپەيلىدىن جيەنۋۇ 21- يىلى (مىلادىيە 45- يىلى) بوما شاۋبونىڭ رەھبەرلىكىدە قايتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھۇن قۇلدارلىرى بىلەن قايتا ئالاقە باغلاپ، يەنە چىڭشەن تېغىغا توپلانغان. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، شاۋبو تەسلىم بولۇپ، يىشىيەن ناھىيىسىگە (ھازىرقى گەنسۇدىكى ۋۇشەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي) كۆچۈرۈۋېتىلگە [37].

## ئىزاھلار:


[1] «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[2] «خەننامە» 100- جىلد، «تەرجىمىھاللار».

[3] «خەننامە» 17- جىلد، «دۆەن خۇيزۇڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «شەرقىي قەسىردىكى خەن خاتىرلىرى» 23- جىلد «پىلىڭ چۇڭ ھەققىدە خاتىرە».

[4] «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[5] «خەننامە. 99- جىلد، «ۋاڭ ماڭنىڭ تەرجىمىھالى».

[6] «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[7] «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[8] «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[9] كېيىنكى خەننامە» 90- جىلد، «ئوغانلار ۋە سيانپىلار ھەققىدە قىسسە»، 20- جىلد، «ۋاڭ بانىڭ

تەرجىمھالى».

[10] «كېيىنكى خەننامە»، 12- جىلد، «لۇفاڭنىڭ تەرجىمھالى»، «پىڭ چۇڭنىڭ تەرجىمھالى»، 19- جىلد، «گېڭ يەننىڭ تەرجىمھالى».

[11] «كېيىنكى خەننامە»، 1- جىلد، «فۇاڭ ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە» ، 89- جىلد «جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» ۋە «لۇفاڭنىڭ تەرجىمھالى».

[12] «كېيىنكى خەننامە» 88- جىلد، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

[13] «كېيىنكى خەننامە»، 82- جىلد «تەدبىرچى گوشيەننىڭ ئەمەلدارلىق يوسۇنلىرى» ، 1- جىلد.

[14] «كېيىنكى خەننامە، گۇاڭدى ھەققىدە خاتىرە» ۋە «جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[15] «كېيىنكى خەننامە. ۋاڭ بانىڭ تەرجىمھالى» دا، ۋاڭ بانىڭ ھۇنلار بىلەن چوڭ- كىچىك نەچچە يۈز قېتىم ئۇرۇشقان بولسىمۇ، جىيەنئۇ 10- يىلدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتىنلا پىك چېڭدا ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، قورۇلدىن چىقىپ ھۇنلارغا غەلبىسىرى قوغلاپ زەربە بەرگەنلىكى خاتىرلەنگەن. بۇ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا خەن سانغۇنلىرى قۇرۇلدىن چىقىپ، ھۇنلارغا بەرگەن بىردىن بىر ئۇرۇش. بۇ ئۇرۇش مىساللىرىدىن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ھۇنلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلارنىڭ مۇداپىئە خاراكتېرىدىكى ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

[16] «كېيىنكى خەننامە»، 30- جىلد، «سۇ جىڭنىڭ تەرىجىمھالى». 31- جىلد، «گوچىڭنىڭ تەرجىمھالى»، 22- جىلد، «دۇمانىڭ تەرجىمھالى».

[17] «كېيىنكى خەننامە. گۇاڭ ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە»، «جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، 22- جىلد، «ماچېڭنىڭ تەرجىمھالى».

[18] «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

[19] «كېيىنكى خەننامە. گۇاڭ ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە».

[20] «خەننامە»، 6- جىلد، «ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە»، «تارىخىي خاتىرىلەر»، 20- جىلد، «جىيەنيۈەن يىللىرىدىن بۇيانقى تۆرىلەرنىڭ يىلنامىسى» ۋە 111- جىلد، «ۋېي چىڭ ۋە قىران چەۋەنداز سانغۇننىڭ تەرجىمھالى».

[21]«خەننامە»، 8- جىلد، «شۆەندى ھەققىدە خاتىرە»، 94- جىلد، «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، چېگدى دەۋرلىرىدىكى تۆھپىكار ۋەزىرلەرنىڭ يىلنامىسى».

[22] «خەننامە»، 19- جىلد، «ئەمەلدار- تۆرىلەر يىلنامىسى».

[23]«تارىخىي خاتىرىلەر. ۋېي چىڭ ۋە قىران چەۋانداز سانغۇننىڭ تەرجىمھالى».

[24] «خەننامە»، 28- جىلد، «جۇغراپىيە تەزكىرىسى».

[25] «تارىخىي خاتىرىلەر»، 57- جىلدى، «جىياڭ تۆرىسى جۇيىۇ جەمەتى» ۋە 19- جىلد، «خۇيدى ، جىڭدى دەۋرلىرىدىكى تۆرىلەرنىڭ يىلنامىسى».

[26] «تارىخىي خاتىرىلەر. خۇيدى، جىڭدى دەۋرلىرىدىكى تۆرىلەرنىڭ يىلنامىسى» ۋە «خەننامە. جىڭدى، ۋۇدى، جاۋدى، شۆەندى، يۈەندى، چېڭدى دەۋرلىرىدىكى تۆھپىكار ۋەزىرلەرنىڭ يىلنامىسى».

[27] «خاننامە. جىڭدى، ۋۇدى، جاۋدى، شۆەندى، يۈەندى، چېڭدى دەۋرلىرىدىكى تۆھپىكار ۋەزىرلەرنىڭ يىلنامىسى».

[28] «خەننامە»، 54- جىلد، «لى لىڭنىڭ تەرجىمھالى».

[29] داخانلىق ۋەقەسى 10- باپ، 2- تېمىسىغا قارالسۇن.

[30] «خەننامە»، 66- جىلد، «لىيۇ چۇماۋنىڭ تەرجىمھالى».

[31] «خەننامە»، 8- جىلد، «شۆەندى ھەققىدە خاتىرە»، 69- جىلد، «جاۋ چۇڭگونىڭ تەرجىھالى».

[32] «خەننامە»، 89- جىلد، «فېڭ فېڭشىنىڭ تەرجىمھالى» ۋە 9- جىلد، «يۈەندى ھەققىدە خاتىرە»،«فېڭ فېڭشىنىڭ تەرجىمھالى» دا «شۆەندىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى» خاتا ھالدا «جاۋدىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى» بولۇپ قالغان. «شۆەندى ھەققىدە خاتىرە» گە ئاساسلانغاندا، شىخىي بېقىندى ئېلى ۋۇفېڭ 3- يىلى تەسىس قىلغان. جىڧۇدى دەۋرىدە شىخىي بېقىندى ئېلى تېخى يوق ئىدى. شۇڭا، ئەسەردە بۇ تۈزىتىلدى.

[33] «كېيىنكى خەننامە»، 4- جىلد، «خېدى ھەققىدە خاتىرە»، 7- جىلد، «خۇەندى ھەققىدە خاتىرە»، 12- جىلد، «لۇ فاڭنىڭ تەرجىمھالى»، 89- جىلد، «جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[34] «كېيىنكى خەننامە»، 42- جىلد، «گۇڭۋۇ يىللىرىدىكى ئون بەگ ئىچىدىكى جۇڭشەن بېگى يەنىنىڭ تەرجىمھالى».

[35] «كېيىنكى خەننامە»، 27- تەپسىرات، «ئەمەل - مەنسەپ تەزكىرىسى».

[36] «كېيىنكى خەننامە. گۇاڭ ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە»، 17- جىلد، «فېڭ يىنىڭ تەرجىمىھالى» ۋە 12- جىلد، «لۇ فاڭنىڭ تەرجىمىھالى».

# 7- باپ ھۇنلارنىڭ گۈللىنىشى، خارابىلىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى (III)

## 6. ھۇنلانىڭ جەنۇب- شىمال ئىككىگە پارچىلىنىشى —— جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇشى ۋە ھۇن قۇلدارلىق ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشى

ھۇنلار مىلادىيە 48- يىلىغا كەلگەندە غايەت زور ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈردى. يەنە جەنۇبىي ۋە شىمال ئىككى قىسمغا پارچىلاپ، ئىچكىردە ئولتۇراقلاشتى. شىمالىي ھۇنلار داۋملىق چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلىشىپ، ئەڭ ئاخىرى غەربكە كۆچۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ ئىككى قىسىم ھۇنلار ئۆز ئالدىغا يول تۇتۇپ، ھەر قايسىسى ئوخشىمىغان تارىخىي يۆنىلىشكە قاراپ ماڭدى. شۇ سەۋەبتىن خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىمۇ غەربىي خەن دەۋرىدىكىگە ئوخشىمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

«كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرلىنىشىچە، قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ نەۋرىسى، ئۈجۇلۇجۇت تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى بى تاغىسى قۇتئەرىش تەڭرىقۇت بۇ تەختتە ئولتۇرغان چاغدا (مىلادىيە 18- يىلى) ئوڭ ئۈكەن باتىس خانلىققا تەيىنلىنىپ، ھۇنلارنىڭ جەنۇبىغا جايلىشىپ، جەنۇپتىكى سەككىز قەبىلىنى ۋە ئوغانلارنى باشقۇرغان بولۇپ، تەۋەلىكىدە 40 50 مىڭ كىشى بار ئىدى. ئۇ تەڭرىقۇتلۇق ئورنىنى تارتىۋېلىپ قويغانلىقتىن، تەڭرىقۇتۇ بۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇنلا ئىچىدە غۇم ساقلاپ، تەڭرىقۇت ئوردىسىدىكى يىغىلىشلارغا قاتناشمايدىغان بولىۋالغان ئىدى. يۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا ئوغلى ئۇداتقۇ تەختكە چىقتى (مىلادىيە 46- يىلى). بى يەنە تەختكە ئولتۇرالمىغاچقا، بۇنىڭدىن ناھايىتى غەزەپلەندى. شۇ چاغلاردا ھۇنلار رايونىدا ئۇدا

نەچچە يىل ئىگىز قۇرغاقچىلىق، چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپ، نەچچە مىڭ چاقىرىم دائىرىدە گىياھلار قۇرۇپ، قەھەتچىلىك ۋە كېسەل سەۋەبىدىن ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۆلۈپ تۈگىگەنىدى. پانۇ تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقتا قالغان پۇرستىدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىشتىن ئەنسىرەپ، يۆياڭغا (ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى مىيۈن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەتنى ۋاقتىنچە پەسەيتىشكە ئورۇندى. خەن سۇلالىسمۇ ئەمىر نۆكەر لى ماۋنى سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتتى. ھالبۇكى، بىمۇ مەخپىي ھالدا گوخرۇڭ ئارقىلىق ھۇنلار رايونىنىڭ خەرىتىسىنى خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەۋەتىپ بەردى. جىيەنۇۋ 24- يىلى ئەتىيازدا، ھۇنلارنىڭ جەنۇپتىكى سەككىز قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرى بىمۇ تەڭرىقۇت قىلىپ تىكلىدى. بى بۇرۇن بوۋىسى قوغۇشار تەڭرىقۇت جىخۇشان خەن سۇلالىسىنىڭ ياردىمىدە ئەمىنلىككە ئېرىشكەچكە، ئەجدادلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ «قوغۇشار» دېگەن نامنى قوللاندى ھەم ۋۇيۇەن قورۇلغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، «مەڭگۈ خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولۇپ شىمالدىكى قاراقچىلار (شىمالىي ھۇنلار) دىن مۇداپىئە كۆرۈشنى خالايدىغانلىقى» نى بىلدۈردى. خەن سۇلالىسى دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان ھۇنلار يىلمۇ- يىل تاجاۋۇز قىلغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ قارىشى تۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتقانلىقى ۋەجىدىن، ئۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ چېگرىنى قوغداشنى ئويلاپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. شۇ يىلى (جىيەنۇۋ 24- يىلى) بى ئۆزىنى قوغۇشار تەڭرىقۇت (يەنى شىلوشجۇت تەڭرىقۇت) دەپ ئاتىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھۇنلار جەنۇپ ۋە شىمال ئىككى قىسىمغا پارچىلىنىپ كەتتى [1]. جەنۇبىي تەڭرىقۇت ھۇنلار ئېغىر تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچراپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشى ۋەيران بولۇپ، خەل ئاچارچىلىقتا قالغانلىقى ئۈچۈن ھەم شىمالىي ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، يەنە جىيەنۇۋ 25- يىلى خەن سۇلالىسى پايتەختى لوياڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ نازارەت قىلىشنى، ئۆزىنىڭ ئ.وغلىنى ئەۋەتىپ، بۇرۇنقى ئەھدىنامىنى قايتا تۈزۈشنى (قوغۇشار تەڭرىقۇت ۋە شۈەندى دەۋرىدە ئىمزالانغان ئەھدىنامىنى قايتا تۈزۈشنى) خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خەن سۇلالىسى ئۇنى قوللاش ۋە كونترول قىلىشنى كۆزلەپ، غەربىگە 80 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە تەڭرىقۇت ئوردىسى (جەنۇبىي تەڭرىقۇت ئوردىسى) قۇرۇشقا ياردەم بەردى. ئارقىدىنلا ئۇنى يۈنجۇڭ ئايمىقىغا كۆچۈرۈپ كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە شىخې ئايمىقىدىكى مېيجى ناھىيىسىگە كۆچۈرۈپ كەلدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاساسىي جەھەتتىن غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ جىخۇشانغا قوللانغان كونا قائىدىسىنى ئۆلگە قىلىپ (جىخۇشاننىڭ ئورنىنى ھەر قايسى بەگلەردىن يۇقىرى قىلىپ)، جەنۇبىي تەڭرىقۇتقا ئالتۇندىن ياسالغان مۆھۈر ۋە مۆھۈر بېغى ئىنئام قىلىپ، كىيىم- كېچەك، كەمەر- تاج، ھارۋا- ئات، ئوقيا، شەمشەر، ساۋۇت، تۇرمۇش بويۇملىرى، چالغۇ ئەۋاپلىرى، ئالتۇن ۋە زور مىقداردا كىمخاپ- شايى، پاختا قاتارلىقلارنى ھەدىيە قىلدى. يەنە خېدۇڭ ئايمىقىدىكى 25 مىڭ پاتمان گۈرۈچ، 36 مىڭ تۇياق قوي- كالا چىقىرىپ ئۇلارغا ياردەم قىلدى.

بۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبىي ھۇنلار ھەر قېتىم ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، خەن سۇلالىسى بۇرۇنقىدەك ياردەم بەردى. «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرلىنىشىچە، جىيەنئۇ 29- يىلى (مىلادىيە 53- يىلى) جەنۇبىي تەڭرىقۇتقا نەچچە تۈمەن جىيەنئۇ قوي ئىنئام قىلىنغان. يەنە جىيەنچۇ 1- يىلى (مىلادىيە 76- يىلى) جەنۇبىي ھۇنلار رايونىدا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپ، خەلق ئاچارچىلىقتا قالغاندا، جاڭدى 30 مىڭدىن ئارتۇق نامرات ئائىلىلەرگە قۇتقۇزۇش بەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا، شەرقىي خەن سۇلالىسى يەنە «ھۇنلار ئەمىر نۆكىرى» تەسىس قىلىپ، مەخسۇس جەنۇبىي تەڭرىقۇتنى قوغدىدى [2]. ھۇنلار ئەمىر نۆكىرىنىڭ تۆۋىنىدە قورۇقچى بەگ بولۇپ، ئۇ جازا ئىجرا قىلغۇچى 50 قوراللىق لەشكەرنى باشلاپ، تەڭرىقۇتنىڭ تۇراრگاھىنى قوغداپ، كۆزەتچىلىك قىلاتتى. جىيەنئۇ 26- يىلى قىشتا جەنۇبىي تەڭرىقۇت شىمالىي تەڭرىقۇت بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، ئەمىر نۆكەر دۇەن بىلەن ئاتلىق ئەسكەر، 500 جازا ئىجرا قىلغۇچى لەشكەر بىلەن جەنۇبىي تەڭرىقۇتنى قوغداشقا ھەمدەملەشكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ جەنۇبىي ھۇن ھاكىمىيىتىنى خەن سۇلالىسىنىڭ قوللىشى ئاستىدا پەيدىنپەي مۇقىملاشتى.

جەنۇبىي ھۇنلار بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن دوستانە بولدى. جەنۇبىي تەڭرىقۇت ھەر يىلى ئوغلىنى ئاستانە لويياڭغا ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى ۋە ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلدى. چاغانىنى قۇتلۇقلاپ ئىبادەتخانىلارنى تاۋاپ قىلدى. خەن سۇلالىسىمۇ قائىدە بويىچە زور مىقداردىكى تاۋار- دۇردۇن، يېمەكلىكلەرنى ئوڭ قول، سول قول بىلىك خاندىن تۆۋەندىكىلەرگە ۋە «تۆھپە كۆرسەتكەنلەر» گە ھەدىيە قىلدى. كېيىن ھەر بىر تەڭرىقۇت ئۆلگەندە يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ «تەزىيە بىلدۈردى». ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە زور تۈركۈمدىكى تاۋار- دۇردۇنلارنى ھەر قايسى خانلارغاۋە قۇتقۇدىن تۆۋەن ئەمەلدارلارغا ئىنئام قىلىپ بەردى

ھەم بۇ ئىشنى دائىملىق قائىدىگە ئايلاندۇردى. شۇ سەۋەبتىن شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبىي ھۇنلارغا سەرپ قىلغان چىقىمى ئىنتايىن زورىيىپ، ھەر يىلى 190 مىليون يارماقتىن ئېشىپ كەتتى [3].

جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ ئەل بولۇشىمۇ بىر مۇقەررەر ھادىسە بولۇپ، بۇ ھۇن تارىخىنىڭ ئۆزۈن مەزگىللىك تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، شىمالدىكى ھۇنلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار بىلەن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا ئېھتىياجلىق ئىدى. بۇ شىمال بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ، ھۇنلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ بىرلىككە كېلىشى، ئىتتىپاقلىششىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىجتىمائىي ئاساس ئىدى. خەنزۇلارنىڭ ئىلغار فېئودالىلىق ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنىڭ ھۇنلارغا پائال تەسىر كۆرسىتىشى، ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا خەنزلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئوخشىمايدىغان پوزىتسىيە تۇتىدىغان ئىككى خىل ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەڭسىزلىكىنىڭ ئىنكاسى بولدى. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جىخوشان خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى تەڭسىزلىك تېخىمۇ تېزلەشتى ۋە چوڭقۇرلاشتى. تەڭرىقۇتنى بى مىلادىيە 18- يىلدىن تارتىپ ھۇنلارنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە ماكانلاشقان. قول ئاستىدىكى سەككىز قەبىلە ئەينى چاغدىكى بېيدى، سۇفاڭ، ۋۇيۈەن، دىڭراڭ، يۈەنجۇڭ، يەنمېن، دەيجۈن، شاڭگو قاتارلىق ئايماقلارغا، يەنى ھازىرقى لۇڭشى، ئىچكى مۇڭغۇلدىكى خېتاۋ، كونا سەددىچىننىڭ شىمالىي ۋە شىمالى شەنشى، شىمالىي خېبېيغا جايلاشقاندىن باشلاپ، سەككىز قەبىلىنىڭ چارۋىچىلىق يېرى خەن سۇلالىسىنىڭ يەرلىرىگە يېقىن بولغاچقا، خەنزۇلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە باشقا جايلارغا قارىغاندا بەكرە ئۇچرىدى. شۇڭا، خەنزۇلار بىلەن ئەپلىشىپ ھەمكارلىشىش ئارزۇسىمۇ كۈچلۈك بولدى. سەككىز قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ بىنى تەڭرىقۇت قىلىشتا ئۇنىڭ بوۋىسى جىخۇشاننىڭ خەن سۇلالىسىگە تايىنىپ ئەمىنلىككە ئېرىشكەنلىكىنى ئويلاشقىلى ۋە بىنىڭ ئەجدادلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ «قوغۇشار» نامىنى قوللانغانلىقى ئۇنىڭ ئەل بولۇشىنىڭ كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ۋە ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. يەنە كېلىپ سەككىز قەبىلە ئىچىدە نۇرغۇنلىغان خەنزۇلار بۇلۇپ، بۇلارنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ھۇنلارغا تارقىتىشى ھەم ئۇلارغا ئەقىل ئۆگىنىشى (مەسىلەن، گوخېڭنىڭ تەڭرىقۇت بىغا خەرىتە سىزىپ بەرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن خەرىتە تەقدىم قىلغانلىقى بۇنىڭ بىر مىسالى) ئۇلارنىڭ جەمئىيىتىنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشى ۋە يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا خەنزۇ

مەدەنىيىتىگە يېقىنلىششىنى تېزلىتىشتە خېلى روللارنى ئوينىدى. شۇڭا، تەڭرىقۇت بى ۋە ئۇ باشچىلىقىدىكى سەككىز قەبىلە ھۇنلاردىكى جەنۇبتىن ۋەكىللىكىدىكى خەنزۇ مەدەنىيىتىگە ھەۋەس قىلىدىغان ھەم خەن سۇلالىسى بىلەن يارىشىشنى قەتئىي قوللايدىغان ئىجتىمائىي كۈچكە بىۋاستە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن يارىشىش ھەرىكىتى پۈتۈن ھۇن خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلەتتى. مۇشۇ ئىجتىمائىي كۈچ مەۋجۇت بولغانلىقتىن، شىمال بىلەن جەنۇپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىنىڭ، ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ جەنۇبتىن سىلىپ بەرگەن ئاساس بويىچە قايتىدىن بىرلىككە كېلىشكە، ئىتتىپاقلىششىقا يۈزلىنىشى مۇقەررەر ئىدى. ھالبۇكى، جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇشىدا بىنىڭ ئاساسلىق رول ئوينىشى تاسادىپىيلىق ئىدى. تەڭرىقۇت ئورنىنى تالىشىش ۋە تەبئىي ئاپەتنىڭ يۈز بېرىشى پەقەت بىر تۈتۈرۈق بولغانىدى. تارىختىكى مۇقەررەرلىك كۆپ ھاللاردا تاسادىپىيلىق ئارقىلىق ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا، تەڭرىقۇت بىنىڭ خەن، ھۇن مۇناسىۋىتىدە ئوينىغان ئاكتىپ رولىنى تۆۋەنلىتىۋېتىشكە بولمايدۇ. جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ ئەل بولۇشى ھۇن تارىخى ۋە خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىغا ناھايىتى زور ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

بىرىنچىدىن، ئۇ ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىي چېگرىسىدىكى تاجاۋۇزچىلىق تەھدىتىنى تۈگەتتى. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، جەنۇبىي تەڭرىقۇت ئەل بولغاندىن كېيىن، جىيەنئۇ 25- يىلى ئەتىيازدا قوشۇن ئەۋەتىپ شىمالىي تەڭرىقۇتنىڭ ئوردىسىغىچە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ قوۋمىدىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتۇپ، ئون مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق ئات، كالا، قوي غەنىيمەت ئالغان. شىمالىي تەڭرىقۇت يۇنىڭدىن قورقۇپ، بۇلاپ كەلگەن بارلىق خەنزۇ پۇقرالىرىنى قويۇپ بېرىپ، ياخشى كۆڭلىنى بىلدۈرگەن. چەۋەندازلار ھەر قېتىم قورغانلاردىن ئۆتكەندە، بىز قاچقۇن ئۆكەن باتىس خانغا رەدىيە بېرىمىز. خەنلىكلەرگە تەگمەيمىز ، دېگەن [4].

ئىككىنچىدىن، ئۇ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا قورغانلار، سىيانپىلارنىڭ ھۇن قۇلدار تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇشىنى روياپقا چىقىرىپ ھەم ئۇلارنى خەن سۇلالىسىگە تەۋە قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ھۇن تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىنى چەكلەش كۈچىنى كۈچەيتتى.

ئوغانلار ۋاڭ ماڭ دەۋرىدىن باشلاپ ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ قوشۇن

چىقىرىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرىلىرىغا تاجاۋۇز قىلغان ئىدى. جيەنئۇ 22-يىلى پۇغانىلار ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، قوشۇن چىقىرىپ ئۇلارنىمەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى شىمالغا نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراققىچە قوغلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن "چۆللۈكنىڭ جەنۇبى بوشاپ قالدى". شەرقىي خەن سۇلالىسى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوغانلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارغا پۇل، رەخت سوۋغا قىلدى. ئوغانلار ئەسلىدە ئولۇغ ئۆكەن باتىس خان بىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى، ئەمدىلىكتە بىنىڭ تەۋەلىكىدىن سەككىز قەبىلىنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغاچقا، ئوغانلارمۇ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇشنى خالىدى.

بولۇپمۇ خەن سۇلالىسىگە ئەڭ يېقىن لياۋشى ئوغانلىرىدىن ئاقساقال خاۋ دەن قاتارلىق 900 دىن ئارتۇق ئادەم جيەنئۇ 25-يىلى خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ، ئاستانە لوياڭغا بېرىپ زىيارەت قىلدى. خەن سۇلالىسى ئۇلارنىڭ ئاق ساقاللىرىدىن پايتەختتە قېلىپ خەن سۇلالىسى ئۈچۈن كۆچ چىقىرىشنى خالايدىغانلىرىدىن 80 نەچچىسىگە بەگ، تۆرىلىك مەرتىۋىسى بەردى ھەم ئۇلارنى قورۇلىنىڭ ئىچىگە كۆچۈرۈپ، چېگرىدىكى ھەر قايسى ئايماقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆز ئادەملىرىنى توپلاتقۇزۇپ، ئاشلىق، كىيىم-كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇردى، شۇنداقلا ئۇلارنى خەن سۇلالىسى ئۈچۈن چېگرالارنى چارلاپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇن ۋە سيانپىلارغا ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەملىشىدىغان قىلدى [5] .

سيانپىلار غەربىي خگەن سۇلالىسىدىن بۇرۇن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئالاقە قىلمىغان بولۇپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە جانلىنىشقا باشلىغانىدى. شۇ چاغدا ھۇنلار كۈچىيىپ كەتكەچكە، ئۇلار ئوغانلارغا ئوخشاشلا ئەلچى ئەۋەتىپ، ھۇن قۇلدارلىرى بىلەن بىرلىشىپ قوشۇن چىقىرىپ چېگرىغا تاجاۋۇز قىلىپ، پۇقرا ۋە ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈپ، يىل بويى چېگرىنىڭ ئامانلىقىنى بۇزىدىغان. لېكىن، جيەنئۇ 21-يىلى ئۇلار ھۇن قۇلدارلىرى بىلەن بىرلىكتە لياۋدۇڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە ۋالى جەي رۇڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، ئون مىڭدىن ئارتۇق چەۋەندازى ئۆلتۈرۈلۈپ، قاتتىق قورقۇپ كەتتى. جەنۇبىي ھۇنلار خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ، شىمالىي ھۇنلار يېتىم قالغادىن كېيىن، سيانپىلار جيەنئۇ25-يىلىدىن باشلاپ شەرقىي خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ رەھبىرى قورۇقچى بەگ پيەنخې قاتارلىقلار ھەر يىلى لەشكەر چىقىرىپ خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشىغا ھەمدەم بولدى. كېيىن ئۇلارنىڭ ئاق ساقىلى يۈچۈبېن ۋە مەنتۇ قاتارلىقلار ئۆز قوۋملىرىنى باشلاپ ئاستانىگە كېلىپ ئەل بولۇپ، خەن سۇلالىسى ئۇلارغا بەگ، تۆرىلىك مەرتىۋىسى بەردى. خەن

سۇلالىسى ئوغانلار ۋە سيانپىلار بىلەن بولغان ئۇچرىششى، سوۋغا-سالام ۋە بازار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىيەن شاڭگۇ ئايمىقىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى شەھىرىدە (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى شۈەنخۇا ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) ئوغان چېركىچى بېگى تەسىس قىلىپ مەھكىمە قۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ مىڭدى، جاڭدى ۋە خېدى دەۋرلىرىدە (مىلادىيە 58~105-يىللار)چېگرىدا ھېچ ئىش بولمىدى[6].

ئۈچۈنچىدىن، ئۇ ھۇنلارغا قول بۇلۇپ قالغانلارنىڭ قۇللۇقتىن قۇتۇلۇشقا پايدىلىق بولدى. «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» 30-جىلد «ئوغانلار، سيانپىلار ۋە شەرقتىكى يات قەۋملەر ھەققىدە قىسسە» دە پېيجۇ «ۋېي پادىشاھلىقى تارىخى» دىن نەقىل ئېلىپ، ھۇنلاردا نەچچە تۈمەن ئائىلىلىك” ئەسىر قۇل“ لارنىڭ بارلىقى، ئۇلارنىڭ جيەنۋۇ يىللىرىدا ھۇنلار پارچىلانغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەينى چاغدىكى جىنچېڭ، ۋۇۋېي، جيۇچۈەننىڭ شىمالىدىكى قاراسۇ دەرياسى ۋە شىخېنىڭ غەربى ھەم شەرقىگە، يەنى ھازىرقى گەنسۇدىكى لەنجۇ، مىنچىن، جيۇچۈەن ۋە روشۈي دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىنىدىكى جاڭيېدىن خېيچۈەن ئۆتكىچە ئەتراپى ۋە دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى داڭخې دەرياسى ئەتراپىغا قېچىپ كېلىپ، داۋاملىق ھالدا “ ئوت، سۇ قوغلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق“ تۇرمۇشى كەچۈرگەنلىكىنى تىلغا ئالغان. بۇ ئەسىر قۇللارنىڭ ئىچىدە دىڭلىڭلار، غەربىي چياڭلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرى بولۇپ، ئۇلار تاكى، ۋېي پادىشاھلىقى قۇرۇلغىچە (مىلادىيە 219-يىلى) شۇ يەرلەردە كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان. بۇ ھۇن جەمىيىتىدىكى كۆلىمى زور بولغان، سىنىپى كۈرەشنى مەزمۇن قىلغان بىر قېتىملىق مىللى كۈرەش ئىدى. بۇ قېتىمقى كۈرەش ھۇن قۇلدارلىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇشتا ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

تۆتىنچىدىن، چېگرا تىنچلىنىپ خەنزۇلار خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان بولدى. جيەنۋۇ 15-يىللار خەن سۇلالىسى يەنمېن، دەيجۈن، شاڭگۇ ئۈچ ئايماق خەلقىنى چاڭشەنگۈەن ۋە جۈيۇڭگۈەننىڭ شەرقىگە كۆچۈرگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت باشقا ئايماقلاردىكى خەلقلەرمۇ ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن قېچىپ ئىچكىرىگە كۆچۈپ كەتكەنىدى. ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ كوونتروللۇقىدىكى چەۋەندازلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى نەتىجىسىدە، چېگرىدىكى ئايماق، ناھىيىلەر خاراپلىشىپ، ئەمما يەر خارابىلىققا ئايلىنىپ، ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغانىدى[7]. جەنۇبى ھۇنلار ئەل بولغاندىن كېيىن، شىمالىي ھۇن قۇلدارلىرى ئالدىراپ بېسىپ كېرەلمىدى، خەن سۇلالىسىم بىر خەن سۇلالىسىمۇ بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بىر

تەرەپتىن سىپىل، خەندەكلەرنى رېمونت قىلىپ، بىر تەرەپتىن چېگرىدىكى خەلقلەرگە يول خىراجىتى ۋە ئوزۇقلۇق بېرىپ، بىيدى، سۇفاڭ، ۋۇيۈەن، يۈنجۇڭ، دىڭراڭ، يەنمېن، دەيجۈن، شاڭگو قاتارلىق سەككىز ئايماق خەلقىنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇپ كەلدى. ئارىدىن خېلى مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، چېگرىدىكى خەلقلەر جاپالىق تىرىشىش نەتىجىسىدە پەيدىنپەي ئۆزىنى ئۆزى قامدىيالايدىغان بولدى [8]. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىمالدا ئۇرۇش بولمىغاچقا، چېگرىنى قوغداۋاتقان قوشۇنلار ھەربىي سەپتىن چېكىندۈرۈلدى. بۇمۇ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ناھايىتى پايدىلىق بولدى [9].

بەشىنچىدىن، جەنۇبىي ھۇنلار خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ، خەن سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى قوللىشى ۋە ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكتىن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى پەيدىنپەي ئەسلىگە كەلدى. خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكتىن نوپۇسى كۆپەيدى. قىسقىغىنە 40يىل ئىچىدە، جۇملىدىن مىلادىيە 90-يىلىغا كەلگەندە، بۇپۇسى شىمالىي ھۇنلاردىن ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ ئەل بولغان ۋە ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قوشۇپ ھېساپلىغاندا 34مىڭ تۈتۈن، 237300 ئادەمگە يېتىپ، ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 50170 كە يېتىپ [10]. ئىچكىرىگە كۆچكەن چاغدىكى 40-50-مىڭ كىشىدىن بىراقلا تۆت بەش ھەسسە كۆپەيدى. بۇنىڭدىن باشقا، جەنۇبى ھۇنلار قورۇلىنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كىرىپ، چېگرىدىكى ھەر قايسى ئايماقلارغا تارقىلىپ خەنزۇلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقانلىقتىن[11]. خەنزۇلار بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ئۆز-ئارا ئۆگىنىش پۇرسىتى تېخىمۇ كۆپىيىپ، خەنزۇلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ ئاسان قوبۇل قىلىپ، بىر قىسمىلىرى تەدرىجى ئۇالدا دېھقانچىلىقنى ئۆگىنىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

ھالبۇكى، شىمالىي ھۇنلار ئۇدا نەچچە يىل تەبىئى ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقى ھەم جەنۇبى ھۇنلار، ئۇغانلار ۋە سيانپىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، چۆللۈكنى جەنۇبىدا پۇت تىرەپ تۇرالماي چۆللۈكنىڭ شىمالىغا چېكىنگەندىن كېيىن، ئىجتىمائىي ئىگىلىكى خاراپلىشىپ، كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى. شۇڭا، جيەنۋۇ 27-يىلى (مىلادىيە 51-يىلى)، 28-يىلى، 31-يىلى، يۇڭپىڭ 7- يىلى (مىلادىيە 64-يىلى) كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ خەن سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. شىمالىي ھۇنلارنىڭ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلىشتىكى سەۋەبى، بىرىنچىدىن، خەن سۇلالىسىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىشىدىن قورققانلىقى، ئىككىنچىدىن، جەنۇبىي ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ ئارىسىنى بۇزۇشنى ئويلاشقانلىقى؛ ئۈچىنچىدىن، غەربىي يۇرتتىكى ھەر

قايسى مىللەتلەر ۋە ئوغانلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە بولغان مايىللىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، خەن سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىش ئارقىلىق سىياسىي ئابرويىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، غەربىي يۇرتنى مەھكەم كونترول قىلىش ۋە ئوغانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ئويلىغانلىقى؛ تۆتىنچىدىن، قۇدىلىشىش ئارقىلىق خەن سۇلالىسى بىلەن بازار ئېچىشنى ئويلىغانلىقى ئىدى. ئەينى چاغدا شىمالىي ھۇنلارغا ئەلچىلىككە بارغان جېڭ جۇڭ بۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆزەتكەن ۋە تەھلىل قىلغان بولۇپ، ئۇ: «شىمالىي ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىشتىكى مەقسىتى جەنۇبىي ھۇنلار بىلەن ئارىمىزنى بۇزۇش، 36 بەگلىكنى (يەنى غەربىي يۇرت) چىك ساۋۇلاش ئۈچۈندۇر. ئۇلار خەن سۇلالىسى بىلەن قۇدىلاشقانىنى داۋراڭ قىلىپ، قوشنا مىللەتلەرگە ماختىنىپ، خەن سۇلالىسىگە بېقىنماقچى بولغان غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنى ئەنسىرىتىپ ۋە گۇمانغا سېلىپ، خەن سۇلالىسىنى سېغىنغانلارنىڭ ئوتتۇرا تۆزلەڭلىككە بولغان ئۈمىدىنى ئۈزمەكچى. بۇنداق بولغاندا جەنۇبىي ھۇنلاردا تەۋرىنىش پەيدا بولىدۇ ئوغانلارمۇ ئالا كۆڭۈل بولۇپ قالىدۇ» دېگەن [12]. يۈەن خۇڭ «كېيىنكى خەن خاتىرلىرى» 10 ـ جىلد «مىڭدى ھەققىدە خاتىرە» دىمۇ جېڭ جۇڭنىڭ بايانىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، ئۇ: «ھازىر قۇدىلىشىش ئىشى ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى، ھازىر جەنۇبىي تەڭرىقۇت ئەل بولدى. ئۇمۇ قوغۇشار تەڭرىقۇت جىخۇشاندەك ياردەمگە ئېرىششنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا، ئالا كۆڭۈللۈك قىلمايدۇ. ئوغانلارمۇ قەلئە ـ قورۇللارى قوغداپ تەۋەلىك بىلدۈرۈپ تۇرىۋاتىدۇ. ناۋادا ئۇلار شىمالىي تەڭرىقۇت بىلەن داۋاملىق ئەلچى ئەۋەتىشىپ تۇرغانلىقىمىزنى ئاڭلىسا، كەمنىلىرىنىڭ قارىشىچە جەنۇبىي تەڭرىقۇت گۇمانلىنىپ قېلىشى، ئوغانلارمۇ ئالا كۆڭۈللۈك قىلىشى مۇمكىن. ئەينى چاغدا خەن خانىدانىمۇ جەنۇبىي تەڭرىقۇتنىڭ تەختىدە يېڭىدىن ئولتۇرغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شىمالىي ھۇنلارنىڭ قۇدىلىشىش تەلىپىگە ماقۇل بولسا جەنۇبىي تەڭرىقۇتنىڭ خەن سۇلالىسىگە يېقىنلىشىش نىيىتىگە تەسىر يېتىشتىن ئەنسىرىگەن» دېگەن [13]. شۇڭا، خەن سۇلالىسى ئاۋال ۋۇۋېي ۋالىيسىغا شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئەلچىسىنى قوبۇل قىلماسلىقنى ئۇقتۇرۇپ قويىدى. كېيىن شىمالىي تەڭرىقۇتى ئاستانىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئات ۋە كىگىز تەقدىم قىلغانلىقى، ئات، كالىلارنى ھەيدەپ كېلىپ چېگرىدا بازار ئېچىش ئۈچۈن ئاتاقلىق خانلىرىنى ئەۋەتكەنلىكى ھەم كۆپ سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلغانلىقى ئۈچۈن، يەنىلا يول قويۇش سىياستىنى قوللىنىپ، ئۇلارغا ئىنئام بېرىپ، مەكتۇپ ئارقىلىق جاۋاپ قايتۇرۇپ،ئەلچى ئەۋەتمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا شىمالىي ھۇنلار بازار سودىسىغا بەك ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن، قوشۇن تارتىپ ئۇرۇش قوزغىغاچقا، خەن سۇلالىسى قورقۇپ

يۈكپىك 7- يىلىغا كەلگەندە ئاندىن بازار ئېچىشقا قوشۇلۇپ ئەلچى ئەۋەتتى. بازار ئېچىش ھۇن خەلقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەلىپى بولۇپ، خەنزۇ، ھۇن ھەر ئىككى مىللەت خەلقىگە پايدىلىق ئىدى. ھالبۇكى، شىمالىي ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندا، ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى نورمال سودا مۇناسىۋىتىنى ئۇزۇن ساقلاپ قالغىلى بولمايتى [14].

خەن سۇلالىسى بىلەن شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئۆز- ئارا ئەلچى ئەۋەتىشى، دەرۋەقە جەنۇبىي ھۇنلاردىكى بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويىدى. شۇبۇ قۇتقۇسى باشلىق بىر قىسىم كىشىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ ئىش تېرىماقچى بولۇپ، شىمالىي ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىسى كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشكە ئورۇندى. بۇ ئىشنى خەن سۇلالىسى سېزىپ قېلىپ جىددىي تەدبىر قوللاندى. يەنە «لياۋشۇيدىن ئۆتۈش بارگاھى» تەسىس قىلىپ، ئەمىر نۆكەر ۋۇتاڭنى قوشۇن لياۋشۇيدىن ئۆتۈپ، ۋۇيۈەن ئايمىقىدىكى مەنبۇ ناھىيىسىدە (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى جۇڭغار خوشۇنىنىڭ غەربىي شىمالىدا) تۇرۇشقا، يەنە ئاتلىق ئەسكەرلەر چېرىكچى بېگى چېن بېگىنى قوشۇن باشلاپ شىخې ئايمىقىدىكى مېيجى ناھىيىسىدە تۇرۇپ، شۇبۇ قۇتقۇسى قاتارلىق ئاسىيلارنىڭ شىمالىي ھۇنلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزىۋېتىشكە بۇيرۇدى. يۈكپىك 8- يىلى (مىلادىيە 65- يىلى) كۈزدە، شىمالىي ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرى ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتىپ سۇفاڭغا كىرىپ، جەنۇپتىكى ئاسىيلارغا ھەمدەم بولماقچى بولدى. لېكىن خەن سۇلالىسى ئالدىن تەييارلىق كۆرۈپ قويغان بولغاچقا، مەقسىدىگە يېتەلمەي غەزەپلىنىپ، خېشىدىكى ھەر قايسى ئايماقلارغا ھۇجۇم قىلىپ، شەھەر- قەلئەلەرنى كۆيدۈرۈپ، ناھايىتى پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن خېشىدىكى ھەر قايسى ئايماقلار كېچە- كۈندۈز قوۋۇقلىرىنى تاقاپ، خەلق تولىمۇ ساراسىمىگە چۈشتى [15]. يۈكپىك 15- يىلى (مىلادىيە 72- يىلى) شىمالىي ھۇنلار خېشىغا يەنە تاجاۋۇز قىلدى [16] ھەم غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى بەگلىكلەرنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە تاجاۋۇز قىلىشقا مەجبۇرلىدى [17]. 16- يىلى يەنە يۈنجۇڭ ۋە يۈياڭغا تاجاۋۇز قىلدى [18].

شىمالىي ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تاجاۋۇزچىلىقىنى توختاتماسلىقى، خەن سۇلالىسى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا باشتىن- ئاخىر تەھدىت سېلىپ كەلدى ۋە توسالغۇلۇق قىلدى. بۇ خۇددى مىڭدى دەۋرىدە بىڭنىڭ «خەن سۇلالىسى كۆپ خىراج سەرپ قىلغان بولسىمۇ، چېگرا ئەمىن تاپمايۋاتىدۇ، بۇ ئاپەتنىڭ يىلتىزى ھۇنلاردۇر» دېگەنىدەك ئىدى [19]. شۇڭا، ئوتتۇرا

تۆزلەڭلىكنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ ئەمىن تېپىشى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى ئەسلىگە كېلىشى، خەن سۇلالىسى دۆلەت كۈچىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ ئاكتىپ قوللىشى بىلەن، ھەقىقىي ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى نىيەت قىلغان شىمالىي ھۇنلارغا جازا يۈرۈش قىلىش ھەربىي ھەرىكىتىنى باشلىدى.

خەن سۇلالىسى مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ 5- يىلىلا دۇگۇ بىلەن گېڭ بىڭنىڭ لياڭجۇغا (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جاڭجياچۇەن ناھىيىسى) ئەۋەتىپ، شىمالغا يۈرۈش قىلىش تەييارلىقىنى قىلغان ئىدى [20]. كېيىنكى يىلى (يۇڭ پىڭ 16- يىلى، 73- يىلى) ئەتىيازنىڭ 2- ئېيىدا چېگرىدىن زور قوشۇن ئايلاندۇرۇپ، ھەر قايسى سەركەردىلەرگە جەنۇبىي ھۇنلار ۋە ئۇغان، سىيانپىلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىدىن نەچچە تۈمەن ئادەمنى باشلاپ، تۆت يول بىلەن قورۇلدىن چىقىپ شىمالغا ئايلىنىشقا بۇيرۇق قىلدى. بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە دۇگۇ غەرپتىكى جيۇچۈەن قورۇلدىن چىقىپ، تەڭرىتاغدا قۇيان خان قوۋمنى مەغلۇپ قىلىپ، بارىكۆل بويىغىچە قوغلاپ بېرىپ، ئىۋىرغول شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندىن باشقا، قالغان ئۈچ يول قوشۇن، يەنى گېڭ بىڭ باشچىلىقىدىكى جاڭيېدىكى جۈيەن قورۇلىدىن ئاتلانغان قوشۇن جەي رۇڭ ۋە جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ سول قول بىلىك خانى شىن باشچىلىقىدىكى سۇفاڭدىن گاۋچۆ قورۇلىدىن ئاتلانغان قوشۇن، ھۇنلار شەپىنى سىزىپ قېلىپ چۆللۈكنىڭ شىمالغا قېچىپ كەتكەچكە، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي قايتىپ كەلدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە جەنۇبىي ھۇنلار ۋە ئۇغانلار، سىيانپىلار خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىن، شىمالىي ھۇنلار غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى «بەگلىك» لەرنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتىپ، ھەر قايسى بەگلىكلەرنىڭ ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچىدىن باشقا مىللەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىشتىكى تولۇقلىما كۈچ قىلغانىدى. ئەينى چاغدا غەربىي يۇرتتىكى جەنۇبىي يولنى ئىگەللىۋالغان ئۇدۇن خانى شىمالىي يولنى كونترول قىلغان كۇسەن خانى شىمالىي ھۇن قۇلدارلىرى يۆلەپ تۇرغۇزغان قورچاقلار ئىدى. شىمالىي ھۇنلار ئۇدۇندا دائىمىي تۇرۇشلۇق ئەلچى تۇرغۇزۇپ، ئۇدۇننى نازارەت قىلدى ھەم ئۇدۇن خەلقىدىن ھەر يىلى يىپەك قاتارلىق نەرسىلەرنى باج قىلىپ ئالدى. كۇسەن خانىمۇ شىمالىي ھۇنلارنى يۆلەنچۈك قىلىپ، شىمالىي يولدىكى ئاجىز بەگلىكلەرگە ھۇجۇم قىلدى. غەربىي يۇرت ئەمەلىيەتتە شىمالىي ھۇن قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تاشقى غەزنىسى بولۇپ قالغانىدى. شىمالىي ھۇنلار يەنە غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىدىكى قوش قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ئوت، سۈيى

مول رايونلىرىغا كۆز تىكىپ، قۇيان خاننى قوۋمى بىلەن تەڭرىتاغ ۋە بارىكۆل بويلىرىغا ئەۋەتىپ چارۋىچىلىق قىلدۇردى. بۇ يالغۇز خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنىڭ ئالاقىسىگە توسقۇنلۇق قىلىپلا قالماي، يەنە خېشى كارىدورىغا بىۋاستە تەھدىت سالدى. شۇڭا، شەرقىي خەن سۇلالىسى يۇڭپىڭ 16- يىلى شىمالغا يۈرۈش قىلغاندا، دوگۇ باشچىلىقىدىكى بىر يول قوشۇننى تەڭرىتاغدىكى قۇيۇن خانغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىش بىلەن بىللە بەن چاۋنىمۇ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.

بەن چاۋ ئالدى بىلەن پىشامشانغا (ھازىرقى شىنجاڭدىكى مىرەن ئەتراپى) يېتىپ باردى. پىشامشان خانى گۇاڭ دەسلەپتە ئۇنى ناھايىتى قائىدە- يوسۇنلۇق كۈتۇۋالدى. ئەمما شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئەلچىسى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلدى. بەن چاۋ بىللە كەلگەن 36 نەپەر ھەمراھى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ ھۇنلارنىڭ ئەلچىسىگە ئوت بىلەن تېگىش قىلماقچى بولدى. ئۇ ئاۋال ئون ئادەمنى داقا- دۇمباقلارنى ئېلىپ ھۇنلار قارارگاھىنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنۈشكە، قالغانلارنى قولىغا قورال- ياراق ئېلىپ قارارگاھ ئىشىكىنىڭ ئىككى يېنىغا مۆكۈنۈشكە بۇيرىدى. كېچە شامال يۆنىلىشى بويىچە ئوت يېقىلغان ھامان قارارگاھنىڭ ئالدى- كەينىدىكىلەر قىقاس- چۇقان كۆتۈرۈپ، داقا- دۇمباق چېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ھۇن ئەلچىسى قالايمىقانچىلىقتا ئۆلتۈرۈلدى. قالغان يۈز نەچچە ھۇن ئوتتا كۆيۈپ ئۆلدى. بۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن «ئەل» چۆچۈپ ۋەھىمىگە چۈشۈپ، «خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى، ئالا كۆڭۈللۈك قىلمايدىغانلىقىنى» بىلدۈردى.

بەن چاۋ ئارقىدىن ئۇدۇنغا باردى. ئۇدۇن خانى گۇاڭدې شىمالىي ھۇنلار ئەلچىسىنىڭ ئۆز «ئېلى» دە تۇرۇۋاتقانلىقى سەۋەبلىك بەن چاۋغا ناھايىتى سوغۇق مۇئامىلە قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ داخان- باخشىلارغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ۋەزىر سىلەيبىنى ئەۋەتىپ بەنچاۋنىڭ قارا تۇمشۇقلۇق قۇلا ئېتىنى سورىدى. بەن چاۋ بۇ ئىشلارنى ئاستىرتتىن بىلىپ بولغاچقا، ئاتنى داخاننىڭ ئۆزى كېلىپ ئېلىپ كېتىشىنى ئېيتتى ھەم كەلگەندە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، سىلەيبىنى تۇتۇپ باغلاپ، داخاننىڭ كاللىسى بىلەن قوشۇپ گۇداڭدېغا ئەۋەتىپ بەردى. گۇداڭدې بەن چاۋنىڭ پىشامشادىكى ئىشلىرىنى ئاڭلىغان بولغاچقا، قاتتىق قورقۇپ ھۇن ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، بەن چاۋغا ئەل بولدى. غەربىي يۇرتتىكى باشقا «بەگلىك» لەرمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ئەل بولدى. جەنۇبىي يولدىكى ھەر قايسى بەگلىكلەر تىنجىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ غەربىي يۇرت بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا 50

ـ60 يىل بولغان ئالاقىسى قايتىدىن ئەسلىگە كەلدى (ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەت قۇرغاندىن باشلاپلا خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان بولۇپ، يۇڭپىڭ 16ـ يىلى قايتا ئەسلىگە كەلدى [21].

يۇڭپىڭ 17ـ يىلى ئەتىيازغا، بەن چاۋ يەنە كۇسەننىڭ ھىمايىسىدە تۇرىۋاتقان سۇلېنى (ھازىرقى شىنجاڭدىكى قەشقەر) بويسۇندۇردى. كۇسەن خانى جىيەن شىمالىي ھۇنلارنىڭ كۈچى بىلەن تەختكە چىققان بولۇپ، ئۇ ھۇنلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، سۇلې خانىنى ئۆلتۈرۈپ، ۋەزىرى دۇتېنى سۇلې خانى قىلىپ تىكلىگەن ئىدى. بەن چاۋ يېقىن يول بىلەن سۇلېغا كېلىپ،دۇتى تۇرىۋاتقان پەنتۇ شەھىرىگە 90 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا توختىدى ۋە تىيەن لۈنى ئەل بولۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن ئەۋەتتى. دۇتى تىيەن لۈنىڭ ئادىمىنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئەل بولۇشقا ئۇنىمىدى. تىيەن لۈ ئۇنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى دەرھال تۇتۇپ باغلىۋالدى. دۇتىنىڭ ئەتراپىدىكىلەر بۇنداق بولۇشنى ئويلاپ باقمىغاچقا، قورقۇپ پاتپاراق بولۇپ كەتتى. بەن چاۋ ئارقىدىن يېتىپ كېلىپ، دۇتىنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، سۇلې خانىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى جۇڭنى خان قىلىپ تىكلىدى. سۇلېلىقلار بۇنىڭدىن خۇشاللىققا چۆمدى.

شۇ يىلى قىشتا، دۇگۇ قوشۇن تارتىپ قايتىدىن باركۆل بويىدا تۇيان خانىنىڭ قوۋمىنى مەغلۇپ قىلىپ قوشنى ئىگەللىدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگى ۋە ۋۇجى چېرىكچى بېگى تەسىس قىلىپ، (بۇ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى قېتىم تەسىس قىلىشى ئىدى)، قورۇقچى بەگە ۋە ۋۇ چېرىكچى بېگى ئارقا قوش بەگلىكىنىڭ بەش بالىق (ھازىرقى شىنجاڭدىكى گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ شەرىبىي شىمالىدا) شەھىرىگە ئورۇنلىشىپ، جى چېرىكچى بېگى ئالدى قوش بەگلىكىدىكى لۈكچۈن (ھازىرقى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) شەھىرىگە ئورۇنلىشىپ، غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇپ ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆردى. ئەلۋەتتە، شىمالىي ھۇنلارمۇ غەربىي يۇرتتىن ئاسانلىقچە ۋاز كېچىشنى خالىمايتى. شۇڭا، ئۇلارمۇ خەن سۇلالىسىگە قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئارىسىدا مىلادىيە 75 ~76 يىللىرى (يۇڭپىڭ 18ـ يىلى ۋە جيەنچۇ 1ـ يىلى) غەربىي يۇرتنى تالىشىش يۈزىسىدىن ئۇرۇش پارتلىدى. ئەتىيازنىڭ 2ـ ئېيىدا، شىمالىي تەڭرىقۇت سول قول خانىنى 20 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ قوشقا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئارقا قوش خانىنى ئانتورنى ئۆلتۈرۈپ، بەشبالىق شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ۋۇ چېرىكچى بېگى گېڭ گۇڭ زەھەرلىك ئوق بىلەن ھۇنلارغا زەربە بەردى. ھۇن لەزكەرلىرىدىن ئوق تەككەنلەر جاراھەت ئېغىزىنىڭ

قىزىرىپ ئىششىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن قورقۇشتى. دەل شۇ كۈنى بوران چىقىپ يامغۇر ياغدى. خەن قوشۇنلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۇنلارغا زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىلاندۇردى. ھۇنلار قورقۇپ قوشۇنىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. گېڭ گۇڭ سۇلې شەھرىنى (قوش بەگلىكىدىكى سۇلې شەھرى بولۇپ، سۇلې بەگلىكىدىكى سۇلې شەھرى ئەمەس) يېنىدىكى جىلغىدا سۇ بار. شۇ يەردە مۇداپىئە كۆرگىلى بولمايدۇ دەپ قاراپ، قوشۇنلىرىنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى. 7- ئايدا، ھۇنلار بەشبالىق شەھرىگە يەنە ھۇجۇم قىلدى ۋە جىلغا سۈيىنى ئۈزۈۋەتتى. گېڭ گۇڭ شەھەر ئىچىدە قۇدۇق قېزىپ سۇنى ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھۇنلار تەڭرى ئۇلارغا يار بولدى دەپ قاراپ، پۈتۈنلەي چېكىنىپ كەتتى. 11- ئايدا، ئاگنى، كۇسەن بەگلىكلىرى غەربى يۇرت قورۇقچى بېگى چېن مۇغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. شىمالىي ھۇنلارمۇ جى چېرىكچى بېگى گۈەن چۈڭنى لۈكچۈندە قامال قىلدى. دەل شۇ مەزگىلدە خەن مىڭدى ئاغرىپ ئۆلدى. ياردەمگە قوشۇن كەلمىگەچكە، قوش يەنە ئاسىيلىق قىلىپ ھۇنلار بىلەن بىرلىكتە گېڭ گۇڭغا ھۇجۇم قىلدى. گېڭ گۇڭنىڭ ئاشلىقى تۈگەپ، ئەسكەرلىرىدىن پەقەت نەچچە ئونلا ئادىمى قالدى. تەڭرىقۇت ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇپ ئەلچى ئەۋەتكەندە، ئۇ ئەلچىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. تەڭرىقۇت بۇنىڭدىن ناھايىتى غەزەپلىنىپ قوشۇننى كۆپەيتىپ ھۇجۇم قىلدى. لېكىن شەھەرنى ئالالمىدى. گۈەن چۈڭ ئوردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ ياردەم تەلەپ قىلدى. خەن سۇلالىسى غەرپكە يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن گېڭ بىڭنى جيۇچۇەنگە ئەۋەتىپ، جيۇچۇەن ۋالىيسى دۈەن پېڭنى جاڭيې، جيۇچۇەن، دۇنخۇاڭدىكى قوشۇنلار ۋە پىشامشان قوشۇنلىرىنى باشلاپ قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتتى [22]. جاڭدىنىڭ جيەنچۇ 1- يىلى 1- ئايدا، دۈەن پېڭ قوشقا ھۇجۇم قىلىپ، يارغول شەھرىدە (ھازىرقى شىنجاڭدىكى تۇرپاننىڭ غەربىي شىمالىدا) ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. شىمالىي ھۇنلار قورقۇپ قېچىپ كەتكەچكە، قوش يەنە قايتىدىن تەسلىم بولدى. شۇ چاغدا گۈەن چۈڭ ئاغرىپ ئۆلدى. گېڭ چۈڭنىڭ سەركەردىسى فەن چياڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى يول بىلەن بېرىپ گېڭ گۇڭنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قۇرغاقچىلىق بولۇپ، خەن قىيىنچىلىقتا قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىمالىي ھۇنلارغا جازا يۈرۈش قىلىش، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش سەۋەبىدىن ھەربىي خىراجەت ناھايىتى كۆپىيىپ كەتكەنىدى [23]. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى بەرداشلىق بېرىشكە ئامالسىز قېلىپ، قورۇقچى بەگ ۋە ۋۇجى چېرىكچى بەگلەرنى قايتۇرۇپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. كېيىنكى يىلى (جاڭدىنىڭ جيەنچۇ 2- يىلى) 3- ئايدا ئۇۋىرولدىكى تېرىقچى

لەشكەرلەرنىمۇ قايتۇرۇپ كەلدى. شىمالىي ھۇنلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ يەرنى قايتۇۋاشتىن ئىگەللىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي ھۇنلارغا جازا يۈرۈش قىلىش ھەربىي ھەرىكىتىمۇ بىر مەھەل توختاپ قالدى. لېكىن، بۇ قېتىمقى شىمالغا يۈرۈش خەن سۇلالىسىگە پايدىلىق، ھۇنلارغا پايدىسىز ئاقىۋەتنى ئېلىپ كەلدى.

شىمالىي ھۇن قۇلدار ھۆكۈمرانلار گورۇھىنىڭ يات مىللەتلەرگە قىلغان تاجاۋۇزى خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغان بولۇپ، جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ ئەل بولۇشىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، نۇرغۇنلىغان ھۇنلار جەنۇپقا بېرىپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ۋاقتىنچە پۇرسەت بولماسلىقى ياكى ئىككىلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭغا دەرھال تەمشىلەلمىگەنىدى. بۇ خۇددى جەنۇبىي تەڭرىقۇتنىڭ خېدىغا يازغان خېتىدە: «يېقىندا ئوڭ قول باتىس خان شانتان يېنىق جابدۇنۇپ يىراق شىمالىي ھۇن ئوردىسىدىن كېلىپ پېقىر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شىمالىي ھۇن قوۋملىرىنىڭ كۆپچىلىكى بېقىنىشنى خالىسىمۇ، ئۆزلىكىدىن ھەرىكەت قىلىشقا نومۇس قىلىدىكەن، شۇڭا كېلەلمەپتۇ. ئەگەر لەشكەر تارتىپ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلساق ئۇلار چوقۇم ئاۋاز قوشىدۇ» دېگىنىدەك ئىدى [24] دەرۋەقە، خەن سۇلالىسى مىلادىيە 73 ~74- يىللىرى شىمالغا يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، مىلادىيە 83- يىلىدىن (جيەنچۇ 8- يىلى) باشلاپ شىمالىي ھۇنلاردىن جەنۇپقا كېلىپ ئەل بولىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. شۇ يىلى يازدا سەنمۇلۇ قەبىلىسىدىن 38 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئاقساقلى جىلۇسنىڭ باشچىلىقىدا ۋۇيۈەن قورولىغا كېلىپ، خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. ئارقىدىلا مىلادىيە 85- يىلى (يۈەنخې 2- يىلى) يەنە ئاقساقال چېلىجۇبىنىڭ باشچىلىقىدا 73 تۈركۈم كىشى ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ قورۇلدىن كىرىپ ئەل بولدى. بۇ شىمالىي ھۇن تاجاۋۇزچى گورۇھىنىڭ كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. يەنە كېلىپ جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمى ئارقىسىدا، شىمالىي ھۇنلارنىڭ كونتروللۇقى ۋە قۇللۇقىدا تۇرىۋاتقان قوۋم ۋە قەبىلىلەرمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. سيانپىلار سول تەرەپتىن، ھۇنلار ئالدىدىن، دىڭلىڭلار ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلدى [25]». شىمالىي ھۇن تاجاۋۇزچى گۇرۇھى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا پۇت تىرەپ تۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، ئورخۇن دەرياسىنىڭ (ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئورخۇن دەرياسى) غەربىدىكى جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. مىلادىيە 87- يىلى (جاڭخې 1- يىلى) سيانپىلار يەنە سول تەرەپتىن شىمالىي ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلۇغ تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈردى. بۇ ھۇنلاردا زور

قالايمقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شىمالىي ھۇنلارغا بېقىنغان چۆلان، چۈپى، قۇتۇش قاتارلىق 58 قەبىلىدىن 200 مىڭ ئادەم، 8000 لەشكەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئارقا- ئارقىدىن جەنۇپقا بېرىپ سۇفاڭ، ۋۇيۇەن، يۈنجوڭ، بېيدى قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. دەل مۇشۇ چاغدا چۆللۈكنىڭ شىمالىدا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپ، خەلق ئاچارچىلىققا قېلىپ، ھۇن مىللىتى ئۇ بچەدىكى سىنىپى زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى. شىمالىي ھۇن ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدىمۇ ئۆلۈغ تەڭرىقۇت ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئانا باشقا ئاكىسى ئۇڭ قول بىلىك خان (تارىختىي ئەسەرلەردە ئىسمى خاتىرلەنمىگەن) قېرىنداشلىرىدىن ھوقۇق تالاشقانلىقتىن كۈچ بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ خىل ۋەزىيەت، يەنى سىنىپى زىددىيەت مىللى ۋەزىيەت ۋە ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت پەيدا قىلغان ۋەزىيەت شىمالىي ھۇنلاردىكى ئىجتىمائىي كىرزىسنى تولۇق ئاشكارلىدى. بۇ خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىشىنى پايدىلىق شەرت- شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. شۇڭا، جيەنچۇ 2- يىلىدىن (مىلادىيە 77- يىلى) باشلاپ توختاپ قالغان ھەربىي يۈرۈش ئەمدىلىكتە يەنە كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. ھالبۇكى، شىمالىي ھۇنلارنىڭ بۇ قېتىم بىر زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى يەنىلا ئۇلاردىكى ئىجتىمائىي كىرىزىسنىڭ ناھايتى چوڭقۇرلۇشىپ كەتكەنلىكىدىن بولدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي ھۇنلارغا زەربە بېرىپ، شىمالنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشى مىلادىيە 89- يىلى (خېدىنىڭ يۇڭيۇەن 1- يىلى) باشلاندى. 6- ئايدا، ھاۋا- ئاتلىقلار سانغۇنى غۇ شيەن ۋە گېڭ بىڭ سۇفاڭدىكى جىلۇ قورۇلىدىن، جەنۇبىي تەڭرىقۇت مەنيى جىلغىسىدىن (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى جۇڭغار خوشىدا)، لياشۈيدىن جەمئىي 38 مىڭ كىشلىك قوشۇن بەگ يەن پەن قاتارلىقلار جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ ياندىش چېرىكچى بەگ يەن پەن قاتارلىقلار جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ بىر تۈمەندىن ئارتۇق خىل قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى قېچىپ كەتتى. خەن قوشۇنلىرى سىجۈبىدى كۆلىگىچە (ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى ئۇسۇبۇ كۆلى) قوغلاپ زەربە بېرىپ، داڭلىق خانلارنىڭ تۆۋەننىدىكىلەردىن 13 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە نۇرشۇن كىشىنى ئەسىر ئالدى. ھۇنلارنىڭ ھەر قايسى كىچىك خانلىرىنىڭ قوۋمىدىن 81 قەبىلە، 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم كېلىپ ئەل بولدى. دۇ شيەن، گېڭ بىڭ قاتارلىقلار قورۇلدىن 3000 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان يەنرەن تېغىغا (ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى خانگات تېغى) چىقىپ، بۇ قېتىمقى غەلبىگە ئابىدە تىكلەپ قايتىپ كەلدى [26]. كېيىنكى يىلى (يۇڭيۇەن 2- يىلى) 5- ئايدا، خەن

سۇلالىسى يەنە قوشۇن ئەۋەتىپ ئىسرغولنى قوغداۋاتقان هۇن لەشكەرلىرىنى قوغلىۋېتىپ، بۇ يەرنى قايتۇرۇۋالدى. 10- ئايدا، يەنە جەنۇبىي هۇنلار بىلەن بىللە جىلۇ قورۇلىدىن قوشۇن تارتىپ شىمالىي هۇنلارغا زەربە بەردى. خەن قوشۇنلىرى كېچىدە هۇجۇم قىلغانلىقتىن، تەڭرىقۇت يارلىنىپ قېچىپ كېتىپ، جېنىنى ئاران ساقلاپ قالدى. مىلادىيە 91- يىلى (يۇڭ يۈەن 3- يىلى) 2- ئايدا، خەن سۇلالىسى يەنە زور قوشۇن تارتتى. گېڭ كۈي جۈيەن قورۇلىدىن يولغا چىقىپ، جىنۇېي تېغىدا شىمالىي هۇنلارغا هۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى يەڭدى. شىمالىي تەڭرىقۇت بىر بۆلۈك ئادەملىرىنى باشلاپ ئۇيسۇن ۋە كانگىيگە قېچىپ كەتتى [27]. شۇنىڭ بىلەن هۇن قۇلدارلىق هاكىمىيتى پۈتۈنلەي يىمىرىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىمالىي هۇنلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن چېكىنىپ چىقتى. هۇنلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209- يىلى باتۇر تەڭرىقۇت هاكىمىيەت قۇرغاندىن باشلاپ مۇشۇ ۋاقىتقىچە چۆللۈكنىڭ جەنۇب- شىمالىدا توپتوغرا 300 يىل دەۋر سۈردى.

مىلادىيە 91- يىلى شىمالىي تەڭرىقۇت قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا زور قالايمىقانچىلىق ۋەزىيىتى شەكىللەندى. شىمالىي هۇنلار سىياسىي هۆكۈمرانلىق مەركىزىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان كىشلەر باشپاناهسىز قېلىپ، هەر تەرەپكە تاراپ تۆت قىسمغا بۆلۈنۈپ كەتتى.

بىر قىسمى شىمالىي تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى يۇرتاجانغا ئەگىشىپ ماڭدى.

شىمالىي تەڭرىقۇت قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى سول قول خان يۇرتجان قالدۇق قەۋملەردىن نەچچە مىڭ ئادەمنى باشلاپ [28]، ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ ئاتاپ، بارىكۆلگە چېكىنىپ، ئەلچى ئەۋەتىپ ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلدى. خەن سۇلالىسى ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، مىلادىيە 92- يىلى (يۇڭيۈەن 4- يىلى) گېڭ كۈينى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، مۆھۈر ۋە مۆھۈر بېغى تەقدىم قىلدى ھەم ئەمىر نۆكەر رېن شاڭنى ئىشۇرغولدا تۇرۇپ، ئۇنى خۇددى جەنۇبىي تەڭرىقۇتنى قوغدىغاندەك قوغداشقا (ھەم نازارەت قىلىشقا) ئەۋەتتى. خەن سۇلالىسى ئەسلىدە ئۇنىڭ شىمالىي تەڭرىقۇت ئوردىسىغا قايتىشىغا ياردەم بەرمەكچى ئىدى. لېكىن پىلان تېخى ئىشقا ئاشماي تۇرۇپلا، كېيىنكى يىلى (يۇڭيۈەن 5- يىلى) ئۇ خەن سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلىپ ئۆز ئالدىغا چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىپ كەتتى.

بىر قىسمى شىمالىي تەڭرىقۇتقا ئەگىشىپ ماڭدى.

شىمالىي تەڭرىقۇت مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاۋال قالدۇق قوۋمنى باشلاپ ئۇيسۇنلارنىڭ يېرىگە، ئاندىن

كانگىيگە باردى. ئەينى چاغدا زادى قانچىلىك ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ غەرپكە قاچقانلىقى ئېنىق ئەمەس. بۇ هۇنلار مىلادىيە 4- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالانلار (هازىرقى جەنۇبىي روسىيە يايلاقلىرىدىكى دون دەرياسىنىڭ شەرقىي ئەتراپلىرىدا ئولتۇراقلاشقان) بىلەن ئۇرۇش قىلدى ھەم مىلادىيە 374- يىلى ئالان دۆلىتىنى يوقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ باسقۇچ ياۋروپاغا بېسىپ كىردى. بۇنىڭ 1- باسقۇچى مىلادىيە 400 ~415- يىللارغىچە بولغان مەزگىل. 2- باسقۇچى 5- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئاتتىلا باشچىلىق قىلغان مەزگىل ئىدى [29].

مىلادىيە 91- يىلىنىڭ ئالدى- كەيىندە، سىيانپى مىللىتى پەيدىنپەي كۆچىيىشكە باشلاپ، شىمالىي تەڭرىقۇتنىڭ مەغلۇپ بولۇپ غەرپكە كۆچۈپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىنىڭ قالايمىقانچىلىقتا قالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئەسلىدە شىمالىي هۇنلارغا تەۋە بولغان رايونلارنى ئىگەللىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدا قېلىپ قالغان زور بىر تۈركۈم شىمالىي هۇنلار سىيانپىلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. «كېيىنكى خەننامە» 90- جىلد، «سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە» دە: «خېدىنىڭ يۈگىيۇەن يىللىرىدا، ئۇلۇغ سانغۇن دۇ شيەن ئوڭ قول چېرىكچى بەگ گېڭ كۈينى ئەۋەتىپ هۇنلارغا هۇجۇم قىلدى. شىمالىي تەڭرىقۇت مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن سىيانپىلار هۇنلارنىڭ يېرىنى ئىگەللىدى. ئۆز جايىدا قېلىپ قالغان يۈز نەچچە مىڭ تۈتۈن هۇن ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئۆزلىرىنى ‹سىيانپى› دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ سىيانپىلار كۈچىيىپ كەتتى» دېيىلگەن. «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. ۋېي پادىشاھلىقى تەزكىرىسى» 30- جىلد، «سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ پېي جۇ «ۋېينامە» دىن نەقىل ئېلىپ، «شىمالىي تەڭرىقۇت قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، قېلىپ قالغان هۇنلاردىن يۈز نەچچە مىڭ ئائىلە لياۋدۇڭغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئۆزلىرىنى ‹سىيانپى لەشكەرلىرى› دەپ ئاتاشتى» دېگەن. ھەر ئائىلىدە بەش جاندىن ئادەم بار دەپ هېسابلىغاندا، ئەينى چاغدا سىيانپىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن هۇنلار 500 ـ 600 مىڭدىن كەم بولمىغان [30]. سىيانپىلار كېيىن مىلادىيە 3- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە نۇرغۇن تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئۈچ تارماق يۈۋېن قەبىلىسى، توغبات قەبىلىسى ۋە مۇرۇن قەبىلىسى ئىدى. هالبۇكى، يۈۋېن قەبىلىسى سىيانپىلارغا قوشۇلغان هۇنلارنىڭ ئىچىدىكى يۈۋېن قەبىلىسىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. يۈۋېن قەبىلىسى بۇرۇن چوغاي تاغلىرىدا چارۋىچىلىق قىلغان بولۇپ، مىلادىيە 2- ئەسىردە ئاقساقالىنىڭ باشچىلىقىدا شەرققە كۆچۈپ، لياۋشىنىڭ سىرتىدىكى شىرامۇرەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى سىيانپىلارغا هۆكۈمرانلىق قىلىپ، تانشىخۇي پەيدىنپەي سىيانپىلىشىپ كېتىپ، يۈۋېن

سىيانپىلارغا ئايلانغاندى [31]. يۇۋېن سىيانپىلىرى كېيىن گۇەنجۇڭدا (ھازىرقى شەنشىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمى) شىمالىي چۇللۇكنىڭ جۇ ھاكىمىيتىنى قۇردى (مىلادىيە 557 ـ ~ 581 ـ يىللار). شىمالدىكى ھەر قايسى جايلاردا قېلىپ قالغان يەنە بىر قىسىم شىمالىي ھۇنلار، توغبات سىيانپىلىرىنىڭ ئەجداتلىرىنىڭ جەنۇپقا كۆچۈش جەريانىدا، ئۇلار بىلەن ئارلىشىپ ياشاپ ۋە نىكاھلىنىپ، ئاتىسى ھۇن، ئانىسى سىيانپى بولغان توبالار (ياكى «توا ھۇنلىرى») بولۇپ شەكىللەندى [32]. ئاتىسى سىيانپى، ئانىسى ھۇن بولغانلارنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ نىمە دەپ ئاتالغانلىقى توغرىسىدا تارخىي ماتېرىياللاردا خاتىرە كەمچىل. لېكىن بەزى كىشلەر ئۇلارنى ئېھتىماللىقنىمۇ چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. «بەش غۇز، ئون ئالتە پادىشاھلىق» دەۋرىدە، توبالار قوقان ئۇرۇقى دەپ ئاتىلىپ، تۇڭۋەن شەھرىدە (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى يۈلىن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە) بۈيۈك شيا ھاكىمىيتىنى (مىلادىيە 407 ~ 431 ـ يىللار) قۇردى. توغبات سىيانپىلىرى بولسا جەنۇپقا كېلىپ شىمالىي ۋېي ھاكىمىيتىنى (386 ~ 534 ـ يىللار) قۇردى.

شىمالىي ھۇن قۇلدار ھۆكۈمرانلار گورۇھىنىڭ يات مىللەتلەرگە قىلغان تاجاۋۇزى خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغان بولۇپ، جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ ئەل بولۇشىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، نۇرغۇنلىغان ھۇنلار جەنۇپقا بېرىپ خەن سۇلالىسگە ئەل بولۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ۋاقتىنچە پۇرسەت بولماسلىقى ياكى ئىككىلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭغا دەرھال تەمشىلەلمىگەنىدى. بۇ خۇددى جەنۇبىي تەڭرىقۇتنىڭ خېدىغا يازغان خېتىدە: «يېقىندا ئوڭ قول باتىس خان شانتان يېنىق جابدۇنۇپ يىراق شىمالىي ھۇن ئوردىسىدىن كېلىپ پېقىر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭ ئېيتىشچە، شىمالىي ھۇن قوۋمىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى بېقىنىشنى خالىسىمۇ، ئۆزلىكىدىن ھەرىكەت قىلىشقا نومۇس قىلىدىكەن، شۇڭا كېلەلمەپتۇ. ئەگەر لەشكەر تارتىپ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلساق ئۇلار چۇقۇم ئاۋاز قوشىدۇ» دېگىنىدەك ئىدى [24] دەرۋەقە، خەن سۇلالىسى مىلادىيە 73 ~74 ـ يىللىرى شىمالغا يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، مىلادىيە 83 ـ يىلىدىن (جىيەنچۇ 8 ـ يىلى) باشلاپ شىمالىي ھۇنلاردىن جەنۇپقا كېلىپ ئەل بولىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. شۇ يىلى يازدا سەنمۇلۇ قەبىلىسىدىن 38 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئاقساقلى جىلۇسىنىڭ باشچىلىقىدا ۋۇيۈەن قورولىغا كېلىپ، خەن سۇلالىسگە ئەل بولدى. ئارقىدىنلا مىلادىيە 85 ـ يىلى (يۈەنخې 2 ـ يىلى) يەنە ئاقساقال چېلىجۇبىنىڭ باشچىلىقىدا 73 تۆركۈم كىشى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ قورۇلدىن كىرىپ ئەل بولدى. بۇ شىمالىي ھۇن تاجاۋۇزچى گورۇھىنىڭ كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۋەتتى. يەنە كېلىپ جەنۇبىي

ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمى ئارقىسىدا، شىمالىي ھۇنلارنىڭ كونتروللىقى ۋە قۇللۇقىدا تۇرىۋاتقان قوۋم ۋە قەبىلىلەرمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. سيانپىلار سول تەرەپتىن، ھۇنلار ئالدىدىن، دىڭلىڭلار ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلدى [25]». شىمالىي ھۇن تاجاۋۇزچى گۇرۇھى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا پۇت تىرەپ تۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، ئورخۇن دەرياسىنىڭ (ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئورخۇن دەرياسى) غەربىدىكى جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. مىلادىيە 87- يىلى (جاڭخې 1- يىلى) سيانپىلار يەنە سول تەرەپتىن شىمالىي ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلۇغ تەڭرىقۇتىنى ئۆلتۈردى. بۇ ھۇنلاردا زور قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شىمالىي ھۇنلارغا بېقىنغان چۇلان، چۇپى، قۇتۇش قاتارلىق 58 قەبىلىدىن 200 مىڭ ئادەم، 8000 لەشكەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئارقا- ئارقىدىن جەنۇپقا بېرىپ سۇفاڭ، ۋۇيۋەن، يۈنجۇڭ، بېيدى قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. دەل مۇشۇ چاغدا چۆللۈكنىڭ شىمالىدا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپ، خەلق ئاچارچىلىققا قېلىپ، ھۇن مىللىتى ئىچىدىكى سىنىپى زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى. شىمالىي ھۇن ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدىمۇ ئۇلۇغ تەڭرىقۇت ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئانا باشقا ئاكىسى ئۇلۇڭ قول بىلىك خان (تارىخىي ئەسەرلەردە ئىسمى خاتىرلەنمىگەن) قېرىنداشلىرىدىن ھوقۇق تالاشقانلىقتىن كۈچ بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ خىل ۋەزىيەت، يەنى سىنىپى زىددىيەت مىللى ۋەزىيەت ۋە ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت پەيدا قىلغان ۋەزىيەت شىمالىي ھۇنلاردىكى ئىجتىمائىي كرىزىسنى تولۇق ئاشكارلىدى. بۇ خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىشىنى پايدىلىق شەرت- شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. شۇڭا، جيەنچۇ 2- يىلىدىن (مىلادىيە 77- يىلى) باشلاپ توختاپ قالغان ھەربىي يۈرۈش ئەمدىلىكتە يەنە كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. ھالبۇكى، شىمالىي ھۇنلارنىڭ بۇ قېتىم بىر زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى يەنىلا ئۇلاردىكى ئىجتىمائىي كرىزىسنىڭ ناھايىتى چوڭقۇرلۇشىپ كەتكەنلىكىدىن بولدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي ھۇنلارغا زەربە بېرىپ، شىمالنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشى مىلادىيە 89- يىلى (خېدىنىڭ يۇڭيۈەن 1- يىلى) باشلاندى. 6- ئىدايىدا، ھاۋا- ئاتلىقلار سانغۇنى غۇ شيەن ۋە گېڭ بىڭ سۇفاڭدىكى جىلۇ قورۇلىدىن، جەنۇبىي تەڭرىقۇت مەنيى جىلغىسىدىن (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى جۇڭغار خوشىدا)، لىياشۆيدىن جەمئىي 38 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بەگ يەن پەن قاتارلىقلار جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ ياندىش چېرىكچى بەگ يەن پەن قاتارلىقلار جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ بىر تۈمەندىن ئارتۇق خىل قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ، شىمالىي ھۇن

تەڭرىقۇتى قېچىپ كەتتى. خەن قوشۇنلىرى سىچۇبىدى كۆلىگىچە (هازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى ئۇسۇبۇ كۆلى) قوغلاپ زەربە بېرىپ، داڭلىق خانلارنىڭ تۆۋىنىدىكىلەردىن 13 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە نۇرغۇن كىشىنى ئەسىر ئالدى. هۇنلارنىڭ ھەر قايسى كىچىك خانلىرىنىڭ قوۋمىدىن 81 قەبىلە، 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم كېلىپ ئەل بولدى. دۇ شىيەن، گېڭ بىڭ قاتارلىقلار قورۇلدىن 3000 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان يەنرەن تېغىغا (هازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى خانگات تېغى) چىقىپ، بۇ قېتىمقى غەلىبىگە ئابىدە تىكلەپ قايتىپ كەلدى [26]. كېيىنكى يىلى (يۇڭيۈەن 2- يىلى) 5- ئايدا، خەن سۇلالىسى يەنە قوشۇن ئەۋەتىپ ئىسرغولنى قوغداۋاتقان هۇن لەشكەرلىرىنى قوغلىۋېتىپ، بۇ يەرنى قايتۇرۋالدى. 10- ئايدا، يەنە جەنۇبىي هۇنلار بىلەن بىللە جىلۇ قورۇلدىن قوشۇن تارتىپ شىمالىي هۇنلارغا زەربە بەردى. خەن قوشۇنلىرى كېچىدە هۇجۇم قىلغانلىقتىن، تەڭرىقۇت يارلىنىپ قېتىپ كېتىپ، جېنىنى ئاران ساقلاپ قالدى. مىلادىيە 91- يىلى (يۇڭ يۈەن 3- يىلى) 2- ئايدا، خەن سۇلالىسى يەنە زور قوشۇن تارتتى. گېڭ كۈي جۇيەن قورۇلدىن يولغا چىقىپ، جىنۋېي تېغىدا شىمالىي هۇنلارغا هۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى يەڭدى. شىمالىي تەڭرىقۇت بىر بۆلۈك ئادەملىرىنى باشلاپ ئۇيسۇن ۋە كانگىيىگە قېچىپ كەتتى [27]. شۇنىڭ بىلەن هۇن قۇلدارلىق هاكىمىيىتى پۈتۈنلەي يىمىرىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىمالىي هۇنلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن چېكىنىپ چىقتى. هۇنلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209- يىلى باتۇر تەڭرىقۇت هاكىمىيەت قۇرغاندىن باشلاپ مۇشۇ ۋاقىتقىچە چۆللۈكنىڭ جەنۇپ - شىمالىدا تۇپتوغرا 300 يىل دەۋر سۈردى.

مىلادىيە 91- يىلى شىمالىي تەڭرىقۇت قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا زور قالايمىقانچىلىق ۋەزىيىتى شەكىللەندى. شىمالىي هۇنلار سىياسىي هۆكۈمرانلىق مەركىزىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر باشپاناھسىز قېلىپ، ھەر تەرەپكە تاراپ تۆت قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى.

بىر قىسمى شىمالىي تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى يۈرتاجانغا ئەگىشىپ ماڭدى.

شىمالىي تەڭرىقۇت قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى سول قول خان يۈرتجان قالدۇق قەۋملەردىن نەچچە مىڭ ئادەمنى باشلاپ [28]، ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ ئاتاپ، بارىكۆلگە چېكىنىپ، ئەلچى ئەۋەتىپ ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلدى. خەن سۇلالىسى ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، مىلادىيە 92- يىلى (يۇڭيۈەن 4- يىلى) گېڭ كۈينى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، مۆھۈر ۋە مۆھۈر بېغى تەقدىم قىلدى ھەم ئەمىر نۆكەر رېن شاڭنى

ئۆۋرغولدا تۇرۇپ، ئۇنى خۇددى جەنۇبىي تەڭرىقۇتنى قوغدىغاندەك قوغداشقا (ھەم نازارەت قىلىشقا) ئەۋەتتى. خەن سۇلالىسى ئەسلىدە ئۇنىڭ شىمالىي تەڭرىقۇت ئوردىسىغا قايتىشىغا ياردەم بەرمەكچى ئىدى. لېكىن پىلان تېخى ئىشقا ئاشماي تۇرۇپلا، كېيىنكى يىلى (يۇڭيۈەن 5- يىلى) ئۇ خەن سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلىپ ئۆز ئالدىغا چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىپ كەتتى.

بىر قىسمى شىمالىي تەڭرىقۇتقا ئەگىشىپ ماڭدى.

شىمالىي تەڭرىقۇت مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاۋال قالدۇق قوۋمى باشلاپ ئۇيسۇنلارنىڭ يېرىگە، ئاندىن كانگىيگە باردى. ئەينى چاغدا زادى قانچىلىك ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ غەرپكە قاچقانلىقى ئېنىق ئەمەس. بۇ ھۇنلار مىلادىيە 4- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئالانلار (ھازىرقى جەنۇبىي روسىيە يايلاقلىرىدىكى دون دەرياسىنىڭ شەرقىي ئەتراپلىرىدا ئولتۇراقلاشقان) بىلەن ئۇرۇش قىلدى ھەم مىلادىيە 374- يىلى ئالان دۆلىتىنى يوقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇچ باسقچۇ ياۋروپاغا بېسىپ كىردى. بۇنىڭ 1- باسقۇچى مىلادىيە 400 ~415- يىللارغىچە بولغان مەزگىل. 2- باسقۇچى 5- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىكى ئاتتىلا باشچىلىق قىلغان مەزگىل ئىدى [29].

مىلادىيە 91- يىلىنىڭ ئالدى- كەينىدە، سىيانپى مىللىتى پەيدىنپەي كۆچىيىشكە باشلاپ، شىمالىي تەڭرىقۇتنىڭ مەغلۇپ بولۇپ غەرپكە كۆچۈپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىنىڭ قالايمىقانچىلىقتا قالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئەسلىدە شىمالىي ھۇنلارغا تەۋە بولغان رايونلارنى ئىگەللىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدا قېلىپ قالغان زور بىر تۈركۈم شىمالىي ھۇنلار سىيانپىلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. «كېيىنكى خەننامە» 90- جىلد، «سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە» دە: «خېدىنىڭ يۇڭيۈەن يىللىرىدا، ئۇلۇغ سانغۇن دۇ شيەن ئوڭ قول چېرىكچى بەگ گېڭ كۇينى ئەۋەتىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى. شىمالىي تەڭرىقۇت مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن سىيانپىلار ھۇنلارنىڭ يېرىنى ئىگەللىدى. ئۆز جايىدا قېلىپ قالغان يۈز نەچچە مىڭ تۈتۈن ھۇن ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئۆزلىرىنى ‹سىيانپى› دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ سىيانپىلار كۈچىيىپ كەتتى» دېيىلگەن. «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. ۋېي پادىشاھلىقى تەزكىرىسى» 30- جىلد، «سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ يىپى جۇ «ۋېينامە» دىن نەقىل ئېلىپ، «شىمالىي تەڭرىقۇت قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، قېلىپ قالغان ھۇنلاردىن يۈز نەچچە مىڭ ئائىلە لياۋدۇڭغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئۆزلىرىنى ‹سىيانپى لەشكەرلىرى› دەپ ئاتاشتى» دېگەن. ھەر ئائىلىدە بەش جاندىن ئادەم بار دەپ ھېسابلىغاندا، ئەينى چاغدا سىيانپىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن ھۇنلار

500 ـ 600 مىڭدىن كەم بولمىغان [30]. سىيانپىلار كېيىن مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە نۇرغۇن تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئۈچ تارماق يۈۋېن قەبىلىسى، توغبات قەبىلىسى ۋە مۇرۇن قەبىلىسى ئىدى. ھالبۇكى، يۈۋېن قەبىلىسى سىيانپىلارغا قوشۇلغان ھۇنلارنىڭ ئىچىدىكى يۈۋېن قەبىلىسىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. يۈۋېن قەبىلىسى بۇرۇن چوغاي تاغلىرىدا چارۋىچىلىق قىلغان بولۇپ، مىلادىيە 2 ـ ئەسىردە ئاقساقاللىنىڭ باشچىلىقىدا شەرققە كۆچۈپ، لياۋشىنىڭ سىرتىدىكى شىرامۇرەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى سىيانپىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، تانشىخۇي پەيدىنپەي سىيانپىلىشىپ كېتىپ، يۈۋېن سىيانپىلارغا ئايلانغانىدى [31]. يۈۋېن سىيانپىلىرى كېيىن گۇەنجۇڭدا (ھازىرقى شەنشىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمى) شىمالىي چۆللۈكنىڭ جۇ ھاكىمىيىتىنى قۇردى (مىلادىيە 557 ـ ~ 581 ـ يىللار). شىمالدىكى ھەر قايسى جايلاردا قېلىپ قالغان يەنە بىر قىسىم شىمالىي ھۇنلار، توغبات سىيانپىلىرىنىڭ ئەجداتلىرىنىڭ جەنۇپقا كۆچۈش جەريانىدا، ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاپ ۋە نىكاھلىنىپ، ئاتىسى ھۇن، ئانىسى سىيانپى بولغان توبالار (ياكى «توا ھۇنلىرى») بولۇپ شەكىللەندى [32]. ئاتىسى سىيانپى، ئانىسى ھۇن بولغانلارنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ نىمە دەپ ئاتالغانلىقى توغرىسىدا تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرە كەمچىل. لېكىن بەزى كىشلەر ئۇلارنى ئېھتىماللىقتىمۇ چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. «بەش غۇز، ئون ئالتە پادىشاھلىق» دەۋرىدە، توبالار قوقان ئۇرۇقى دەپ ئاتىلىپ، تۇڭۋەن شەھرىدە (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى يۈلىن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە) بۈيۈك شىيا ھاكىمىيىتىنى (مىلادىيە 407 ~ 431 ـ يىللار) قۇردى. توغبات سىيانپىلىرى بولسا جەنۇپقا كېلىپ شىمالىي ۋېيى ھاكىمىيىتىنى (386 ~ 534 ـ يىللار) قۇردى.

بىر قىسىم باشتىن ـ ئاخىر چۆللۈكنىڭ غەربىي شىمالدا قېلىپ قالدى.

چۆللۈكنىڭ شىمالىي قالايمىقانلىشىپ كەتكەندە، بىر قىسىم ھۇنلار باشتىن ـ ئاخىر چۆللۈكنىڭ شىمالدا قېلىپ يۆتكەلمىدى. بۇلارنىڭ سانىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن، ئۇلار مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئىزچىل شۇ يەردە ياشىغان ھەم كۈچى خېلى كۈچلۈك بولغان. كېيىن جۇرجانلار باش كۆتۈرگەندە ئۇلار تەرىپىدىن قورشۇۋېلىنغان. «ۋېينامە» 102 ـ جىلد، «جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە» دە بۇ ئىش خاتىرلىنىپ، «غەربىي شىمالدا قالدۇق ھۇنلار بار بولۇپ، يەنىلا كۈچلۈك ئىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ ئاقساقلى بايىرقۇ قوشۇن تارتىپ سەللانغان ھۇجۇم قىلغاندا، سەللان قارىشى قوشۇن تارىپ ئورخۇن

دەرياسى بويىدا ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، كېيىن ھەممىسنى قورشىۋالدى» دېيىلگەن. يۇقىرىدىكى تۆت قىسىم ھۇنلار ھەر تەرەپكە تاراپ كەتكەندىن كېيىن، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا شىمالىي ھۇنلار قالمىدى. ئەمما، مىلادىيە 94- يىلى (يۇڭيۈەن 6- يىلى( خەن سۇلالىسىگە يېڭىدىن ئەل بولغان شىمالىي ھۇنلار، جۈملىدىن مىلادىيە 89- يىلى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، ئەل بولغان 200 مىڭدىن ئارتۇق ھۇن يېڭىدىن تەختكە چىققان تەڭرىقۇت شىرغا قارشى بولغاچقا، (يېڭىدىن ئەل بولغان بۇ ھۇنلار ئەسلىدە قورۇلنىڭ سىرتىدىكى ۋاقتىدا شىرنىڭ ھۆجۇمىغا ئۇچرىغانلىقتىن ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قالغان ئىدى). فېڭخۇنى تەڭرىقۇت قىلىپ تىكلەپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆتەڭلەرنى كۆيدۈرۈپ، سۇفاڭدىن چىقىپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىپ كەتتى. گەرچە خەن سۇلالىسى قوشۇن چىقىرىپ، قوغلىغان بولسىمۇ يېتىشەلمىدى. بۇلار «شىمالىي ھۇنلار» نامىدا خەن سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋەت قىلغان ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم ھۇنلار بولۇپ قالدى.

شىمالىي تەڭرىقۇت فېڭخۇ قورۇلدىن چىققاندىن كېيىن، قەمنى ئوڭ، سول ئىككىگە بۆلدى. ئۆزى ئوڭ تەرەپ قەۋمگە باشچىلىق قىلىپ جۇشىي تېغىدا چارۋىچىلىق قىلدى. سول تەرەپ قەۋم سۇفاڭنىڭ شىمالىدا چارۋىچىلىق قىلدى. مىلادىيە 96- يىلى (يۇڭيۈەن 8- يىلى) سول تەرەپ قەۋمدىكى نۇرغۇنلىغان ئادەم يەنە سۇفاڭ قورۇلغا قايتىپ كەلدى. خەن سۇلالىسمۇ ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەي، ئۇلارنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سول تەرەپ قوۋمدىن 4000 دىن ئارتۇق لەشكەر ۋە ئون مىڭدىن ئارتۇق ئاجىز- ئۇششاق ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ خەن سۇلالىسگە قايتا ئەل بولدى. ئوڭ تەرەپ قەۋمدىكىلەر جۇشىي تېغىدىمۇ ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالدى. «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە، ئەينى چاغدا فېڭخۇنىڭ قەۋمدىكىلەر ئاچارچىلىقتا قېلىپ،ئۇنىڭ ئۈستىگە سيانپىلارنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن ھىچقانداق يەردە پۇت تىرەپ تۇرالماي، بەس- بەستە ئۆتەڭ- قورۇللارغا ئەل بولغىلى كەلدى. يەنە كېلىپ جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتىمۇ ھەر نۇرغۇن ئادەمنى ئەسىر ئېلىپ، نەچچە مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى قايتۇرۇپ كەلگەنلىكتىن، فېڭخۇ تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالدى.ھىچقانداق چىقىش يولى قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ مىلادىيە 104- يىلى ۋە 105- يىلى ئىككى قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ يارىشىپ قېلىشنى تەلەپ قىلدى. خەن سۇلالىسى ئۇنىڭغا مول سوغا- سالام ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئەل بولۇش تەلىپىگە جاۋاپ بەرمىدى، دېيىلگەن. شۇڭا، ئۇ غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قاقتى- سوقتى

قىلىشنى كۈچەيتىپ، قىينچىلىقتىن قۇتۇلماقچى بولدى.

خەن سۇلالىسى مىلادىيە 76- يىلىدىن باشلاپ غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگى ۋە ۋۇجى چېرىكچى بېگىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانىدى. كېيىن مىلادىيە 91- يىلى شىمالىي ھۇنلارنى زەربە بېرىپ چېكىندۇرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى يەنە قايتىدىن تەسىس قىلدى. غەربىي يۇرتتىكى 50 نەچچە «بەگلىك» خەن سۇلالىسىگە يېڭىۋاشتىن تەۋەلىك بىلدۈردى. مىلادىيە 106- يىلى (يەنپىڭ – يىلى) غەربى يۇرتتىكى ھەر قايسى بەگلىكلەر خەن سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى. خەن سۇلالىسى غەربى يۇرت يىراق ھەم توختىماي توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، سەركەردە- لەشكەرلەرنى ئەۋەتىپ تۇرغۇزۇشقا ھېسابسىز چىقى كېتىدۇ [33] دەپ قارىغانلىقتىن، كېيىنكى يىلى قورۇقچى بەگ قاتارلىق قاتارلىق ئەمەلدارلارنى يەنە ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى توختىتىپ، غەربىي يۇرت بىلەن كارى بولمىدى. فېڭخۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىپ،ھەر قايسى بەگلىكلەرنى بويسۇندۇرۋالدى. ئەسلىدە غەربىي يۇرت يۇڭپىڭ يىللىرىدىن باشلاپ خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولغاندىن كېيىن، شىمالىي ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ، ئۇلارغا ئات- ئۇلاق ۋە كىگىز- پالاز قاتارلىق نەرسىلەرنى تاپشۇرمايدىغان بولغان ئىدى. ئەمدىلىكتە فېڭخۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، ھەر قايسى بەگلىكلەردىن ھۇنلاردىن ئايرىلىپ كەتكەندىن بۇيانقى تاپشۇرمىغان باجلارنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ھەمدە قەرز قالغان باجنى خالىغانچە ئۆستۈرۈپ، بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە تاپشۇرۇشنى بۇيرىدى. غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر شۇندىلا خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە ئاسىيلىق قىلىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇلار شىمالىي ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ شەپقەتسىزلەرچە ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىدىن ناھايىتى غەزەپلەنسىمۇ، قورۇقچى بەگ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، خەن سۇلالىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلىدىغان يولى توسۇلۇپ قېلىپ، كۆپ پۇشايماندا قالدى [34].

فېڭخۇ باشچىلىقىدىكى شىمالىي ھۇن قۇلدارلىرى غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنى قۇل قىلىپلا قالماستىن، ئۇلارنى يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئەسكىرى بولۇشقا ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرىدىكى ئايماقلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇرلىدى. مىلادىيە 107- يىلىدىن باشلاپ، فېڭخۇ باشلامچىلىقىدا شىمالىي ھۇنلار بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى ئەللەر چېگرىدىكى ئايماقلارغا ئون نەچچە يىل پاراكەندىچىلىك سالدى. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن قايتۇرما زەربە بەردى. بۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتتا ئۇرۇش ئوتلىرى

پەسەيمدى [35]. مىلادىيە 117- يىلى (يۈەنچۇ 4- يىلى) سىيانپىلاردىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قوۋمى چېچىلىپ كېتىپ، كۆپىنچەيلەن سىيانپىلارغا ئەل بولدى. فېڭخۇ يۈلەنچۈكسىز قالغاچقا، مىلادىيە 118- يىلى ئەتىيازدا يۈزدىن ئارتۇق لەشكىرىنى باشلاپ جەنۇپقا بېرىپ سۇفاڭ قورۇلغا كېلىپ، ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلدى. خەن سۇلالىسى ئۇنىڭ يەنە هۇنلارنى ئالداپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشىدىن قورقۇپ، ئۇنى ئىچكىردىكى بىچۈەن ئايمىقىغا (هازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى يۈشيەن ناهىيىسى) كۆچۈردى [36]. شۇنىڭدىن باشلاپ «شىمالىي تەڭرىقۇت» دېگەن نام تارىخ بېتىدىن يوقالدى هەم شىمالىي تەڭرىقۇتنىڭ نەسەبىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى.

خەن سۇلالىسى خېڭخۇنىڭ كۈچىنىڭ يوقالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مىلادىيە 119- يىلى دورغاپ سۇ بەننى مىڭدىن ئارتۇق لەشكىرى بىلەن ئىۋىرغولدا تۇرۇشقا ئەۋەتىپ، غەربىي يۇرتنى ئەل بولۇشقا ئۈندىدى. شۇنىڭ بىلەن ئالدى قوش ۋە ئاگنى خانلىرى كېلىپ ئەل بولدى. لېكىن شىمالىي هۇنلارنىڭ ئۈزۈندىن بۇيان بارىكۆل بويىدا چارۋىچىلىق قىلغان قۇيان خان قوۋمى ئالھەزەل خەن سۇلالىسى ئىككىنچى قېتىم غەربىي يۇرتنى تاشلىۋېتىپ (مىلادىيە 107- يىلى) ئۈزۈن ئۆتمەيلا، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن يەنە بىر قۇيان خانىنىڭ باشلامچىلىقىدا يېڭىۋاشتىن بارىكۆل بويىغا ئورۇنلاشقانىدى. بۇ چاغدا (مىلادىيە 120- يىلى، يۈڭنىڭ 1- يىلى) ئۇلار ئارقا قوش خان بىلەن بىرلىكتە هۇجۇم قىلىپ سۇ بەننى ئۆلتۈرۈپ، ئالدى قوش خانى بىلەن بىرلىشىپ خېشىغا تاجاۋۇز قىلدى. خەن سۇلالىسى توسۇشقا ئامالسىز قېلىپ، پەقەت بەن يۇڭنى غەربىي يۇرت دورغابى قىلىپ لۈكچۈندە تۇرغۇزدى. مىلادىيە 124- يىلى بەن يۇڭ كۇسەن قاتارلىق ئەللەرنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئالدى بىلەن قوش ئوردىسىغا هۇجم قىلىپ، هۇنلارنىڭ ئىل خانىنى يىخې جىلغىسىغىچە (هازىرقى شىنجاڭدىكى تەڭرى تېخى) قوغلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئالدى قوش بەگلىكىمۇ خەن سۇلالىسگە تەۋە بولدى. مىلادىيە 125- يىلى بەن يۇڭ يەنە ئارقا قوش بەگلىكىگە هۇجۇم قىلدى ۋە شىمالىي هۇنلارنىڭ بۇ يەردىكى ئەلچىسىنى ئۆلتۈردى. مىلادىيە 126- يىلى (يۇڭجيەن 1- يىلى) بەن يۇڭ هەر قايسى ئەل قوشۇنلىرى بىلەن قۇيان خان قەۋمىغا هۇجۇم قىلغاندا، قۇيان خان قېچىپ گۇۋۇ دەرياسى (هازىرقى ئورنى ئېنىق ئەمەس) بويىغا كەتتى. ئۇنىڭ قەۋمىدىن 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشى خەن سۇلالىسگە ئەل بولدى. شىمالىي تەڭرىقۇت شەخسەن ئۆزى ياردەمگە ئاتلىنىپ بىر تۈمەندىن ئاتلىق قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ ئارقا قوش خانلىقىغا يۈرۈش قىلىپ، جىلجۇ جىلغىسىغا (هازىرقى شىنجاڭدىكى بۇغدا تېغىدا) يېتىپ كەلدى. ئەمما ، خەن قوشۇنلىرى قوغلاپ زەربە بەرگەچكە، چېكىندى. لېكىن،

شىمالىي ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئاگنى، كۇسەن، ئۇدۇن، ساكارائول ۋە سۇلې قاتارلىق 17 بەگلىكنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى [37].

خەن سۇلالىسى ئىشرغول غەربىي يۇرتقا يىقن، شىمالىي ھۇنلار دائىم بۇ يەرنى تاجاۋۇزچىلىقنىڭ بازىسى قىلدۇ دەپ قاراپ، شىمالىي ھۇن قالدۇق كۈچلىرىنىڭ يەنە پاراكەندىچىلىك سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مىلادىيە 131- يىلى بۇ يەردە بوز يەت ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا پەرمان چۈشۈرۈپ، خۇددى يۈگىيۈەن يىللىرىدىكىدەك ئەمىر لەشكەردىن بىرنى تەسىس قىلدى. شىمالىي ھۇنلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى پاك- پاكىز تازىلاش ئۈچۈن، مىلادىيە 134- يىلى (جىياياڭ 3- يىلى) خەن سۇلالىسىنىڭ ئارقا قوشتىكى ئەمىر لەشكىرى ئارقا قوش بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ چاۋۇل جىلغىسىدا (ھازىرقى شىنجاڭدىكى بوغدا تېغىدا) شىمالىي ھۇنلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، تەگرىقۇتنىڭ ئانىسىنى ئەسىر ئالدى ھەم يۈز مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق قوي- كالا، مىڭدىن ئاتۇق ھارۋا ۋە نۇرغۇن قورال- ياراق غەنىيمەت ئالدى. كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا، شىمالىي ھۇنلارنىڭ قۇيان خانى يەنە 2000 دىن ئارتۇق لەشكەر بىلەن ئارقا قوش بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلدى. دۇنخۇاڭ ۋالىيسى پېي سېن ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇرۇشتا غەلبە قىلالمىدى. كۆزدە ئارقا قوش مەغلۇپ بولدى [38]. مىلادىي 137- يىلى (ياڭخې 2- يىلى) دۇنخۇاڭ ۋالىيسى پېي سېن قوشۇن چىقىرىپ بارىكۆلدە (ھازىرقى شىنجاڭدىكى بارىكۆل ناھىيىسى) قۇيان خانى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى [39]. لېكىن، 14 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، (يۈەنجىيا 1- يىلى، مىلادىيە 151- يىلى) غەربىي يۇرتتا يەنە بىر قۇيان خان پەيدا بولۇپ، 3000 دىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئىشرغولغا كەلگەندە، قۇيان خان چېكىنىپ كەتتى [40]. شۇنىڭدىن كېيىن، تارىخى ئەسەرلەردە شىمالىي ھۇنلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى قايتا تىلغان ئېلىنمىغان. ئەمما،«كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، يەنە ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن (يۇڭشىڭ 1- يىلى، مىلادىيە 153- يىلى) ئارقا قوش خانى ئالدۇ خەن سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلىپ، شىمالىي ھۇن زىمىنىغا (ئورنى ئېنىق ئەمەس) قاچقانلىقى، خەن سۇلالىسى بىجۇننى ئارقا قوش خانى قىلىپ تەيىنلىگەندە، ئالدۇ شىمالىي ھۇنلارنىڭ يىنىدىن قايتىپ كېلىپ، بىجۇن بىلەن تەخت تالاشقانلىقى، خەن سۇلالىسى ئۇنىڭ يەنە شىمالىي ھۇنلارنى تارتىپ كېلىپ، غەربىي يۇرتنى قالايمىقان قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى يەنە ئارقا قوشنىڭ خانى قىلغانلىقى تىلغان ئېلىنغان. بۇ مەلۇمات تارىخىي ئەسەرلەردىكى شىمالىي ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيىتى ھەققىدىكى ئەڭ

ئاخىرقى بىر قېتىملىق خاتىرىدۇر.

شىمالىي ھۇنلار مىلادىيە 91- يىلى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى يەنىلا غەربىي يۇرتتا 60 يىلدىن ئارتۇق پائالىيەت قىلدى. مىلادىيە 126- يىلى بەن يۇڭ قۇيان خان قوۋمىدىن 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئەل قىلغان بولسىمۇ، كېيىن قۇيان خان ۋە شىمالىي تەڭرىقۇتنىڭ ھەر قېتىمقى پاراكەندىچىلىكتىكى ئەسكىرى نەچچە مىڭ، ھەتتا ئون نەچچە مىڭدىن كۆپ بولدى. مىلادىيە 134- يىلى چاۋۋۇل جىلغىسىدىكى ئۇرۇشتا خەن قوشۇنلىرىنىڭ بىر قېتىمدىلا يۈز مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق قوي- كالا، مىڭدىن ئارتۇق ھارۋا ۋە نۇرغۇن قورال- ياراق غەنىيمەت ئالغىنىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئادىمى خېلى كۆپ بولغان. لېكىن بۇ شىمالىي ھۇنلارنىڭ كېيىنكى ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ، ياۋروپاغا بارغان شىمالىي ھۇنلار بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلىشكە ھازىرچە ئامال يوق.

# 7. شىمالىي ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى

شىمالىي تەڭرىقۇت مىلادىيە 91- يىلى (يۈڭيۈەن 3- يىلى) خەن سۇلالىسى سەركەردىسى گېڭ كۈي تەرىپىدىن جىنۇبىي تېغىدا (ھازىرقى ئالتاي تېغى) مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئادەملىرىنى (سانى ئېنىق ئەمەس) باشلاپ غەربەكە قېچىپ، شىمالىي ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈش سەپىرىنى باشلىدى. ئۇنىڭ بىرىنچى مەنزىلى ئۇيسۇنلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان رايونى بولدى. «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، «ئۇيسۇنلار شەرقتە ھۇنلار بىلەن، غەربىي شىمالدا كانگىيە بىلەن، غەربتە پەرغانە بىلەن، جەنۇپتا شەھەر بەگلىكلىرى بىلەن چېگرىلىنەتتە» دەپ خاتىرلەنگەن. ئۇرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ھازىرقى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. ئەينى چاغدا شىمالىي ھۇنلار كەينى- كەينىدىن يېڭىلىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىي قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغانلىقتىن، شىمالىي تەڭرىقۇت باشلاپ ماڭغان ھۇنلارنىڭ قايسى تەرەپكە كەتكەنلىكىنى خەن سۇلالىسى بىر مەزگىلگىچە بىلەلمەي قالغان. شۇڭا، «كېيىنكى خەننامە. دىكى خاتىرىلەر بىردەك ئەمەس. «جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» ۋە «دۇ شيەننىڭ تەرجىمھالى» دا ئوخشاشلا «شىمالىي تەڭرىقۇتنىڭ قاياققا قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمىدى» دەپ خاتىرلەنگەن. «يۈەن ئەننىڭ

تەرجىمھالى» دا بولسا «شىمالىي تەگرىقۇت فىلى كۈي تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيسۇنلارنىڭ يېرىگە كۆچۈپ كەتتى. چۆللۈكنىڭ شىمالىي بوش قېلىپ، قالغان قوۋملارنىڭ كىمگە قارام بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمىدى» دەپ خاتىرلەنگەن. يەنە «جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە «مۇھاكىمە» دىمۇ «تەگرىقۇت ئەندىشىگە چۈشۈپ، چېدىرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇيسۇنلارنىڭ يېرىگە كەتتى» دېيىلگەن. يۇقارقى ئەھۋاللارغا ئاساسلىنىپ ھۆكۈم قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئۇيسۇنلارنىڭ يېنىغا كۆچۈپ كەتكەنلىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

شىمالىي تەگرىقۇتنىڭ قوۋمى ئۇيسۇنلار رايوندا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، زەبەر دەرست- قاراۋۇللىرى داۋاملىق غەربى شىمالغا، يەنى كانگىيىگە كۆچۈپ بادى. ئاجىز- ئۇششاقلىرى يەنىلا ئۇيسۇنلارنىڭ يېرىدە قېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ داۋاملىق غەربكە كۆچكەن ۋاقتى ۋە كۆچۈش سەۋەبى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن غەربكە كۆچۈشنىڭ نەتىجىسى مىلادىيە 554- يىلى (شىمالىي چىن پادىشاھلىقى يەنباۋ 5- يىلى) كىتاب بولۇپ پۈتۈپ چىققان «ۋېيىنامە» دە ئانچە- مۇنچە خاتىرلەنگەن. مەزكۇر كىتابنىڭ 102- جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «ياپىيان ئېلى ئۇيسۇنلارنىڭ غەربى شىمالىدا، ئارىلىقى 10 مىڭ 930 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەجدادى شىمالىي تەگرىقۇت قوۋملىرىدىن بولۇپ، شىمالىي تەگرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ ھارۋا- ئاتلىقلار سانغۇنى دۇ شيەن تەرىپىدىن قوغلىۋېتىلگەندە، جىنۇبىي تېغىدىن ئۆتۈپ، غەربتىكى كانگىيىگە كۆچۈپ كەتكەن. كېتەلمەي قالغان ئاجىز- ئۇششاقلىرى كۇسەننىڭ شىمالىدا قېلىپ قالغان. يېرى نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان بولۇپ، ئاھالىسى 200 مىڭدىن ئاشىدۇ. لىياڭجۇلۇقلار ئۇنى ‹تەگرىقۇت خان› دېيىشىدۇ» دەپ خاتىرلەنگەن.

بۇ يەردە ئېنىقلىۋېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، جەنۇبىي- شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ياپيان ئېلىنىڭ ئورنى خەن دەۋرىدىكى ئۇيسۇن ئېلىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۇيسۇن غەربىي شىمالىدا ئەمەس. ئۇيسۇنلار جەنۇبىي- شىمالى سۇلالىلەر دەۋرىدە توختىماستىن جورجۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ، ئەسلىدىكى يېرىنى تاشلاپ پامىردىن ئېشىپ غەربكە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھۇنلار ئۇلارنىڭ يېرىنى ئىگىلەپ ياپيان ئېلىنى قۇرغان. «ۋېيىنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «ئۇيسۇن ئېلى، پايتەختى قىزىل قورغان شەھرى، كۇسەننىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، ئارىلىقى 10 مىڭ 800 چاقىرىم كېلىدۇ. دۆلىرىنى جۇرجانلار بېسىۋالغانلىقتىن، پامىرنى ئېشىپ غەربكە كۆچۈپ كەتكەن» دەپ خاتىرلەنگەن.

كۇسەن ھازىرقى شىنجاڭدىكى كۇچا بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىي شىمالى ھازىرقى ئىلى دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىنى

كۆرستىدۇ. شۇڭا، يۇقارقى باياندىكى تەڭرىقۇت جنۇبىي تېغدىن ئۆتۈپ «غەربتىكى كانگىيىسگە كۆچۈپ كەتتى. كېتەلمەي قالغان ئاجىز- ئۇششاقلىرى كۇسەننىڭ شىمالىدا قېلىپ قالدى» دېگەندىكى كېتەلمەي قالغانلار ئەمەلىيەتتە ئۇيسۇنلار يېرىدە قېلىپ قالغانلارنى كۆرستىدۇ. «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ياپيان ئېلى باياندىكى «بۇ ئەلنىڭ چېگرىسىدا يانار تاغ بار. بۇ تاغدىن گۈڭگۈرت چىقىدۇ» دېگەن بايان بىلەن كۇسەن ئېلى باياندىكى «كۇسەن ئېلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چوڭ تاغدا ماگمىلار قايناپ تۇرىدۇ.... ئاغرىپ قالغان كىشىلەر ئىچىدە ساقىيىدۇ» دېگەن بايانلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ «يانار تاغ» ۋە «چوڭ تاغ» ئەمەلىيەتتە ھازىرقى شىنجاڭدىكى تەڭرى تېغىنى كۆرستىدۇ. شۇڭا، جەنۇبىي – شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى كۇسەننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ياپيان ئېلى ئەمەلىيەتتە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيسۇنلار يېرىدۇر [41].

شىمالىي تەڭرىقۇت قوۋمىنىڭ ئىككىنچى مەنزىلى كانگىيە بولدى. كانگىيە ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان شەرقىي جەنۇبىدا، «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» دە:«كانگىيە پەرغانىنى غەربىي- شىمالىدىن ئىككى مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا» دەپ خاتىرلەنگەن. پەرغانە ھازىرقى پەرغانە ئويمانلىقىدا بولۇپ، سىردەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە. كانگىيە پەرغانىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولغان ئىكەن. ئۇ ھالدا ئۇ سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىكى رايونلار بولغان بولىدۇ. «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» ۋە «چىن تاڭنىڭ تەرجىمھالى» دا، كانگىيەنىڭ شەرقىي چېگرىسى چىجى شەھىرى (ھازىرقى تالاس دەرياسى) ئەتراپى ئىكەنلىكى خاتىرلەنگەن. ھازىرقى جۇغراپىيىلىك ئورۇنغا ئاساسلانغاندا، تالاس دەرياسى مىلادىيە 91- يىلى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن چېكىنگەندىن تارتىپ مىلادىيە 290- يىلىنىڭ ئالدى- كەينىگىچە بولغان 200 يىل جەريانىدىكى غەربكە كۆچۈش ئەھۋالى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە ناھايىتى ئاددىي خاتىرلەنگەن. ھەتتا مۇئەييەن دەرىجىدە ئاق قالغان.

مىلادىيە 290- يىلىنىڭ ئالدى- كەينىدىن باشلاپ، غەربنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە ھۇنلارنىڭ پائالىيىتى خاتىرلىنىشكە باشلانغان. بۇ توغرىدا ئامېرىكا ئالىمى ۋ. م . مېككوۋرىن ئومۇملاشتۇرۇپ تونۇشتۇرۇپ: «شۇنىڭدىن كېيىنكى 200 مىڭ ئىچىدە، يەنى مىلادىيە 170- يىلدىن 370- يىلغىچە بولغان ئارلىقتىكى، بۇ شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا بىز ھېچنىمە بىلمەيمىز، دېسەك بولىدۇ. بۇ ئارىلىقتا جۇڭگو ئىچكى نىزا بىلەن ئالدىراش بولغانلىقى، يەنە سىيانپىلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تەھدىتىگە دۇچ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، يىراق

تۈركىستاندىكى ھۇنلار بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى. ھۇنلارمۇ جۇڭگوغا قايتا قايتا تاجاۋۇز قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە غەربتە ئالانلار ۋە گوتلار بىلەن رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئارلىقىنى توسۇپ تۇرغاچقا، مەيلى يۇنان ياكى لاتىن ئاپتورلىرى بولسۇن، ھۇنلارنىڭ پائالىيىتى توغرۇلۇق ھېچنىمە يازالمىدى. ئۇلار پەقەت ئەرمەنىيە پادىشاھى تىگرانېسنىڭ (Tigranes، تەخمىنەن مىلادىيە290-يىلى( قوشۇنىدا ئالان ياللانما قوشۇنى بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىر بۆلەك ھۇن قوشۇنىنىڭمۇ بارلىقىنى يېزىشقان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە يېرىم ئەسىردىن كېيىن (تەخمىنەن مىلادىيە 356- يىلى) پېرسىيەنىڭ شىمالىي چېگرىسىنىڭChionites لارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقى مەلۇم. Chinoites لار بەلكىم ئاشۇ ھۇنلار بولۇشى مۇمكىن» دېگەن [42].

ئېلىمىز ئالىمى سېن جۇڭمىيەنمۇ سىكسىنىڭ «پېرسىيە تارىخى» 1- تومىدىكى شاپۇر خاننىڭ ئىشلىرى توغرىسىدىكى بايانىدىن نەقىل ئېلىپ: «شاپۇر (Shapur) نىڭ شەرقىدىكى ئۇرۇش مىلادىيە 350- يىلىدىن 357- يىلىغىچە داۋاملاشقان. بۇ ھەقتە تارىخي ئەسەرلەردەر ئېنىق خاتىرلەر بار. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، تاجاۋۇز قىلغۇچىلار Chinoites لار بولۇپ، بۇلار بۇرۇنلار دۇنياغا تونۇلغان Huns لاردۇر» دېگەن [43].

مىلادىيە 4- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ھۇنلار دون دەرياسى بويىدا ئالانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، غەربنى لەرزىگە سالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غەرب تارىخچىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ھۇنلارنىڭ غەربتىكى پائالىيەتلىرى تارىخ ئەسەرلىرىدە كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

ئالانلار بۇرۇن ئائورسى دەپ ئاتالغان بولۇپ، كېيىن نامىنى ئۆزگەرتكەن. ئۇلارنىڭ نامى دەسلەپ «تارىخىي خاتىرلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» كۆرۈلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: «ئائورسى كانگىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا ئىككى مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان كۆچمەن ئەل، ئۆرپ- ئادىتى ئاساسەن كانگىيلىكلەر بىلەن ئوخشايدۇ. يۈز نەچچە مىڭ ئەسكىرى بار، يېرى بىپايان دېڭىزغا تۇتىشىدۇ، ئۇ شىمالىي دېڭىز دېيىلىدۇ» دەپ خاتىرلەنگەن.

«ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. ۋېي پادىشاھلىقى تەزكىرىسى. ئوغانلار، سىيانپىلار ۋە شەرقتىكى يات قەۋملەر ھەققىدە قىسسە» دىمۇ يېي جۇ «ۋېي پادىشاھىنىڭ تارىخى» دىن نەقىل ئېلىپ: ««غەربىي شىمالدا ئۈيسۈن ۋە كانگىيە بار ... يەنە ئائورسى ئېلى بولۇپ، ئالان دۆلىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۆرپ- ئادىتى كانگىيلىكلەر بىلەن ئوخشايدۇ. غەربتە داكچىن (يەنى غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى) بىلەن، شەرقىي جەنۇپتا كانگىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

بۇ ئەلدە بۇلغۇن كۆپ بولۇپ، خەلقى ئوت، سۇ قوغلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. يىرى بىپايان دېڭىزغا تۇتۇشىدۇ، بۇرۇن كانگىيەگە قارىغان، ھازىر ھېچكىمگە قارىمايدۇ» دەپ خاتىرلەنگەن.

يۇقارقىلاردىن ئالان دۆلىتىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ھازىرقى جەنۇبىي روسىيە ياپلاقلىرىدىكى دون دەرياسىنىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى، ئاتالمىش «بىپايان دېڭىز»نىڭ دون دەرياسى قويۇلىدىغان ئازوۋ دېڭىز ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئومۇمەن دون دەرياسىنىڭ شەرقىدىن ۋولگا دەرياسى ئارلىقى ۋە جەنۇپتا كاۋكاز تېغىغىچە بولغان جايلار ئالانلارنىڭ زېمىنى بولغان.

رىم ئىمپىرىيىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى تارىخشۇناس ئاممىئانۇس مارسىپلىنۇس (Amminanus Marccllinus)، مىلادىيە 350 ~ 390- يىللار)ئۆزىنىڭ مەشھۇر «تارىخ» ناملىق ئەسرىدە (بۇ ياۋروپا تارىخچىلىرى ھۇنلارنىڭ پائالىيىتىنى ئەڭ بۇرۇن خاتىرلىگەن ئەسەر) بۇ ھەقتە تېخمۇ تەپىلىي مەلۇماتلارنى قالدۇرغان بولۇپ، ئۇ: «تاناي دەرياسى (دون دەرياسى) ئاسيا بىلەن ياۋروپانى ئايرىپ تۇرىدۇ. ئالانلار شىست دەرياسىنىڭ (دون دەرياسى) شەرقىدىكى بىپايان، چەكسىز كەتكەن غەربىي ئاسىيا [44] چۆللۈكىدە ئولتۇراقلاشقان. ئۇ يەردە ئالان تېغى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالانلار ئاشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئۇلار نۇرغۇنلىغان قەۋملەرنى بويسۇندۇرۇپ..... ئۇلارنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ ئالان دەپ ئاتالغان. .... ئالان تېغى شەرقە سوزۇلغان بولۇپ، ئاھالىسى زىچ، يىرى كەڭ ئەللەرگە، جۇملىدىن يەنى ئاسىياغىچە بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇلارنىڭ ئارلىقى شۇنچە يىراق بولسىمۇ، يەنە كېلىپ كەڭ رايونلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلسىمۇ، كېيىن يەنىلا ئورتاق بىر نام ئاستىدا بىرلىككە كېلىپ، ھەممىسىلا ئالان دەپ ئاتالغان» دېگەن [45].

ھۇنلارنىڭ ئالانلارنى يوقىتىش ھەققىدە «ۋېيىنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئازراق خاتىرىلەر (لېكىن بۇلار ناھايىتى مۇھىم) بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئائورسى بىلەن سوغىيانا ئارلاشتۇرۇۋېتىلگەن. ئۇنىڭدا: «سوغدىيانا، پامىرنىڭ غەربىدە بولۇپ، بۇرۇن ئائورسى، يەنى ئۇنناش دەپمۇ ئاتالغان. چوڭ دېڭىزنىڭ بويىدا بولۇپ، كانگىيەنىڭ غەربىي شىمالىي تەرپىدە، ئارلىقى 10 مىڭ 600 چاقىرىپ كېلىدۇ. ھۇنلار بۇرۇن ئۇلارنىڭ پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈپ يىرىنى ئىگەللىۋالغان. بۇ ئەلدىكى سودىگەرلەر سودا- سېتىققا ناھايىتى ماھىر. گاۋزۇڭ (ۋېي چىڭدى توغبات جۈن، مىلادىيە 452- 465- يىللار) دەۋرىنىڭ دەسلىپىدە سوغدىيانا پادىشاھى ئەلچى ئەۋەتىپ سودا قىلىشنى تەلەپ قىلدى ۋە پەرمانىنى قوبۇل قىلدى» دېيىلگەن.

سوغدانىيا ھەرگىزمۇ ئائورسى ئەمەس، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە سوغدانىيا بىلەن ئائورسى ئايرىم-ئايرىم ئىككى دۆلەت دەپ ناھايىتى ئېنىق يېزىلغان. لېكىن «ۋېينامە» دە بۇ ئىككى دۆلەت ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىمۇ زەرەپشان دەرياسى ۋادىسىدا بولۇپ، ئالان دۆلىتى بىلەن بولغان ئارىلىقى ناھايىتى يىراق بولۇپ، ھەرگىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر ئەل ئەمەس [46]. بەزى ئالىملار ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ كۆرمەيلا، ھۇنلار غەربكە كۆچۈشتە سوغدىياناغا بارغان، دەپ خاتا ھۆكۈم چىقىرىشقان [47].

ھۇنلارنىڭ ئالانلارنى يوقىتىش ئۇرۇشىنىڭ تەپسىلىي ۋاقتى ۋە جەريانى ئېنىق ئەمەس. غەرب ئالىملىرىمۇ بۇ ئۇرۇش مىلادىيە 350- يىلى باشلىنىپ 374- يىلى ئاخىرلاشقان، دەپ پەرەز قىلىشقان. بۇ قېتىمدا ھۇنلار تۇنجى قېتىم سون دەرياسى ساھىلىدا پەيدا بولۇپ، ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىغان. ئاممىئانۇس بۇ ھەقتىمۇ قىسقىچە خاتىرە قالدۇرغان بولۇپ، ئۇ: «ھۇنلار.......ئالانلارنىڭ يېرىنى دەپسەندە قىلدى. ھۇنلار كەڭ كۆلەمدە قىرغىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، قېلىپ قالغان ئالانلار بىلەن ئىتتىپاقلىق ئەھدى تۈزۈپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قوشۇنىغا قاتنىشىشقا مەجبۇرلىدى. ھۇنلار ئالانلار بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، ھەيۋىسى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتتى» [48] دېگەن.

ئالان دۆلىتى يوقىتىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان ئالانلار ھۇنلارغا بويسۇنۇپ، ئۇلارغا ئەگىشىپ غەربكە يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسمى بولسا جەنۇپقا – كاۋكاز تاغلىرىغا قېچىپ كەتتى. يەنە بىر قىسمى بولسا غەربكە يۈرۈپ، شەرقىي گوتلارنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، شەرقى گوتلەرنىڭ تېررىتورىيىسىگە كىردى (ھازىرقى دون دەرياسىنىڭ غەربى بىلەن دېنىستر دەرياسىنىڭ ئارلىقىدىكى رايونلار). ئۇزۇن ئۆتمەي ھۇنلار داۋاملىق ئالغا ئىلگىرلەپ دون دەرياسىدىن ئۆتۈپ، مىلادىيە 374- يىلى شەرقى گوتلارنىڭ زىمىنىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. شەرقىي گوتلار ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرالمىغانلىقتىن، دېنىستر دەرياسىنىڭ غەربىدىكى غەربى گوتلارنىڭ تېررىتورىيىسىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. غەربىي گوتلارمۇ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىملىرى جەنۇپقا دوناي دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئورمانلىققا قاچتى. يەنە بىر قىسمى دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە كىردى. شۇنداق قىلىپ، ھۇنلار ياۋروپادىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى.

# 8.جەنۇبىي ھۇنلاردىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش

جەنۇبىي ھۇنلار ئەل بولغاندىن كېيىن خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتىغا ئېرىشتى. بۇ ھەقتە جەنۇبىي تەڭرىقۇت تۈندۈق مىلادىيە 88-يىلى (جاڭخې2-يىلى) پادىشاھ خېدىغا يازغان خېتىدە؛ «ئەجدادلىرىم خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن بېرى خانىنىڭ ھەددى-ھېسابسىز ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇپ كەلدى. خەن قوشۇنىنىڭ ھىمايىسىدە چېگرا-قورۇللار ئەمىن تاپتى، بۇ ھال 40 يىل داۋام قىلدى. مەن خەن سۇلالىسى يېرىدە تۇغۇلۇپ ئۆستۈم، خەن ئوردىسىغا تايىنىپ ياشىدىم، ھەر يىلى يۈز مىليون يارماقلاپ ئىنئامغا ئېرىشىپ تۇردۇم، بىز خاتىرجەم بولغان بولساقمۇ ياخشىلىقىغا جاۋاپ قايتۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگىنىمىز ئۈچۈن خىجالەت بولماقتىمىز» دەپ يازغان ئىدى [49]. شۇڭا ئۇ خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي ھۇنلارغا جازا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشلىرىنى ئاكتىپ قوللاپ، قول ئاستىدىكى كونا-يېڭى ئەسكەرلەرنى يۆتكەپ ئىشلىتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. مىلادىيە 89 ~ 91-يىللاردىكى بىر نەچچە قېتىملىق چوڭ ئۇرۇشنىڭ ھەممىسىگە جەنۇبىي تەڭرىقۇت ۋە ئۇنىڭ ھەر قايسى خانلىرى قەۋمىنى باشلاپ ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتى. كېيىن خەن سۇلالىسىنىڭ سىيانپېي قۇلدارلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشلىرىغىمۇ كۆپ كۈچ چىقاردى ۋە ئېغىر بەدەل تۆلىدى. مەسىلەن، جەنۇبىي تەڭرىقۇت مىلادىيە 177-يىلى (جياڭپىڭ 6-يىلى) ئەمىر نۆكەر زاڭ مىن بىلەن ھەر قايسى ئون مىڭ كىشىلىكتىن قوشۇن باشلاپ سىيانپىلار رەھبىرى تانشىخۇيغا قارشى ئۇرۇش قىلغاندا، جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ ئەسكەرلىرىنىڭ ئوندىن يەتتە –سەككىزى چىقىم تارتتى[50] خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي ھۇنلارغا جازا يۈرۈش قىلىشى ۋە سىيانپېي قۇلدارلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشى، خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ھەققانى ھەركەت ئىدى، شۇڭا جەنۇبىي ھۇنلار بۇ ئۇرۇشلارنى قوللاپ ياردەم بېرىشىمۇ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە تۆھپە قوشقانلىق ئىدى. شەرقى خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى تەخمىنەن يۈز يىل جەريانىدا، بىرنەچچە قېتىم بەزى قەبىلىلەر ئاسيلىق قىلغان بولسىمۇ، جەنۇبىي ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئاساسى جەھەتتىن ياخشى بولدى. ھالبۇكى، بەزى توپىلاڭلارنى خەن سۇلالىسىنىڭ ئايرىم ئەمەلدارلىرىنىڭ خاتا قىلمىشلىرى كەلتۈرۈپ

چىقارغانىدى. مەسىلەن مىلادىيە 124-يىلىدىكى (يەنگۇاڭ 3- يىلى) ئاسۇز باشچىلىقىدىكى بىر قىتىملىق توپىلاڭ دەل لياۋشۇيدىن ئۆتكۈچى سانغۇنى گېڭ كۈينىڭ يېڭىدىن ئەل بولغان ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىش تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن ئىدى[51].

تىنچ، مۇقىم ۋەزىيەن جەنۇبى ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە جەنۇبى ھۇنلار قورۇلدىن كىرگەندىن باشلاپ چېگرىدىكى ھەر قايسى ئايماقلارغا تارقاق جايلىشىپ، خەنزۇلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشتى. «جىننامە. شىمالىي دىلار ۋە ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دىكى «بەش مىڭ تۈتۈندىن كۆپ ھۇن سوفاڭدىكى ھەر قايسى ئايماقلاردا خەنزۇلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراتتى» دېگەن بايان دەل شەرقى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جەنۇبىدىكى ھۇنلارغا قارىتىلغان. ھۇنلاردىكى «تۈتۈن» ئائىلە دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھەر بىر تۈتۈننى بەش جان ھېساپلىغاندا، ئەينى چاغدا ھەر قايسى ئايماق، ناھىيىلەردىكى ھۇنلارنىڭ توپۇسى20-30 مىڭ بولغان بولىدۇ. خەنزۇلار بىلەن ئارلاش ئولتۇراقلاشقانلار ۋە ھەر قايسى ئايماق ناھىيىلەرگە تارقالغان بۇ جەنۇبى ھۇنلار خەنزۇلار بىلەن بىللە ياشىغانلىقى ۋە دائىم خەنزۇلار بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، تەبئى ھالدا خەنزۇلار مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىدى. شۇڭا 40 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى، جەمئىيەت تەشكىلى ۋە سىنىپى مۇناسىۋىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش مەيدانغا كەلدى.

ھۇنلارنىڭ جەمىيەت تەشكىلىدە، ئەسلىدە ئىشلەپچىقىرىش تەشكىل بىلەن ھەربىي تەشكىل بىرلەشتۈرۈلگەن ئىدى. «تارىخى خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە «ئەرلەر ئوقيا تارتقىدەك بولغاندىلا ساۋۇتلۇق چەۋەنداز بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇلار تىنچ ۋاقىتدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇرۇش ۋاقتىدا جەڭگە ئاتلىناتتى، دېمەك ئۇلار ھەم چارۋىچى ھەم ئاتلىق ئەسكەر ئىدى. ئەمما، جەنۇبى ھۇنلار قورۇلدىن كىرگەندىن كېيىن، مىلادىيە 90-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە «لەشكەرلىك» تۈزۈم مەيدانغا كەلدى. «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبى ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دەپ خاتىرىلىنىشچە، شۇ چاغدا جەنۇبىي ھۇنلار ئۇرۇشتا ئارقا-ئارقىدىن غەلىبە قىلىپ، كۆپلەپ ئەسىر ئالغانلىقى ۋە ئەل بولغانلارنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن قوۋمى كۆپىيىپ، نوپۇسى 34 مىڭ تۈتۈن، 237300 ئادەمگە، لەشكىرى 50170 كە يەتكەن. بۇ يەردىكى «لەشكەر» لەر دەل ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلىپ ئۇرۇش قىلىش ۋەزىپىسىنىلا ئۈستىگە ئالغان مۇنتىزىم ئەسكەرلەر ئىدى. ئەينى چاغدا جەنۇبى

هۇنلارنىڭ نوپۇسى 200 مىڭدىن ئېشىپ، 50مىڭدىن ئارتۇق مۇنتىزىم ئەسكىرى بولغىنىغا قارىغاندا، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر بەش ئادەمنىڭ بىرى مۇنتىزىم ئەسكەر بولغان. قالغان ئەرلەر ۋە ئاجىز-ئۇششاقلار ھەم ئاياللار مەخسۇس چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. لەشكەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئۈچ تۈرلۈك سەۋەپ بولۇپ، بىرىنچىسى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يەنىمۇ تەرەققى قىلىشى، ئىككىنچىسى، دېھقانچىلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكتە چوڭ سالماقنى ئىگەللىشى، ئۈچىنچىسى، خەن سۇلالىسىنىڭ ھەربى تۈزۈمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى سەۋەپ ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئالدى بىلەن بەش ئادەمنىڭ بىرىنىڭ لەشكەر بولۇشى، بەش ئادەمنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلا بېقىشتىن يەنە ئېشىنچا ئەمگىكى بىلەن بىرئادەمنى كۆپ بېقىشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ يەنىمۇ گۈللەنگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، دېھقانچىلىق ئەمگىكى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوخشىمايدىغان بولۇپ بىرقەدەر مۇقىم ئەمگەك كۈچى ۋە بەلگىلىك تېرىقچىلىق تېخنىكىسى بولغاندىلا ئاندىن ئىگىلىكنى ياخشى باشقۇرغىلى ۋە مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا بىر قىسىم كىشىلەر خاس ئەسكەر بولۇپ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر مەخسۇس چارۋىچىلىق ياكى تېرىقچىلىق (ياكى يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن) شۇغۇللانغاندا، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولىدۇ. بۇ خىل ئەسكەرلىك ۋە دېھقان، چارۋىچىلىق ئىش تەقسىماتى. ھۇنلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلى بىلەن ھەربىي تەشكىلنىڭ ئايرىلىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، جەنۇبى ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققى قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى ھەم جەنۇبى ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە جەنىبىي ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ھۇن ھۆكۈمرانلىرى ئىزچىل ھالدا ئۆز خەلقىنىمۇ ئېزىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار باتۇر تەڭرىقۇت ھاكىمىيەت قۇرغاندىن باشلاپ، ئەسلىدىكى ئۇرۇقداشلىق جامائەسى ئومۇم ئىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق يىغىدىغان خىراجەتنى مۇقىم يىغىدىغان باج-سېلىققا ئۆزگەرتىپ، ئاتالمىش «ئۇرۇق جامائەسىنىڭ مەنپەئەتى» نامى ئاستىدا سىنىپى ئېكسپىلاتاتسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ كەلگەندى.

جەنۇبى ھۇنلار قورۇلدىن كىرگەندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆز خەلقىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش

مۇناسىۋىتى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى ھەم تۇرمۇشنىڭ خاتىرجەم بولۇشى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى بەلن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش دەرىجىسىمۇ چوڭايدى، بۇنى «لەشكەرلىك» تۈزۈمنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان لەشكەرلەر باشقىلارنىڭ بېقىشىغا مۇھتاج بولۇپ، جەنۇبى ھۇن ھۆكۈمرانلىرى ئادەتتىكى دېھقان چارۋىچىلار (بۇ يەنىلا ئاساسى ئورۇندا تۇراتتى) ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ ئېرىشكەن بايلىقلاردىن بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ ئۇلارنى باققان. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزلۈكسىز يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىششى بىلەن مۇناسىۋەتتىكى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشمۇ بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى، شەپقەتسىزلەرچە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈپەيلىدىن نامراتلىشىپ كەتكەن ھۇنلار بارغانسېرى كۆپەيدى. ئۇلارنىڭ كېيىنچە ئەگەرتەبىئى ئاپەتكە يولۇقسا ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قېلىش خەۋپى بار ئىدى. «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبى ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيە 76-يىلى (جيەنچۇ 1يىلى) جەنۇبى ھۇنلار رايوندا چېكەتكەن ئاپىتى تۈز بېرى پخەلق ئاچارچىلىقتا قالغاچقا، پادىشاھ جاڭدى 30 مىڭدىن كۆپ نامرات ئاھالىگە قۇتقۇزۇش بەرگەن. نامرات خەلقنىڭ 30مىڭدىن ئېشىشىدىن سىنىپىي بۆلۈنۈشنىڭ كەسكىنلەشكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

جەنۇبى تەڭرىقۇت ئەل بولغاندىن باشلاپ، شىمالىي چېگرىدىكى ھەر قايسى ئايماقلار، يەنى بېيدى، سۇفاڭ، ۋۇيۈەن، تۈنجۇڭ، دىڭراڭ، يەنمېن، دەيجۈن ھەم شاڭگۇلارغا جەنۇبى ھۇنلار ۋە شىمالىي ھۇنلاردىن يېڭىدىن ئەل بولغانلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھۇنلار توختىماستىن ئىچكىرىگە كۆچۈشكە باشلىدى. مەسلەن، مىلادىيە 96-يىلى فېڭخۇ تەڭرىقۇت باشچىلىقىدىكى خەلقتىن 4000 لەشكەر ۋە ئون مىڭدىن ئارتۇق ئاجىز-ئۆششاق خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغاندا، خەن سۇلالىسى ئۇلارنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا شىمالىي چېگرىدىكى ھەر قايسى ئايماقلارغا ئۇرۇنلاشتۇردى. شۇيىلى ئونئوت خان ئۇكۇيكەن جەنۇبى تەڭرىقۇتقا ئاسىيلىق قىلىپ، قەۋمنى باشلاپ قورۇلدىن چىقىپ كەتكەندە، خەن سۇلالىسى قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇلارنى قايتۇرۇپ كەلدى ۋە 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئەندىك (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جېنيۈەن ناھىيىسىنىڭ شەرقى جەنۇبىدا) ۋە بېيدىغا ئورۇنلاشتۇردى. مىلادىيە 140- يىلى (يۇڭخې 5-يىلى) جەنۇبى ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، سول تەرەپتىكى قۇلۇن خان ئۇس ئوڭ قول بىلىك خان بىلەن بىرلىشىپ شىخې

ئايمىقىدىكى مىيجىغا ھۇجۇم قىلدى. كېيىن يەنە شەرقتىكى ئوغانلار، غەرپتىكى چياڭلار، غۇزلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بىڭجۇ، لياڭجۇ، يۇجۇ ۋە يىجۇ تۆت ئايماقنى تاجاۋۇز قىلدى. خەن سۇلالىسى بۇلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شىخې ئايمىقىنىڭ مەركىزىنى لىشىغا (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى لىشى ناھىيىسى)، شاڭجۈن ئايمىقىنىڭ مەركىزىنى شىاياڭغا (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى خەنچېڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا)، سۇفاڭ ئايمىقىنىڭ مەركىزىنى ۋۇيۈەنگە (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى باۋتۇ شەھىرىنىڭ غەربىدە) كۆچۈردى. بۇنىڭ بىلەن، ئەسلىدە شىخې، شاڭجۈن، سۇفاڭ قاتارلىق جايلارغا ئولتۇراقلاشقان ھۇنلار تېخىمۇ جەنۇبقا كۆچۈپ، كۆپ قىسىم بىڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى فېنشۈي دەرياسى ۋادىسىغا ئورۇنلاشتى[52]. بۇ ئۇلارنىڭ كېيىنكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتۈشىنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىدى.

مىلادىيە187-يىلى (جۇڭپىڭ 4- يىلى) جەنۇبىي ھۇنلاردا ئىچكى نىزا يۈز بەردى. بۇ ئىش بۇرۇنقى جۇڭشەن ۋالىيسى جاڭ چۈننىڭ خەن سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ سىيانپىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ چېگرىدىكى ئايماقلارغا ھۇجۇم قىلىشىدىن باشلاندى. لىڭدى جەنۇبىي ھۇن قوشۇنلىرىغا يۇجۇ چوپاندارى ليۇيۇگە ماسلىشىپ جازا يۈرۈشى قىلىشقا پەرمان چۈشۈرگەندە، جەنۇبىي تەڭرىقۇت قانقۇي سول قول بىلىك خانىنى قوشۇن بىلەن يۇجۇ ئايمىقىغا ئەۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن قانقۇينىڭ ئۈزلۈكسىز لەشكەر تارتىشىدىن ئەنسىرەپ مىلادىيە 188-يىلى ئوڭ تەرەپتىكى شىلو قەبىلىسى بىلەن توغا ھۇنلىرىدىن [53] يۈز نەچچە مىڭ ئادەم ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۇنى ئۆلتۈردى. مانقۇي ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى ئوڭ قول بىلىك خان يۈفۇلو تەختكە چىقتى. قانقۇينى ئۆلتۈرگۈچىلەر يۈفۇلونىڭ ئاتا قىساسىنى ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ، شۈبۇ قوتقۇسنى تەڭرىقۇت قىلىپ تىكلىدى. يۈفۇلو بۇنىڭغا قايىل بولماي خەن ئوردىسىغا بېرىپ دەۋا قىلدى ۋە خەن سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ دەل خەن لىڭدى ئۆلگەن، سېرىق ياغلىقلىقلار قوزغىلىڭى پارتلاپ ئەل قالايمىقانلىشىپ، ھەر قايسى جايلاردىكى فېئودال بۆلۈنمىچى كۈچلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باش كۆتۈرۈپ، خەن سۇلالىسى مەركىزى ھاكىمىيىتى تېز سۈرئەتتە پارچىلىنىۋاتقان مەزگىل بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋاسىنى ئاقتۇرالىشىدىن ۋە ياردەمگە ئېرىشەلىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. شۇڭا، يۈفۇلو نەچچە مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ، ئەينى چاغدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ بىر تارمىقى بولغان بەيبو قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ، خېنېي (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي ئەتراپى)، تەييۈەندىكى ھەر قايسى ئايماق، ناھىيىلەرگە

ھۇجۇم قىلدى. بۇ ھەر قايسى جايلاردىكى فېئودال بۆلۈنمىچى كۈچلەر ۋە فېئوداللىق تۆزۈمگە زەربە بېرىش، دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنىغا ياردەم بېرىشتەك ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. لېكىن، ھەر قايسى جايلاردىكى فېئوداللار سىرتقى ياغلىقلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش جەريانىدا تىل بىرىكتۈرۈۋالغان بولغاچقا، بۇمۇلونىڭ ھۇجۇمى مۇۋەپپىقىيەتلىك بولمايلا قالماستىن، خەلق ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ ئادەملىرىنى باشلاپ خېدۇڭ ئايمىقىدىكى پىڭياڭ ناھىيىسىدە (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى لىنفېن شەھىرى) تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى[54].

شۇبۇ قۇتقۇسى تەڭرىقۇت بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن ئۆلدى. جەنۇبى ھۇنلار قايتا تەڭرىقۇت بەلگىلىمىدى، «شۇنىڭدىن باشلاپ جەنۇبى ھۇن ئوردىسىدا تەڭرىقۇتلۇق ئورنى بوش قېلىپ» پىشقەدەم ئۇرۇق ئاقساقاللىرى ئەل ئىشلىرىنى ۋاكالەتەن باشقۇرۇپ تۇردى[55]. يۈفۇلو كېيىن ئېسلزادە پومىشچىكلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يۈەن شاۋ، يۈەن شۇ قاتارلىق فېئودال بۆلۈنمىچىلەر گۇرۇھى بىلەن ئوتتۇرا-تۆۋەن پومىشچىكلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ساۋ ساۋ گورۇھى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلارغىمۇ قاتناشتى، بەيبو قوشۇنىنىڭ باشلىقلىرىدىن ياڭ فېڭ، خۇسەي قاتارلىقلار دۇڭ جو ۋە خەن شيەندىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، يۈفۇلونىڭ ئوڭ قول بىلىك خانى چۇبى مىلادىيە 195-يىلى (شىڭپىڭ 2-يىلى) قىشتا ياڭ فېڭ ۋە خۇ سەي قاتارلىقلار بىلەن بىللە خەن شيەندىنىڭ چاڭئەندىن شەرققە قايتىشىغا ھەمدەم بولۇپ، دۇڭ جونىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىلەردىن لى چۆ، گوفەنلەرگە زەربە بەردى. شۇنداق قىلىپ جەنۇبى ھۇنلارنىڭ بۇ ھۆكۈمرانلىرى ئەمەلىيەتتە ياڭ فېڭ،خۇسەيلەرگە ئوخشاش دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنى ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ئاسىيلىق قىلىپ، خەنزۇ فېئودال ھۆكۈمرانلار ھۆكۈمرانلار سىنىپى بىلەن تامامەن بىر تەرەپتە تۇرىدىغان ئاتامانلارغا ئايلاندى ھەم بىر فېئودال بۆلۈنمىچى سۈپىتىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى فېئودال بۆلۈنمىچىلەرنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشىغا قاتناشتى. يەنە كېلىپ قالايمىقان ئۇرۇشلار جەريانىدا ھەممىلا يەردە بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى مەشھۇر ئالىم سەي يۈەننىڭ قىزى سەي ۋېنجى دەل مۇشۇ چاغدا بۇلاپ كېتىلگەن ئىدى [56].

يۈفۇلو مىلادىيە 195- يىلى ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى خۇچۇچان چىقىپ يەنىلا پىڭياڭدا تۇردى. ئوغلى لىيۇباۋ سول قول بىلىك خان بولدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا لىيۇ باۋ «بەش غوز، ئون ئالتە پادىشالىق» دەۋرىدە «خەن» ھاكىمىيىتىنى قۇرغان لىيۇ يۈەننىڭ (يەنە بىر ئىسمى لىيۇ يۈەنخەي) ئاتىسى ئىكەن.

مىلادىيە 202- يىلى (جيەنئەن 7- يىلى) ساۋ ساۋ جۇڭ خۇينى خۇچۇچان تەگرىقۇت تۇرۇشلۇق پىگياگغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەندە، خۇچۇچان ساۋ ساۋ ئەل بولدى. ساۋ ساۋ ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ خۇگاخې دەرياسى ۋادىسىدىكى ھەر قايسى ئايماقلارغا تارقىلىپ جايلاشقانلىقى، كۆچىنىڭ بارغانسېرى كۆچىيىپ بېرىۋاتقانلىقى، بۇنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە شىمالنىڭ بىرلىككە زور تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ، ھۇن يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بۆلۈنمىچىلىك خەۋپىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى تۇتۇپ تۇرۇش ۋە پۈتۈن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى چىقىش قىلىپ، ئۇلارغا قارىتا پارچىلاش سىياسىتىنى قوللىنىپ ۋە ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش دائىرىسىنى چەكلەپ، ئۇلارنىڭ كۆچىنى تېزگىنلىدى ۋە ئاجىزلاشتۇردى.

مىلادىيە 216- يىلى (جيەنئەن 21- يىلى) خوچۇچان تەگرىقۇت ھەر قايسى خانلىرىنى باشلاپ ۋېي پادىشاھلىقىغا زىيارەتكە كەلگەندە، ساۋ ساۋ ئۇنى بېيجىڭ شەھىرى (ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ ئاستانىسى، ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى، سسيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى سەنتەي كەنتى) دە قالدۇرۇپ، چۈبىنى پىگياگغا قايتىپ، ئۇنىڭ قوۋمىلىرىنى نازارەت قىلىشقا ۋە باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى [57] ھەم ئۇلارنى بىگجۇنىڭ شىخې، ئەيىۋەن، يەنمېن، شىنشىڭ، شاگجۈن قاتارلىق ئايماقلىرىغا ۋە خېدۇڭ قاتارلىق ئالتە ئايماققا تارقاق ئورۇنلاشتۇردى [58]. كېيىن ساۋ ساۋ يەنە خوچۇچاننىڭ قەۋمىنى بەش قىسمغا بۆلۈپ، سول تەرەپتىكى قەۋمدىن ئون مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق كىشىنى تەيىۋەندىكى زىشى ناھىيىسگە (ھازىرقى سەنشىدىكى فېنياڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقى جەنۇبىدا)، ئوڭ تەرەپتىكى قەۋمدىن ئالتە مىڭ تۈتۈندىن ئارۇق كىشىنى چىشيەن ناھىيسگە (ھازىرقى سەنشىدىكى چىشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا)، جەنۇپ تەرەپتىكى قەۋمدىن ئۈچ مىڭ تۈتۈندىن ئارۇق كىشىنى پۇزى ناھىيىسگە (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شيەنشيەن ناھىيىسى)، شىمال تەرەپ قەۋمدىن تۆت مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق كىشىنى تەيلىڭ ناھىيىسگە (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى ۋېنشۈي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) ئاتامان قىلدى ھەم خەنزۇلاردىن بىرنى ئەمىر لەشكەر قىلىپ، ئۇلارنى نازارەت قىلدى [59]. شۇنىڭدىن باشلاپ تەگرىقۇتنىڭ گەرچە نامى بولسىمۇ، ئەملى كونترول قىلىدىغان يېرى قالمىدى. خان تۆرىلەردىن تۆۋەنلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك ئاددى پۇقرالىققا چۈشۈرۈلدى. تەگرىقۇت ئوردىسى يەنىلا پىگياگدا بولسىمۇ ھەم بەش قىسمنىڭ ئاتامانلىرى ئۆز قوۋمى ئارىسىدا تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەممىسىنىڭ ئائىلىسى جىنياڭ

ۋە فېنشۈي دەرياسى ساھىلىدا بولدى [60]. بۇنىڭ بىلەن ھۇنلارنىڭ قەبىلە تەشكىلى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ھۇن ھۆكۈمرانلار سىنىپى قەۋمنى بىۋاستە باشقۇرالمايدىغان بولۇپ قېلىپ، ھۆكۈمرانلىق ئەمەلى ھوقۇقى ساۋ ساۋ ھاكىمىيىتى ۋە ئۇ ئەۋەتكەن ئەمىر لەشكەرلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. شۇڭا، ئۇلار ئۆز قەۋملىرىدىن بۆرۈندقدەك «ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلىدىغان» قورال سۈپىتىدە پايدىلىنالمايدىغان بولدى.

ساۋ ساۋ يەنە ئۆزى ئەۋەتكەن بىگجۇ دەرياسى دورغايى لياڭ شى ئارقىلىق بېگجۇدىكى ھۇنلارغا يۇقىرى قاتلىمدىكى كىشىلەرنى يەلىك ھۆكۈمەتلەردە ئەمەل تۇتۇشقا قىزىقتۇرۇپ، ئۇلارنى قەۋملىرىدىن تامامەن ئايرىۋەتتى. ئىككىنچىدىن، قاۋۇل ھۇن چارۋىچىلىرىدىن «بويسۇنغان مەرت ھۇنلار» ۋە «پىداكار ئەزىمەتلەر» قوشۇنى تەشكىللەپ، ھەر قايسى جايلارغا مۇداپىئەدە تۇرۇشقا ياكى ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى يېچېڭغا كۆچۈرۈپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئۈچىنچىدىن، قېلىپ قالغان ھۇنلارنى دېھقانچىلىق قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. يۇقارقى بىر قاتار تەدبىرلەر ئارقىلىق، ساۋ ساۋ جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ مەيلى يۇقىرى قاتلامدىكىلەر ۋە ياكى تۆۋەن قاتلامدىكىلەر بولسۇن، ھەممىسىنى ناھايىتى ئۈنۈملۈك باشقۇردى. تارىخىي ئەسەرلەردە خاتىرلىنىشىچە، شۇنىڭدىن باشلاپ «تەگرىقۇت ئىتائەتچان بولۇپ، ئاتاقلىق خانلىرى قائىدە- يوسۇنلارغا بويسۇنۇپ ۋەزىپە ئۆتەپ، قوشۇنلىرى بۇيرۇق بويىچە ئىش قىلىدىغان بولۇپ، قوۋمىنىڭ ئاددىي خەلقتىن ھېچقانداق پەرقى قالمىغان. چېگرالار تىنچلىنىپ، پۇقرالار ھەممىلا يەرگە تارىلىپ، پىلە بېقىپ، تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆچۈپ يۈرمەيدىغان بولغان». بۇنىڭ بىلەن بۆرۈنقى «ھۇنلار بىگبۇ تەۋەسىدە ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلىدىغان» ۋەزىيەت ئۆزگەرگەن [61].

ساۋ ساۋ خۇچۇچان تەگرىقۇتنى يېچېڭدا تۇرغۇزغاندىن كېيىن، جەنۇبىي ھۇنلار ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان ئايماق، ناھىيىلەردىكى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىپ، نوپۇسقا كىرىپ، خەنزۇ خەلقى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولغان بولسىمۇ، ئەمما «باج، پاراق تاپشۇرماسلىق» تەك ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولغانىدى [62]. لياڭ شى يۇقارقىدەك تەدبىرلەرنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئاددىي خەلققە ئايلانغان نۇرغۇنلىغان ھۇنلار خەنزۇلار بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئارىلاش ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، تېرىقچىلىق قىلىشنى ئۆگىنىۋالدى. ھۆكۈمەت «پىلە بېقىش ۋە تېرىقچىلىق قىلىش» نى ئاكتىپلىق بىلەن يولغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتنىشىشىغا ئىلھام بەرگەنلىكتىن، تېخىمۇ كۆپ كىشى تەبىئىي ھالدا تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. بۇنى جەنۇبىي

هۇنلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتۈشىنىڭ باشلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ. ھالبۇكى ئادەتتىكى ھۇنلار يېرى بولمىغاچقا، ئەمما تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىغاندا بىگجۇدىكى ھەر قايسى ئايماق ناھىيىلەردىكى خەنزۇ بيۇروكراتلار ۋە پومىشچىكلاردىن يەر ئىجارە ئېلىپ، نۇرغۇنى خەنزۇ ئائىلىلەردىكى ئىجاركەش ئوتاقچىلاردىن بولۇپ قالدى. «جىننامە» 93- جىلد «يات بەگلەرنىڭ تەرجىمھالى» دا خاتىرلىنىشىچە، ساۋ ۋېي ئوردا مۆتىۋەرلىرىدىن تۆۋەنلەرنىڭ كالا ئىجارىگە ئېلىشى ۋە ئوتاقچى ئىشلىتىشىگە سان بەلگىلەپ بەرگەن. كېيىن ئاددى خەلق ھاشار- ئالۋاڭدىن قېچىپ كۆپلەپ ئوتاقچى بولغان. تەسرى ۋە كۇچى بار ئائىلىلەردە بۇنداق ئوتاقچىلار يۈزدىن ئاشقان. يەنە تەييۇەن قاتارلىق ئايماقلاردىكى بەزى ئائىلىلەردە ھۇن ياكى باشقا غۇز ئوتاقچىلار كېيىنكى دەۋردىكى ئىجارىكەش دېھقانلار ۋە يالالنما دېھقانلار بولۇپ، بۇلار كېيىنچە يانچىلارغا، ھەتتا قۇللارغا ئايلىنىپ قالاتتى. شۇڭا ۋېي، جىن سۇلالىسى دەۋرىدە بىگجۇ ۋە خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدىكى باشقا ئايماق، ناھىيىلەردە ھۇنلارنى ۋە ئارىلاشما غۇزلارنى قۇل سۈپىتىدە ئېلىپ- سېتىش ھادىسىسى ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. ۋېي پادىشاھلىقى تەزكىرىسى» 22- جىلد «چېن تەننىڭ تەرجىمھالى» دا خاتىرلىنىشىچە، چېن تەي جېڭشى يىللىرى ( مىلادىيە 240 ~ 248- يىللار) بىگجۇ دورغابى، ھەيۋەتلىك سانغۇڭن، تەتەكدار ۋە ھۇنلارنى قوغدىغۇچى ئەمىر نۆكەر بولۇپ تۇرىۋاتقاندا، ئاستانىدىكى نۇرغۇنلىغان ئاقسۆڭەك بيۇروكراتلار قىممەتلىك سوۋغاتلارنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن ھۇن قۇللىرىنى سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. باشقا ئارىلاشما غۇزلارنىڭ قۇل قىلىنىپ ئېلىپ- سېتىلىشى «جىننامە» 104- جىلد «شىلېنىڭ تەرجىمھالى» دە تەپسىلىي بايان قىلىنغان [62]. نەتىجىسىدە جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئاددى خەلق بىلەن ۋېي، جىن سۇلالىلىرى ئوتتۇرىسىدا مىللىي زىددىيەتتىن باشقا يەنە سىنىپىي زىددىيەت پەيدا بولدى. كېيىن ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى لىيۇ يۈەن جىن سۇلالىسىگە قارشى چىققاندا، دەل مۇشۇ زىددىيەتلەردىن پايدىلاندى.

لىيۇ يۈەننىڭ ئىشىنىڭ جەريانى ۋە ئۇنىڭ ناچار ئاقىۋىتى، ساۋ ساۋنىڭ ھۇن يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۈچىنى كونترول قىلىش ۋە ئاجىزلىتىشىنىڭ سىياسىي يىراقنى كۆرەرلىككە ۋە ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ھالبۇكى ئادەتتىكى ھۇن خەلقىنىڭ كېيىن ۋېي، جىن سۇلالىسىدىكى ئائىلىلەرنىڭ ئوتاقچىسى بولۇپ قېلىشى بولسا، ئەينى چاغدىكى فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئالاھىدە تارىخى شارائىتنىڭ

مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى. چۈنكى، ۋېي، جىن سۇلالىسى ھاكىمىيتى فېئودال پومىشچىكلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان خەنزۇ دېھقانلاردىن نۇرغۇنىمۇ ئاددى ھۆن خەلقى دۇچ كەلگەن تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. شۇڭا، غەربىي جىن ھۇلالىسى دەۋرىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەمىشە مىللىي چەك- چېگرانى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەر مىللەت ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە بىرلىشىپ قارشى تۇرۇشى ھەرگىزمۇ تاساددىپىيلىق ئەمەس ئىدى.

## ئىزاھاتلار:

[1] «كېيىنكى خەننامە. گۇاڭ ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە»، « جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» ۋە 19- جىلد «گېڭ گونىڭ تەرجىمھالى» 28- تەپسىرات.

[2] «كېيىنكى خەننامە. گۇاڭ ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە» ۋە82- تەپسىرات «ئەمەلدارلار تەزكىرىسى».

[3] «كېيىنكى خەننامە. 54- جىلد «يۈەن ئەننىڭ تەرجىمھالى» دا: «يۈز مىليۇن 900 مىڭ يارماقتىن ئارتۇق» دېيىلگەن. بۇ يەردە يۈەن خۇڭنىڭ «كېيىنكى خەن خاتىرىلىرى» 13- جىلد «خېدى ھەققىدە خاتىرە» گە ئاساسلىنىلدى.

[4] «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[5] «كېيىنكى خەننامە» 90- جىلد «ئوغانلار، سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە».

[6] يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

[7] «شەرقىي قەسىردىكى خەن خاتىرىلىرى» 1- جىلد «بۇزۇرۇكۋار گۇاڭ ۋۇ پادىشاھ ھەققىدە خاتىرە».

[8] «كېيىنكى خەننامە. گۇاڭ ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە» ۋە 35- جىلد «جاڭ چۈننىڭ تەرجىمھالى».

[9] «كېيىنكى خەننامە» 20- جىلد «جەي رۇڭنىڭ تەرجىمھالى».

[10] «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[11] «جىننامە» 97- جىلد «شىمالىي دىلار ۋە ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دىكى «ھۇنلاردىن بەش مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە سۇفاڭ ئەتىراپىدىكى ئايماقلاردا خەنزۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشتى» دېگەن خاتىرىدە دەل

جەنۇبىي ھۇنلار كۆزدە تۇتۇلغان.

[12] «كېيىنكى خەننامە» 36- جىلد «جىيك جۇڭنىڭ تەرجىمھالى».

[13] يۈەن خۇڭنىڭ «كېيىنكى خەن خاتىرلىرى» 8- جىلد «گۇاڭ ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە».

[14] بۇ قېتىمى بازار ئېچىشنىڭ ۋاقتى ئون يىلغا بارمىغان،. يۇڭپىڭ 15- يىلىغا كەلگەندە (مىلادىيە 72- يىلى) شىمالىي ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغان. يۈەنخې 1- يىلى (مىلادىيە 84- يىلى) غا كەلگەندىلا ئاندىن ئەسلىگە كەلگەن. بىر قېتىمدىلا ئون مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق ئات- كالا سودىسى بولغىنىدىن ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادى ئالاقىسىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. («كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» گە قاراڭ).

[15] «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[16] يۈەن خۇڭنىڭ «كېيىنكى خەن خاتىرلىرى. مىڭدى ھەققىدە خاتىرە».

[17] «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

[18] «كېيىنكى خەننامە. مىڭدى ھەققىدە خاتىرە» ۋە «جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[19] «كېيىنكى خەننامە. 19- جىلد «گېڭ بىڭنىڭ تەرجىمھالى».

[20] «كېيىنكى خەننامە. مىڭدى ھەققىدە خاتىرە».

[21] «كېيىنكى خەننامە» 88- جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

[22] «كېيىنكى خەننامە. مىڭدى ھەققىدە خاتىرە»، «جاڭدى ھەققىدە خاتىرە» ، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ۋە 19- جىلد «گېڭ گۇڭنىڭ تەرجىمھالى» ، «گېڭ بىڭنىڭ تەرجىمھالى».

[23] «كېيىنكى خەننامە» 48- جىلد «ياڭ دۇڭنىڭ تەرجىمھالى». يەنە 54- جىلد «يۈەن ئەننىڭ تەرجىمھالىدا» دا شەرقى خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ غەربى يۇرتنىكى يىللىق خىراجىتى 74 مىليۇن 800 مىڭ يارماق، دېيىلگەن.

[24] «كېيىننكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[25] «كېيىننكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[26] «كېيىننكى خەننامە. خېدى ھەققىدە خاتىرە»، «جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» ۋە 23- جىلد

«دۇشيەنننىڭ تەرجىمھالى».

[27] «جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» ۋە «دۇشيەنننىڭ تەرجىمھالى» نىڭ ھەر ئىككىلىسىدە «شىمالىي تەڭرىقۇت قېچىپ كەتتى، نەگە كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمىدى» دەپ خاتىرلەنگەن. لېكىن «يۈەن ئەنىنىڭ تەرجىمھالى» دا بولسا «شىمالىي تەڭرىقۇت ئۈيسۈنلارنىڭ يېنىغا قېچىپ كەتتى» دەپ خاتىرلەنگەن. بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. كېيىن.ئۇ كانگىيىگە كەتكەن.

[28] بۇ يەردە «جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلىنىلدى. «كېيىنكى خەننامە» 19- جىلد «گېڭ كۇينىڭ تەرجىمھالى» دا بولسا «سەككىز قەبىلە، 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم» دېيىلگەن.

[29] فىرانسىيە ئالىمى دېگۇيگىنىس.J (Deguignes) ۋە ئېلىمىزنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئالىمى خۇڭ قۈننىڭ پەرىزىگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 1- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كانگىيەگە بارغان ۋە ھۇنلار مىلادىيە 4- ئەسىردە ياۋرۇپادا پەيدا بولغان ھۇنلارنىڭ ئەجادى ئىكەن. دېگۇيگىنىسنىڭ «ھۇنلار، تۈركلەر، موڭغۇللار ۋە غەرپتىكى تاتارلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى» (1756 ~ 1758- يىللار، پارىژ)، خۇڭ جۈننىڭ «يۈەن سۇلالىسى تارىخىدىكى تەرجىملەرگە تولۇقلىما» 27- جىلد «غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى جايلار ھەققىدە تەمسىل» گە قاراڭ.

« [30] تۇتۇن» ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشنى ۋە ھەر بىر «تۇتۇن» نىڭ جان سانىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى 2- باپتىكى «تۇتۇن» گە بېرىلگەن ئىزاھاتتىن كۆرۈڭ.

[31] «ۋېينامە» 103- جىلد «ھۇن يۈۋېن موخۇينىڭ تەرجىمھالى».

[32] «ۋېينامە» 95- جىلد «توبا لىيۇ خۇننىڭ تەرجىمھالى».

[33] «ۋېينامە» 47- جىلد «لىيۇ چىننىڭ تەرجىمھالى».

[34] «كېيىننكى خەننامە. خىدى ھەققىدە خاتىرە»، غەربىي يۇرت خاتىرىسى» ۋە «بەن يۇڭنىڭ تەرجىمھالى».

[35] «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

[36] « كېيىنكى خەننامە . جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»

[37] «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى » ۋە «بەن يۇڭنىڭ تەرجىمھالى».

[38] «كېيىنكى خەننامە» 6- جىلد «شۇندى ھەققىدە خاتىرە»، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»

[39] «مېتال، تاش پۇتۇكلەر» دىكى «خەن سۇلالىسى دۇنخۇاڭ ۋالىيسى پېي سېننىڭ تۆھپە مەڭگۇ تېشى».

[40] «كېيىنكى خەننامە.«غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

[41] «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1978- يىل 7- ساندىكى شياۋ جىشىڭنىڭ «هۇنلارنىڭ غەرپكە كۆچۈشى توغرىسىدىكى ئىزدىنىش» دېگەن ماقالىسىدا بۇ تەپسىلى دەلىللەنگەن، پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

[42] مېككوۋرىن: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭ تارىخى» (جۇڭخۇا كىتاپ ئىدارىسى 1958- يىلى نەشرى، جاڭ جۈەن تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى) ، 6- باپ (ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن هۇنلار»، 166 ~ 167- بەتلەر. مېككوۋرىن ئوتتۇرغان قويغان 200 يىل (170 ~ 370- يىللار) شىمالىي هۇنلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن چېكىنگەندىن كېيىن، قۇيان خان قوۋمىنىڭ يەنىلا هازىرقى شىنجاڭنىڭ شەرقىدە مىلادىيە 170- يىلىغىچە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىدىن تارتىپ 370- يىلىنىڭ ئالدى- كەينىدە شىمالىي تەڭرىقۇت قوۋمىنىڭ ئالان دۆلىتىنى يوقاتقىنىغىچە بولغان ئارىلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، خەنزۇچە ماتېرىياللار شىمالىي هۇنلارنىڭ قۇيان خان قوۋمىنىڭ شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى پائالىيىتى هەققىدىكى ئەڭ ئاخىرقى خاتىرە مىلادىيە 151- يىلى كۆرۈلىدۇ. شىمالىي هۇنلار توغرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى خاتىرىمۇ 153- يىلى كۆرۈلىدۇ. لېكىن، بۇ شىمالىي هۇنلار بىلەن غەربكە كۆچكەن شىمالىي هۇنلار ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بارلىقى تېخى نامەلۇم.

[43] سېن جۇڭمىيەن: «ئىران غۇزلىرى ۋە هۇن غۇزلىرى»، «هەقىقەت ژۇرنىلى» نىڭ 1944- يىلى 5- ئايدىكى 1- توپلام 3- سانى.

[44] ئەسلى ئىزاهاتتا: «ئائورسى جۇڭگو تارىخنامىلىرىدىكى ئائورسى بولۇپ، ئۇلار غەربىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋرۇپانىڭ جەنۇبىغا تارقالغان. ئۇلارنىڭ ياۋرۇپادىكىلىرى قاراباقان تېغى بىلەن دون دەرياسى ئارىلىقىدىكى رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان............. ئالانلار ئائورسىلارنىڭ بىر تارمىقى» دېيىلگەن.

[45] چى سىخې قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «دۇنيا تارىخى ماتېرىياللىرى مەخمۇئەسىنىڭ دەسلەپكى توپلىمى. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى غەربىي ياۋرۇپا» ، سەنلىيەن كىتاپخانىسى 1958- يىلى نەشرى، 31 ~ 32- بەتلەر.

[46] شياۋ جىڭشىڭنىڭ ماقالىسىدا بۇمۇ دەلىللەنگەن.

[47] ئالىم ياۋ سۇڭۇۋ «ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ هۇنلار هەققىدىكى تەتقىقاتلىرى» دېگەن ماقالىسىدا (بېيجىڭ

ئۇنۋېرستېتىنىڭ «دۆلەت ئىلمى پەسىللىك ژۇرنىلى» نىڭ 1930- يىلى 2- توپلام 3- سانىغا بېسىلغان) چى سخې «هۇنلارنىڭ غەرپكە كۆچۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ياۋروپادىكى پائالىيىتى» دېگەن ماقالىسىدا («تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1977- يىللىق 3- سانىغا بېسىلغان) خاتا هالدا «ۋېينامە» ۋە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىكى خاتىرىلەرگە ئىشىنىپ قېلىپ، سوغدىيانا بىلەن ئائورسى (ئالان) نىڭ بىر دەپ يەكۈن چىقارغان. شۇڭا، هۇنلار ياۋروپاغا كۆچۈش جەريانىدا سوغدىيانادىن ئۆتكەن، دەپ قارىغان.

[48] چى سخې قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «دۇنيا تارىخى» ماتېرىياللىرى مەجمۇئەسىنىڭ دەسلەپكى توپلىمى»، 34- بەت.

[49] «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي هۇنلار هەققىدە قىسسە».

[50] «كېيىنكى خەننامە. سيانپىلار هەققىدە قىسسە».

[51] «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي هۇنلار هەققىدە قىسسە».

[52] «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي هۇنلار هەققىدە قىسسە».

[53] «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» (59- جىلد) گە خۇ سەنشىڭنىڭ ئىهاھ بېرىشىچە، جىيەنۋۇ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئۇلۇغ ئۇكەن باتىس خان بى خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ شىلوجۇت تەڭرىقۇت دەپ ئاتالغان. شىلولار ئۇنىڭ قوۋمىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇلۇغ تەرەپتە تارقىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، ئۇنىڭ قوۋمىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. توغالارمۇ هۇنلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، «جىننامە. شىمالىي دىلار ۋە هۇنلار هەققىدە قىسسە» دە، شىمالىي دىلاردىن قورۇل ئىچىگە كىرگەنلەر توغا قاتارلىق 19 قەبىلە ئىدى، دېيىلگەن. ۋېي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە توغالار ئارىلاشقا غۇزلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان بولغاچقا، يەنە توغا هۇنلىرى دەپمۇ ئاتالغان.

[54] «كېيىنكى خەننامە. لىڭدى هەققىدە خاتىرە»، «شىيەندى هەققىدە خاتىرە» ۋە «ئۈچ پادىشاهلىق تەزكىرىسى. ۋېي پادىشاهلىقى تەزكىرىسى. ۋۇدى هەققىدە خاتىرە» دىكى پېيى جۇ «ۋېينامە» دىن ئالغان نەقىلگە قاراڭ.

[55] «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي هۇنلار هەققىدە قىسسە».

[56] «ئۈچ پادىشاهلىق تەزكىرىسى، ۋېي پادىشاهلىقى تەزكىرىسى، ۋۇدى هەققىدە خاتىرە» ، 8- جىلد «جاڭ

ياڭنىڭ تەرجىمھالى» ، «كېيىنكى خەننامە. شيەندى ھەققىدە خاتىرە» ، 74- جىلد «يۈەن شاۋنىڭ تەرجىمھالى» ، 75- جىلد «يۈەن شۇنىڭ تەرجىمھالى» ، 84- جىلد «ئىپپەتلىك ئاياللارنىڭ تەرجىمھالى.

[57] «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. ۋېي پادىشاھلىقى تەزكىرىسى. ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە» ، 15- جىلد «جاڭ جىنىڭ تەرجىمھالى»، «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[58] «جىننامە» 56- جىلد «جياڭ تۇڭنىڭ تەرجىمھالى».

[59] «جىننامە. شىمالىي دىنلار ۋە ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[60] «جىننامە» 101- جىلد «ليۇ يۈەنخەيەنىڭ تەرجىمھالى»

[61] «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. ۋېي پادىشاھلىقى تەزكىرىسى» 15- جىلد، «لىياڭ شىنىڭ تەرجىمھالى».

[62] «جىننامە. شىمالىي دىلار ۋە ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[63] «جىننامە. شلېنىڭ تەرجىمھالى» دا: «تەيئەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، مىڭجۇدا قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، شلې ۋە بەزى غۇزلار سەرسان بولۇپ،يەنمېندىن يىنىڭغا رايونىغا قېچىپ كەلدى. بىيزې چېكىچى بىگى ليۇ جيەن ئۇلارنى سېتىۋالاندىن كېيىن، قۇللۇقتىن ئازات قىلدى. ...... كېيىن ھەيۋەتلىك سانغۇن يەن سۈي بىڭجۇ دورغايى، ئەمىر لەشكەر تېڭ جىغا شەندۇڭدىن قوشۇن تولۇقلاشنى ئېيتقاندا، تېڭ جى سانغۇن گويالى، جاڭ لۇڭ قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، يىجۇدىن غۇزلارنى تۇتۇپ ئىككىدىن قىسپ تاقاق سىلىپ ھەيدەپ كەلدى. شلې شۇ يىى يىگىرمە نەچچە ياشتا بولۇپ، ئۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدى. كەلگىچە جاڭ لۇڭ تەرىپىدىن كۆپ ھاقارەتلەندى..... كېيىن رىنپىڭلىق شى خۇەن دىگەن كىشىگە قۇللۇققا سېتىۋېتىلدى» دەپ خاتىرلەنگەن.

## 8- باب ھۇنلارنىڭ ئىگىلىكى

# 1. ھۇنلارنىڭ تۆمۈر قوراللار مەدەنىيتى

ماركس: «ئاللىقاچان نەسلى قۇرۇپ كەتكەن ھايۋاننىڭ تەن تۈزۈلۈشىنى بىلىشتە قالدۇق ئۇستىخانلارنىڭ تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلىش زۆرۈر. ئاللىقاچان يوقالغان ئىجتىمائىي ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى بىلىشتىمۇ ئەمگەك

ۋاستىلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى تەتقىق قىلىش ئوخشاشلا زۆرۈر... ئەمگەك ۋاستىلىرى ئوخشاشلا ئىنسانىيەت ئەمگەك كۈچى تەرەققىياتى دەرىجىسىنىڭ ئۆلچىگۈچىسى بولۇپلا قالماي، يەنە ئەمگەك تەۋە بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ كۆرسەتكۈچىدۇر» دېگەن[1]. شۇڭا، ھۇنلارنىڭ ئەمگەك ۋاستىلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى تەتقىق قىلىش، ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى بىلىشتىكى ئاچقۇچ ھېسابلىنىدۇ.

ھۇنلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىكى گۈللەنگەن چاغلىرىدا ئىگىلىگەن ئەمگەك ۋاستىلىرى مىس قوراللار بولماستىن، بەلكى تۆمۈر قوراللار بولغان يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بويانقى دۆلىتىمىز ئىچى -سىرتىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار بىزنى بۇ جەھەتتىكى ماددى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

چەتئەلدىكى ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار ئىچىدە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى ھەر قايسى جايلاردىن (ئەينى ۋاقىتتىكى ھۇنلارنىڭ ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان رايونلىرى) قېزىلغان ھۇنلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چاسا شەكىللىك تاش قەبرىلىرى ۋە نويان تېغىدىن (ھازىرقى ئۇلانباتۇرنىڭ 70 مىل شىمالىدا، ئەينى ۋاقىتتا تەڭرىقۇت ئوردىسىغا تەۋە ئىدى) قېزىلغان ھۇنلارنىڭ قەدىمكى قەۋرىلىرىدىن چىققان نەرسىلەر بىر قەدەر مول. ئەڭ قەدىمكى دەۋىرگە بولغان ئارلىققا مەنسۇپ بولغان چاسا قەبرىلەردىن چىققان تۆمۈر پالتا، تۆمۈر خەنجەر ۋە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 3-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا مەنسۇپ بولغان تۆمۈر يۈگەندۇر . 1954-يىلى نوپان تېغىدىكى 3-،8-،9-نومۇرلۇق قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3- ۋە 2- ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بولغان تۆمۈر قوراللار ئىچىدە ئۈچ قىرلىق تۆمۈر باشاق، يوغان تۆمۈر يۈگەن ھالقا ( يۈگەننىڭ ئىككى چېتىدە ھالقىسى بار)، چوڭ-كىچىك تۆمۈر ھالقا (بەزىلىرى ئاتنىڭ قورساق تاسمىسىنىڭ ھالقىسى بولۇپ، تۆمۈر تىلى بار). تۆمۈر ياپراقچە (بەزىلىرى ئات شەكىللىك تۆمۈر ياپراقچە بولۇپ، توشۇكچىلىرى بار) . ۋە تۆمۈر ئۇۋاقلىرى بار. يۇمىلاق تاش قەبرىلەردىن چىققىنىمۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3-، 2- ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بولغان ئۈچ قىرلىق ئۇزۇن نەيزە باشقى، تۆمۈر شەمشەر، قىلىچ (پارچىسى)، تۆمۈر يۈگەن ۋە تۆمۈردىن ياسالغان باشقا بويۇملار دۇر [2].

1944-يىلدىن 1951-يىلغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى بۇرىيات ئىتتىپاقداش ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى ئۇلانئود ئەتراپىدىن مىلادىيىدىدىن بۇرۇنقى 1-ئەسىرگە مەنسۇپ بولغان ھۇنلار ئىشلەتكەن تۆمۈر قوراللار ۋە تۆمۈر قورال قۇيىدىغان قېلىپ،تۆمۈر ئېرىتىدىغان ئوچاق، شۇنداقلا يەنە تۆمۈر ئورغاق ۋە تۆمۈر سوقىدىن بىر

نەچچىسى قېزىۋېلىنغان[3].

ئۇنىڭدىن باشقا، 1924-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگى پ. ك. كوزلوۋ نويان تېغىدىكى 6-نومۇرلۇق هۇن قەبرىسىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1-ئەسىرگە ،مەنسۇپ بولغان تۆمۈردىن ياسالغان يۈگەن ۋە تۆرلۈك مىخلارنى قېزىۋالغان[4].

يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرىمۇ ئىچكى موڭغۇلنىڭ هەر قايسى جايلىرىدىكى هۇن قەبرىلىرىدىن هۇنلارنىڭ خېلى كۆپ تۆمۈر قوراللىرىنى قېزىۋالدى. مەسىلەن:

1979-يىلى ئىكجاۋ ئايمىقى جۇڭغار خوشۇنىنىڭ شىگۇپەن دېگەن يېرىدىكى هۇن قەبرىسىدىن يېغىلىق دەۋرىنىڭ (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 475-يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221-يىلىغىچ) ئاخىرقى مەزگىلىگە تەۋە بولغان سۆگەت يوپۇرمىقى شەكىللىك ئۇزۇن تۆمۈر خەنجەر، تۆمۈر يۈگەن، تۆمۈر نەيزە، تۆمۈر بىگىز، تۆمۈر ئىلمەك قاتارلىق قېزىۋېلىندى [5].

1974-يىلى جۇڭغار خوشۇنىنىڭ تيۇلۇڭتەي دېگەن يېرىدىكى هۇن قەبرىسىدىن يېغىلىق ۋە خەن دەۋرىگە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206-يىلدىن مىلادىيە8-يىلىغىچە)مەنسۇپ بولغان تۇرنا تۇمشۇق شەكىللىك تۆمۈر جوتو (بىر ئۇچى تۈز بىسلىق، يەنە بىر ئۇچى تۇرنا تۇمشۇغى شەكلىدە، ئوتتۇرىسىدا يۇمۇلاق تۆشۈكى بار)، ئىككى بوغۇملۇق تۆمۈر يۈگەن، تۆمۈر ئەندىۋۋا قاتارلىقلار قېزىۋېلىندى[6]

1980-يىلى دۇڭشېڭ ناهىيىسىنىڭ پۇدۇڭگو دېگەن يېرىدىكى هۇن قەبرىسىدىن خەن دەۋرىگە تەئەللۇق هالقا، يوللۇق تۆمۈر شەمشەر، بېسى ۋە قىرى ئويمان ياسالغان تۆمۈر خەنجەر ، رومبا شەكىللىك ئۈچ قىرلىق ۋە يايپياڭ ئۈچ قىرلىق تۆمۈر باشقا، ئىككى بوغۇملۇق تۆمۈر يۈگەن (ئوتتۇرىسىدا كىچىك هالقىسى، ئىككى تەرىپىدە ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى باغلايدىغان چوڭ هالقىسى)، تۆمۈر داڭقان، تۆمۈر قازان، تۆمۈر هالقا، چاسا شەكىللىك تۆمۈر تۆگمەن ۋە تۆمۈر زىننەت بويۇملىرى قېزىۋېلىندى[7].

1969-يىلى باينغول ئايمىقى چاخار ئوڭ ئارقا خوشۇنى جاۋجيافاڭ كەنتىدىكى هۇن قەبرىسىدىن خەن دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان تۆمۈر شەمشەر، تۆمۈر نەيزە ۋە تۆمۈر خەنجەر قېزىۋېلىندى[8].

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىدىمۇ هۇنلارنىڭ تۆمۈر قوراللارنى ئىشلەتكەنلىكىگە ئائىت خاتىرىلەر بار. مەسىلەن، «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار هەققىدە قىسسە» دە، هۇنلارنىڭ ئۇرۇش قىلغاندا يىراقتا ئوقيا، يېقىندا

قىلىچ، نەيزە ئىشلىتىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھۇنلارنىڭ«جىڭلۇ» دېيىلىدىغان بىر خىل ئېسىل قىلىچى بولۇپ، بۇ دائىم ئىشلىتىلىدىغان شەمشەر ئىدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 116-يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى دېڭ زۇن شىمالىي ھۇنلارنى مەغلۇپ قىلغاندىمۇ 3000 شەمشەر، ئىككى مىڭ داش قازان ئولجا ئالغان[9].

بارلىق قېزىلما ۋە يازما ماتېرىيالار بىرگە ھۇنلارنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن ئىلگىرىلا تۆمۈر قوراللارغا ئىگە ئىكەنلىكى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن كېيىن تۆمۈر قوراللارنى كەڭ كۆلەمدە ئىشلەتكەنلىكى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2- ئەسىردىن كېيىن تۆمۈرچىلىك تېخنىكىسىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلانغانلىقىنى ئۇنۇملۇك ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار ئىچىدە تۆمۈر قوراللار ئىچىدىن سىرت، يەنە مىس قوراللارمۇ بار. چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئەڭ قەدىمكى چاسا تاش قەبرىلەردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى7 ~3 ئەسىرلەرگە مەنسۇپ مىس پالتا، مىس پىچاق، مىس باشاق، مىس يۈگەن، مىس كۆرگۈ (مىس ئەينەك) ۋە مىس بويۇن باغ قاتارلىقلار قېزىۋېلىنغا. 1954-يىلى نويان تېغىدىكى 8-9-نومۇرلۇق قەبرىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنى 3~2- ئەسىرلەرگە تەۋە كىچىك مىس قوڭغۇراق (قوڭغۇراق تىل تۆمۈردىن ياسالغان)، ئۈچ قىرلىق مىس باشقا (بەش تال)، تۆت قىرلىق مىس باشقا (ئىككى تال)، قوپال ياسالغان مىس قوشۇق، قىس تۇتقۇچ، مىس چەينەك جوغىسى ۋە نۇرغۇن مىس ئەسۋاب پارچىلىرى چىققان. نەپىس ياسلغان مىس بۇيۇملارنىڭ بەزىلىرى ئۇزۇن بويۇنلۇق، يۇمۇلاق شەكىللىك، بەزىلىرىنى تەگلىگى ئىگىز، ئىككى تەرەپىگە نەقىش چېكىلەەن، تۇتقۇچى بار، ئۇلارنىڭ سىرتىغا كۆپ مىقداردا قۇرۇم چاپلىشىپ قالغانلىقىغا قارىغاندا، بۇ مىس بۇيۇملار چاي قاينىتىدىغان ئەسۋابلار بولۇشى مۇمكىن 3-نومۇرلۇق قەبرىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى2 ~1-ئەسىرلىرىگە تەئەللۇق ئىككى ئاقۇش مىس كۆرگۈ (بىرسىنىڭ بىر تەرەپى سىلىق يەنە بىر تەرىپىگە كۆپ قىرلىق نەقىش چېكىلگەن تۇتقۇچى بېكىتىلگەن، يەنە بىرسىگە«卫» خېتى شەكىللىك نەقىش چۈشۈرۈلگەن) قېزىۋېلىنغان. 24-نۇمۇرلۇق قەبرىدىن تۆت قىرلىق، ئوتتۇرىسىدا بەش تۆشۈكى بار مىس ئەسۋاب، 26- نۇمۇرلۇق قەبرىدىن ئۈچ قۇلاقلىق، تۇتقۇچى بار يۇمۇلاق مىس ئەسۋاب چىققان.

يۇملاق شەكىللىك تاش قەبرىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3~2- ئەسىرلەرگە تەئەللۇق ئۈچ قىرلىق مىس ئوق، مىس خەنجەر، مىس شەمشەر (پارچىسى)، چاسا شەكىلىك مىس داڭ، مىس يۈگەن، قوڭغۇراق شەكىللىك، ئۈچ

تۆشۈكلۈك مىس زىننەت بۇيۇمى قېزىۋېلىنغان.

بۇنىڭدىن باشقا، 1924-يىلى لوزلوۋ نويان تېغىدىكى هۇن قەبرىلىرىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇقى 3~1-ئەسىرگە مەنسۇپ بولغان مىس داڭقان ۋە مىس ئوچاق، مىس هالقا، مىس دوبۇلغا قاتارلىقلارنى قېزىپ چىققان. 1928-1929-يىللاردا سوسنوۋىسكىيمۇ موڭغۇلىيەنىڭ يىلىم جىلغىسىدىكى هۇن قەبرىسىدىن مىستىن ياسالغان ئات هەيكىلى قېزىۋالغان. تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە ئاساسلانغاندا، بۇ مىستىن ياسالغان ئات هەيكىلى قېزىۋالغان، تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە ئاساسلانغاندا، بۇ مىس ئات هەيكىلى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1-ئەسىرگە تەۋە ئىكەن[10]

ئېلىمىزنىڭ ئىچكى موڭغۇلنى هەر قايسى جايلىرىدىكى هۇن قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار ئىچىدىمۇ خېلى كۆپ مىس بويۇملار بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن هەربى قوراللار، ئەسۋاب-سايمانلىرى، ئات جابدۇقلىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، 1972-يىى ئىكجاۋ ئايمىقى كاڭجىن خوشۇنى تاۋخۇڭبالا كەنتىدىكى هۇن قەبرىسىدىن يېغىلىق دەۋرىگە مەنسۇپ بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالغان بولۇپ، ئاساسلىقى مىس بۇيۇملار، جۈملىدىن قاقىرا تۇمشىغىسىمان قىسىس پالتا،مىسى بىگىز،مىس ئوتتۇغۇچ، مىس ئۇشكە، مىس پىچاق، مىس خەنجەر، مىس تۇگمەن، مىس هالقا، قۇش شەكىللىك، هايۋانات بېشى شەكىللىك ، تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك، سلىندىر شەكىللىك، تۇگمەن شەكىللىك مىسى زىننەت بۇيۇمى، مىسى تۇگەن، مىسى ئات جابدۇقى قاتارلىقلار بولغان، بۇنىڭدىن باشقا ئاز ساندىكى ئالتۇن هالقا ۋە قۇڭگۇزدىن ياسالغان بۇيۇملار چىققان[11]. 1974-يىلى جۇڭغار خوشۇننىڭ يۈلۈڭتەي دېگەن يېرىدىكى يېغىلىق دەۋرى ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ هۇن قەبلىلىرىدىنمۇ ئاساسلىقى ئات جابدۇقلىرى قاتارلىق مىس بۇيۇملار چىققان[12]. 1979-يىلى باينغول ئايمىقى ئويرات ئوتتۇرا ئارقا بىرلەشمە خوشۇننىڭ قىر ئۇستاي رايوندىكى هۇن قەبرىلىرىدىن چىققان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمۇ ئاساسلىقى مىس بۇيۇملار بولۇپ، ئىچىدە قاقىرا تۇمشۇغسىمان مىسى پالتا، مىس پىچاق، مىس خەنجەر، مىس كەكە، مىس باشاق، كىرست شەكىللىك، سلىندىر شەكىللىك ، بۇغر شەكىللىك مىس زىننەت بۇيۇمى ۋە هارۋا، ئات جابدۇقلىرىدىن 30 ى بولغان[13]. يەنە 1962-يىلى ئىكجاۋ ئايمىقى جۇڭغار خوشۇنى سۇجىگۇ كەنتىدىن بايقالغان خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ هۇن مىس بۇيۇملىرى ئىچىدىمۇ ئۆرە تۇرغان ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك مىس بۇغا، تۇرنا بېشى، قوي بېشى، بۆرە بېشى ۋە شىر بېشى شەكىللىك مىس زىننەت

بۇيۇمى ۋە مىس قوڭغۇراق قاتارلىقلار بولغان[14].

يەنە نويان تېغىدىكى ھەر قايسى ھۇن قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2~1-ئەسىرلەرە تەئەللۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە سۆڭەكتىن ياسالغان يا پارچىلىرى، سۆڭەك چوكا، ھايۋانات سۈرىتى سىزىلغان سۆڭەك بۇيۇم قاتارلىقلار بولسىمۇ، سانى ناھايىتى ئاز بولۇپ، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق[15]. بۇ مىس قوراللار، بولۇپمۇ تۆمۈر قوراللار بارلىقاق كەلگەنىدىن كېيىن سۆڭەك قوراللارنىڭ شاللىنىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

چوڭ چۆللۈكنى شىمالىدىكى ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن كېيىنگە مەنسۇپ بولغان يۇقىرىقى تۆمۈردىن ياسالغان ھەربى قوراللار (قىلىچ، شەمشەر، باشقاق)، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى (ئوغاق، سۇقا) ۋە تۇرمۇش ئەسۋابلىرى (يوگەن، ھالقا، تۆمۈر پارچىلىرى، تۆمۈر مىق) دىن قارىغاندا، ئەينى چاغدا ھۇنلار تۆمۈر قوراللارنى ھەربى ئىشلاردىن ئەمەس، يەنە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئىشلەتكەن، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىش دائىرىسىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يەنە بۇ تۆمۈر قوراللارنىڭ تۈرى ۋە سانىدىن، بولۇپمۇ تۆمۈر قورال قۇيىدىغان قېلىپ ۋە تۆمۈر ئېرىتىش پېچلىرىنىمۇ (ئو چاقلىرىنى) بايقىلىشىدىن قارىغاندا تۆمۈر قوراللىرىنى ياساش كۆلىمى خېلىلار چوڭ بولغان. بۇ تۆمۈر رودىسىغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەن ئۇلارغا تۆشۈك ئېچىلغانلىقى ، قېلىپ ۋە تۆمۈر باشاقلارنىڭ ئۈچ قىرلىقلىقى، تۆمۈر ھالقىلىرىغا تىل بېكىتىلگەنلىكىگە قارىغاندا، تۆمۈر قورالنىڭ شەكلى مۇرەككەپلەشكەن، قۇيمىچىلىق تېخنىكىسىمۇ نەپىسلەشكەن. بۇنىڭدىن ئەينى چاغدا تۆمۈرچىلىك ۋە قۇيمىچىلىق تېخنىكىسىنىڭ بەلگىلىك سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى. شۇنىڭ بىلەن يەنە سوقۇپ ياپلاقلايدىغان، ئېگىپ تۈزلەيدىغان، تۆشۈك ئاچىدىغان ۋە نەقىش چېكىدىغان سايمانلارنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، يەنە ئاساسلىقى ھەربىي قوراللار (قىلىچ، شەمشەر) ۋە يوگەننىڭ كۆپىنچە تۆمۈردىن ياسىلغانلىقى، ئورغاق سوقا قاتارلىقلار نىڭمۇ تۆمۈردىن ياسالغانلىقى، ئوق باشقىنىڭمۇ تۆمۈردىن ياسالغانلىقى، ئوق باشقىنىڭمۇ تۆمۈردىن ياسالغانلىقى، تۇرمۇش ئەسۋابلىرىنىڭ (چەينەك، قوشۇق) ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ بولسا كۆپىنچە مىستىن ياسالغانلىقىدىن مىلادىيىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن كېيىن تۆمۈر قوراللارنىڭ ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىدا مىس قوراللارنى بېسىپ يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا

بولىدۇ. تۆمۈرنىڭ ئوق باشقى ياساشقا ئىشلىتىلىش ئۇنىڭ ئەينى چاغدا ئىنتايىن ئومۇملاشقانلىقى ۋە تەنتەرخىنىڭمۇ تۆۋەن بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى، ئوق ئېتىلسىلا ئۇنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ. «ھۇنلار ئوقياچىلار ئېلى» بولۇپ، ئوقيا ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قورالللىرىنىڭ بىر بولغاچقا، ئوقيانىڭ خورىشى تەبىئىيكى ناھايىتى زور بولىدۇ. باتۇر تەڭرىقۇت دەۋرىدە «ئوقيالىق چەۋەنداز» لار 300 مىڭدىن كۆپ بولغان بولۇپ، مىلادىيە 200-يىلى پىڭچېڭدا ليۇباڭنى قورشاۋغا ئالغان چاغدا ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ سانى 400 مىڭغا يەتكەن[16].

ئەگەر ھەر بىر ئادەمدە بىردىن ئوقيا بار دەپ ھېساپلىساق ، ئۇنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولغان بولىدۇ. شۇڭا، ئەگەر يېتەرلىك خام ئەشيا مەنبەسى ۋە كەڭ كۆلەمدە ئىشلەپچىقىرىش بولمىغاندا، بۇنداق زور سەرپىياتنى ۋاقتىدا تەمىنلىگىلى ۋە تولۇقلىغىلى، تەننەرخنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرمىگەندە، بۇنداق زور چىقىمغا بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدۇ.

يەنە ھەر قايسى جايلاردىن چىققان ھەربى قوراللار ئىچىدىن مىستىن ياسالغانلىرى بولسىمۇ، بۇنىڭلىق بىلەن تۆمۈر قوراللارنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتىكى يېتەرلىك ئورنىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، نۇغۇنلىغان مىس ھەربى قوراللارنى (مىستىن ياسالغان شەمشەر، باشاق،) ئېھتىمال بۇرۇنقى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يالدامىسى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى تۆمۈر ھەربى قوراللارنىڭ مەيدانغا كېلىش شۇ ھامانلار يوقۇلىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئىلغار قوراللارنىڭ قالاق قوراللارنىڭ ئورنىنى ئېلىشىدىكى تارىخى قائىدىگە ئاساسلانغاندا، بۇنىڭغا بىر پەيدىنپەي شاللاش جەريانى كېتىدۇ. ئىككىكىنچىدىن، كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىدا قىستىن ياسالمىنىنىڭ كۆپ بولۇشى دەل مىس قورالللىرىنىڭ پەيدىنپەي ئىشلەپچىقىرىش ساھەسى ۋە ھەربى ساھەدىن چېكىنىپ (تۆمۈر قورالارغا ئورۇن بوشىتىپ)، ئاساسلىقى كۈندۈلۈك تۇرمۇش ساھەسىدە ئىشلىتىشكە يۈزلەنگەنلىكنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، يەنە نويا تېغى ۋە ئىچكى موڭغۇلدىن تېپىلغان مىس قوراللارنىڭ نەپىس ياسلىش تېخنىكىسىدىن قارىغاندا، ئەگەر ئەينى چاغدا تۆمۈردىن ياسالغان ئۆتكۈر ئەسۋابلار بولمىسا بۇنداق يۇقىر تېخنىكا سەۋىيىگە يەتكىلى بولمايتتى. شۇڭا، ئەينى چاغدا مىسى قوراللارنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىمۇ تۆمۈر قوراللارنىڭ تېخنىكا ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان.

تارىخىي قانۇنىيەتكە ئاساسلانغاندا، ھەر بىر خىل مەدەنىيەت پەيدا بولغاندىن تارتىپ گۈللەنگىچە چۇقۇم

بىر ئۇزاق مەزگىللىك ئۆزگىرىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. ھەرگىزمۇ تويۇقسىز پەيدا بولۇپ، بىردىنلا گۈللىنىپ كەتمەيدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7 ~ 3 – ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان ئەڭ قەدىمكى چاسا شەكىللىك تاش قەبرىلەردىن تېپىلغان تۆمۈر قوراللار، بولۇپمۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4- ئەسىرنىڭ ئاخىرى 3- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا مەنسۇپ بولغان تۆمۈر يۈگەن، شۇنداقلا نويان تېغى ۋە ئۆلانئۇدىن چىققان تۆمۈر قورالارنىڭ سەۋىيىسىدىن قارىغاندا، ھۇنلار چىن شىخۇاڭ دەۋرىدىن بۇرۇنلا، يەنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5- ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 4- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا تۆمۈر قورالارنى ئىشلىتىشكە باشلىغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە تۆمۈر قورالارنى كەڭ كۆلەمدە ئىشلەتكەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2- ئەسىردە تۆمۈر قورالارنى ئىشلىتىش تېخىمۇ ئومۇملاشقان. شۇڭا، مېنىڭچە ھۇنلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدىلا تۆمۈر قورالار مەدەنىيىتى دەۋرىگە كىرگەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىرونزا قورالار مەدەنىيىتى دەۋرىدە تۇرغان.

دەل ھۇنلار يېڭىلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا تۆمۈر قورالار مەدەنىيىتىنى ئىگەللىگەچكە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى يۈكسىلىپ، يەككە ئىشلەپچىقىرىش ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جامائەسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئۇلار سىنىپى جەمئىيەتكە قەدەم قويغان ھەم ئاجايىپ كۈچەيگەن. شۇڭا، ئۇلار ئەينى چاغدا تۆمۈر قىلىچ، تۆمۈر شەمشەر، تۆمۈر ئوق ۋە تۆمۈر يۈگەن بىلەن ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، «ئالابانلارنىڭ تۆۋەننىڭچە بېسىپ كەلگەن[17]» ھەم جاۋ بەگلىكىنىڭ چېگرىلىرىنى پاراكەندە قىلغان. بۇنىڭ بىلەن «چېگرىدا تېرىقچىلىق قىلغىلى، مال باققىلى بولمايدىغان [18]» بولۇپ قالغان. چىن سۇلالىسى كۈچەيگەندىمۇ ئامالسىز «سەددىچىن سېپىلى» نى ياساپ مۇداپىئە كۆرۈشكە مەجبۇر بولغان. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىمۇ ئۇلار ئاجايىپ كۈچىيىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىدىكى ئاساسلىق تەھدىت سالغۇچى كۈچ بولۇپ قالغان.

## 2. چارۋىچىلىقى، ئوۋچىلىقى ۋە دېھقانچىلىقى

تۆمۈر قوراللار مەدەنىيىتى ھۇنلار جەمئىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يېڭى بىر تارىخى باسقۇچقا كۆتىرىپ چارۋىچىلىقنىلا زور دەرىجىدە گۈللەندۈرۈپ قالماستىن، يەنە دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن.

## (1) چارۋىچىلىق

ھۇنلارنىڭ ئىگىلىكى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان، ئۇلار ئوت ـ سۇ قوغلىشىپ ھەر تەرەپلەردە كۆچۈپ يۈرۈپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى كەچۈرگەن.

ھۇنلارنىڭ ئىگىلىكى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغاچقا، چارۋا ئۇلارنىڭ ئاساسلىق بايلىقى، تۇرمۇش ۋاستىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى ئىدى. چارۋىلارنىڭ ئىچىدە ئات،كالا، قوي ئاساسى ئورۇندا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى، كىيىم ـ كېچىكى ۋە نۇرغۇنلىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى چارۋىدىن كېلەتتى. تارىخى ئەسەرلەردە خاتىرىلىنىشىچە، «مال ـ چارۋىلارنىڭ گۆشىنى ئوزۇق، تېرىسىدىن كىيىم قىلىپ، كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇرغان».

يەنە مال ـ چارۋىلارنىڭ سۈتىدىن ياسالغان قېتىق ۋە قۇرۇت ئىستىمال قىلغان. ئۇلار بۇ خىل قېتىق ۋە قۇرۇتنى «جۇڭلاۋ» [19]، «مىلى» [20] دەپ ئاتىغان. ئۇلار يەنە كۆن خۇرۇمدىن چېدىر، تۇلۇم، ساۋۇت قاتارلىقلارنىمۇ ياسىغان.

چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ھۇن قەبرىلىرىدىن ئومۇمىيۈزلۈك زور مىقداردىكى ھايۋانات ( ئات، كالا، قوي) سۆڭەكلىرىنىڭ بايقىلىشى، ھۇنلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مال ـ چارۋىلارنىڭ گۆشىنى ئوزۇق قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. يەنە قەبرىلەردىن بۆغا، ياۋا ئىشەك، قۇشلارنىڭ سۆڭەكلىرى چىققانلىقىدىن [21] قارىغاندا، ئۇلار ياۋايى ھايۋانلارنىمۇ ئوزۇق قىلغان. بۇ دەل ھۇنلارنىڭ يالغۇز چارۋىچىلىق قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئوۋچىلىق قىلغانلىقىنىڭمۇ ماددى ئىسپاتىدۇر.

ھۇنلاردا ئاتنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 200 ـ يىلى باتۇر تەڭرىقۇت پىڭچېڭدا (ھازىرقى سەنشىدىكى داتۇڭنىڭ شەرقى) 400 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن ليۇ باڭنى قورشىۋالغاندا قوشۇننى ئاتنىڭ رەڭگىگە ئاساسەن تۆپقا ئايرىغان. غەرب تەرەپتە پۈتۈنلەي ئاق ئاتلىقلار، شەرق تەرەپتە

پۈتۈنلەي كۆك ئاتلىقلار، شىمال تەرەپتە پۈتۈنلەي قارا ئاتلىقلار، جەنۇب تەرەپتە توروق ئاتلىقلار تۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ يەنە تۆگە، خېچىر، دۇلدۇل، قۇلان قاتارلىق ئېسىل چارۋىلىرى بولغان[22].

هۇنلاردا ئاتنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغان، مەيلى ئىقتىسادىي ساهە بولسۇن ياكى هەربى ساهە بولسۇن، ئات هۇنلارنىڭ ئاساسلىق قورالى بولغان. هۇنلار كىچىكىدىن باشلاپلا ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشقا پىشىپ، چوڭ بولغاندا بىردەك ئاتلىق ئەسكەر بولاتتى. ئۇلار شىمالنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ماسلاشقان بولۇپ، ئادەتتە« ئوقيانىڭ كىرىچىنى بوشاتمايتتى، ئىگىرنى ئاتتىن ئالمايتتى» [23]، ئات مىنىپ ئوقيا ئېتىش ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئىدى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى چاۋسو ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئارتۇقچىلىقىنى تەسۋىرلەپ: «هۇنلارنىڭ ماھارىتى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈزلەڭلىكتىكىلەر بىلەن ئوخشىمايدۇ، تاغ- ئېدىرلاردا چېپىپ يۈرۈش، دەريا- ئېقىنلاردىن ئۆتۈشتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ ئاتلىرى ئۇلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ. خەتەرلىك جىلغا- داۋانلاردا بىر تەرەپتىن ئات چاپتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئوقيا ئېتىشتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك چەۋەندازلىرى ئۇلارغا يېتىشەلمەيدۇ. بۇ هۇنلارنىڭ ئەڭ پىششىق ماھارەتتۇر»، دېگەن [24].

هۇنلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ناھايىتى گۈللەنگەن. تارىخى ئەسەرلەردە خاتىرلىنىشچە، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 127- يىلى خەن سۇلالىسى سەركەردىسى ۋېي چىڭ هۇنلارغا زەربە بەرگەندە، «دەريانىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەر» دە بىر مىليون تۇياقتىن ئارتۇق كالا، قوي ئولجا ئالغان [25]. يەنە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 124- يىلى سۇفاڭدىكى گاۋ چۈ ئارقىلىق ئوڭ قول بىلىك خانغا هۇجۇم قىلغاندا، نەچچە ئون مىليون تۇياق چارۋا ئولجا ئالغان [26]. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 71- يىلى خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇيسۇنلار بىرلىشىپ هۇنلارغا هۇجۇم قىلغاندا، چىرىكچى بەگ چاڭخۇي قاتارلىقلار ئات، كالا، قوي، خېچىر، تۆگە بولۇپ 700 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا ئولجا ئالغان [27]. مىلادىيە 89- يىلى خەن سۇلالىسى سەركەردىسى دۇ شيەن شىمالىي تەڭرىتۇتنى سىچۈبىدى كۆلى (موڭغۇلىيە خەلق جۇمهۇرىيىتىدىكى ئۇبسۇ كۆلى) بويىدا قاتتىق مەغلۇپ قىلغاندا، ئات،كالا، قوي، تۆگىدىن بىر مىليون تۇياقتىن ئارتۇق ئولجا ئالغان [28]. مىلادىيە 134- يىلى ئارقا قوش ئەمىر لەشكەرلىرى چاۋۇل جىلغىسىدا (شىنجاڭدىكى بۇغدا تېغىدا) شىمالىي هۇنلارنى مەغلۇپ قىلغاندا، يۈزمىڭ تۇياقتىن ئاتۇرق كالا، قوي ئولجا ئالغان [29]. يۇقارقىلار پەقەت بىر رايون، بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئولجا ئېلىنغان مال- چارۋىلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر قېتىمدا كۆپ بولغاندا مىليوندىن، ئاز بولغاندا يۈزمىڭدىن كۆپ بولغىنىدىن

هۇنلارنىڭ چارۋىچىلىقنىڭ قانچىلىك تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنە هۇنلارنىڭ دىڭلىڭ ۋېيلۇنىڭ «ئات، كالىلىرىنىڭ تاقىقا توشۇپ كەتكەنلىكى» دەك [30] ئەھۋالدىن هۇن ئاقسۆكەڭلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقى چارۋىلارنىڭمۇ ئاز ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەمما، هۇنلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى، ناھايىتى تۇراقسىز ئىدى. چۈنكى چارۋىلارنى بېقىش ۋە كۆپەيتىش مول ئوت ـ سۇغا ۋە مۇۋاپىق كېلىماتقا ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن، زور دەرىجىدە تەبىئىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايتتى. يەنە كېلىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولغاچقا، تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمۇ ئىنتايىن ئاجىز ئىدى. بوران ـ چاپقۇن، قاتتىق سوغۇق، قۇرغاقچىلىقلا ئۇچرىسىلا چارۋىلار كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىپ، ئىشلەپچىقىرىش بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئىگىلىك چېكىنىپ، خەلق ئاچارچىلىقتا قېلىپ، قوۋم ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالاتتى. مەسىلەن، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 68 ـ يىلى، 8 ـ يىلى، 71 ـ يىلى قىشتا، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 68 ـ يىلى ۋە مىلادىيە 46 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مۇشۇنداق ئەھۋاللار يۈز بەرگەن [31]. ئىگىلىكنىڭ بۇ خىل تۇراقسىزلىقى سىياسىي جەھەتتە ھاكىمىيەتنىڭ تۇيۇقسىز گۈللىنىپ، تۇيۇقسىز خارابىلىششىغا سەۋەب بولاتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئوت ـ سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ، بۇرۇنقى جەريان چوڭ جەھەتتىن، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش جەريانى ئەمەس. پەقەت تەبىئەتتىن پايدىلىنىش جەريانى بولغاچقا، تەبىئىي شارائىتنى ئۆزگەرتىش جەريانى ناھايىتى ئاستا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇقىم ئولتۇراقلاشماي ئوت ـ سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈش ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنىڭ توپلىنىشى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلاتتى.

## (2) چارۋىچىلىق

هۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا ئۇۋچىلىقمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگەللىگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار

ھەققىدە قىسسە» دە، ھۇنلار كىچىگىدىنلا قويغا مىنىپ قۇشقاچ، چاشقان ئاتاتتى. سەل چوڭ بولغاندا تۈلكە، توشقان ئېتىپ ئۆلجىنى ئوزۇق قىلاتتى، دەپ خاتىرلەنگەن. يەنە ئۇلار پادا باققاندا ھايۋانلارنى ئوۋلاپ ئوزۇق قىلىشنى ئادەت قىلغان. ئەمەلىيەتتىمۇ تۆمەن تەكرىقۇت، باتۇر تەكرىقۇتلار دائىم قوۋمنى باشلاپ ئوۋغا چىقىپ تۇرغان. چەتقۇ تەكرىقۇتنىڭ ئىنىسى ئۇكەن خانمۇ دائىم بايقال كۆلى ئەتراپىغا ئوۋغا چىقىپ تۇرغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 43- يىل ئەسلىدە قورۇلنىڭ ئىچىگە كىرىپ ماكانلاشقان قوغۇشار تەكرىقۇتنىڭ شىمالغا قايتىپ كەتمەكچى بولۇشىنىڭ بىر سەۋەبىمۇ دەل «قورۇل ئىچىدە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تۈگەپ، ئوۋلىغۇدەك بىر نەرسە قالمىغان» لىقى [32] بولغان. بۇنىڭدىن غەربى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ، يەنى مىلادىيەدىن بۇرنقى 3- ئەسرنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىنمۇ ئوۋ ئوۋلاشنىڭ ھۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا تېخى ئۆز ئورنىنى يوقىتىپ قويمىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، بۇ ۋاقىتتا چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئوۋ غەنىيمەتلىرى ھۇنلارنىڭ ئاساسلىق تۇرمۇش ۋاستىسى بولماي، پەقەت قوشۇمچە ئوزۇقلۇقى بولۇپ قالغان. شۇڭا، ئوۋچىلىق ئانچە مۇھىم بولمىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، بەزى چاغلاردا ئەسكەرلەر ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ۋە ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشنى مەشق قىلىدىغان ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالغان [33]. بەزى ئەھۋاللاردا يەنە ئوۋ ئوۋلاش بىلەن يۈرۈشكە چىقىش بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئوۋ قىلىش خالىغان چاغدا دۈشمەنگە قارىشى ئۇرۇشقا ئايلاندۇرۇلغان [34].

## (3) دېھقانچىلىق

ئاخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ھۇنلارنىڭ خېلى بۇرۇنلا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەسىلەن، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىردىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا مەنسۇپ بولغان ھۇنلارنىڭ چاسا شەكىللىك قەبرىلىرىدىن دېھقانچىلىقتا باغلىنىشلىق بولغان تاش توغۇر (ياغۇنچاق) [35] بايقالغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ~ 1- ئەسىلەرگە مەنسۇپ بولغان نويان تېغىدىكى 23- نومۇرلۇق ھۇن قەبرىسىدىن زىرائەت ئۇرۇقى [36]

بايقالغان. بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ھۇن قەبرىلىرىدىن كۆپلىگەن دانلىق زىرائەت، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە دېھقانچىلىققا باغلىنىشلىق بولغان چوڭ ساپال قاچىلار [37] بايقالغان. ھۇنلار ئادەتتە دانلىق زىرائەتلەرنى چوڭ ساپال قاچىلارغا سالغان بولۇپ، بايقالغان بۇ خىل چوڭ ساپال قاچىلاردىن دائىم دانلىق زىرائەتلەر چىققان (مەسىلەن، نويان تېغىدىكى 12- ، 23- ۋە 25- نومۇرلۇق قەبرىلەر) [38].

يازما ماتېرىياللاردىمۇ ھۇنلارنىڭ دېھقانچىلىققا ئائىت كۆپلىگەن ماتېرىياللار بار. مەسىلەن، «تارىخىي خاتىرىلەر. ۋېي چىڭ ۋە قىران چەۋانداز سانغۇننىڭ تەرجىمھالى» دا خاتىرلىنىشىچە، ۋۇدىنىڭ يۈەنشۇ 4- يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 119- يىلى) ۋېي چىڭ ھۇنلارغا قويغان ئىنتايىن كۆپ تېرىقنى قولغا چۈشۈرگەن. «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرلىنىشىچە، ۋۇدىنىڭ خۇيۈەن 1- يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 88- يىلى) كۈزدە، ھۇنلار رايونىدا ئۇدا بىر نەچچە ئاي قار-يامغۇر ياغمىغاچقا، «زىرائەتلەر پىشمىغان». يەنە شۇ كىتابنىڭ «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرلىنىشىچە، جاۋدى دەۋرىدە ئۈيسۇن مەلىكىسى مەكتۇپ سۇنۇپ ھۇنلارنىڭ ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتىپ قوشتا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلغان. يەن شۈەندى تەختتىكى ۋاقتىدا بەش سانغۇننى قوشۇن باشلاپ قوشقا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەندە، قوشتا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان 4000 كىشىلىك ھۇن قوشۇنى قورقۇپ قېچىپ كەتكەن. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھۇنلار ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى بۇرۇنلا دېھقانچىلىق قىلغان ھەم تۆمۈر دېھقانچىلىق قوراللىرىنىڭ (مەسىلەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۆمۈر ئورغاق، تۆمۈر ساپان) ئىشلىتىلىشىگە ئەگىشىپ دېھقانچىلىقى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان. شۇڭا، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2- ئەسىردىن كېيىن ھۇنلارنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىدا زور مىقداردا ئاشلىق ساقلانغان. «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرلىنىشىچە، جاۋدىنىڭ شىيۈەن 4- يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 83- يىلى) ۋېيلۈ تەڭرىقۇتقا ئەقىل كۆرسىتىپ، شەھەر قۇرۇپ ئۆي- ئىمارەتلەرنى سېلىپ، زىرائەتلەرنى ساقلاشنى، خەنزۇلاردىن پايدىلىنىپ چۆللۈكنىڭ شىمالىنى ئوبدان ساقلاپ، خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇزاققىچە قارىشىلىشىشقا جۈرەت كۆرۈشنى ئوتتۇرغا قويغان. بۇنىڭدىن شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە دېھقانچىلىقمۇ مۇئەييەن ئورۇننى ئىگەللىگەن. ئەمما ئورغاق، ساپان (خەنزۇلار ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن دېھقانچىلىق قوراللىرى) لارنىڭ بايقىلىشىدىن ۋە ئۆي- ئىمارەت سېلىپ دانلىق زىرائەتلەرنى ساقلاشتا خەنزۇلارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىدىن قارىغاندا، ھۇنلارنىڭ دېھقانچىلىقى خەنزۇلارنىڭ تەسىرىگە زور دەرىجىدە ئۇچرىغان بولۇپ،

دېھقانچىلىق تېخنىكىسى خەنزۇلاردىن تارقىلىپ كىرگەن ھەم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئەمگەكچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇلار بولغان.

يازمان ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ھۇنلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىردە باش كۆتۈرۈپ، مىلادىيە 1-ئەسىردە زاۋاللىققا يۈز تۇتقىچە ئىزچىل كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى كەچۈرگەن بولۇپ، مۇقىم ئولتۇراقلاشمىغان. دېھقانچىلىقنى پەقەت كۆچمەن چارۋىچىلىق جەريانىدا قىلغان. ھالبۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى، موڭغۇلىيە ئارخېئولوگلىرى 1960- يىلغىچە بايقال كۆلىنىڭ يېقىن ئەتراپى يەنسەي دەرياسى، سېلىنگا دەرياسى، تۇۋۋا دەرياسى، ئورخۇن دەرياسى ۋە قۇرۇلۇن دەرياسى ۋادىلىرىدا ئون نەچچە يەردە ھۇنلارنىڭ شەھەر- قەلئەلىرىنىڭ خارابىسىنى بايقىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بەش (بىرسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا، تۆتى موڭغۇلىيىدە) قىسمەن ھالدا قېزىلغان [39]. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بۇريات ئىتتىپاقداش ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى ئۇلانئۇدۇدىكى ئىۋولگە بازىرى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھۇنلارنىڭ بىر چوڭ مۇداپىئە قەلئەسى بولۇپ، بۇ قەلئەدە مۇداپىئەچى قوشۇنلار تۇرۇپلا قالماي، يەنە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەرمۇ تۇرغان. قەلئەدە پۈقرالارنىڭ كىچىك ئۆيلىرى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چوڭ ئۆيلىرىمۇ بولۇپ، چوڭ ئۆيلەردە ئۇچاق، كاڭ قاتارلىقلار بولغان. دورجى سورۇڭ بۇنى يەككە ئائىلىلەردىن تەركىب تاپقان ھۇنلار تۇرالغۇسى دەپ قارىغان. بۇ يەردىن يەنە نۇرغۇن ساپال بويۇملار تېپىلغان بولۇپ، كېسلىپيېۋ بۇنى ھۇنلارنىڭ تىپىك ساپال بويۇمى دەپ قارىغان. تېپىلغان بويۇملار ئىچىدە يەنە يىپ ئىگىردىغان چاق، تېرىقچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ساپان، مىس قەدەھ، مىز قازان، تۆمۈر پىچاق، تۆمۈر ياپراقچە، تۆمۈر مىخ، مى، تۆمۈر تاۋلىغاندا تاشلىۋېتىلگەن مىس داشقىلى، مىس پارچىسى ۋە تۆمۈر داشقىلى، سۆڭەك باشاق ۋە زىننەت بويۇمى قاتارلىق نەرسىلەر بولغان. كېسلىپيېۋ ساپاننى خەن دەۋرىدىكى دېھقانچىلىق سايمىنى دەپ قارىغان. دورجى سورۇڭ مىس ۋە تۆمۈر داشقاللىرىغا ئاساسلىنىپ، بۇ ھۇنلارنىڭ مىس ۋە تۆمۈر تاۋلىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى دەپ قاراپ، ئەينى چاغدا مەخسۇس تۆمۈر تاۋلايدىغان ئىشچىلار ۋە تۆمۈر ئېرىتىدىغان يۇقىرى ھارارەتلىك ئوچاق بولغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيە ئارخېئولوگلىرى بۇ قەلئەنىڭ سېپىل بىلەن قورشالغانلىقى ۋە ئۈچ قات خەندەك قېزىلغانلىقىغا قاراپ، بۇ ھۇنلارنىڭ بىر چوڭ مۇداپىئە قەلئەسى دەپ بېكىتكەن. يەنە بۇ قەلئەنىڭ شىمالىدىن باشقا ھۇن قەلئەلىرى ۋە قەبرىلىرىنىڭ تېپىلغانلىقىغا قاراپ، بۇنى ھۇنلارنىڭ ئەڭ شىمالدىكى شەھىرى ھەم ھۆكۈم

قىلغان. بۇ شەھەرنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن مىلادىيە 1- ئەسىرگىچە بولغان ئارلىقتا مەنسۇپ، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2- ئەسىرنىڭ ئالدى- كەينىدە خۇنلار شەھەر- قەلئە ياساشنى ۋە دېھقانچىلىق قىلىشنى بىلگەن. بۇنى يۇقىرىدا بايان قىلدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «خەننامە. خۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرلىنىشىچە، ۋۇدىنىڭ جېڭخې يىللىرىدا (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 92 ~ 89- يىللار)، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى خۇنلارغا غەلىبىسىرى قوغلاپ زەربە بېرىپ، فەن خانىم قەلئەسىگىچە بارغان يەن شىگۇ جاڭ يەنىنىڭ سۆزىدىن نەقىل ئېلىپ «فەن خانىم خۇنچە ئەپسۇن ئوقۇيالايتتى» دەپ ئىزاھلىغان. باشتا ئېلىنغان دېيىلگەن خۇنلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدا قۇرغان جاۋشىن قەلئەسى ۋە ۋېيلۈنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن قۇرۇلغان قەلئەلەرنىڭ ھەممىسى زىرائەت (ئاشلىق) ساقلاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، بۇ فەن خانىم قەلئەسىدە تۇرىدىغان فەن خانىم بىر قامان (باخشى) بوغلان. بۇ قەلئەلەر نىڭ خاراكتېرى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنى توغرىسىدا ئېلىمىز ئالىملىرى تېخىچە تەتقىقات ئېلىپ بارمىغان. نۆۋەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيە ئارخېئولوگلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا بىر نەچچە يەردە خۇنلارنىڭ شەھەر، قەلئە خارابىلىرىنى قازدى ھەم ئۇلارنىڭ مۇقىم تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى، شەھەرلەردە مۇقىم ئولتۇراقلاشقانلىرىنىڭ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى دەلىللىدى. بۇنى خۇنلار ئارخېئولوگىيىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى مەسىلە ياكى ئىلگىركىلەر تەتقىق قىلمىغان مەسىلە دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇلانئودۇننىڭ ئىۋولگا بازىرىدىكى خۇن قەلئەسىنىڭ خارابىسىنى ئەمەلىي تەكشۈرمىگەنلىكىمىز ۋە قېزىۋېلىنغان نەرسىلەرنى كۆرمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن بۇ توغرىدا ھۆكۈم چىقىرىشقا ئامالسىزمىز. لېكىن، دەسلەپكى قەدەمدە خەنزۇ يېزىقىدىكى ماتېرىياللار بىلەن سېلىشتۇرساق، بىر نوقتىدىن شۇبھىلىنىشكە بولمايدۇ. يەنى تارىخىي ئەسەرلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، خۇنلارنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدىغان يېرىدە دائىم «ئوتتۇرا» (خوشنا قەبىلىلەر ياكى ئۇلۇسلار ئوتتۇرىسىدىكى «بىتەرەپ رايون» ياكى «ئارىلىق يەر» نى كۆرسىتىدۇ. دەپ ئاتالغان ئارىلىق بولغان. ئەينى چاغدا شەرقتە توڭگۇسلار بىلەن چېگرىلىنىدىغان يەردىمۇ، جەنۇبتا خەنزۇلار بىلەن چېگرىلىنىدىغان يەردىمۇ، ئوتتۇرا بولغان. ئوتتۇرادا چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى چارلاش ۋە قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلارغا ئوتتۇرا خانى باشچىلىق قىلغان. جىددىي ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە خۇن ھۆكۈمرانى يەنە دەرھال زور تۈركۈمدىكى چارۋىچىلارنى ئوتتۇراغا كۆچۈرۈپ، چېگرىدىكى

بوشلۇقنى تولدۇرغان [40]. ئوتتۇراغا بارغان چارۋىچىلار ۋە ئوتتۇرانى قوغداش، چارلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى مۇھىم ئولتۇراقلاشمىغان بولۇپ، دېھقانچىلىق قىلمىغان. گەرچە ئوتتۇرادا تۇرغان ھۇن چارۋىچىلىرى ھەر ۋاقىت دېھقانچىلىق قىلالايدىغان بولسىمۇ، مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىش باشقا بىر گەپ. شۇڭا ئۇلۇغا بازىرىدىكى قەلئە خارابىسىنى يەنىمۇ ئەستايىدىل ھالدا چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈشكە ئەرزىيدۇ.

# 3. قول ھۈنەرۋەنچىلىك

تۆمۈر قوراللار مەدەنىيىتى تەمىنلىگەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىمۇ راۋاجلاندۇرغان. قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى تۆمۈرچىلىك بولغان. قېزىۋېلىنغان ھۇن يادىكارلىقلىرىدىن ھۇنلارنىڭ تۆمۈر قوراللارنى ۋە ئىشلىتىشنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىرنىڭ ئالدى- كەينىدە باشلىنىپ، پەيدىنپەي ئىشلەپچىقىرىش (مەسلەن، تۆمۈر ئورغاق، تۆمۈر ساپان)، تۇرمۇش (مەسلەن، تۆمۈر يۈگەن) ۋە ھەربىي ئىشلار (مەسلەن، تۆمۈر باشاق، تۆمۈر خەنجەر، تۆمۈر شەمشەر) ساھەسىدە كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تۆمۈر قورال- سايمانلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھۇنلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ تېخنىكا ئاساسى بولغان، ھەربىي قوراللارنىڭ ياسىلىشىمۇ تۆمۈر قورال- سايمانلارنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. ھۇنلارنىڭ تۆمۈر قوراللارنى ئۆزلىرى تاۋلىشى (تۆمۈر تاۋلاش ئوچىقىنىڭ بايقىلىشى بۇنىڭ ئىسپاتى) ۋە بايقالغان تۆمۈر قوراللارنىڭ تۈرى، ساندىن قارىغاندا، ھۇنلاردا ئەينى چاغدا تۆمۈرچىلىك ئالللىقاچان بىر مۇستەقىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك تارمىقىغا ئايلانغان. يەنە نۇرغۇنلىغان شەمشەر- قىلىچلارنىڭ شەكلىنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭكىگە بەك ئوخشايدىغانلىقىدىن قارىغاندا، ھۇنلارنىڭ تۆمۈر قوراللار مەدەنىيىتى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماي، كۆپىنچە تۆمۈرچىلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەن.

مىسكەرلىكمۇ بىر مۇھىم قول ھۈنەرۋەنچىلىك تارمىقى بولغان. نويان تېغى، ئىچكى موڭغۇل ۋە باشقا يەرلەردىن بايقالغان زور مىقداردىكى مىس باشاق، مىس باشاق، مىس شەمشەر، مىس پالتا، مىس چۆگۈن، مىس ئوچاق،

مىس قوشۇق، مىس چەينەك، مىس داڭقان، مىس داڭ، مىس قوڭغۇراق، مىس ئەينەك، مىس ھالقا، مىس دۇبۇلغا، مىس ئات ھەيكىلى ۋە مىس بۇغا ھەيكىلى قاتارلىقلاردىن يەنە مىسكەرلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ۋە كۆلەمدە ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە كۆندىلىك تۇرمۇش بويۇملىرى، زىننەت بويۇملىرىنىڭ ئومۇمەن مىستىن ياسىلىشى مىسكەرلىكنىڭ بۇرۇندىنلا بىر مۇستەقىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك تارمىقى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. كېيىنچە تۆمۈرچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئاساسلىق ھەربىي قوراللار (مەسىلەن، قىلىچ) ۋە مۇھىم سايمانلار (مەسىلەن، پىچاق)، جابدۇقلار (مەسىلەن، يۈگەن) بارا- بارا تۆمۈردىن ياسىلىدىغان بولغان. بۇنىڭ بىلەن مىسكەرلىك كۆندىلىك تۇرمۇش بويۇملىرى (مەسىلەن، مىس چەينەك، مىس قوشۇق، مىس قازان، مىس داڭ، مىس ئەينەك) ۋە بېزەك بويۇملىرى (مەسىلەن، مىس قوڭغۇراق، مىس ئات ھەيكىلى، مىس بۇغا ھەيكىلى) نى ياساشقا يۈزلەنگەن.

زەرگەرچىلىكمۇ بىر مۇستەقىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك تارمىقى بولۇپ شەكىللەنگەن. 1972- يىلى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئىكجاۋ ئايمىقى كاڭجىن خوشۇنىنىڭ ئالوچەيدېڭ دېگەن يېرىدىكى يغىلىق دەۋرىگە مەنسۇپ ھۇن قەبىلىلىرىدىن زور تۈركۈمدىكى ئالتۇن- كۈمۈش بويۇملار (ئالتۇن بويۇم 218 دانە، ئېغىرلىقى 4000 گرامدىن ئارتۇق، بۈركۈت شەكىللىك ئالتان تاج، ئالتۇن كەمەر، يولۋاس بىلەن كالىنىڭ ئېلىشىۋاتقان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك ئالتۇن بېزەك، ياقۇت قوندۇرۇلغان ئالتۇن بېزەك، نېپىز ئالتۇن ياپراقچىسىدىن ياسالغان يولۋاس، قۇش، قوي، كىرپە شەكىللىك، ھايۋان بېشى شەكىللىك،مەشئەل شەكىللىك زىننەت بويۇمى، ئالتۇن تۇمار، ئاق كۈمۈشتىن ياسالغان يولۋاس بېشى شەكىللىك زىننەت بويۇمى، كۈمۈش ياپراقچىسىدىن سوقۇلغان بەلگە تەمتىكى قاتارلىقلار بولغان [41].

يەنە 1979- جۇڭغار خوشۇنىنىڭ شىگۇپەن دېگەن يېرىدىكى يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە مەنسۇپ79 . X M1، M2، M3. نومۇرلۇق ھۇن قەبرىلىرىدىنمۇ خېلى كۆپ ئالتۇن-كۈمۈش بۇيۇملار بايقالغان بولۇپ، ئالتۇن بۇيۇملار ئىچىدە ئالتۇن زەنجىر، ئالتۇن سىزغا، ئالتۇن ياپراقچىسىدىن سوقۇلغان ئۈزۈك، ياتقان بوغا، ياتقان ئات، ياتقان غەلتە ھايۋان نەقىشلىك ئېلىشىۋاتقان جۈپ ھايۋان، ئۈچ نەقىشلىك زىننەت بۇيۇملىرى بولغان[42].

بۇنىڭدىن باشقا، شىگۇپەندىكى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە مەنسۇپ x794. M .

نومۇرلۇق ھۆن قەبرىسىدىن يەنە ياسلىشى مۇرەككەپ ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى چىققان بولۇپ، ئۇلار، ئىچىدە بۇلۇت نەقىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرى 78 دانە بولغان. ھەممىسلا نېپىز ئالتۇن ياپراقچىسىدىن سوقۇلۇپ، ئۈستىگە لەيلەپ تۇرغان بۇلۇت نەقىشلىنىپ، ئىككى تەرىپىگە ياكى ئوتتۇرىسىغا كىچىك تۆشۈك ئېچىلغان بولۇپ، بۇلار كىيىملەرنى زىننەتلەش ئۈچۈن ياسالغان. يەنە مېيخوا گۈلى شەكىللىك يۇمۇلاق ئالتۇن ياپراقچە،چۆرىسىگە ئالتۇن يالىتىلغان سەدەپ بېزەك، ئالتۇن يالىتىلغان قاشتېشى تەمتەك، ئالتۇن ياپراقچە بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان چاسا شەكىللىك زىننەت بويۇمى قاتارلىقلار چىققان [43].

چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ھۆن قەبرىلىرىدىنمۇ ئالتۇن- كۆمۈش زىننەت بويۇملىرى ئومۇميۈزلۈك بايقالغان بولۇپ، ئالتۇن ھالقا (تاش قەبرىلەردىن)، كۈمۈش ھالقا (ئادەتتىكى قەبرىلەردىن)، ئىككى تەرىپىگە تۆشۈك ئېچىلغان يۇملاق زىننەت بۇيۇمى، ئالتۇن يالىتىلغان يىڭنە، ئالتۇن ئات ھەيكىلى (نويا تېغىدىكى«بارولد» قەبرىسى ۋە 1-مۇمۇرلۇق قەبرە)، ئالتۇندىن ياسالغان ھايۋان ھەيكىلى، كۈمۈشتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇمى (6-نومۇرلۇق قەبرە)، ئالتۇن نەيچە (23-نومۇرلۇق قەبرە)، كىچىك ئالتۇن زىننەت بۇيۇمى (24-نومۇرلۇق قەبرە)، كۆمۈش ياپراقچە، گۈل چېكىلگەن كۈمۈش زىننەت بۇيۇمى، ئالتۇن يالىتىلغان مىس ئات ھەيكىلى (40-نومۇرلۇق قەبرە)، يىڭنىسىمان ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى (قۇم-تاش قەبرىلەر) تېپىلغان. ئالتۇن ياپراقچە ۋە ئالتۇن پارچىلىرى ھەممە قەبرىلەردىن دېگۈدەك بايقالغان[44].

تېپىلغان ئالتۇن كۈمۈش بۇيۇملارنىڭ سانى، تۈرىنىڭ كۆپ بولۇشى، ياسلىشىنىڭ مۇرەككەپلىگى، لايىھىلىنىشىنىڭ نەپىسلىكىدىن زەر گار چىلىقنىڭ ئىنتايىن كەڭ دائىرلىكى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يەنە ئالتۇن قاپلاش، ئالتۇن يالىتىش، ياپلاقلاش، تۆشۈك ئېچىش، ئېگىش كەپشەرلەش قاتارلىق تېخنىكىلاردىن ئۇنىڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، ئەگەر مەخسۇس مۇشۇ ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھۈنەرۋەنلەر ۋە تارقاقلار بولمىسا، بۇنداق ھۈنەر-سەنئەت سەۋىيىسىگە يېتىشىنىڭ تەسلىكىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. يەنە ئالتۇن-كۈمۈش بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىنىڭ زىننەت بۇيۇمى ۋە بېزەك بۇيۇم بولغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى چارۋىچىلارنىڭ ئەمەس، بەلكى كۆپۈنچە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىكەنلىكىنى، ھۆكۈمرانلارنىڭ بۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى، جۈملىدىن ھۆكۈمەت مەخسۇسلاشقان زەرگەرچىلىك دۇكانلىرىنى قۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يەنە بىر خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك تارمىقى كۈلالچىلىق بولغان. نۇيا تېغى قاتارلىق جايلاردىن ھەجمى،

شەكلى ۋە رەڭگى ئوخشاش بولمىغان زور تۈركۈمدىكى خىلمۇ-خىل ساپال بۇيۇملار بايقالغان. ئەمما ھېچقايسىسىنىڭ قىلىپى يوق، مىللەتشۇناسلىق كۆرسەتمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەڭ ئىپتىدائى ساپال بۇيۇملارنىڭ قېلىپى بولغان بولۇپ، ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپتە ساپال بۇيۇملارنى ەرەخ قوۋزاقلىرىدىن توقۇلغان قېلىپنىڭ ئۈستىگە لاي چاپلاپ، ئاندىن ئۇنى ئوتتا پۇشۇرۇش ئارقىلىق ياسالغان. بايقالغان ھۇن ساپال بۇيۇملارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ قېلىپى يوقلىقىدىن قارىغاندا، بۇلار ھەرگىزمۇ ھۇنلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ساپال بۇيۇملىرى ئەمەس. يەن كېلىپ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى3-ئەسىردىن كېيىنكە مەنسۇپ بولغان ساپال بۇيۇملاردىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ سانى ۋە تۈرى كۆپ، شەكلى ۋە نەقىشلىرىمۇ مۇرەككەپ، سۈپىتى ۋە پاسونىمۇ ناھايىتى نەپىس، ياسىلىش ئۇسۇلى جەھەتتىمۇ قول بىلەن ياسىلىشتىن ئەسۋاب ئارقىلىق ياسىلىشقا قاراپ تەرەققىي قىلغان. تېخنىكىسى بەلگىلىك سەۋىيىسىگە يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇزۇن مۇددەت تەجرىبىلەرنى توپلىغان مەخسۇس ساپال پۇشۇرىدىغان ھۇنەرۋەنلەرنىڭ بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىردىن كېيىن ھۇنلارنىڭ كۇلالچىلىقى مۇستەقىل بىر قول ھۇنەرۋەنچىلىك تارمىقى بولۇپ شەكىللەنگەن [45].

ھۇنلارنىڭ ساپال بويۇملىرى توغرىسىدا يازما ماتېرىياللاردىمۇ خاتىرلەر ئۇچرايدۇ. «خەننامە» 54- جىلد «سۇۋۇنىڭ تەرجىمھالى» دا خاتىرلىنىشىچە، چەتقۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى ئۇكەن خان بايقال كۆلى بويىدا ئوۋ ئوۋلىغاندا سوۋۇغا ئات، چىدىر ۋە خۇمرا ھەدىيە قىلغان. خۇمرا دەل كوپىنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇنداق كوپ ئۇزۇن بويۇنلۇق، كىچىك ئېغىزلىق، سىغىمى چوڭ، تۈۋى تۈز بولۇپ، شاراپ ۋە قېتىق ساقلاشقا ئىشلىتەتتى. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، بۇ خىل كوپ جەنۇبىي چىن پادىشاھلىقىغىمۇ تارقىلىپ كىرگەن. «جەنۇبىي چىنامە» 39- جىلد «لۇ دىڭنىڭ تەرجىمھالى» دا خاتىرلىنىشىچە، جىڭلىك بىگى شياۋ زىلياڭ بىر قەدىمقى بويۇمغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاغزى كىچىك، قورسىقى چوڭ، تۈۋى تۈز، سىغىمى يەتتە-سەككىز كۈرەگە يېتىدىكەن. شياۋ زىلياڭ ئۇنى ئېلىپ بېرىپ لۇ دىڭدىن نىملىكىنى سورىغاندا، لۇ دېڭ: بۇ خۇمرا دېيىلىدۇ، ئۇ ئەينى چاغدا تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى سۇ ۋۇغا تەقدىم قىلغانغا ئوخشاش نەرسە دېگەن. شياۋ زىلياڭ كېيىن ئۇنىڭ ئاستىغا زەن سېلىپ قاراپ، ئاستىدا تونۇغىلى بولىدىغان خەرلەر بارلىقىنى، لۇ دىڭنىڭ دېگىنىدەك ئىكەنلىكىنى كۆرگەن.

ياغاچچىلىقمۇ بىر مۇستەقىل ھۇنەرۋەنچىلىك تارمىقى بولغان. بۇنىڭدا ئوقيا ياساش ئاساسلىق ئورۇندا

تۇرغان. ھۇنلار «ئوقياچى» مىللەت بولۇپ، ئوقيا ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قوراللىرىنىڭ بىرى ئىدى. يەنە كېلىپ ئۇلار دائىم سىرتقا ئۇرۇش قوزغاپ تۇرىدىغانلىقتىن، ئوقيانىڭ سەرپىيات مىقدارى ناھايىتى زور بولاتتى (بۇنى قېزىۋېلىنغان ئوق باشاقلىرىنىڭ كۆپلۈكى ئىسپاتلايدۇ). يا بىلەن ئوق سېپى ياغاچتىن ياسالغاچقا، ياغاچ ماتېرىياللىرى مول رايون بولغاندىلا ياساشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقيا جىددىي ئېھتىياجلىق، كەملىتىشكە بولمايدىغان ھەربىي قورال بولغانلىقى، ياسىلىشى بەلگىلىك تېخنىكا ۋە تەجرىبە تەلەپ قىلىدىغانلىقى، بەلگىلىك ئۆلچەمگە ماس كەلگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرغۇلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەر مۇشۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كۆپلىگەن ھۈنەرۋەنلەر بولمىسا ئېھتىياجنى قاندۇرغۇلى بولمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا چېدىر، ھارۋا، ياغاچ قالغان ۋە تاۋۇت ياساشمۇ ياغاچقا ئېھتىياجلىق ئىدى. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى داچىڭشەن تېغى(قەدىمقى چوغاي تېغىنىڭ بىر بۆلىكى) ۋە گەنسۇدىكى خېشى كارىدورى ئەتراپى ھۇنلارنىڭ مۇھىم ياغاچلىق بازىسى بولغان. «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»دە خاتىرلىنىشىچە ئەمىر نۆكەر خۇيىلىك يۇەندىغا مەكتۇپ سۇنۇپ چوغاي تېغىدا ئوت-چۆپلەرنىڭ مول ئىكەنلىكىنى، باتۇر تەڭرىقۇت ئۇ يەردە «ئوقيا ياسايدىغان»لىقىنى مەلۇم قىلغان. يەنە ھۇنلار خەن سۇلالىسى چېگرىسىغا سوزۇلۇپ كىرگەن، جاڭيې ئايمىقىغا ئۇدۇل كېلىدىغان ، ئوقيا ياساشقا لازىملىق ئېسىل ياغاچ ۋە تازقارا پىيى كۆپ چىقىدىغان بىر پارچە يېرى بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ دىۋان بېگى ۋاڭ گېن ئەلچى ئەۋەتىپ تەڭرىقۇت بۇ يەرنى سورىغاندا، تەڭرىقۇت غەربتىكى ھەر قايسى خانلارنىڭ چېدىر ۋە ھارۋا ياسايدىغان ياغاچلارنى مۇشۇ يەردىن ئالىدىغانلىقىنى ھەم بۇ ئاتا مىراس زېمىن ئىكەنلىكىنى، شۇڭا بۇ يەردىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ يەرنى جابدۇقلارنى ياسايدىغان دۇكانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھەم ياغاچچىلىقنىڭ ئالىلقاچان بىر مۇستەقىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك تارمىقىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ھارۋا ياساشمۇ ياغاچچىلىقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان. ھۇنلار ناھايىتى بۇرۇنلا ھارۋا ياساشنى بىلگەن بولۇپ، ھارۋىنى ھەربى ئىشلاردا ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا كەڭ ئىشلەتكەن. بۇ يازما ماتېرىياللاردا ئېنىق خاتىرىلەنگەن. «تۈز ۋە تۆمۈر ھەققىدە» 6-جىلد دا: «ھۇنلانىڭ ھارۋىسى ماڭغاندا ئاۋاز چىقىراتتى» دېيىلگەن. «خەننامە» 87-جىلد «ياڭ شيۇڭنىڭ تەرجىمھالى»دا: «قاڭقىلارنى پاچاقلاپ، چېدىرلارنى بۇزدۇق» يېيىلگەن. بۇ يەردىكى قاڭقا دەل ھۇنلارنىڭ ھارۋىسى ئىدى. يۇقىردا تىلغا ئېلىنغان ھۇنلارنىڭ جاڭيې ئايمىقىغا ئۇدۇل

كېلىدىغان يېرى دەل ھۇنلارنىڭ ھارۋا ياسايدىغان يېرى بولغان. مىلادىيە 109-يىلى خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى چاڭشەن، جۇڭشەندە جەنۇبىي تەڭرىقۇتنى مەغلۇپ قىلغاندا، مىڭدىن ئارتۇق چېدىر ۋە ھارۋا غەنىمەت ئالغان[37]. بۇنىڭدىن جەنۇبى ھۇنلار ۋە شىمالىي ھۇنلارنىڭ ھارۋا ياساشنى بىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ھارۋىلارنىڭ كۆپلەپ ياسالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

چېدىرنىڭ كېرىگە ۋە چاڭغىراقلىرىنى ياساشمۇ ياغاچچىلىقنىڭ يەنە بىر تارقىقى بولغان. ھۇنلار چېدىرلاردا ئولتۇرغاچقا، چېدىرنىڭ كېرىگە ۋە چاڭغىراقلىرىنى ياساش ناھايىتى ئومۇملاشقان. يەنە ياغاچ قالقان[48] ،ئىگەر ۋە تاۋۇت[49]قاتارلىقلارنى ياساشمۇ ياغاچچىلىقنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان بولۇپ، بۇ يەردە كۆپ مۇلاھىزە قىلىنمىدى.

ھۇنلار «مال-چارۋىلارنىڭ گۆشىنى ئوزۇق، تېرىسىنى كىيىم قىلىدىغانلىقى، جۇۋا كىيىدىغانلىقى»، چېدىرلىرىنى كىگىزدىن ياسايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق ۋە كۆنچىلىكمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. «خەننامە»نىڭ «1-جىلد «پەندى-نەسىھەتلەر» دە: «ھۇنلار سەپەرگە چىقسا جۇۋىلىرىنى ئېلىۋالاتتى» دېيىلگەن. «كېيىنكى خەننامە» 80-جىلد«ۋېن يۈەن، دۇدرلارنىڭ تەرجىمھالى» دا ھۇنلارنىڭ «چېدىر» لىرى بارلىقى ئېيتىلغان. يەنە «جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە، جيەنۇۋ 28- يىلى (مىلادىيە 52-يىلى)شىمالىي ھۇنلارئەلچىسى خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى لوياڭغا كەلگەندە ئات ۋە جۇۋا سوۋغا قىلىنغانلىقى سۆزلەنگەن. جۇۋا سوۋغا قىلغانىكەن ، ئۇنىڭ توقۇلۇشى ناھايىتى سىپتا ۋە ئېسىل بولغان، بۇنىڭدىن ھۇنلارنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنىرىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھۇنلار يەنە كۆندىن ساۋۇت ياساشنىمۇ بىلگەنىبولۇپ، ئۇنى «گېس» دەپ ئاتىغان. يەنە ئات تېرىسىدىن قولقاق ياسىغان بولۇپ، ئۇنى «تۇلۇم[50]» دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىن ھۇنلارنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىدىكى كۆنچىلىك ھۈنىرى (مەسىلەن، چىدامىلىقلىقى، قىلىچ-نەيزە، سۇ ئۆتمەسلىكى)بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ھۇنلار يەنە شەھەر قەلئەسىنى ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، قۇدۇق قېزىش، خەندەك كولاش قاتارلىق بىناكارلىق تېخنىكىلىرىنىمۇ ئىگەللىگەن[51]. ئەمما، يۇقىرىقى ساھەلەر مۇستەقىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك تارمىقى بولۇپ شەكىللىنەلمىگەن.

## 4.ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن بولغان سودا

# ئالاقىسى

ھۇنلار كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان، دېھقانچىلىق تېخى يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتمىگەن، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، تېخى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنى تولۇق قامدا دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىگەن بولغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چارۋىلىرى ۋە يۇڭ، تېرىلىرىنى خەنزۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى بۇيۇملىرى بىلەن ئالماشتۇرۇشقا جىددى ئېھتىياجلىق بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار خەنزۇلار بىلەن ئۆز ئارا« بازار» ئېچىشتا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېندى دەۋرىدە، جيايى: ھۇنلار بازار ئېچىشقا ناھايىتى ئېھتىياجلىق، ئەگەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلار بىلەن قۇدىلىشىپ، ئۇلارنىڭ بازار سودىسى قىلىشقا رۇخسەت قىلساق، ھۇنلارنىڭ ھەممىسىلا سەددىچىنىڭ جەنۇبىغا كېلىشنى خالايدۇ. دېگەن[52]. ئەمەلىيەتتىمۇ جىڭدى دەۋرىدىن ۋۇدى دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە، ھۇنلار داۋاملىق تۈردە خەنزۇلار بىلەن بازار سودىسى قىلىپ تۇرغان. بازار ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى ۋە چارۋىچىلىرىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلغان، شۇڭا تارىخى ئەسەرلەردە «ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتتىن تۆۋەندىكىلىرىنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسى بىلەن يېقىن ئۆتۈشۈپ، سەددىچىننىڭ جەنۇبىغا كېلىپ تۇراتتى»دەپ خاتىرلەنگەن، كېيىن خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتىلىغان بولسىمۇ، ھۇنلار يەنە بازاردىن ۋاز كېچىشنى خالىمىغان. «تارىخي خاتىرلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرلىنىشىچە، ۋۇدىنىڭ يۈەنگۇاڭ 2-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 133-يىلى)ئۇرۇش پارتىلىغاندىن كېيىن، ھۇنلار قۇدىلىشىشنى توختىتىپ، قورۇللارغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا بازار مەھسۇلاتلىرىنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئۇزاق مۇددەتكىچە كەڭ كۆلەملىكئالماشتۇرۇش بولۇپ تۇرغان. ھۇن قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان زور مىقداردىكى خەنزۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھۇنلار بەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆپلۈكىنى ھەم ئالماشتۇرۇلغان بۇيۇملارنىڭ تۈرى ۋە سانىنىڭمۇ ناھايىتى كۆپلۈكىنى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ تۆمۈر قورال، مىس قورال، ساپال بۇيۇم، ياغاچ بۇيۇم، سىرلانغان ئەسۋەب- جابدۇقلار، تاش سايمانلار، ئات بېزەكلىرى، ئالتۇن، كىيىم-كېچەك ۋە يىپەك

توقۇلما قاتارلىق ئىشلەپ چىقىرىش، ئۇرۇش، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. [52].

هۇنلار خەنزۇلار رايونىدىن تۆمۈر، مىس قوراللارنى كىرگۈزۈپلا قالماي، يەنە مىس، تۆمۈر رودىلىرىنىمۇ كىرگۈزۈپ، ئۆزلىرىمۇ تۆمۈر ۋە مىس قوراللارنى ياسىغان. شۇڭا، جايىي بۇنى كۆزدە تۇتۇپ ۋېندىغا مىسى، تۆمۈرلەرنى قورۇلدىن چىقىرىشنى چەكلەپ، هۇنلارنى قىسىش توغرىسىدا مەسىلىھەت بەرگەن. [53]. بۇنىڭدىن هۇنلارنىڭ تۆمۈرگە ناھايىتى ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

هۇنلار خەنزۇلار بىلەن ئالماشتۇرۇش قىلىپ قالماستىن، يەنە ئوغانلار بىلەنمۇ ئالماشتۇرۇش قىلغان. «خەننامە. هۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە، ۋاڭ ماڭ دەۋرىدە ئوغانلارنى قوغدىغۇچى ئەلچى (بىر خىل ئەمەل) ئوغانلارغا ئەمدى هۇنلارغا رەخت، تېرە سېلىقنى تاپشۇرماسلىقنى ئۇقتۇرغان، ھالبۇكى هۇن هۆكۈمرانلىرى كونا قائىدە بويىچە ئەلچى ئەۋەتىپ ئوغانلاردىن سېلىقنى سۈيلىگەن ھەم «سودا-سېتىق» قىلىشنى خالايدىغان هۇن ئاياللىرىنىڭ بىللەن بېرىشىغا رۇخسەت قىلغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، هۇن ئوغانلاردىن باج-سېلىق يىغىۋېلىشتىن سىرت، يەنە ئۇلار بىلەن سودا-سېتىق قىلغان.

هۇنلار چىياڭلار بىلەنمۇ دائىم سودا ئالاقىسى قىلغان. «كېيىنكى خەننامە» 31-جىلد (مىلادىيە 36- يىل) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قالايمىقانلىشىپ، خېشى رايونلار بىرقەدەر تىنىچ بولغان. گۈزاڭ (ھازىرقى گەنسۇدىكى ۋۇۋېي ناھىيىسى )ناھايىتى ئاۋاتلىشىپ، چىياڭلار ۋە هۇنلار سودا-سېتىق قىلىشقان، ھەر كۈنى تۆت قېتىم بازار بولغان. شۇڭا، بۇ يەرنىڭ هاكىملىرى ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ بىر نەچچە ئاي بولمايلا ناھايىتى نۇرغۇن مال-مۈلۈككە ئىگە بولغان. بۇنىڭدىن شەرقى خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە گۈزاڭدا هۇنلار بىلەن چىياڭلار، خەنزۇلارنىڭ قويۇق سوا ئالاقىسى قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنداقتا هۇنلار بىلەن چىياڭلار نېمىلەرنى ئالماشتۇرغان؟ ئېلىپ-سېتىش چوقۇمكى بۇنىڭ بىر تۈرى بولغان. «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي هۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرلىنىشىچە، ئەندىنىڭ يۈڭچۇ 4-يىلى (مىلادىيە 101-يىلى) جەنۇبىي تەڭرىقۇت ئۆزى بۇلاپ كەلگەن ۋە چىياڭلار بۇلاپ كېتىپ هۇنلارغا سېتىپ بەرگەن خەنزۇ ئەر-ئاياللاردىن ئون مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى خەن سۇلالىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن. بۇنىڭدىن چىياڭلارنىڭ دائىم بۇلاپ كەلگەن خەنزۇلارنى هۇنلارغا قۇللۇققا سېتىپ بېرىدىغانلىقىنى ھەم ئۇلارنىڭ سانىنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. خەنۇبى تەڭرىقۇت قايتۇرۇپ

بەرگەن ئون مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ پىرىمنى ئۇ ئۆزى بۇلاپ كەلگەنلەر دەپ ھېساپلىساق، ئۇ ھالدا ئۇلار يەنىلا نەچچە مىڭدىن كۆپ بولغان بولىدۇ. ھۇنلار يەنە غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى مىللەتلەر بىلەنمۇ ئالماشتۇرۇش قىلغان، شۇنداقلا ھەممە غەربىي يۇت ئارقىلىق ۋاستىلىك ھالدا يۇنانلىقلار ۋە غەربتىكى باشقا خەلقلەر بىلەنمۇ ئالماشتۇرۇش قىلغان، نويان تېغىدىكى 6-نومۇرلۇق ھۇن قەبرىسىدىن يۇنانلىقلار توقۇغان نۇرغۇن يىپەك بۇيۇملار چىققان ھەم ھۇنلارنىڭ غەربتىك ھەر قايسى خەلقلەر بىلەن سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلغانلىقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۇرىدىغان ئۈچ پارچە كەشتە چىققان.

1-،2-كەشتىنىڭ چوڭ كىچىكلىكى ئوخشاش بولۇپ، تاشقى تاۋۇتنىڭ ئىچىگە مىخلانغان. بىرسىگە پالما دەرىخىگە ئوخشاپ كېتىدىغان دەرەخ، دەرەخنىڭ يېنىغا بويىنىنى سوزۇپ، قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ، ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان قاناتلىق يولۋاس شەكىللىك بىر ھايۋان كەشتىلەنگەن. يەنە بىرسىگە بىرتۇپ گۈل، گۈلنىڭ ئۈستىگە بىر پەنجىسى ئېچىلغان، ئوڭ پەنجىسى تۈگۈلگە، ئاغزىغا بىر يىلان چىشلىۋالغان، ئۈچۈشقا تەمشىلىۋاتقان بىر قۇش كەشتىلەنگەن. بۇلار ئاق يىپنىڭ ئاساس قىلىپ باشقا رەڭلىك يىپلار بىلەن قىنىق قوڭۇر رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىغا كەشتىلەنگەن.

3-كەشتە يۇقۇرقى ئىككى كەشتىنىڭ يېنىدا بولۇپ، قىزىل، سېرىق، ئاق، يېشىل، قوڭۇر رەڭلىك يىپلار بىلەن قىنىق قوڭۇر رەڭلىك ۋە يۇڭ توقۇلمىغا كەشتىلەنەن. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ سول، ئوڭ ۋە ئۈستۈنكى بۇرجەكلىرى چالا، رەسىملەرنىڭ تەسۋىرىمۇ ئانچە مۇكەممەل ئەمەس. ئۇنىڭغا ئاق ئات مىنگەن بىر ئادەم كەشتىلەنگەن بولۇپ، ئات قولاقلىرىنى دىڭگايتىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ سول تەرەپكە قاراپ تۇرغان. ئۈستىدىكى ئادەم ئالدىغا قاراپ تۇرغان، بېشىغا قۇلاقچا، ئۇچىسىغا كۆك جىيەك تۇتۇلغان تون، پۇتىغا توغرا يوللۇق يۇمشاق چەملىك خۇرۇم ئاياغ كىيگەن ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرا ۋە يۈگىنىنى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، پەقەت يۈگۈرگەندىكى تۆمۈر ھالقىنى پەرىق ئەتكىلى بولمايدۇ. ئاتنىڭ كۆكسىگە گۈل چېكىلگەن، نوكچا ئېسىلغان. ئاق ئات مىنگەن ئادەمنىڭ سول يېنىدا بىر ئادەم (باش قىسمى كام) بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئادە ئالدىغا قاراپ تۇرغان. ئوڭ تەرەپتە بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان ئىككى ئاق قارا ئىككى ئات بولۇپ، يەنە بىر ئات ھۇشيارلىق بىلەن ئاق ئات قاراەپ تۇرغان تەرپكە قاراپ تۇغان. بۇ كەشتە شۇ چاغدىكى ھۈنەر سەنئەتنىڭ ناھايىتى نەپىسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگى بورروۋكا يۇقۇرىقى 1-،2-،3-كەشتىدىكى ئادەم، مەنزىرە سۈرەتلىرى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىن تېپىلغان ساكلارنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش بۇيۇملىرى ۋە ساپال بۇيۇملىرىدىكى ئادەم، مەنزىرە سۈرەتلىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ دەپ قارايدىغان بولۇپ، بۇ ساكلار ۋە ساكلارغا مەنسۇپ سارماتلارنىڭ يۇنانچە ۋە باكتېرىيىچە[55] ھۈنەر سەنئەت بۇيۇملىرىنى مەركىزىي ئاسىيا ئارقىلىق ھۇنلارغا تارقاتقانلىقىنى چۈشەندۈردى.

يەنە نويان تېغىدىكى 12- نومۇرلۇق ھۇن قەبرىسىدىنمۇ خېلى كۆپ يىپەك بۇيۇملار چىققان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككى كەشتىمۇ ھۇنلارنىڭ غەرب خەلقلىرى بىلەن سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇنىڭ بىرى «بولۇت، تاغ كەشتىسى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. بۇ كەشتىگە كىچىك تاغ ۋە ئاق بۇلۇت چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇزۇنلىقى 1.92 مېتىر، كەڭلىكى 0.38 مېتىرئۇ ئەسلىدىكى قىزىل، سېرىق، قوڭۇر يىپلار بىلەن قوڭۇر رەڭلىك تاۋارغا كەشتىلەنگە بولسىمۇ، تاۋار ئۆڭۈپ قېنىق كۆلرەڭگە ئۆگىرىپ قالغان. كەشتىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى كىچىك تاغ، ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر پاكار تاغ بولۇپ، پاكارتاغقا شاخلىرى ناھايتى باراقسان بىر تۈپ دەرەخ، ئىككى تەرەپتىكى كىچىك تاغقا بېشى سىرتقا، قۇيرۇقى دەرەخكە قارىغان، پەيلىرى تولۇق كەلگەن ئىككى قۇش چۈشۈرۈلگەن. ئۈچىلا تاغنىڭ ئۈستىگە بىردىن ئاق بۇلۇت چىقىرىلغان. بۇ خىل بۇلۇت، تاغ چۈشۈرۈلگەن كەشتە ئېيتىشلارغا قارىغاندا بىر- بىرىگە ئۇلاپ كەشتىلىنىدىكەن. لېكىن بۇ كەشتىنىڭ ئىككى تەرىپى چالا بولغاچقا، بۇنى بىلىش ئىمكانىيىتى يوق، بورروۋكا بۇ كەشتىنى يۇنانچە ئۇسلۇبتىكى كەشتە، دەپ قارىغان.

يەنە بىرىنى «پەرۋاز قىلىۋاتقان ئەجدىھا كەشتىسى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. بۇ كەشتىگە بىر ئەجدىھا چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇمۇ تاۋارغا كەشتىلەنگەن. ئەجدىھا قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ، بېشىنى ئارقىسىغا بۇراپ، ئالدىغا قاراپ ئىنتىلىۋاتقان ھالەتتە تۇرغان. گەرچە ئۇنىڭ تۆت پۇتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ نەزىرىدىكى يىلانسىمان ئەجدىھاغا ئوخشىمايدۇ ھەم باشقا ھايۋانلارغىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئەجدىھانىڭ ئىككى مۈرىسىدە بىر جۈپ قىسقا قانىتى بولۇپ، قاناتنىڭ كىچىكلىكى تېنىگە ماس كەلمىگەن. شۇڭا، ئۇنى ئۇچار ئەجدىھا دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۈچ بۇرجەك نەقىس چۈشۈرۈلگەن. كەشتىنىڭ تۆت

تەرىپىگىمۇ ئۈچ بۆرجەك، چەمبەر شەكىللىك نەقىشلەر چىقىرىلغان.س . دورجى سورۇڭ بۇ خىل نەقىش كىشىگە ئىختىيارسىز ھازىرقى قازاقلارنىڭ چىدىرلىرىدىكى نەقىشلەرنى ئەسلىتىدۇ، دىگەن [56].

ئۇنداقتا، ھۇنلارنىڭ قەدىمى ئەڭ غەربتە نەگىچە يېتىپ بارغان؟«خەننامە» 96- جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «ئۇيسۇننىڭ غەربىدىن ئارساكچە(ھازىرقى كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقى جەنۇبىدا) بولغان ئەللەرنىڭ ھەممىسى ھۇنلار بىلەن يېقىن ئۆتەتتى. ھۇنلار ئىلگىرى ياۋچىلارنى تارمار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھۇن ئەلچىلىرى تەڭرىقۇتنىڭ خېتىنى كۆتۈرۈپ بارسىلا، ئۇ ئەللەر تەخىرسىز ئۇزۇق- تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇلارنى قىيىنچىلىقتا قالدۇرمايتتى» دەپ خاتىرلەنگەنلىكىگە قارىغاندا، ھۇنلار ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەللەر ۋە رايونلار بىلەن سىياسىي ئالاقىدە بولۇپ، تاكى كاسپى دېڭىزى قىرغاقلىرىغىچە بارغان ھەم سىياسىي ئالاقە ئاساسىدا سودا ئالاقىسى قىلغان ياكى مال- مۈلۈك شۈلىۋالغان. شۇڭا، يۇقىرىدىكى ھۇن قەبرىلىرىدىن غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ كەشتە بۇيۇملىرىنىڭ تېپىلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس.

## ئىزاھلار:

[1] ماركىس: «كاپىتال»، خەلق نەشرىياتى 1958- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1- توم، 194 ~ 195- بەتلەر.

[2] س. دورجى سورۇڭ: «شىمالىي ھۇنلار قەبرىلىرى»، ئۇلانباتۇر پەنلەر كومىتېتى نەشر قىلغان «ئاكادىمىيە ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى»، 1956- يىللىق 1- سان.

[3] ن. يېشى جامۇسىنىڭ «ھۇنلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە جەمئىيەت تۈزۈمى» دىگەن ماقالىسىدىن ئېلىنغان ھۇنلارنىڭ ئارخېئولوگىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللار.ئۇلانباتۇر پەنلەر كومىتېتى نەشر قىلغان «ئاكادېمىيە ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى» ، 1956- يىلىق 1- سان.

[4] س. دورجى سورۇڭ: «شىمالىي ھۇنلار»، 1- باپ «شىمالىي ھۇنلارنىڭ قەبرىلىرى». 1961- يىلى ئۇلانباتۇر نەشرى.

[5] ئىكىجاۋ ئايماقلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمەت پونكىتى ئېلان قىلغان «شىگۇپەندىكى ھۇن

قەبرىلىرى» ، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژورنىلى 1980- يىللىق 7- سان.

[6] ئىچكى موڭغۇل مۇزېيى ئېلان قىلغان «ئىچكى موڭغۇل جۇڭغار خوشۇنى يۈلۈتەيدىكى ھۇن قەبرىلىرى» ، «ئارخېئولوگىيە» ژورنىلى 1977- يىللىق 2- سان.

[7] ئىكجاۋ ئايماقلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمەت پونكىتى ئېلان قىلغان «ئىكجاۋ ئايمىقى بۇدۇڭ جىلغىسىدىكى ھۇن قەبرىلىرىنى رەتلەش دوكلاتى»، «ئىچكى مۇڭغۇل مەدەنىيەت ياردىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيىسى» ژورنىلى 1981- يىللىق 1- سان.

[8] گەي شەنلىن: «ئىچكى مۇڭغۇل چاخار ئوڭ ئارقا خوشۇنى جاۋ جىيافاڭ كەنتىدىن بايقالغان ھۇن قەبرىستانلىقى» ، «ئارخېئولوگىيە» ژورنىلى 1977- يىللىق 2- سان.

[9] «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» ۋە 54- جىلد «سۇۋۇنىڭ تەرجىمھالى»، «شەرقىي ئەسىردىكى خەن خاتىرلىرى» 8- جىلد «دېڭ زۇنىڭ تەرجىمھالى».

[10] س. دورجى سورۇڭ: «شىمالىي ھۇنلارنىڭ قەبرىلىرى».

[11] تيەن گۇاڭجىن: «تاۋخۇڭبالادىكى ھۇن قەبرىلىرى؛ ، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژورنىلى» 1976- يىللىق 1- سان.

[12]«يۈلۈڭتەيدىكى ھۇن قەبرىلىرى».

[13] تالا، لياڭ جىڭمىڭ «قىر ئۇستايدىكى ھۇن قەبرىلىرى» ، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژورنىلى 1980- يىللىق 7- سان.

[14] گەي شنلىن: «ئىكچى موڭغۇل ئاپتونوۇم رايونى جۇڭغار خوشۇنى سۇجى جىلغىسىدىن چىققان بىر قىسىم مىس بويۇملار»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ژورنىلى 1965- يىللىق 2- سان.

[15] «تۇز ۋە تۆمۈر ھەققىدە» 9- جىلد «تۆھپە ھەققىدە» دىمۇ ھۇنلارنىڭ «تۈلكە سۆڭىكىدىن ياسالغان باشاق» ئىشلەتكەنلىكى تىلغان ئېلىنغان.

[16] «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[17] ليۇ شياڭ يازغان «پەندى- نەسىھەتلەر» نىڭ 1- جىلدىدا، يەن بېگى جاۋۋاڭنىڭ 1- يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 312- يىلى) جاۋۋاڭ گوكۈي بىلەن ھاكىمىيەت ئىشلىرى ئۈستىدە سۆزلىشۋېتىپ، ئۇنىڭدىن: «پېقىرنىڭ

يىرىم تار، ئادىمىم ئاز، چى بەگلىكى سەككىز سەھرىمنى تارتىۋالدى، ھۇنلارنىڭ ئالوبانلارنىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كەلدى، ئۇلارغا يالغۇز تاقابىل تۇرماق تەس. بۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلماق كېرەك؟» دەپ سورىغانلىقى خاتىرلەنگەن.

[18] «تارىخي خاتىرىلەر» 81- جىلد «لى مۇنىڭ تەرجىمھالى».

[19] «تارىخي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[20] «خەننامە» 87- جىلد «ياڭ شيۇنىڭ تەرجىمھالى».

[21]س. دورجى سورۇڭ: «شىمالىي ھۇنلار» ، 1- باپ «شىمالىي ھۇنلارنىڭ قەبرىلىرى».

[22] «تارىخي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[23] «خۇەينەنزى» 1- جىلد «پەندى- نەسىھەتلەر».

[24] «خەننامە» 49- جىلد «چاۋسۇنىڭ تەرجىمھالى».

[25] «تارىخي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[26] «تارىخي خاتىرىلەر. ۋېي چىڭ ۋە قىران چەۋاندازلار سانغۇنىنىڭ تەرجىمھالى».

[27] «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[28]«كېيىنكى خاننامە» 23- جىلد «دۇ شيەنىنىڭ تەرجىمھالى».

[29] «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

[30] «خەننامە» 54- جىلد «سۇۋۇنىڭ تەرجىمھالى».

[31] «تارىخي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» ۋە «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[32] «تارىخي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» ۋە «خەننامە. سۇۋۇنىڭ تەرجىمھالى» ، «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[33] «تارىخي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»دە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 110- يىلى ئۇۋى تەڭرىقۇتنىڭ «جەڭچىلەرنى ئارام ئالدۇرۇپ، ئات ئۇستىدە ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلدۇرغان» لىقى خاتىرلەنگەن.

[34] «تارىخي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»دە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 78- يىلى، 68- يىلى ۋە 60- يىلى

هۇنلارنىڭ نەچچە ئون ملڭ چەۋانداز نىنىڭ قورۇلنىڭ جەنۇبىغا ئۆۋغا چىققانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە قورۇلدىكى ھەر قايسى تۈر- قەلئەلەرگە ھۇجۇم قىلغانلىقى خاتىرلەنگەن. «كېيىنكى خەننامە. ھۇنلار ھەققدە قىسسە»دىمۇ، مىلادىيە 85- يىلى جەنۇبىي تەكرىقۇتنىڭ جۇشيې تېغىدا ئوۋ قىلىۋاتقاندا، شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئونئوت خانى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغانلىقى خاتىرلەنگەن.

[35] [36] [37] س. دورجى سورۇڭنىڭ «شىمالىي ھۇنلار قەبرىسى»دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

[38] س. سورجى سورۇڭ : «شىمالىي ھۇنلار» 1- باپ «شىمالىي ھۇنلارنىڭ قەبرىلىرى».

[39] ھۇنلارنىڭ شەھەر، قەلئە خارابىلىرى ھەققىدىكى تۆۋەندىكى ئارخېئولوگىيىلىك دوكلاتلىرىغا قاراڭ.

(A) خ. پەرلە: «ھۇنلانرىڭ ئۈچ شەھىرىنىڭ خارابىسى»، ئۇلانباتۇر پەنلەر كومىتېتى 1957- يىلى نەشرى، ئەسلى نۇسخىسى يېڭى موڭغۇل يېزىقىدا يېزىلغان.

(B)س. دورجى سورۇڭ: «شىمالىي ھۇنلار»، 2- باپ «شىمالىي ھۇنلارنىڭ يېزا- كەنتلىرى».

(C) س. ۋ. كىسلىيۇ: «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمقى شەھەرلەر»، بېڭجىڭدا نەشر قىلىنغان. «تارىخىي تەرجىملەر» ژورنىلىنىڭ 1957- يىللىق 6- سان.

(D) «ئاكدېمىك س. ۋ. كىلېيۇنىڭ بېجىڭدا بەرگەن ئىلمىي دوكلاتى( Ⅰ ) جەنۇبىي سىبرىيە ۋە تاشقى بايقالدىكى قەدىمقى شەھەر تۈرمۇشىغا ئائىت يېڭى ماتېرىياللار»، «بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان «ئارخېئولوگىيە» ژورنىلىنىڭ 1960- يىللىق 2- سانى.

(E) خ. ساير ئۇتجاپ: «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارخېئولوگىيە تېپىلمىلىر ھەققدە قىسقىچە بايان»، بېڭجىڭدا نەشر قىلىنغان. «ئارخېئولوگىيە» ژورنىلىنىڭ 1961- يىللىق 3- سانى.

[40] 9- باپ «ھۇنلارنىڭ ئىرقى ۋە تىلى» دىكى «ئوتتۇرا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

[41] تيەن گۋاڭجىن. گوسۇشىن: «ئىچكى موڭغۇلدىكى ئالوچەيدېڭدىن تېپىلغان ھۇن يادىكارلىقلىرى» ، «ئارخېئولوگىيە» ژورنىلى 1980- يىللىق 4- سان.

[42] ئىكجاۋ ئايماقلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمەت پونكىتى ئېلان قىلغان. «شۇگۇپەندىكى ھۇن قەبرىلىرى» ، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژورنىلى 1980- يىللىق 7- سان.

[43] ئىكجاۋ ئايماقلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمەت پونكىتى ئېلان قىلغان.«شگۇپەنكىكى خەن

سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ هۇن قەبرىلىرىنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، «ئىچكى موڭغۇل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيىسى» ژورنىلى 1981- يىللىق 1- سان.

[44] س. دورجى سورۇڭ: «شىمالىي هۇنلار» 1- باپ «شىمالىي هۇنلارنىڭ قەبرىلىرى».

[45] نۆۋەتتە ئىچكى موڭغۇلنىڭ هەر قايسى جايلىرىدىكى هۇن قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال بويۇملارنىڭ سانى ئاز هەم كۆپى پارچىلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، بۇ يەردە كۆپ مۇهاكىمە قىلىنمىدى.

[46] «كېيىنكى خەننامە» 19- جىلد «گېڭ يەننىڭ تەرجىمهالى».

[47] «كېيىنكى خەننامە» 88- جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

[48] «خەننامە» 49- جىلد: چاۋ سونىڭ تەرجىمهالى».

[49] «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار هەققىدە قىسسە» دە هۇنلار ئۆلگەندە تاۋۇتقا سېلىنىدىغانلىقى ئېيتىلغان. چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى هۇن قەبرىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدىنمۇ ياغاچ تاۋۇت ۋە كۆتەك تاۋۇت (دەرەخ غولىنى ئويۇپ ياسىغان تاۋۇت) چىققان.

[50] «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي هۇنلار هەققىدە قىسسە».

[51] «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار هەققىدە قىسسە»، «خەننامە. هۇنلار هەققىدە قىسسە»، 70- جىلد «چېن تاڭنىڭ تەرجىمهالى.

[52] «شىننامە» 4- جىلد «هۇنلار».

[53] س. دورجى سورۇڭ: «شىمالىي هۇنلار» 1- باپ «شىمالىي هۇنلارنىڭ قەبرىلىرى؛

[54] «شىننامە» 3- جىلد «مىس ۋە رەخت».

[55] باكتىرىيە مەركىزى ئاسىيادىكى قەدىمقى دۆلەت بولۇپ، ئېلىمىز تارىخ ئەسەرلىرىدىكى «ئارساك» تۇر. ئۇنىڭ زېمىنى هىندىقۇش تېغى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ ئارلىقىدا (هازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدا) بولغان.

[56] يۇقارقى بەش پارچە كەشتە توغرىسىدا س. دورجى سورۇڭنىڭ «شىمالىي هۇنلار» 1- باپ «شىمالىي هۇنلارنىڭ قەبرىلىرى» گە قاراڭ.

# 9. باپ هۇنلارنىڭ ئىرقى ۋە تىلى

هۇنلارنىڭ ئىرقى مەملىكەت ئىچى- سىرتىدىكى ئالىملار بەكراك مۇنازىرە قىلىشۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. يېقىنقى 200 يىلدىن بۇيانقى تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە هۇنلار تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ ۋە هۇنلار موڭغۇل ئىرقىغامەنسۇپ دەيدىغان ئىككى خىل كۆز قاراش ئۆز- ئارا تىركىشىپ تۇرماقتا. بۇ مەسىلىنى هەل قىلىشتا يەنىلا ئارخېئولوگىيە، ئىرقشۇناسلىق ۋە فولكلور قاتارلىق ئىلىملەرگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار جەريانىدا، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى نويان تېغىدىكى 25- نومۇرلۇق هۇن قەبرىسىدىن بىر هۇننىڭ سۈرئىتى چۈشۈرۈلگەن كەشتە تېپىلغان [1]. كەشتىدىكى ئادەمنىڭ چېچى قويۇق،ئارقىغا تارالغان، پىشانىدى كەڭرى، كۆزى يوغان، بۇرۇتلۇق، چىرايى سۈرلۈك بولۇپ، ناهايىتى هەيۋەتلىك، موڭغۇلىيە ئارخېئولوگى س. دورجى سورۇڭ بۇ ئەدەم دەل قەبرىنىڭ ئىگىسى، ئۇ هۇن دەپ قارىغان. باشقا ئالىملارمۇ موڭغۇللارنىڭ ساقال- بۇرۇتى يوق، شۇڭا، ئۇ موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ ئەمەس، دەپ قارىغان. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ ئادەمنىڭ كۆز قارچۇقى قارا رەڭدە بولسىمۇ، كۆز گۆھىرى كۆك رەڭدە بولغان. بۇ هۇنلارنىڭ تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك ماددىي ئىسپات بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. چۈنكى، تۈركلەرنىڭ چىراي ئالاهىدىلىكلىرىنىڭ بىرى ئۇلار كۆك كۆز، ساقاللىق بولۇپ، بۇ قەبرىدىن چىققان كەشتىدىكى هۇنمۇ دەل كۆك كۆز ۋە قويۇق ساقاللىق، يەنە كېلىپ چىرايى سۈرلۈك هەم ناهايىتى هەيۋەتلىك. بۇ «خەننامە» 68- جىلد «جىن مىتىننىڭ تەرجىمهالى» دىكى «جىن مىتىننىڭ بويى سەككىز جى ئىككى سۇڭ كېلەتتى. چىرايى سۈرلۈك ئىدى- دېيىلگىنى بىلەن ئوخشاش. جىن مىتى هۇن بولۇپ، «تەرجىمهال» دا: «جىن مىتىننىڭ تەخەللۇسى ۋېڭ شۇ، هۇنلارنىڭ شۇتۇق خانىنىڭ ئوغلى» دېيىلگەن.

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ فېڭشى قېزىش ئەترىتى 1935 ~ 1957- يىللىرى شەنشى ئۆلكىسى چاڭئەن ناهىيىسى فېڭشى يېزىسىنىڭ كېشېڭخۇاڭ كەنتىدە ئىككى هەپتە قەبرى قېزىپ، بىر ئالاهىدەقەبرىنى بايقىغان (140- نومۇرلۇق قەبرە). ئارخېئولوگلار بۇ قەبرىنىڭ مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئېلىمىز

تەۋەسدە بايقالغان بىردىن بىر ھۇن قەبرىسى ئىكەنلىكىنى،ئۆلگۈچىنىڭ ئېھتىمال ھۇنلارنىڭ ئەلچىسى ياكى ئەلچىنىڭ ھەمراھى ئىكەنلىكىنى، قەبرىدىن چىققان بويۇملارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ھۇنلارنىڭ بويۇملىرى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈگەن. قەبرىدىكى ھەمدەنپە بۇيۇملار ئىچىدە ئىككى دانە تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىللىك نەقىشلىك مىس بېزەك ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ [2].

بېزەكنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر تۈپتىن شاخلىرى قۇيۇق دەرەخ بولۇپ، دەرەخنىڭ ئاستىدا بىردىن ئىگەرلەنگەن خېچىر بار. ئوتتۇرىدا ئىككى كىشى بولۇپ، ئىككىلىسى قاڭشارلىق كەلگەن، ئۇزۇن چاچ قويغان، پۇچىقى بۇغماق ئىشتان كىيگەن. ئۇلار بىر- بىرىنىڭ بېلى ۋە پۇتىدىن تۇتۇشۇپ چېلىشىۋاتقان ھالەتتە تۇرغان. قاڭشارلىق بولۇش تۈركلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئىككى مىس بېزەكنىمۇ ھۇنلانرىنىڭ تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتىكى ماددىي ئىسپات قىلىشقا بولىدۇ.

ھاۋالەنكى، س. دورجى سورۇڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھېلىقى ھۇننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كەشتىگە باشقىچە قاراشتا بولغان. ئۇ كەشتىدىكى ھۇننىڭ كۆز گۆھىرىنى كۆك رەڭدە قىلىش ئۇنى كۆز ئالمىسىدىن پەرقەندۈرۈش ۋە كۆزنى تېخىمۇ سۈرلۈك قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. گەرچە قۇيۇق بۇرۇتى بولسىمۇ، ئېڭىكىدە ساقلى يوق. موڭغۇللار ساقالسىزراك كەلسىمۇ، ئەمما موڭغۇللارنىڭ ھەممىسىنىڭلا ساقلى يوق دېيىشكە بولمايدۇ. ياۋرۇپالىقلاردەك قويۇق ساقاللىق كېلىدىغانلارمۇ موڭغۇللار ئىچىدە خېلى بار. شۇڭا ساقالغا ئاساسلىنىپلا كەشتىدىكى ھۇننى موڭغۇل ئىرقىغا كىرمەيدۇ ھەم ھازىرقى موڭغۇللارغا ئوخشىمايدۇ دېيىشنىڭ نەزىرىيىسى ئاساسى تولۇق ئەمەس، دەپ قارىغان [3]. يەنە بىر موڭغۇلىيە ئالىمى ن. يىشى جامسۇمۇ تۈركلەر پاخما چاچ كېلىدۇ (يەنى ئۇزۇن چاچ قويۇپ، چېچىنى قويۇۋېتىدۇ)، لېكىن ھۇنلار موڭغۇللارغا ئوخشاش قىسقا چاچ قويۇپ، چېچى ئازراق ئۆسۈپ كېتىپ بولغۇچە كەستۈرۈۋېىدۇ، دېگەن [4]. ئەمما، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كەشتىدىكى ھۇننىڭ چېچى قۇيۇق بولۇپ، ئارقىغا تارلغانئ 140- نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان مىس بېزەكلەردىكى ئىككى ھۇنمۇ ئۇزۇن پاخما چاچلۇق بولۇپ، چېچىنى كەستۈرمىگەن. ئەگەر ن. يىشى جامسۇنىڭ قارىشى بويىچە موڭۇغللار قىسقا چاچلىق، تۈركلەر ئۇۋزن چاچلىق بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ھۇنلارنىڭ موڭغۇل ئىرقىغا ئەمەس، تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولىدۇ [5].

موڭغۇللار بىلەن ھۇنلار بىر ئىرىقا مەنسۇپ بولمايلا قالماستىن، بىر مىللەت سېستىمىسىغىمۇ مەنسۇپ ئەمەس.

ئۇلارنىڭ تىلىمۇ ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. تارىخى ئەسەرلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، موڭغۇللارنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى بولغان- موڭغۇل بولۇپ، شىرۋى قەبىلىسىدىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. «موڭغۇل» دېگەن بۇ نام ئەڭ ئاۋال «كونا تاڭنامە» 199- جىلد «شىرۋىلار ھەققىدە قىسسە» دە كۆرۈلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا«موڭغۇل شىرۋىلىرى» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە» 219- جىلد «شىرۋىلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ ئۇلار «مېڭۋا قەبىلىسى» دېيىلگەن ھەم شجيەن دەرياسىنىڭ («كونا تاڭنامە»، «ۋاڭجيە دەرياسى» دېيىلگەن. ھازىرقى ئېرغۇنا دەرياسى) جەنۇبىدا ماكانلاشقان شىرۋى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئەزاسى ، دەپ خاتىرىلەنگەن. 14- ئەسىردىكى ئىلخانىلار خانلىقىدىكى تارىخچى راشىددىن ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «جامىئۇل تاۋارىخ» (1- جىلد) دىمۇ 13 ~ 14- ئەسىرلەردە موڭغۇللار ئارىسىدا ئۆز ئەجداتلىرىنى «ئېرغۇناقۇن» (قۇن ئىگىز چوققا دېگەن مەنىدە) دىن كەلگەن ھەم، كېيىن ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى ۋە چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ غەربكە كۆچۈپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كەلگەن، دەيدىغان قاراشنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇنىڭدىن موڭغۇللارنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسىنىڭ ئانا ماكانىنىڭ ئېرغۇنا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئەتراپى ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ھۇنلارنىڭ ئانا ماكانى بولغان چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى چوغاي تېغى بىلەن بىردەك ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ملادىيە 1-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھۇنلار چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇپ، شىمالىدىن چېكىنىپ چىققاندىن تارتىپ، تاكى 12- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا موڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىققانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقتى ئۆتكەن. بۇ مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇپ، شىمالىدا ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ سيانپى، جورجان، تۈرك، سىر- تاردۇش، ئۇيغۇر، قىرغىز، قىتان قاتارلىق مىللەتلەر دەۋر سۈرگەن. ئۇنداقتا موڭغۇللار يۇقىرىدىكى قايسى مىللەتنى «كۆۋرۈك» قىلىپ، ھۇنلار بىلەن مىللەت قانداشلىقى مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەن؟ ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شىمالىي ھۇنلار غەرپكە كۆچكەندىن كېيىن چۆللۈكنىڭ شىمالىدا قېلىپ قالغان ھۇنلاردىن تەخمىنەن ئون نەچچە تۈمەن تۈتۈن، نەچچە يۈز مىڭ ئادەم پۈتۈنلەي سيانپىلارغا قوشۇلۇپ، بارا- بارا سيانپىلىشىپ كەتكەن (ئاخىردا پۈتۈنلەي سيانپىلارغا سىڭىپ كىرگەن). چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا قېلىپ قالغان ھۇنلارمۇ 4- ئەسىرنىڭ ئاخىرى 5- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جورجانلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان. ئۇنداقتا موڭغۇللار بۇرۇن چۆللۈكنىڭ شىمالىدا پائالىيەت قىلغان ھۇنلار بىلەن قايسى

ۋاقتتا، قانداق شەكىلدە مىللەت قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۇرگەن؟ تارىخى ئەسەرلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن مىلادىيە 2ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا (شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى) سىيانپىلارنىڭ ئاقساقىلى تان شىخۇي رەھبەرلىكىدىكى قەبىلىلەر ھەربىي ئىتتىپاقى پارچىلانغاندا، توغبات سىيانپىلىرىنىڭ 7ـ ئەجدادى ئىككىنچى قېتىم چوڭلۇقىنىڭ شىمالىدىن غەرپكە كۆچۈپ، ئارقىدىن يەنە جەنۇپقا كۆچۈپ «ھۇنلارنىڭ بۇرۇنقى يېرى» گە كەلگەن. نەتىجىدە بىر قىسىم ھۇنلار بىلەن سىيانپىلار ئۆزـئارا نىكاھلىنىپ، يېڭىدىن ئىككى تارماق مىللەت ــ تۇبا ھۇنلىرى (ھۇن ئەرلىرى بىلەن سىيانپى ئاياللىرىنىڭ نىكاھلىنىشىدىن پەيدا بولغان) ۋە توغبات سىيانپىلىرى (ھۇن ئاياللىرى بىلەن سىيانپى ئەرلىرىنىڭ نىكاھلىنىشىدىن پەيدا بولغان) نى پەيدا قىلغان [6]. سىيانپىلارنىڭ (جۈملىدىن توغبات سىيانپىلىرىنىڭ) ۋاستىسى بىلەن بۇنداق قانداشلىق كېيىن سىيانپىلارغا ئوخشاش تۇڭگۇس سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغان قىتان، شىرۋى قەبىلىلىرىگە تارقالغان. ئاندىن كېيىن موڭغۇللارغا تارقىلىپ، موڭغۇللارنىڭ ھۇنلار بىلەن ئىنتايىن ۋاستىلىك ھەم ئىنتايىن سۇس قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۇرگەن. شۇڭا، موڭغۇللارنىڭ سىيانپىلار بىلەن بولغان قانداشلىق مۇناسىۋىتى ھۇنلارا قارىغاندا تېخىمۇ بىۋاستە ۋە تېخىمۇ يېقىن. شۇ سەۋەپتىن موڭغۇللار تۇڭگۇس سىستېمىسىغا مەنسۇپ. موڭغۇل تىلىمۇ سىيانپى تىلىغا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئوخشاش.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە تارىخىي ماتېرىياللاردا موڭغۇل شىرۋىلىرى مەنسۇپ بولغان شىرۋىلارنىڭ قىتان سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى، تىلىنىڭ قىتانلارغا ئوخشاش ئىكەنلىكى، كىيىنىشى، ئۆرۈمە چاچ قويۇشى ۋە «ئەگرى يا» ئىشلىتىش ئادەتلىرىنىڭ سىيانپىلار بىلەن ئوخشاشلىقى قەيت قىلىنغان. «ئون ئالتە پادىشاھلىق يىلنامىسى» ۋە «ۋېينامە» دە خاتىرلەنگەن سىيانپى تىلى بىلەن موڭغۇل تىلىنى سېلىشتۇرساق، ئادەم ئىسىملىرى ۋەئالماشلار، ئىسىملار پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دا خاتىرلەنگەن قىتان تىلىمۇ موڭغۇل تىلى بىلەن ئانچە پارقلىنىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى موڭغۇل تارىخشۇناس شېن زېڭگىنىڭ موڭغۇل تىلى بىلەن سىيانپى تىلى «ئانچە پەرقلەنمەيدۇ» دېيىشىنىڭمۇ ئاساسى بار [7]. بەزى ئالىملار يەنە «سىيانپى» ۋە «شىرۋى» دېگەن نام بىلەن ئوخشاش بىر نامنىڭ ئوخشىمىغان ئاھاڭ تەرجىمىسى، دەپ قارايدۇ. رايون جەھەتتىن تەتقىق قىلغاندىمۇ سىيانپىلارنىڭ ئانا ماكانى ھازىرقى ئېرغۇنا دەرياسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى چوڭ سىيانپى تېغى بولغان [8]. كېيىنكى شىرۋىلارنىڭ پائالىيەت رايونىمۇ دەل ئېرغۇنا دەرياسىنىڭ

شەرقىي جەنۇبىدا بولغان. بۇنىڭدىن موڭغۇللارنىڭ ئاساسلىق قىسمىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى تۇڭگۇس ـــ سىيانپى ـــ قىتان ـــ شىرۋى ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

موڭغۇل تىلىنىڭ تەركىبمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاز مىقداردا ھۇن تىلى ئارىلاشقان. شۇڭا، بەزى ئالىملار مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھۇنلار، دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە مىلادىيە 1- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شىمالىي ھۇنلار غەرپكە كۆچكەندىن كېيىن، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا قېلىپ قالغان نەچچە ئون تۈمەن ھۇن سىيانپىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن سىيانپى تىلىغا بەلگىلىك مىقداردا ھۇن تىلى ئارىلاشقان ھەم ئۇ سىيانپىلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق، موڭغۇل تىلىغا كىرگەن بولۇپ، بۇنىڭ ھېچقانداق ئەجەپلەنگۈدەك يېرى يوق. ھازىر دۆلەت ئىچى- سىرتىدىكى تىلشۇناسلارنىڭ كۆپىنچىسى ھۇن تىلى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ دەپ قارىماقتا. شۇڭا، يۇقىرقى نۇقتىغا ئاساسلىنىپلا (موڭغۇل تىلىدا ئاز مىقداردىكى ھۇن تىلىنىڭ بارلىقىغا قاراپ) ھۇنلارنى موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

موڭغۇل تىلىغا يەنە زور مىقداردىكى تۈرك تىلى ئارىلاشقان. بۇ شىرۋىلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تۈركلەر ھەم تۈركىي تىللىق مىللەت ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغانلىقى ۋە موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ 9- ئەسىردە ئېرگۇنا دەرياسىدىن غەرپكە كۆچۈپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ياياقلارغا كەلگەندىن كېيىن، بۇرۇندىن تارتىپ شۇ يەرلەردە ياشايدىغان تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلىشىپ، تۈرك تىلىنىڭ زور تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر (دۆلەت ئىچى- سىرتىدىكى كۆپىنچە ئالىملار تۈرك تىلى بىلەن موڭغۇل تىلىنىڭ زور پەرقى بار دەپ قارايدۇ). مەسىلەن، كېيىن موڭغۇللارنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان نايمان، كېرەي، ئونغۇت قاتارلىق قەبىلىلەر تۈركىي تىلنى قوللانغان.

ھۇنلار تۈرك ئىرقىغا، ھۇن تىلى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغانىكەن، ئۇنداقتا تۈركلەر بىلەن ھۇنلارنىڭ زادى قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ تارىخىي ئەسەرلەر ۋە تۈركىي يېزىقتىكى «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تۈركلەر بىلەن تۇرارلار (تېلىلار) بىر مىللەت بولۇپ، تۈركلەر تۇرالارنىڭ بىر تارمىقى بولغان. تۇرلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدە دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان. دىڭلىڭلار جەنۇبىي- شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە قاڭقىل دەپ ئاتالغان. سۇي، تاڭ سۇلالىرى دەۋرىگە كەلگەندە، تۈركلەر كۈچىيىشكە باشلاپ، نامى پەيدىنپەي جاھانغا تارالغان. ھۇنلار تۈركلەر ئىرقىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، ئەمما يېغىلىق

دەۋرى ۋە چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا ئۇلار ۋە دىڭلىڭلار ئايىتىم مىللەت بولۇپ شەكىللىنىپ بولغان. شۇڭا، هۇنلار تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بولماستىن، بەلكى تۈرك ئىرقىنىڭ بىر تارمىقىدۇر. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخىي» 99- جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە «تۈركلە ...... هۇنلارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقى» دەپ خاتىرلەنگەن. 98- جىلد «قاڭقىلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ «قاڭقىلار قەدىمقى قىزىل دىلارنىڭ قالدۇق ئۇرۇقى، دەسلەپتە دىلى دەپ ئاتالغان، كېيىن شىمالدىكىلەر چىلى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر گاۋچې (قاڭقىل، ئېگىز هارۋىلىقلار)، دىڭلىڭ دەپ ئاتىغان. تىلى هۇنلارنىڭ تىلى بىلەن خېلىلا ئوخشاش بولۇپ، ئازراق پەرقى بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئەجدادى هۇنلارنىڭ جىيەنى ئىكەن» دەپ خاتىرلەنگەن. بۇ ئىككى خاتىرە هۇنلار بىلەن تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ.

هۇنلارنىڭ تىلىنى ئېلىمىز ئىچى- سىرتىدىكى ئالىملار ئومۇمەن ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ دەپ قارىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇشۇ تىل سىستېمىسىدىكى موڭغۇل تىللىرى ئائىلىسى ياكى تۈركى تىللار ئائىلىسىنىڭ زادى قايسىسىغا مەنسۇپلىقى ھەققىدە هازىرغىچە تالاش- تارتىش مەۋجۇت. ئەمما، تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ دىگۈچىلەر يەنىلا ئىككى كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ [9].

هازىر ساقلىنىپ قالغان هۇن سۆزلەملىرى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئۇلارئىڭ ئىچىدە ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىشلەرنىڭ ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ مەنىسىنى بىلشكە بولىدىغانلىرىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:

# (1) هۇن ۋە غۇز

يازما ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، هۇنلار ئۆزىنى «هۇن» دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە «غۇز» دەپمۇ ئاتىغان.

«تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرلىنىشىچە، هۇن تەڭرىقۇتى خەن پادىشاھىغا يازغان مەكتۇبىدا ئۆزىنى «هۇنلانىرىڭ ئۇلۇغ تەڭرىقۇتى» دەپ ئاتىغان. باتۇر تەڭرىقۇت خەن ۋېندىغا يازغان مەكتۇبىدىمۇ، «هازىر كىروران، ئۇيسۇن، ئوغۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تىنجىتىلدى

ھەم ھۇنلارغا قارام بولدى» دېگەن. يەنە «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرلىنىشىچە قوغۇشار تەڭرىقۇت ئۆلگەندە، جۇەنچۇ ئالچى يېڭىدىن تەختكە چىققان داتاۋ بۇقىغا نەسىھەت قىلىپ «ھۇنلار ئون نەچچە يىللىق قالايمىقانچىلىقنى باشتىن ئۆتكۈزدى. ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن. بۇ خاتىرىلەر ھۇنلارنىڭ ئۆزىنى «ھۇن» دەپ ئاتىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

يەنە «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرلىنىشىچە، قۇلقۇ تەڭرىقۇت خەن ۋۇدىغا يازغان مەكتۇبىدا: «جەنۇپتا بۈيۈك خەن سۇلالىسى، شىمالدا قۇدرەتلىك غۇزلار (ھۇنلار) بار. غۇزلار (ھۇنلار) تەڭرىنىڭ مەغرۇر ئوغلى» دېگەن. يەنە ھۇنلارنىڭ دىڭلىك خانى ۋېيلۇ خەن سۇلالىسىنىڭ تەسلىم بولغان سەركەردىسى لى گۇاڭلىغا زىيانكەسلىك قىلىش ئۈچۈن، قەستەن غۇز باخشىسىنى كۈشكۈرتۈپ «مەرھۇم تەڭرىقۇت غۇزلار بۇرۇن ئەسكەرلەرگە ئاتاپ قۇربانلىق قىلىپ تۇراتتى (قوشۇن تارتقاندا ئات-ئۇلاغ ۋە جەڭچىلەرنى قۇربانلىق قىلىناتتى). مەن سۇترىشنا سانغۇنى (لى گۇاڭلىنى) قۇربانلىققا ئاتاپ قويغاندىم. نىمە ئۈچۈن تېخىچە ئىجرا قىلىنمايدۇ دەپ غەزەپلىنىۋاتىدۇ» دېگۈزگەن. بۇنىڭدىن ھۇنلارنىڭ ئۆزىنى يەنە «غۇز» دەپ ئاتىغانلىقىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ھۇنلارنىڭ ئۆزىنى غۇز دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئەتراپتىكى خىشنا مىللەتلەرمۇ بىلگەن. شۇڭا ئۇلار ھۇنلارنى دائىم «غۇز» دەپمۇ ئاتىغان. «خەننامە» 96- جىلد «غەربىي يۇرت ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرلىنىشىچە، پىشامشان، سۇلې، كۇسەن، لوپنۇر، ئۇشاق، ئاگنى، قوش قاتارلىق «بەگلىك» لەرنىڭ ھەممىسىدە «غۇزلاردىن قوغدانغۇچى بەگ»، «غۇزلارغا زەربە بەرگۈچى كاھبەگ»، «غۇلاردىن قوغدانغۇچى ئىناچخان» ، «غۇزلارغا زەربە بەرگۈچى ئىناچخان» قاتارلىق ئەمەللەر تەسىس قىلىنغان. چۈنكى بۇ «بەگلىكلەر» نىڭ ھەممىسى ھۇنلارغا خىشنا بولغاچقا ھەم داۋاملىق ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ تۇرغاچقا، «غۇزلار» (ھۇنلار) دىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن مەخسۇس مۇشۇنداق ئەمەللەرنى تەسىس قىلغان. خەنزۇلار ھۇنلارنىڭ ئۆزلىرىنى «غۇز» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ناھايتى ئېنىق بىلگەن. شۇڭا ئۇلار ھۇنلارنىڭ شەرقىدە پائالىيەت قىلىدىغان قەبىلىلەرنى «شەرقىي غۇز» (توڭگۇس) دەپ ئاتىغان. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە فۇ چيەننىڭ سۆزىدىن نەقىل ئېلىنىپ: «توڭگۇسلار ئوغانلارنىڭ ئەجدادى، كېيىن سيانپى دەپ ئاتالغان. ئۇلار ھۇنلارنىڭ غەربىدە بولغاچقا، شەرقىي غۇز دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن. ھۇنلارنىڭ غەربىدە پائالىيەت قىلغان غەربىي يۇرتتىكى

ھەر قايسى مىللەتلەر بولدا «غەربىي غۇز» [10] دەپ ئاتالغان. ئومۇمەن ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە «غۇز» ھۇنلارنىڭ مەخسۇس نامى بولۇپ،«غۇز» دېيىلگەندە ھۇنلار كۆزدە تۇتۇلغان. تىلشۇناسلارمۇ «ھۇن» بىلەن «غۇز» بىر سۆزنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. ئەمما، «ھۇن» بىلەن «غۇز» نىڭ نىمە مەنىدە ئىكەنلىكى تېخى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس.

## (2) تەڭرىقۇت، تەڭرى، قۇت، جۇت، تۇغ

«خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە، تەڭرىقۇت لاندى ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئېلىدىكىلەر ئۇنى «تەڭرىقۇت» دەپ ئاتايتتى. ھۇنلار كۆك (ئاسمان) نى «تەڭرى» [11]، ئوغلىنى «قۇت» دېيىشەتتى. «تەڭرىقۇت» تەڭرىگە ئوخشاش بۈيۈك دېگەنلىك بولاتتى، دەپ خاتىرلەنگەن. تەڭرىقۇت قەدىمدە خەنزۇچە چەنيۈ (单于) دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان بولۇپ، ھۇن تىلىدا ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە «شۈەنيەن يىلنامىسى» دىن نەقىل ئېلىنىپ: «شى ئەن ‹خەننامە› نى ئوقۇۋېتىپ، بۇ سۆزنىڭ (تەڭرىقۇت دېگەن سۆزنىڭ) مەنىسىنى تۈشىنەلمىگەندە، ياندا تۇرۇۋاتقان ھۇن قۇلى بۇ ھۇنچە تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى دېگەنلىك بولىدۇ، دېگەن» دېيىلگەن. «تەڭرىقۇت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى يىغىنچاقلىغاندا، ئۇ ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى داۋاملىق «تەڭرى تىكلىگەن ئۇلۇغ ھۇن تەڭرىقۇتى» ياكى «ئاسمان – زېمىندىن تۆرەلگەن. قۇياش – ئاي تەرىپىدىن قويۇلغان ئۇلۇغ ھۇن تەڭرىقۇتى» دەپ ماختىغىنىدەك «ئىنتايىن ئۇلۇغ ۋە يۈكسەك» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولغان.

كېيىن خەن سۇلالىسى فېئودال ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش سەۋەبىدىن «تەڭرىقۇت» دېگەن نامنىڭ ئارقىسىغا يەنە «جۇت» دېگەن سۆز قوشۇلغان. «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە ھۇنلار ۋاپادارلىقنى «جۇت» دەيتتى. خەن سۇلالىسى بىلەن قۇدىلاشقاندىن كېيىن، خەن پادىشاھلىرىنىڭ ۋاپادار دېگەن نامنى قوللىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا مەپتۇن بولدى. شۇڭا، ئۆزلىرىنى «جۇت» دەپ ئاتىدى دەپ خاتىرلەنگەن. قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى فۇجۇرجۇت تەڭرىقۇتتىن باشلاپ تەڭرىقۇتلار ئۆزلىرىنى «جۇت» دەپ ئاتاشقا

باشلىغان. مەسلەن، فۇجۇرجۇت تەڭرىقۇت، سۇشجۇت تەڭرىقۇت دېگەندەك. جەنۇبىي تەڭرىقۇت بىدىن باشلاپ بىۋاستە «ت» دەپ ئاتاشقان. مەسلەن شىلوشىيۇت تەڭرىقۇت، كىئوفۇيۇت تەڭرىقۇت دېگەندەك.

بۇنىڭدىن باشقا «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: «ھۇنلار ئاقىل كىشلەرنى, تۇغ ، دەپ ئاتايتتى. شۇڭا شاھزادىلەر داۋاملىق سول تۇغ خانلىققا تەيىنلىنەتتى» دەپ خاتىرلەنگەن. سول تۇغ خان سول قول بىلىك خاننى كۆرستەتتى.

# (3) ئالچى، قۇنچۇي

ھۇنلار خوتۇنى ۋە توققاللىرىنى ئالچى، ئانىسىنى ئانا ئالچى دېگەن.

«تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرلىنىشچە، شى زاۋچى يەنۋاڭغا يازغان خېتىدە: «تاغ باغرىدا ‹كارتام گۈلى(بىر خىل زەمبۇرۇغلۇق ئۆسۈملۈك) بار. سىلى ئۇنى بىلەملا؟ شىمالدىكىلەر (ھۇنلار) ئۇنىڭ گۈلىنى ئېلىپ ئۇنىڭدىن ئەڭلىك ياسايدۇ، قىز- ئاياللىرى ئۇنى ئىشلىتىپ پەرداز قىلىدۇ، ھۇنلار ئايالىنى ‹ئالچى› دەپ ئاتايدۇ. ئەگەر بىلمەكچى بولسىلا ‹خەننامە› نى ئوقۇپ باقسىلا» دېگەن.

ھۇنلار كۆپىنچە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۇرمۇش كەچۈرگەن. يەنە كېلىپ ئاتىسى ئۆلسە ئوغلى ئۆگەي ئانىسىنى ئالىدىغان، ئاكىسى ئۆلسە خوتۇنىنى ئىنىسى، ئىنىسى ئۆلسە خوتۇنىنى ئاكىسى ئالىدىغان بولغاچقا، كۆپ خوتۇن ئېلىش ئەھۋالى ناھايىتى ئومۇملاشقان. بولۇپمۇ ھۆكۈمران سىنىپتىكى يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ ناھىيتى نۇرغۇن ئالچىلىرى بولغان. مەسلەن، باتۇر تېخى تەڭرىقۇت بولمىغان ۋاقتىدا «ئاۋازلىق ئوقيانى ئۆزىنىڭ ئامراق ئالچىسىغا قارىتىپ ئاتقان»، بۇ ئۇنىڭ بىرىنچى ئالچىسى ئىدى؛ تەڭرىقۇت بولغاندىن كېيىن «ياخشى كۆرىدىغان ئالچىسىنى توڭگۇسلارغا بېرىۋەتكەن»، بۇ ئىككىنچى ئالچىسى ئىدى؛ مىلادىدىن بۇرۇنقى 200- يىلى ليۇباڭ پىڭچېڭدا قورشاۋغا چۈشۈپ قالغاندا، ئەلچى ئارقىلىق باتۇرنىڭ ئالچىسىغا نۇرغۇن پارا بەرگەن. بۇ ئۈچىنچى ئالچىسى ئىدى؛ مىلادىدىن بۇرۇنقى 199- يىلى ليۇباڭ ليۇچىڭنى ھۇنلارغا ئەۋەتىپ قۇدىلىشىش ئەھدىنامىسىنى تۈزگەندىن كېيىن، «ئوردىدىكى قىزلاردىن مەلىكە تاللاپ، ھۇن تەڭرىقۇتقا ياتلىق قىلغان»، بۇ

تۆتىنچى ئالچىسى ئىدى [12]؛ مىلادىدىن بۇرۇنقى 192 ـ يىلى لۇ خانىش يەنە « ئوردىدىكى قىزلاردىن مەلىكە تاللاپ، ھۇن تەڭرىقۇتقا ياتلىق قىلغان»، بۇ بەشىنچى ئالچىسى بولغان. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى جۇەنچۇ ئالچى، ئىككىنچىسى چوڭ ئالچى ئىدى [13]. يەنە ئۈچىنچى، تۆتىنچى ۋە بەشىنچى ئالچىسمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاخىرقى ھۇنلارنى تەمىن قىلغۇچى ئالچى ۋاڭ جاۋجۈن ئىدى [14]. بۇنىڭدىن باشقا قوغشارخانىنىڭ ئاكىسى قۇتىئۇشىنىڭمۇ نۇرغۇن ئالچىلىرى بولۇپ، «نەچچە ئوندىن ئاشاتتى[15]». بۇنىڭدىن ئالچىلارنىڭ ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىنىلا كۆرستىپلا قالماستىن، يەنە توقاللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، خەن سۇلالىسىدىكى بەزى شەرھشۇنالارنىڭ (مەسلەن، «خەننامە» نى ئىزاھلىغۇچىيەن شىگۇ) ئالچى «ھۇنلارنىڭ خانىشى» دەپ ئىزاھلىشى خاتا بولۇپ قالغان.

ئۇنداقتا، قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىلىرىدىن جۇەنچۇ ئالچى بىلەن چوڭ ئالچىنىڭ ئورنى، سالاھىيتى قانداق بولغان؟ «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: «دەسلەپتە قوغۇشار تەڭرىقۇت سول ئىجىزخانىنىڭ ئاكىسى قۇيان خانىنىڭ ئىككى قىزىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. چوڭ قىز جۇەنچۇ ئالچىدىن ئىككى ئوغۇل كۆرگەن بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى جۇمۇچ ئىدى. كىچىك قىزى چوڭ ئالچىدىن تۆت ئوغۇل كۆرگەن بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى داتاۋبۇقا ئىدى. ئۇ جۇمۇچتىن چوڭ ئىدى. جۇەنچۇ ئالچى ئېسىلزادە ئىدى. ھەم قوغۇشار تەڭرىقۇتمۇ جۇمۇچنى ياخشى كۆرەتتى. قوغۇشار تەڭرىقۇت كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ ئۆلۈش ئالدىدا، جۇمۇچنى ئۆزىگە ۋارىس قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، جۇەنچۇ ئالچى: ‹جۇمۇچ تېخى كىچىك، پۇقرالار ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ كەيمەيدۇ، ئۇ تەڭرىقۇت بولسا ئەلدە يەنە قالايمىقانچىلىق چىقىپ قالارمىكىن. چوڭ ئالچى ئىككىمىز ئاچا-سىڭىل، ئەڭ ياخشىسى داتاۋبۇقا ۋارىس بولغىنى تۈزۈك، دېدى. چوڭ ئالچى: ‹جۇمۇچ كىچىك بولسىمۇ، دۆلەت ئىشىرىغا ۋەزىرلەر ياردەم قىلىدۇ. ھازىر ئېسىلزادە ئوغۇل تاشلاپ قويۇلۇپ، ئادەتتىكى ئوغۇل ۋارىس بولسا، كېيىن چۇقۇم قالايمىقانچىلىق چىقىدۇ، دېدى. قوغۇشار تەڭرىقۇت ئويلىنىپ ئاخىرى جۇەنچۇ ئالچىنىڭ پىكرى بويىچە داتاۋبۇقنى ۋارىس قىلدى» دەپ خاتىرلەنگەن. بۇ خاتىرە جۇەنچۇ ئالچى بىلەن چوڭ ئالچىنىڭ ئورنى ۋە سالاھىيتى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، جۇەنچۇ ئالچى بىرىنچى ئالچى، چوڭ ئالچى ئىككىنچى ئالچى، جۇەنچۇ ئالچىنىڭ ئېسىلزادە، چوڭ ئالچىنىڭ ئوغلى پەس دەپ قارالغان. بۇنىڭدىن جۇەنچۇ ئالچىنىڭ رەسمىي خوتۇن، چوڭ ئالچىنىڭ توقال ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭا، خۇ شەنشېڭنىڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا

پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» (23- جىلد) نى ئىزاھلىغاندا «جوەنچۇ ئالچى تەڭرىقۇتنىڭ رەسمىي خوتۇنى بولۇپ، چوڭ ئالچىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇراتتى» دېيىشى توغرا. ۋاڭ شيەنچيەننىڭ «خەننامىگە تولۇقلىما. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە شىن چىنخەننىڭ سۆزىدىن نەقىل ئېلىپ «ھۇنلارنىڭ رەسمى خوتۇنى چوڭ ئالچى دېيىلەتتى» دېيىشى بولسا خاتا [16].

«خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە يەنە دائىم «ئانا ئالچى» دېگەن ئىسىم تىلغا ئېلىنغان. مەسلەن، «ئانا ئالچى قۇلۇقۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئۆز ئوغلىنى تەڭرىقۇت قىلماي سول قول بۆيۈك كاھبەگنى تەڭرىقۇت قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن» ، «قۇيانكى تەڭرىقۇتنىڭ يېشى كىچىك بولۇپ، دەسلەپتە تەختكە چىققان چاغدا ئانا ئالچىنىڭ پەزىلىتى دۇرۇس بولمىغان» دېگەندەك. يەنە شۇ كىتابنىڭ 68- جىلد «جىن مىتىنىڭ تەرجىمھالى» دىمۇ: «جىن مىتىنىڭ دادىسى (شۇتۇق خان) خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇشقا ئۇنىمىغاچقا قۇنشار خان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. جىن مىتى ئانا ئالچى ۋە ئىنىسى لۇن بىلەن ئوردىغا كىرىشتىن قورقۇپ، شىغاۋۇل مەھكىمىسىدە ئات باققان. جىن مىتىنىڭ ئانىسى ئىككى ئوغلىنى ناھايىتى قائىدىلىك تەربىيلىگەچكە، خەن ۋۇدى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنى ماختىغان. ئۇ كېسەل بولۇپ ئۆلگەندە، ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇپ، رەسىمنى گەنچۈەن قەسرىگە ئاستۇرۇپ، ئۇنىڭغا, شۇتۇق خاننىڭ ئەلچىسى، دەپ نام بەرگەن. جىن مىتى ھەر قېتىم بۇ رەسىمنى كۆرگەندە يىغلىغىنىچە كېتىپ قالغان» دەپ خاتىرلەنگەن. بۇنىڭدىن ھۇن تىلىدىكى «ئانا ئالچى» نىڭ ئانا خانىش دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ھۇن تىلىدا مەلىدىكە «قۇنچۇي» دەپ ئاتالغان. «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: «فۇجۇرۇت تەڭرىقۇت ۋاڭ جاۋجۈننى ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئىككى قىز كۆردى. چوڭ قىزى يۈەن شۈبۇ قۇنچۇي، كىچىك قىزى داڭيۇ قۇنچۇي دەپ ئاتالدى» دېيىلگەن. يەنە: «ھۇنلارنىڭ ھوقۇقلۇق ۋەزىرى ئوڭ قول قۇتقۇ شۇبۇ تان ۋاڭ جاۋجۈننىڭ قىزى يىمۇ قۇنچۇي يۈننىڭ ئېرى ئىدى» دەپ خاتىرلەنگەن،. يەن شىگۇ لى چىنىڭ سۆزىدىن نەقىل ئېلىپ «قۇنچۇي قىزلارغا بېرىلىدىغان نام بولۇپ، خەنزۇ تىلىدىكى مەلىكە بىلەن ئوخشاش» ،«شۇبۇ، داڭيۇ ئۇرۇقلىرى ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ ئۇرۇقلىرى ئىدى» دېگەن. يۈەننىڭ دەسلەپتە شۈبۇ قۇنچۇي دېيىلىپ، كېيىن يىمۇ قۇنچۇي دېيىلىشىدىكى سەۋەپ شۇكى، ھۇنلار ئۇرۇقنىڭ سىرتتىن نىكاھلىنىش تۈزۈمىنى يولغا قويغاچقا، يۈەن ئاتىسىنىڭ لاندى ئۇرۇقىدىن شۈبۇ ئۇرۇقىغا ياتلىق قىلىنغاندا، ھۇنلارنىڭ

ئۇرۇقنىڭ نامى بويىچە شۇبۇ قۇنچۇي دەپ ئاتالغان. خەن مەلىكىلىرىنىڭ جىيې يۈ ۋە شىجۈنلەرنىڭ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، ئۇيسۇنلارغا ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن، «ئۇيسۇن مەلىكىسى» دەپ ئاتىلىشىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش. شۇڭا، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئالىم چىيەن داجاۋنىڭ «يۈن ئەسلىدە يىمۇ قۇنچۇي ئىدى، كېيىن شۇبۇ ئۇرۇقىغا ياتلىق قىلىنغاچقا، شۇبۇ قۇنچۇي دەپ ئاتالغان» دېيىشى توغرا.

# (4) ئوتتۇرا

«تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: «توڭگۇسلار خانى بارغانسېرى كۆرەڭلەپ غەربكە ھۇجۇم قىلدى. توڭگۇسلار بىلەن ھۇنلارنىڭ ئارىلىقىدا مىڭ چاقىرىمدىن ئۇشۇق كېلىدىغان بىر تاشلاندۇق قاقاس يەر بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ مۇشۇ يەرنى ئوتتۇرا (پاسىل) قىلىپ بەلگىلىگەنىدى. توڭگۇسلار باتۇر تەڭرىقۇتقا ئەلچى ئەۋەتىپ ‹سىلەر ھۇنلار ئوتتۇرادىكى تاشلاندۇق يەرگە ئاياق باسقۇچى بولماڭلار، ئۇ يەرنى بىز ئىگەللىمەكچىمىز› دېدى. باتۇر تەڭرىقۇت بۇنىڭدىن دەرغەزەپ بولۇپ، شەرققە يۈرۈش قىلىپ، توڭگۇسلارغا زەربە بېرىپ، توڭگۇس خانىنى تارمار قىلىپ، ئاھالىسىنى ۋە مال - مۈلكىنى ئولجا ئالدى» دەپ خاتىرلەنگەن.

بۇ يەردىكى «ئوتتۇرا» دېگەن سۆزى ھەر قايسى دەۋرلەردىكى فېئودال ئالىملار ئوخشاش بولمىغان ھالدا ئىزاھلانغان. بەزىلىرى ئۇنى «چېگرىدىكى مۇداپىئە رايونى» ياكى «چېگرىدىكى قاراۋۇلخان» ياكى «چېگرىدىكى كۈزىتىش ئورنى» دەپ ئىزاھلىغان. يەنە بەزىلىرى بولسا «خەنزۇلارنىڭ ئوغرىلىقچە كىرىۋېلىشىنى پايلايدىغان ئورۇن»» ياكى «لەخمە» ياكى «يەر نامى» دەپ ئىزاھلىغان [17].

مېنىڭچە، يۇقىرىدىكى ئالىملارنىڭ ئىزاھاتلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا بولمىغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دىڭ چيەن بۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، يەنە ‹قىسسەدە تاشلاندۇق قاقاس يەر› دەپ ئېنىق ئېيتىلغان. يەنە ‹ھەر ئىككى تەرەپ مۇشۇ يەرنى ئوتتۇرا (پاسىل) قىلىپ بەلگىلىگەن، دېيىلگەن. شۇنداق ئىكەن، ئوتتۇرانىڭ تاشلاندۇق يەنى كۆرستىدىغانلىقى ئېنىق. تېكىستتە بۇ يەرنىڭ مۇداپىئە قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا گەپ يوق. يەر شۇنداق كەڭ تۇرسا قانداقمۇ قوغداپ بولغىلى بولسۇن؟ يەنە كېلىپ ئىنسى - جىن يوق قاقاس تۇرسا قوغداشنىڭ نىمە ھاجىتى؟

بىلىشىمىز كېرەككى، ‹ئوتتۇرا› دېگەن سۆز ئەينى چاغدىكى شۇە، ھازىر ئۇنىڭ توغرا مەنىسىنى بىلىش تەس. لېكىن، مەنە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئادەم ئولتۇراقلاشمىغان تاقىر يەر دېگەنلىك بولسا كېرەك. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنى قانداقمۇ ‹خەنزۇلارنىڭ ئوغرىلىقچە كىرىشىنى پايلايدىغان ئورۇن› ياكى ‹چېگرىدىكى كۆزىتىش ئورنى› دېگىلى بولسۇن؟» دېگەن [18].

دېمەك چيەن گەرچە يۇقىرقى قاراشلارغا رەددىيە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما «ئوتتۇرا» ئىبارىسىگە ئېنىق تەبىر بېرەلمىگەن. ئەمەلىيەتتە، ئوتتۇرا ھۇن تىلىدا چېگرا دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن. ئاتالمىش «ئوتتۇرادىكى تاشلاندۇق يەر» دەل ئېنىگېلىس «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دا ئوتتۇرىغا قويغان ئىپتىدائىي قەبىلىلەر ئارىسىدىكى «بىتەرەپ رايون» دۇر.

توڭگۇسلار ۋە ھۇنلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىرنىڭ ئالدى- كەينىدە، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا بىرلا ۋاقىتتا باش كۆتۈرۈپ چىققان. ئۇزۇن ئارا قارىمۇ قارشى ئىككى قۇدرەتلىك قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ۋە ئۇلۇس بولۇپ، توڭگۇسلار ھازىرقى لياۋخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى لاۋخا ۋە شىرامۇرەن دەريالىرى ۋادىسىدا چارۋىچىلىق قىلىپ، غەرب تەرەپتە ھۇنلار بىلەن چېگرىلانغان. شۇڭا، ئىككى تەرەپ سۈركىلىشنى پەسەيتىدىغان«بىتەرەپ رايون» ئوتتۇرانى بەلگىلىگەن. ئېنگېلس «تىل جەھەتتىن يېقىنراق بولغان قەبىلىلەر ئارىسىدا بۇنداق بىتەرەپ رايون بىر قەدەر تار ھەم كىچىك، تىل جەھەتتىن يىراقراق بولغان قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا بۇنداق بىتەرەپ رايون بىر قەدەر چوڭ بولغان» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ھۇنلار بىلەن توگۇسلارنىڭ تىلى ئوخشىمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى «ئوتتۇرا» (پاسىل) مىڭ نەچچە چاقىرىم كەڭلىكتە بولغان ئېنگېلس يەنە: «بۇنداق ئېنىق بەلگىلەنمىگەن چېگرا ئايرىپ تۇرغان جايلار، يەنىلا قەبىلىنىڭ جامائەت يېرى بولسىمۇ، لېكىن خىشنا قەبىلىلەر ئېتىراپ قىلغاندىلا ھەم قەبىلە ئۆزى قوغدىغاندىلا ئاندىن ئۇ دەخلى- تەرۇزدىن ساقلىنالايتتى [19]»دېگەن. شۇڭا، توڭگۇسلار بۇ يەرنى ئىگەللىمەكچى بولغاندا، ئالدى بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇ يەرنى ئىگەللەش ئۈستىدە سۆزلەشكەن. ئەمما، ئىگەللىۋېلىش قەستى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ قاتتىق غەزىپىگە ۋە قايتۇرما زەربىسىگە ئۇچرىغان.

ھۇنلار شەرقتە توڭگۇسلار بىلەن سۈركىلىشنى پەسەيتىدىغان ئوتتۇرا ئىگەللەپلا قالماي، جەنۇپتا خەن

سۇلالىسى بىلەن چېگرىلىنىدىغان يەرلەردىمۇ «ئوتتۇرا» بەلگىلىگەن«خەننامە» 54- جىلد «سىۋۋنىڭ تەرجىمھالىدا» دا لى لىڭ بايقال كۆلىگە بېرىپ سۇۋۇغا «ئوتتۇرىدا ھۇنلار تۇتۇلغان يۇنجۇڭلۇقلارنىڭ دېپىشچە يۇنجۇڭنىڭ ۋالىيسىدىن تارتىپ ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنىڭ ھەممىسى قارىلىق تۇتۇپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا خان (خەن ۋۇدى) ئۆلگەن ئوخشايدۇ» دەپ خاترىلەنگەن. لى لىڭ مەغلۇپ بولۇپ ھۇنلارغا تەسلىم بولغان خەن سۇلالىسى سەركەردىسى بولۇپ، شۇ چاغدا سۇۋۇ ھۇنلارغا ئەلچىلىككە بولۇپ بارغاندا، تەڭرىقۇت تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنىپ، بايقال كۆلىق بويىغا ئاپىرىۋېتىلگەن. لى لىڭ بۇ گېپىدا چېگرىدا تۇتۇۋېلىنغان يۇنجۇڭلۇقلاردىن خەن ۋۇدىنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى بىلىۋالغانلىقىنى دېمەكچى بولغان. بۇنىڭدىن ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرىدىكى يەرلەردىمۇ «ئوتتۇرا» نىڭ بارلىقى، تۇتقۇنلارنىڭ يۇنجۇڭدا تۇتۇۋېلىنغانلىقىدىن بۇ «ئوتتۇرا» نىڭ ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنى توقتۇ ناھىيىسى (خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۇنجۇڭ ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى) ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

«خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە يەنە، شۆەندىنىڭ دىجيې 2- يىلى «مىلادىدىن بۇرۇنقى 68- يىلى) كۈزدە «ھۇنلار غەربىي رۇلارنىڭ سول تەرىپىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى قول ئاستىدىكى نەچچە مىڭ ئادەمنى باشلاپ، مال- چارۋىلىرىنى ھەيدەپ جەنۇپقا يۈرۈپ، ئوتتۇرادا (چېگرا) جەڭ قىلىپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ ۋە يارىدار قىلىپ، جەنۇپقا بېرىپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى» دەپ خاترىلەنگەن. غەربىي رۇلار ھۇن قۇلدارلىرى بويسۇندۇرۇۋالغان بىر كىچىك قەبىلە بولۇپ، مەجبۇرى ھالدا ھۇنلارنىڭ شەرقىي قىسمىدا (سول تەرىپىدە) چارۋىچىلىق قىلغان. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى ھۇنلار ئاجىزلاشقان، بىقىندى ئەللەر پارچىلانغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قەبىلىدىكى نەچچەمىڭ ئادەمنى باشلاپ جەنۇپقا بېرىپ، خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان. ھالبۇكى، ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىدىكى ئوتتۇرادا يەنە چېگرانى چارلايدىغان ۋە ساقلايدىغان چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى بولغاچقا، غەربىي رۇلار جەنۇپقا ماڭغاندا، ئۇلارنىڭ توسقۇنلىقىغا ئۇچرىغان. شۇڭلاشقا، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولغان. نەتىجىدە غەربىي رۇلار چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، بىخەتەر ھالدا خەن سۇلالىسىگە بېرىۋالغا.

ئۇنداقتا، رۇلار بېسىپ ئۆتكەن ئوتتۇرا زادى قەيەردە؟ «تارىخىي خاترىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، ھۇنلارنىڭ سول تەرەپتىكى خانلىرى شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شاڭگۇ

ئايمىقىنىڭ شەرقىگە توغرا كەلگەن. ئۇلۇغ تەرەپتىكى خانلىرى غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شاڭجۇن ۋە يۈنجۈلۈك ئايمىقىنىڭ ئۈدۈلىغا توغرا كەلگەن. مۇشۇ ئورۇنلار بويىچە قارىغاندا سول تەرەپ شاڭگۈنىڭ (ھازىرقى خېبىي ئۆلكىسى خۇەيلەي ناھىيىسى) شەرقىدىكى رايونىغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، بۇ ھۇنلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى جايلىشىش ئەھۋالى بولۇپ، كېيىن ئۇلار خەن ۋۇدى تەرىپىدىن ئارقا- ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا پۇت تىرەپ تۇرۇشقا ئامالسىز قالغاچقا، يۈەنگېيك 6- يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 105- يىلى) دىن كېيىن تەڭرىقۇت تېخىمۇ غەربىي شىمالغا يۆتكىلىپ، سول تەرەپتىكى قوۋملار ئايماقلىرىغا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، جۈملىدىن باشقۇرۇش رايونى تېخىمۇ غەربكە سۈرۈلگەن. شۇڭا، غەربىي رۇلارمۇ بۇ چاغدا سول تەرەپتىن جەنۇپقا سۈرۈلگەندە دەل يۈنجۈلۈك ئايمىقىغا توغرا كەلگەن. بۇنىڭدىن غەربىي رۇلار بۇ قېتىم بىرىپ ئۆتكەن «ئوتتۇرا» نىڭ يۈنجۈلۈك ئەتراپىدىكى «ئوتتۇرا» ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

يۈنجۈلۈك خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار داۋاملىق ئۇرۇش قىلىدىغان جاي بولۇپ، ھۇنلارنىڭ بۇ يەردە «ئوتتۇرا» بەلگىلەش ھەم چېگرا چارلايدىغان ۋە قوغدايدىغان قوشۇن تۇرغۇزۇشى ناھايىتى تەبىئىي. ئۇنداقتا، ھۇنلار خەن سۇلالىسى بىلەن چېگرىلىنىدىغان باشقا جايلاردا يەنە «ئوتتۇرا» تەسىس قىلغانمۇ، يوق؟ «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: يۈەندىنىڭ چۇيۈەن 5- يىلى، خەن سۇلالىسى گۇ جىنى ئەلچى قىلىپ قۇتىئۇش تەڭرىقۇتنىڭ بارىمتايلىقتا تۇرىۋاتقان ئوغلىنى ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتكەندە، قۇتىئۇش تەڭرىقۇت ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. خەن سۇلالىسى گۇ جىنىڭ دېرىكىنى ئالالماي تۇرغاندا ئەل بولغان ھۇنلار ئۇنىڭ ئوتتۇرادا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتتى. قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ ئەلچىسى كەلگەندە، خەن سۇلالىسى ئۇنىڭدىن گۇ جىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش سەۋەبىنى قاتتىق سۈرۈشتۈردى» دەپ خاتىرلەنگەن. شۇ چاغدا ھۇن ھۆكۈمرانلار گورۇھى قۇتىئۇش ۋە قوغۇشار ۋەكىللىكىدىكى ئىككى قىسمىغا پارچىلانغان بولۇپ، قۇتىئۇش چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىقۇت ئوردىسىنى ئىگەللىگەن. قوغۇشار جەنۇپقا كېلىپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ، سۇفاڭدىكى جىلۇ قورۇلى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ خېتاۋدىكى كاڭجىن ئارقا خوشۇنىنىڭ غەربىدە) غا ئورۇنلاشقان. تارىخىي ئەسەرلەردە گۇ جىنىڭ ماڭغان يولى ئېنىق يېزىلمىغان. شۇڭا، بۇ يەردىكى «ئوتتۇرا» نىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئەمما، خەن سۇلالىسىنىڭ خاتا ھالدا ئۇنى قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ ئادەملىرى ئۆلتۈردى دەپ ئويلىغىنىدىن قارىغاندا، سۇفاڭ ئەتراپىدىكى چېگرا يەرلەردىمۇ «ئوتتۇرا» بولغان. بولمىسا گۇ جى «ئوتتۇرا» دىكى چېگرا چارلىغۇچى قوشۇن

تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندە، خەن سۇلالىسى سۇفاڭدا تۇرىۋاتقان قوغۇشادىن گۇمانلانمىغان بولاتتى. سۇفاڭمۇ هۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسى داۋاملىق ئۇرۇش قىلىدىغان رايون ئىدى. شۇڭا، خەن سۇلالىسى ئۇ يەردە نۇرۇغن يول، قاراۋۇلخانا، قورۇل ۋە قەلئەلەرنى قۇران. هۇنلارمۇ سۇركىلىشنى پەسەيتىدىغان ۋە مۇداپىئە كۆرىدىغان ئوتتۇرا بەلگىلىگەن. ئەمەلىيەتتە، هۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئەسىرلەردە ئېنىق خاتىرلەنمىگەچكە، تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ئىمكانىيتى يوق.

«ئوتتۇرا» هۇنلار بىلەن توڭگۇسلار ياكى خەنزۇلار ئوتتۇرسىدىكى «بىتەرەپ» رايون بولغانىكەن هەم ئۇنى چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى ساقلىغانىكە، ئۇنداقتا بۇ قوشۇنلارنى چوقۇم مۇهىم ئەمەلدارلار باشقۇرغان. «خەننامە. هۇنلار هەققىدە قىسسە» دە: «جاۋدىنىڭ يۈەنفېڭ 1- يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 80- يىلى) خەن قوشۇنلىرى هۇنلانىڭ ئوتتۇرا خانىنى تۇتىۋالغاندا، هۇنلار ئوتتۇرا خانىنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا يول باشلاپ هۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇپ، غەربىي شىمالغا كەتتى هەم جەنۇپقا كېلىپ چارۋىچىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، خەلقنى يۆتكەپ ئوتتۇرادا بوز يەر ئاچتى» دەپ خاتىرلەنگەن. بۇنىڭدىن هۇنلارنىڭ ئوتتۇرادىكى چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرىغا «ئوتتۇرا خانى» نىڭ باشچىلىق قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئوتتۇرا خانى چېگرا رايونلاردا ئۇزۇن مۇددەت تۇرغان. چېگرا مۇداپىئە ئەهۋالىنى پىشىق بىلىدىغان بولغاچقا، ئوتتۇرا خانى ئەسىرگە چۈشكەندە هۇن هۆكۈمرانلىرى ئۇنىڭ خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا يول باشلاپ هۇجم قىلىشىدىن قورقۇپ، تېزلىكتە غەربىي شىمالغا قېچىپ كەتكەن هەم جەنۇپقا چۈشۈپ چارۋىچىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. «خەلقنى يۆتكەپ ئوتتۇردا بوز يەر ئاچتى» دېگەن جۈملىدىن قارىغاندا «ئوتتۇرا» دا چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى تۇرۇۋېلا قالماي، يەنە چارۋىچىلارمۇ تۇرغان بولۇپ، بۇ قېتىم هۇن هۆكۈمرانلىرى خەن سۇلالىسىنىڭ هۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ يەرگە تېخىمۇ كۆپ چارۋىلارنى يۆتكەش ئارقىلىق چېگرىدىكى كۈچلىرىنى تولۇقلىغان. هالبۇكى، هۇن جەمئىيىتىدە هەربىي تەشكىل بىلەن ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلى بىرلەشتۈرۈلگەنلىكتىن، «خەلقنى يۆتكەپ ئوتتۇرادا بوز يەر ئېچىش» يالغۇز چېگرىدىكى كۈچلەرنى تولۇقلاش بولۇپلا قالماي، يەنە چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرىنىڭ كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتىش بولغان.

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن «ئوتتۇرا» نىڭ هۇن تىلىدا چېگرا دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى، هۇنلارنىڭ

توڭگۇسلار بىلەن بولغان ئارىلىقتىكى «ئوتتۇرا» بەلگىلەپ قالماي، خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان ئارىلىقتىمۇ «ئوتتۇرا» دىن تارىخىي ماتېرىياللاردىن بىلىشكە بولىدىغانلىرى يۇنجۇڭ ھەم سۇفالڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكى، «ئوتتۇرا» نى چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى چارلايدىغانلىقى ۋە قوغدايدىغانلىقىنى، ئۇلارنى ئوتتۇرا خانى باشقۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## (5) تۆرۈ

«تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: «ھۇنلار جەسەتنى دەپنە قىلىشتا ئىچ- تاش ئىككى قات تاۋۇت ياساپ، جەسەتنى ئالتۇن- كۆمۈش، كىيىم- كېچەك بىلەن بىللە سالاتتى. ئۇلاردا قەبرە ئۈستىگە دەرەخ سانچىش، ھازا كىيىمى كىيىش ئادىتى يوق ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «شەرھىنامە» دە جاڭ خۇانىڭ سۆزىدىن نەقىل ئېلىنىپ، «ھۇنلار قەبرىستانلىقىنى تۆرۈ دەيتتى» دېيىلگەن.

## (6) جىڭلۇ، فۇنى

ھۇنلار قىلىچنى «جىڭلۇ» دەپ ئاتىغان. «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە : «قوغۇشار تەڭرىقۇت جىڭلۇسى بىلەن ئالتۇننى قىرىپ شارابقا ئارلاشتۇرغاندىن كېيىن، خەن ئەلچىسى بىلەن بىللە ئىچىپ قەسەم بېرىپ ئىتتىپاقلاشتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. يەن شىگۇ يىڭ چاۋنىڭ سۆزىدىن نەقىل ئېلىپ : «جىڭلۇ، ھۇنلارنىڭ قىلىچىدۇر» دەپ ئىزاھلىغان. 1958- يىلى ئىچكى موڭغۇلنىڭ خولىنگىر ناھىيىسى فەنجياياۋ كەنتىدىن بايقالان يېغلىق دەۋرىگە مەنسۇپ بىر قەبرىدىن بىر دانە كېپىنەك قانىتى شەكىللىك قىسقا مىس قىلىچ قېزىۋېلىنغان [21] بولۇپ، ئارخېئولوگلار بۇنداق مىستىن ياسالغان قىسقا قىلىچ دەل ھۇنلارنىڭ شەمشىرى، دەپ قارىغان.

ھۇنلار خۇمرىنى «فۇنى» دېگەن. «خەننامە. سۇ ۋۇنىڭ تەرجىمھالى» دا: «س ۋۇ بايقال كۆلىدە تۇرىۋاتقاندا، تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى ئۇكەن خان سۇ ۋۇغا خۇمرا تەقدىم قىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. يەن شىگۇ

مېلىك كاڭنىڭ سۆزىدىن نەقىل ئېلىپ: «فۇنى شىشىگە ئوخشايدۇ. ئاغىزى كىچىك، قورسىقى چوڭ، تەگلىكى تۈز، هاراق، قېتىق قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ» دەپ ئىزاهلىغان. يەنە جېن شۈنىڭ بايانىدىن نەقىل ئېلىپ: «خېدۇڭنىڭ شىمالىدىكىلەر ئىككى كۇرە ئەتراپىدا بىر نەرسە سىغىدىغان ساپال كۇمزەكنى فۇنى دەيدۇ» دەپ ئىزاهلىغان. يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بېرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى هۇن قەبرىلىرىدىن بۇ خىل خۇمرىلار ناهايىتى كۆپ تېپىلغان.

## (7) مىلى، جۇڭلى

هۇنلار پىشلاقنى «مىلى» ، قايماقنى «جۇڭلۇ» دەپ ئاتىغان. «خەننامە» 87 ـ جىلد «ياڭ شيۇڭنىڭ تەرجىمھالى» دا «تۆگىلەرنى قوغلاپ پىشلاقلارنى كۆيدۈردۇق» دېيىلگەن. يەن شىگۇ جاڭ يەننىڭ سۆزىدىن نەقىل ئېلىپ: «مىلى پىشلاق دېگەنلىك بولىدۇ، ئۇ سۇزۇمدۇر، ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىش هۇنلارنىڭ ئۇزۇقىنى يوق قىلغانلىق بولىدۇ» دەپ ئىزاهلىغان.

«تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار هەققىدە قىسسە» دە، جوڭ خايخيۇ تەكرىقۇتقا :ئۆز نەرسىلىرىنى تاشلاپ خەن سۇلالىسىنىڭ نەرسىلىرىگە هېرىس قىلماسلىق» توغرىسىدا نەسىھەت قىلغاندا، «خەننىڭ يىمەكلىكلىرى سۈت ـ قايماقلاردەك تەملىك ئەمەس» دېدى، دەپ خاتىرىلەنگەن. «شەرھنامە» دە يەنئەننىڭ سۆزىدىن نەقىل ئېلىنىپ: «جوڭلۇ قايماق دېگەنلىك بولىدۇ، ئۇ سۈتنىڭ شىرنىسى» دېيىلگەن.

يۇقىرقى هۇن سۆزلەملىرى يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ مەنىسىنى بىلگىلى بولىدىغان سۆزلەر بولۇپ، يەنە «مودۇ» ، «تۈمەن» (تۈمەن، باتۇرنىڭ ئاتىسى)، «جىيۇ» (كىئوك، باتۇرنىڭ ئوغلى)، «لۇ لى» (سول قول، ئوڭ قول خانلاردىكى قول)...... دېگەندەك ئوقۇلۇشى ئالاھىدىرەك، مەنىسى ئېنىقراق سۆزلەرمۇ بار. بۇ يەردە كۆپ مۇلاھىزە قىلمىدى [22]. نۆۋەتتە جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىكى نۇرغۇنلىغان ئالىملار سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتىن پايدىلىنىپ، هۇن تىلىنىڭ تىل سىستېمىسى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ. بۇ ناهايىتى مۇھىم ئۇسۇل.ئەمما، هۇنلاردىن قالغان سۆزلەر بەك ئاز. يەنە كېلىپ هۇنلار ئۆلگەندىن كېيىن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ توگۇس، دىڭلىڭ،

ياۋچى، ئۇيسۇن، ئۇغۇز، قىرغىز ۋە غەربى يۇرتتىكى مىللەتلەرنى بويسۇندۇرغان. بۇ قەبىلە ياكى ئۇلۇسلارنىڭ ھەممىسىلا ھۇنلار بىلەن بىر تىل ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئەمەس. نۆۋەتتە، تىلشۇناسلار ئومۇمەن توڭگۇسلارنىڭ تىلى مۇڭغۇل تىلى ئائىلىسىگە، دىڭلىڭ، ئۇغۇز قىرغىزلارنىڭ تىلى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ، دەپ قاراشماقتا. ياۋچى،ئۇيسۇن ۋە غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىمۇ ئۆز- ئارا ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، ھۇنلار بىلەن باشقا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىل جەھەتتىكى ئارىلىشىش ۋە تەسىر كۆرستىش ناھايتى روشەن.ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۇنلارنىڭ ئاساسىي قىسمى غەربكە كۆچكەندە، قېلىپ قالان ئون تۈمەن تۈتۈندىن ئارۇق ھۇن سىيانپىلرغا قوشۇلۇپ كەتكەن. يەنە بىر قىسىم ھۇنلار ئىزچىل چوڭ چۆللۈكنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا قېلىپ، مىلادىيە 5- ئەسىرگە كەلگەندە، توڭگۇس سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغان جورجانلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان. جورجانلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا يەنە تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ نەچچە ئون تۈمەن قاڭقىلار بولغان. كېيىن جورجانلارمۇ تۈركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلغان. شۇڭا، بۇنىڭدىن ھۇنلار چۆللۈكنىڭ شىمالىنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنگەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ يەنىلا ھەر قايسى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھۇن تىلىدىكى نۇرغۇن سۆزلەملەرنىڭ كېيىنكى موڭغۇل تىلى ياكى تۈرك تىلغا ئوخشاپلا قالماي، يەنە توڭگۇس تىلىغا ئوخشىشىمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. ئەگەر بۇ ئامىللارنى ھىساپقا ئالماي، پەقەت نۆۋەتتە ساقلىنىپ قالغان نەچچە ئون ھۇن سۆزلەملىرىگە ئاساسلىنىپلا، ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ قايسى تىل تۈركۈمگە مەنسۇپلىقىغا ھۆكۈم قىلساق، بۇنداقتا چۇقۇم ئىلگىركى بەزى چەتئەل ئالىملىرىغا ئوخشاش (مەسىلەن، ياپونىيىلىك بەيىنياۋ كۇجى بۇلارنىڭ بىرى) ھۇنلارنى بىر دەم تۈركىي تىلىدىكى مىللەت دىسە، بىر دەم موڭغۇل تىلى تۈركۈمىدىكى مىللەت دەيدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ .[23]

## ئىزاھلار:

[1]س. دورجى سورۇڭ: «شىمالىي ھۇنلار» ، 1- باپ «شىمالىي ھۇنلارنىڭ قەبرىلىرى». يەنە نوڭايىن تېغىدىكى 5- نومۇرلۇق ھۇن قەبرىسىدىن بىر ھۇننىڭ مۇكەممەل باش سۆڭىكى چىقان. بۇ ھۇنلارنىڭ ئىرقىنى

ئىرقشۇناسلىق جەھەتتىن تەتقىق قىلىشتىكى ناھايىتى قىممەتلىك ماددىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئاقلاشلارغا قارىغاندا، بۇ باش سۆڭەكى ئوبدان قوغدالمىغانلىقى ئۈچۈن، موڭغۇلىيە مەركىزىي مۇزېيدا پارچىلىنىپ كەتكەن.

[2] جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «فېڭشىدىكى قېزىش دوكلاتى» (مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى 1963- يىلى نەشر)، 138 ~ 140- بەتلەر.

[3] س. دورجى سورۇڭ: «شىمالىي ھۇنلار» ، 1- باپ «شىمالىي ھۇنلارنىڭ قەبرىلىرى».

[4] ن. يىشى جامسۇ: «ھۇنلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە جەمئىيەت تۈزۈمى» ، 196- يىلى ئۇلانباتور پەنلەر كومىتېتى نەشر قىلغان «ئاكادېمىيىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى»، 1- سان.

[5] ئامېركا ئالىمى ۋ. م. مېكگوۋېرنىڭ غەربكە كۆچكەن ھۇنلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىي توغرىسىدىكى مۇنداق بىر ئابزاس سۆزى پايدىلىنىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ: «ھۇنلار ئىلگىرى يىراق شەرقتە ئۇزاق ئولتۇراقلاشقاچقا ھەم داۋاملىق جۇڭگولۇقلار ۋە موڭغۇل ئىرقىدىكىلەر بىلەن نىكاھلانغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ قېنىغا موڭغۇل ئىرقىدىكىلەرنىڭ قېنى كۆپ ئارىلاشقان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، گوتلار ۋە رىملىقلار ئۇلارنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان. لېكىن، ئۇلار ھەرگىزمۇ ساپ موڭغۇل ئىرقىدىكىلەر ئەمەس. ھۇنلار موڭغۇلىيىدە ماكانلاشقان چاغدا، ھىندى- ياۋروپا ئىرقىدىكى ئارىئانلار ۋە فىن- ئوغۇرلار بىلەن نىكاھلانغانلىقتىن،ئۇلارنىڭ موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئامىللىرى ئازىيىشقا يۈزلەنگەن. بۇ قاراش ۋېنگىرىيە ۋە ياۋروپانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ھۇنلارنىڭ قەدىمقى قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ئىسكىلىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاندى. بۇ ئىسكىلىتلارغا ئاساسلىنىپ يەنىمۇ ئىلگىرلەپ ھۆكۈم قىلغاندا، 4- 5- ئەسىرلەردە ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن ھۇنلارنىڭ ناھايىتى ئارىلاش قانلىق ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىكى موڭغۇل قان سېستىمىسىنىڭ پەقەت بىر نەچچە مۇھىم ئامىلنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ» دېگەن ( «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمقى دۆلەتلەر تارىخىي»، 6- باب «ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن ھۇنلار» ، جاڭ جۈن تەرجىمىسى، جۇڭگو كىتاب ئىدارىسى 1958- يىلى نەشرى، 169- بەت).

[6] «ۋېينامە» 95- جىلد «توبا لىيۇخۇنىڭ تەرجىمھالى».

[7] شېن زېڭخ: «خەيرى راۋىقىدىكى پۈتۈكلەر تۇپلىمى» ،2- جىلد «سيانپي تىلى ۋە موڭغۇل تىلى».

[8] « نۇر گېزىتى. تارىخشۇناسلىق سەھىپىسى» 1980- يىلى 11- ئاينىڭ 25- كۈندى 202 ساندىكى مى

ۋېنپېك يازغان «چولڭ هىنگان تېغىنىڭ شىمالىدىن تېپىلغان سىيانپىلارنىڭ تاش ئۆيىنىڭ خارابىسى» دېگەن ماقالىگە قاراڭ.

[9] ۋ. م. مېكگوۋېرىن «هەر قايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ ئۇزۇن يىل كەسكىن تالاش- تارتىش قىلىشى نەتىجىسىدە... نۆۋەتتە ك ۆپ قېتىم مۇتەخەسسسلەر جۇڭگو تارىخنامىلىرىدىكى هۆكۈملەرگە قوشۇلۇپ، هۇنلارنىڭ تىلىنىڭ بىر خىل تۈرك تىلى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەمەلىيەتتە كۆپىنچە يەلەن شۇنىڭغا ئىشىنىدۇركى، هۇن ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن (مىلادىيە 91- يىلى) كېيىنكى نۇرغۇن ئەسىرلەر جەريانىدىلا موڭغۇلىيىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا موڭغۇل تىلى ئاندىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن. بۇ يەكۈن نۇقۇل هالدا تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چىقىرىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ هۇنلارنىڭ بىز بىلىدىغان ئېرقىي ئالاھىدىلىكىگىمۇ ماس كېلىدۇ. بىز شۇنىڭغا ئىشىنەلەيمىزكى، بۇ قەدىمقى هۇنلار ئېرق ۋە تىل قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە تۈرك ئېرقىغا مەنسۇپ بولغان» دېگەن («ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمقى دۆلەتلەر تارىخىي»، 4- باپ «هۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى»، جاڭ جۈەن تەرجىمىسى). يەنە ئاۋسترىيە ئالىمى مائېنچېن خېلفېن «تاكى 20- ئەسىرنىڭ 49- يىللىرىغا كەلگىچە ناھايىتى ئاز كىشىلەرلا ياۋروپادىكى هۇنلار بىلەن جۇڭگودىكى هۇنلارنىڭ بىردەكلىكىدىن گۇمانلىنىپ كەلگەن»، «قەبىلە ناملىرىدىن هۆكۈم قىلغاندا، ياۋروپادىكى كۆپىنچە هۇنلار مۇقەررەركى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكەن» دېگەن ( «هۇنلار دۇنياسى»، 8- باپ «ئىرقىي»، 9- باپ «تىلى»، ئەنگلىيە لوندون كلفورنىيە نەشرىياتچىلىق چەكلىك شىركىتى 1973- يىلى نەشرى).

[10] ۋاڭ گوۋېي: «گۇەنتاڭ توپلىمى» 13- جىلد «غەربىي غۇزلار ھەققىدە تەھسىل».

[11] «خەنىنامە» 55- جىلد «خۇ چۈبىڭنىڭ تەرجىمھالى» دا: «يۈەنشۇ 2- يىلى يازدا خۇ چۈبىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ تاكى تىلەن تېغىغىچە (چىلىيەنشەن تېغى، يەنە تەڭرى تېغى دەپمۇ ئاتىلغان. ئەمما، هازىرقى شىنجاڭدىكى تەڭرى تېغى ئەمەس) باردى» دەپ خاتىرىلەنگەن. يەن شىگۇ بۇنى ئىزاھلاپ: «تىلەن تېغى تەڭرى تېغى دېگەنلىك بولىدۇ، هۇنلار تەڭرىنى تىلەن دەيدۇ» دېگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، «تىلەن» بىلەن «تەڭرى» بىر سۆزنىڭ ئوخشىمىغان ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر.

[12] «تارىخىي خاتىرىلەر، هۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[13] «خەنىنامە» 2- جىلد «خۇيدى ھەققىدە خاتىرە».

[14] «خەننامە. هۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[15] «خەننامە» 70- جىلد «چىن تاڭنىڭ تەرجىمىھالى».

[16] «خەننامە. هۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: «ئۇلجۇت تەڭرىقۇت شان تەختكە چىققاندىن كېيىن، تۇغ ئالچىدىن تۇغۇلغان ئىنىسى رۇقۇنى ئوڭ قول بىلىك خان قىلدى» دەپ خاتىرلەنگەن. بۇ يەردىكى تۇغ ئالچى تۇغ خانىنىڭ ئالچىسى دېگەن مەنىدە بولۇپ، باشقا مەنىسى يوق.

[17] يۇقىرلارنى ئايرىم- ئايرىم ھالدا شەرھشۇناسلارنىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار ھەققىدە قىسسە» گە بەرگەن ئىزاھلىرىدىن ۋە يەن شىگۇڭنىڭ «خەننامە. هۇنلار ھەققىدە قىسسە» گە بەرگەن ئىزاھىدىن كۆرۈڭ،

[18] « ‹خەننامە. هۇنلار ھەققىدە قىسسە› نىڭ جۇغراپىيىلىك تەھسىلى»، جېجياڭ كۇتۇپخانىسى مەجمۇئەسى.

[19] «اركىس- ئېنگېلىس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4- توم، خەلق نەشرىياتى 1972- يىلى 5- ئاي 1- نەشرى.

[20] هۇنلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيىتىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى خەن سۇلالىسى بىلەن چېگرىلىنىدىغان جايلاردا مۇداپىئە كۆرىدىغان ۋە سۈركىلىشنى پەسەيتىدىغان «بىتەرەپ رايون» بەلگىلىشى، ئېنگېلىسنىڭ يۇقىرقى بايانغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

[21] 1963- يىلى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى نەشر قىلغان (ئىچكى موڭغۇل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 40- سۈرەت.

[22] هۇن تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تىل ئادەتلىرى بويىچە بىلىش مۇمكىن (تەرجىماندىن). «تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى 12 ~ 13 بەتلەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987- يىلى 9- ئاي 1- نەشىر.

[23] 1923- يىلى ياپونىيىدە چىققان «تارىخشۇناسلىق ژۇرنىلى» نىڭ 18- سانىدىكى بەينىياۋ كۇچىنىڭ «موڭغۇللارنىڭ ئېتىنىك مەنبەسى» دېگەن ماقالىگە قاراڭ.

# 10- باپ هۇنلارنىڭ مەدەنىيىتى

## 1. يېزىق، قوشاق، مۇزىكا، سەنئەت

ھۇنلارنىڭ ئۆزىنىڭ يېزىقى بارمۇ-يوق؟ يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ھۇنلارنىڭ يېزىقى بولمىغان. ئارخېئولوگىيىلىك ماتىرىياللاردىمۇ ھازىرغىچە مۇئەييەن ماددىي ئىسپات تېپىلمىدى. «تارىخى خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە، ھۇنلارنىڭ «يېزىقى يوق، سۆز بىلەنلا ئەھدىلىشىدۇ» دەپ خاتىرلەنگەن. «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبى ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ. قۇيان ئۇرۇقى قاتارلىق چوڭ ئۇرۇقلار «دەۋالارغا ھۆكۈم چىقارغاندا، ھۆكۈمنىڭ نەتىجىسىنى تەگرىقۇتقا ئاغىزاكى مەلۇم قىلىپ قويىدۇ. يازىدىغان ۋە خاتىرلەيدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ» دەپ خاتىرلەنگەن. شۇنداق ئىكەن، ھۇن تەگرىقۇتلىرىنىڭ لۇ خانىش ۋە خەن پادىشاھلىرىغا يازغان خەتلىرىنى شۈبھىسىزكى خەنزۇچە يېزىقتا يېزىپ بەرگەن. «جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: «ھۇنلارنىڭ ئوڭ ئۆكەن باتىس خانى بى خەن سۇلالىسىغا ئەل بولۇش ئالدىدا گو خېڭ ئىسىملىك خەنزۇ كىشىنى مەخپى ئەۋەتىپ، ھۇنلار رايونلىرىنىڭ خەرىتىسىنى خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمىر نۆكىرى لى ماۋغا تەقدىم قىلدى» دەپ خاتىرلەنگەن. تەبئىيكى، بۇ خەرىتىنىمۇ خەنزۇلار (ياكى گو خېڭ) سىزغان. ھالبۇكى، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «ئۇيسۇنلارنىڭ غەربىدىن ئارساكقىچە بولغان ئەللەرنىڭ ھەممىسى ھۇنلار بىلەن يېقىن ئۆتەتتى. شۇڭا، ھۇن ئەلچىلىرى تەگرىقۇتنىڭ خېتىنى كۆتۈرۈپ بارسىلا، ھەر قايسى ئەللەر تەخىرسىز ئۇزۇق-تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇلارنى قىيىنچىلىقتا قالدۇرمايتتى» دەپ خاتىرلەنگەن. ئۇنداقتا، تەگرىقۇت ئۇيسۇنلارغا ۋە غەرپتىكى ھەر قايسى ئەللەرگە يازغان خەت زادى قايسى يېزىقتا يېزىلغان؟ نۆۋەتتە دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى ئالىملار بۇ مەسىلىنى تېخى يېشەلمىدى.

ھۇنلارنىڭ كېيىنچىرەك ئۆز يېزىقى ياكى يېزىق بەلگىسى بولغانمۇ، يوق؟ بۇ توغرىلىقمۇ يازما ماتېرىياللاردىن ھېچقانداق خاتىرە تېپىلمايدۇ. لېكىن، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىكى ئىنتايىن تۇتۇق بەزى ياللداملار بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. 1941-يىلى ۋە 1944 ~ 1945-يىللىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگى كېسلىيېۋ قازاق ئاپتونوم ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى ئاباقاننىڭ جەنۇبىغا سەككىز كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىۋالغان. بەزى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئۈستىدە « Y»، «P»، «S»، ^ » » دېگەندەك يېزىق بەلگىلىرىنى بايقىغان. لېكىن، بۇ

يېزىق بەلگىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئېلىمىزنىڭ تارىخ ئەسەرلىرىدە ئۇچرىمايدۇ. يەنە كېلىپ بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھۇنلارنىڭ ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. 1924 ~ 1925- يىللىرى يەنە ئارخېئولو كوزلوۋ نويان تېغىدىكى 16- نومۇرلۇق ھۇن قەبرىسىدىن «M» بەلگىسى بار بىر چىنە ھەم تېگىدە «؟ » بەلگىسى بار بىر سىرلانغان كوزا قېزىۋالغان. 1955- يىلى موڭغۇلىيە ئارخېئولوگى پەرلە بالوگدورودىكى ھۇن شەھىرى خارابىسىدىن تېگىدە «؟ » بەلگىسى بار بىر ساپال تاۋاق قېزىۋالغان. نويان تېغىدىكى باشقا ھۇن قەبرىلىرىدىنمۇ تېگىدە « ؟» بەلگىسى بار بىر قىسىم ساپال تاۋاقلار قېزىۋېلىنغان [1]. ئۇنداقتا، بۇ يېزىق بەلگىلىرىنى ھۇنلار ئۆزى كەشىپ قىلغانمۇ، ئەمەسمۇ؟ نۆۋەتتە قېزىۋېلىنغان چەكلىك ماتېرىياللارغا تايىنىپ، بۇنىڭغا ھازىرچە مۇئەييەن يەكۈن چىقىرىش سەل تەس كېلىدۇ [2].

ھۇنلارنىڭ گەرچە يېزىقى بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى يېقىملىق ھەم تەسىرلىك قوشاقلىرى بولغان. «تارىخي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە «شىخېدىكى بۇرۇنقى ئىشلار» دىن نەقىل ئېلىنىپ: «تىلەن تېغى (چىلىيشەن تېغى) جاڭيې، جيۇچۈەن ئىككى ئايماقنىڭ چېگرىسىدا بولۇپ، غەربتىن شەرىققىچە ئىككى يۈز چاقىرىم، جەنۇپتىن شىمالغىچە يۈز چاقىرىم كېلەتتى. قارىغاي قاتارلىق دەرەخلەر ئۆسەتتى. ئوت-سۇيى مول، قىشتا ئىللىق، يازدا سالقىن بولۇپ، چارۋىلارنىڭ كۆپىيىشىگە ناھايىتى باپ كېلەتتى. ھۇنلار بۇ ئىككى تاغدىن (يەنە ئالچى تېغى بار) ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن:

ئايرىلىپ قالغاندا تىلەن تېغىدىن،
ئاۋۋماس بولۇپ قالدى چارۋا- مېلىمىز.
ئايرىلىپ قالغاندا ئالچى تېغىدىن،
مۇڭلىنىپ سارغايدى قىز- ئاياللىمىز.

دەپ قوشاق توقۇشتى» بۇ ھۇنلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 121- يىلى (خەن ۋۇدىنىڭ يۈەنشۇ 2- يىلى) خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، تىلەن تېغى ۋە ئالچى تېغىدىن (بۇ ئىككى تاغ بىر قوشاق بولۇپ، قوشاقتا ئاساسلىقى ھۇنلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىرى قوزغىغان بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرىدىن ۋە ئۇرۇشتا مەغلۇپ

بولغاندىن كېيىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي ھەم سىياسىي چېكىنىشتىن چەكسىز ھەسرەتلەنگەنلىكى روشەن ئىپادىلەنگەن. قوشاق گەرچە مۇڭلۇق بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى چوڭقۇر مەزمۇنلۇق بولۇپ، قۇيۇق كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش تۈسىگە ۋە رېئال چىنلىق پۇرىقىغا ئىگە بولغان. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ھۇنلارنىڭ خەلق قوشاقلىرىنىڭ بىر خىل ئىدېئولوگىيىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۇ قوشاقتىكى «ئالچى تېغى» بىلەن «مۇڭلىنىپ سارغايدى قىز- ئاياللىرىمىز» دېگەن مىسرالارنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىسى بار. چۈنكى، ئالچى تېغىدىكى ئالچى ئەڭلىك دېگەن مەنىدە ئىدى. قوشاقتا، ئالچى تېغى ئالچى ۋە تەڭلىككە سىمۋۇل قىلىنغان بولۇپ، ھۇنلارنىڭ ئاياللىرى «قىزغۇچ» گۈل چېچەكدىن ياسايدىغان ئەڭلىك ئىدى. قوشاقتا، ئالچى تېغىدىن ئايرىلىپ قېلىپ گۈزەل ئالچىلاردىن بولالمىغانلىقىنى، «قىز- ئاياللارنىڭ مۇڭلىنىپ سارغايغانلىقى» ھۇنلارنىڭ قوشنا مىللەتلەر ئالدىدا ئابرويى ۋە شۆھرىتى قالمىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. قوشاقنىڭ مەزمۇنى پاساھەتلىك، مەنىسى چوڭقۇر بولۇپ، بۇنىڭدىن قوشاقچىنىڭ ئۆزگىچە ماھارىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەپسۇسكى، ھۇنلاردىن قالغان خەلق قوشاقلىرى كۆپ ئەمەس. بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىلا خالاس.

ھۇنلار جەنۇپ، شىمال ئىككىگە بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرى، ئۇلارنىڭ ئۆز مۇزىكىسىنىڭ بار- يوقلىقى ھەققىدە يازما ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردا ھازىرچە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. جەنۇپ، شىمالغا بۆلۈنگەندىن كېيىنكى ئەھۋالدىمۇ، پەقەت «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە، جىيەنۇۋ 26- يىلى (مىلادىيە 50- يىلى) گۇاڭۋۇدىنىڭ جەنۇبى تەڭرىقۇت بىغا بەرگەن سوۋغاتلىرى ئىچىدە چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ بارلىقى ھەم جىيەنۇۋ 28- يىلى شىمالىي ھۇنلار قايتا ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىششىنى تەلەپ قىلىپ چالغۇ ئەسۋابلىرى بېرىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، گۇاڭۋۇدىنىڭ شىمالىي تەڭرىقۇتقا يازغان جاۋاپ خېتىدە: «تەڭرىقۇت ئالدىنقى مەكتۇپلىرىدا مەرھۇم خاننىڭ ۋاقتىدا قوغۇشار تەڭرىقۇتقا تەقدىم قىلىنغان بالىمان، چاڭ، غۇڭقا قاتارلىق چالغۇلارنىڭ ھەممىسى چىرىپ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن يېڭىنى بېرىشنى تەلەپ قىلىپتىكەنلا، مەن تەڭرىقۇتنىڭ ھاكىمىيىتى تېخى مۇستەھكەملىنىپ كەتمىدى. ھەربىي ئىشلارنى كۈچەيتىپ، جەڭنى ئاساسىي ۋەزىپە قىلىۋاتقاندا، چاڭ، قۇڭقا، بالىماننىڭ رولى ئېسىل ئوقتا، قىلىچنىڭكىگە يەتمەيدۇ دەپ قاراپ ئەۋەتمىدىم» دېگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىن غەربىي خەن سۇلالىسى ۋاقتىدا ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ خەن

سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى سوۋغا قىلغان بىر تۈركۈم چالغۇ ئەسۋابلارنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، بۇ ھەرگىزمۇ ھۇنلارنىڭ ئۆزىنىڭ مۇزىكىسىنىڭ بار- يوقلۇق ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

شۇنداقتىمۇ، كېيىنكىلەرنىڭ شېئىر- قوشاقلىرى ھۇنلارنىڭ ئۆزىنىڭ مۇزىكىسى بارلىقىنى يەنىلا ئازدۇر- كۆپتۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ھۇنلاردا ئەڭ كەڭ تارقالغان چالغۇ ئەسۋابى چۆرى (نەيگە ئوخشاش بىر خىل چالغۇ ئەسۋاب ـــ تەرجىماندىن) ۋە دۇمباق بولغان. سەي ۋېنجى (تەخەللۇسى دەن) «چۆرىنىڭ ئون سەككىز ئۇدارى» [3] دېگەن، يەنە: «دۇمباقنىڭ يېقىملىق ساداسى كېچىچە ياڭراپ تۇرىدۇ» دەپ يازغان. سەي ۋېنجى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان بولۇپ، «ھۇن چەۋەندازلىرى» تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەندىن كېيىن، ھۇنلار ئارىسىدا ئون ئىككى يىل ياشىغان [4].

بۇنىڭدىن ئۇ تىلغا ئالغان چۆرى بىلەن دۇمباقنىڭ ھۇنلار ئارىسىدا تارقالغان چالغۇ ئەسۋاب ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ جەنۇبىي ھۇنلار كەشپ قىلغان چالغۇ ئەسۋاپى بولماستىن، بەلكى ھۇنلار جەنۇپ، شىمال ئىككىگە بۆلۈنۈشتىن بۇرۇنلا بار ئىكەنلىكىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا، «كېيىنكى خەننامە. دۇ شيەننىڭ تەرجىمھالى» دا؛ «دۇ شيەن قوشۇن باشلاپ ئالتۇن تاغقىچە بېرىپ، تەڭرىقۇت ئوردىسىدا چۆرى ئاڭلىدى» دەپ خاتىرلەنگەن.

ھۇنلارنىڭ چۆرىسى كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ خەنزۇلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولغان. جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى لىيۇ شاۋ ۋە جىججۇ ئايمىقىنىڭ بېگى لىيۇ كۇن ئىككىلىسى ياغاچ چۆرى چېلىشنى بىلىدىغان ھەم «قورۇل ئىچى- سىرتىدىكى مۇزىكىلارنىڭ ھەممىسىنى چالالايدىغان» بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھۇنلار بۇنى ئاڭلىغاندا «يۇرتىنى سېغىنىپ»، ئىنتايىن تەسىرلەنگەن [5].

ھۇنلارنىڭ سەنئىتى تېپا جەھەتتىن ئۇلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنى رۇشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ سەنئەت بۇيۇملىرىدا ھايۋانات شەكلى ياكى ھايۋانات سۈرئىتى ئەڭ ئومۇملاشقان . نويان تېغىدىكى ۋە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ھۇن قەبرىلىرىدىن ئات، كالا، بۇغىنىڭ بېشى ياكى تېنى ھەم ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئۆز- ئارا ئېلىشىۋاتقان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بەزى پالاز، مىس بېزەك، ئالتۇن ۋە كۈمۈش ياپراقچىلار تېپىلغان. يەنە بەزى سۆڭەك بۇيۇملارغىمۇ نەپىس ھايۋانات سۈرئىتى سىزىلغان. مەسىلەن، نويان يېغىدىكى «بارولد قەبرىسى» دىن لايدىن ياسالغان ئات ۋە تۆگە، ئالتۇندىن ياسالغان ياتقان ئات، ھايۋانات شەكلى ئويۇلغان كەھرىۋا شارچە؛ 1- نومۇرلۇق قەبرىدىن مىستىن ياسالغان ھايۋانات

بېشى؛ 6- نومۇرلۇق قەبرىدىن ياغاچتىن ئويۇلغان ئات ۋە بۇغا ھەيكىلى، قاشتېشىدىن ئويۇلغان ئات، كالا، ۋە بوغا ھەيكىلى، ئالتۇندىن ياسالغان ھايۋانات ھەيكىلى؛ 12- نومۇرلۇق قەبرىدىن كالا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تاۋات ئۆتۈك؛ 23- نومۇرلۇق قەبرىدىن ھايۋانات بېشى نەقىشلىك مىس تاۋاق، تاشتىن ئويۇپ ياسالغان كال بېشى قاتارلىقلار قېزىۋېلىنغان.

تېپىلغان پالازلارنىڭ كۆپۈنچىسىنىڭ گۈللىرى مۇرەككەپ، رەڭگى كۆركەم بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ گۈللىرى يەنە ھەر خىل رەڭلىك يىپلار بىلەن كەشتىلەنگەن. مەسىلەن، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان نويان تېغىدىكى 6- نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان بىر پارچە پالازنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.6 مېتىر، كەڭلىكى1.59 مېتىر، ئۈستى توق قوڭۇر رەڭلىك تاۋار جىيەكلىك قىزىل رەڭلىك تاۋار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، توق قوڭۇر رەڭلىك جىيەكنىڭ چۆرىسى يېشىل، سېرىق، قىزىل رەڭلىك يىپلار بىلەن كەشتىلەنگەن. جىيەكنى بويلاپ ئەتراپىغا كەڭلىكى 24~28 سانتىمېتىر كېلىدىغان كىچىك كاتەكچىلىك كەشتە تىكىلگەن. كەشتىدە يېشىل رەڭلىك يىپ بىلە توققۇز تۈپ دەرەخ، دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىغا ھەر خىل رەڭلىك يىپلار بىلەن بىر جۈپتىن بولغان قوغلىشىپ ئويناۋاتقان ھايۋانلار چۈشۈرۈلگەن. ئۇلارنىڭ تۆت جۈپى بۇغا بىلەن قوش، بەش جۈپى يولۋاس بىلەن ئۆكۈز، كەشتىنىڭ ئەتراپىغا يەنە يېشىل، سېرىق، بېغىرەڭ ۋە توق قىزىل رەڭلىك يىپلار بىلەن تۆت چاسا، يۇمىلاق ۋە كىرىست شەكىللىك گۈللەر چۈشۈرۈلگەن. تاۋارنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىپ بىلەن بۇلۇت كەشتىلەنگەن.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىردىن كېيىن، ھۇنلاردا ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرى مەيدانغا كەلگەن ۋە تەرەققىياتنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ئورنى تىكلەنگەنلىكتىن، سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ يەنە شەخسى ئوبرازلىرىمۇ ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، بويان تېغىدىكى 6- ۋە 23- نوۋۇرلۇق چوڭ تىپتىكى ئاقسۆڭەكلىرى قەبرىسىدىن قاشتېشىدىن ئۇيۇلغان ئادەم ھەيكىلى، كۆلرەڭ قاشتېشىدىن ئۇيۇلغان ۋە ياغاچ ئادەم ھەيكىلى قاتارلىقلار تېپىلغان. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، 25- نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان چىچى قۇيۇق، كۆزى يوغان ۋە ئۆتكۈر، چىرايى سۈرلۈك ھۇننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كەستە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالىي ھۆكۈمراننىڭ ھەيۋىسى ئىپادىلەنگەن [6].

ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرى 1958- يىلى ئىچكى موڭغۇلنىڭ خېلىنگىر ناھىيىسى فەنجياياۋ كەنتىدىكى پېغىلىق دەۋرىدە مەنسۇپ بولغان ھۇن قەبرىسىدىن ھايۋانات شەكىللىك ۋە ھالقىسمان، سىلىندىرسىمان مىس

بېزەكلەرنى بايقىغان. هايۋانات شەكىللىك بېزەكلەرنىڭ بەزىلىرى زوڭزىيىپ ئولتۇرغان هايۋاناتنىڭ شەكلىدە بولۇپ، كەينىدە ئىككى توپچىسى بار. بەزىلىرى تۈگۈلۈۋالغان ئىككى هايۋاناتنىڭ شەكلىدە بولۇپ، كەينىدە بىر توپچىسى بار. هالقىسمان بېزەكلەرنىڭ بەزىسىنىڭ بىر تەرىپىگە زىر گىرەلىشىپ كەتكەن ئەگمە شەكىللەر چىقىرىلغان. سىلىندىرسىمان بېزەكلەرنىڭ بەزىلىرى يۇمىلاق نەيچىسىمان بولۇپ، بىر تەرىپىدە گېئومېترىيىلىك نەقىشلەر بار. هالقىسمان ۋە سىلىندىرسىمان بېزەكلەرنى بۇرۇن كىشلەر «چاتقۇت» دەپ قارىغان بولۇپ، ئاتنى زىننەتلەيدىغان ۋە ياندا ئېلىپ يۈرىدىغان زىننەت بۇيۇمى بولغان [7].

يەنە 1962- يىلى ئىكجاۋ ئايمىقى جۇڭغار خوشۇنىنىڭ سۈجى جىلغىسىدىن خەن دەۋرىگە مەنسۇپ بىر تۈركۈم هۇن مىس بۇيۇملىرى قېزىۋېلىنغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مىستىن ياسالغان تىك تۇرغان ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك بىر بۇغا بولۇپ، بېشىنى سەل كۆتۈرگەن. ئۇدۇلغا قارىغان، جۈم مۈڭگۈزى كەينىگە قايرىلغان هەم شاخچىلارغا بۆلۈنگەن، قىياپىتى بۆلەكچە جانلىق، ئېگىزلىكى 16.7 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 9.5 سانتىمېتىر، يەنە ياتقان هالەتتىكى ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك بىر بۇغا بولۇپ، بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ يىراققا تىكىلگەن. قۇلاقلىرى دىك، كۆكرىكى ۋە ساغرىسى تولغان، ئېگىزلىكى 12.4 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 10.3 سانتىمېتىر، بۇنىڭدىن باشقا، قوي بېشى شەكىللىك، بۆرە بېشى شەكىللىك، ئارسلان شەكىللىك ۋە پۇتنى ئېگىپ تۇرغان ئات شەكىللىك بېزەكلەرمۇ قېزىۋېلىنغان [8].

بۇنىڭدىن باشقا، 1950- يىلى ئىچكى مۇڭغۇلنىڭ چاخار ئوڭ ئارقا خوشۇنى ئەرلەنخو جىلغىسىدىكى هۇن قەبرىسىدىن شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ جۈم بۇغا، ئۈچ بۇغا، قوش ئەجدىها نەقىشلىك ۋە تورسىمان نەقىشلىك مىس بېزەكلەر قېزىۋېلىنغان. هايۋانات شەكىللىك مىس بېزەكلەر تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، نەقىشلەر تېشىپ چىقىرىلغان. بۇلار ئېهتىمال جەنۇبىي هۇنلارنىڭ سەنئەت بۇيۇمى بولۇشى مۇمكىن [9].

# 2. ئىپتىدائىي ئېتىقادى ۋە داخانلىق

«تارىخىي خەننامە. هۇنلار هەققىدە قىسسە» دە: « هۇنلار هەر يىلى ئۈچ قېتىم يىغىلىق ئۆتكۈزىدۇ. 1- ئايدا

ھەر قايسى قەبىلە باشلىقلىرى تەڭرىقۇت ئوردىسىغا يىغىلىپ، ئەتىيازلىق نەزىر- چىراغ ئۆتكۈزىدۇ. 5-ئايدا ھەممىسى ئەجدەر بالىق شەھىرىگە يىغىلىپ، ئەجداتلىرى، ئاسمان- زېمىن، جىن- ئەرۋاھلارغا ئاتاپ نەزىر- چىراغ ئۆتكۈزىدۇ. كۈزدە ئاتلار ۋە چارۋا- ماللارنىڭ سانىنى ئالىدىغان بىر قېتىملىق يىغىلىشتىن باشقا قالغان ئىككى قېتىملىقى نەزىر- چىراغ يىغىلىشى بولغان. لېكىن، «شەرقىي قەسىردىكى خەن خاتىرىلىرى. جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ تەرجىمھالى» دا: «تەڭرىقۇت ھەر يىلى ئۈچ قېتىم يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، نەزىر- چىراغ قىلاتتى ھەم ئات، تۆگە بەيگىسى قىلىپ، كۆڭۈل ئاچاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ: «ھۇنلار ئادىتى بويىچە ھەر يىلى 1- ئاي ۋە 5- ۋە 9- ئايلاردا ئۈچ قېتىم يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، كۆك تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر- چىراد قىلاتتى. جەنۇبىي تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىغا ئاتاپ نەزىر- چىراغ قىلىدىغان بولدى. ھەم ھەر قايسى قەبىلىلەرنى يىغىپ سىياسىي ئىشلارنى كېڭىشىپ، ئات ۋە تۆگە بەيگىسى قىلىپ كۆڭۈل ئاچاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. ھۇنلارنىڭ ھەر يىلدىكى ئۈچ قېتىملىق يىغىلىشىنىڭ ھەممىسىدىلا نەزىر- چىراغ ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، نەزىر- چىراغنىڭ ئوبيېكتى ئەجداتلار، ئاسمان- زېمىن ۋە جىن- ئەرۋاھلار بولغان. ھۇنلاردا ئەجداتلارغا تېۋىنىش ئۇقۇمى بولغانلىقى ئۇلارنىڭ جەسەتنى دەپنە قىلىشى ۋە ئەجداتلار قەبرىسىگە ئەھمىيەت بېرىشىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: «ھۇنلار جەسەتنى دەپنە قىلىشتا ئىچ- تاش قوش قەۋەت تاۋۇت ياساپ، ئۇنىڭغا ئۈلۈكنى ئالتۇن- كۈمۈش، كېيىم-كېچەك بىلەن بىللە سالاتتى. ئۇلاردا قەبرە ئۈستىگە دەرەخ سانجىش، ھازا كىيىمى كىيىش ئادىتى يوق ئىدى. ئۆلگۈچى بىلەن ئۇنىڭ يېقىن قۇل- دېدەكلىرى بىللە كۆمۈلەتتى. مۇنداق بىللە كۆلۈمگۈچىلەر نەچچە ئون، ھەتتا نەچچە يۈزگە يېتەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. نويان تېغىدىكى ھەممە چۆللۈكنىڭ شىمالى ۋە ئىچكى موڭغۇلدىكى ھۇن قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان قوشۇپ كۆمۈلگەن ئالتۇن- كۈمۈش، كېيىم-كېچەك، ئۆرۈمە چاچ ۋە تاۋۇتلار يۇقىرىدىكى خاتىرىلەرنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. قوشۇپ كۆمۈلگەن نۇرغۇنلىغان كېيىم- كېچەك ۋە قورال- سايمانلاردىن بىلىشكە بولىدۇكى، ھۇنلار روھنىڭ يوقالمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. ئەجداتلىرىغا تېۋىنىش دەل روھنىڭ يوقالماسلىقىغا ئىشىنىشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولغان. ھۇنلار ئادەم ئۆلگەندىن كېيىنمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاش ياشاپ، كېيىم- كېچەك ۋە قورال- سايمانلارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئاقسۆڭەكلەر يەنە قۇل- دېدەكلەرگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ دەپ قارىغاچقا، كېيىم-

كېچەك، قورال- سايمان ۋە يېقىن قۇل- دېدەكلەرنى قوشۇپ دەپنە قىلىدۇ. «كېيىنكى خەننامە. ئوغانلار ۋە سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە» دە يەنە: « خەن جاۋدى دەۋرىدە ئوغانلار ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى قېزىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھۇنلار قاتتىق غەزەپلىنىپ، قوشۇن چىقىرىپ ئوغانلارغا زەربە بەردى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىمۇ ئۇلارنىڭ ئەجداتلىرىنىڭ قەبرىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبىدىن، شۇڭلاشقا كۈندىلىك تۇرمۇشتا ۋە ھەربى، سىياسىي ئىشلاردا كائىناتتىكى ھادىسىلەرگە چوقۇنغان. ھەتتا جىن- ئەرۋاھلاردىن مەدەت تىلىگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: «تەڭرىقۇت ھەر ئەتىگىنى قارارگاھتىن چىقىپ كۈنگە قاراپ تەزىم قىلاتتى. ئاخشىمى ئايغا قاراپ تەزىم قىلاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. يەنە: «قوشۇن چىقارغاندا يۇلتۇز ۋە ئايغا قاراپ ئىش كۆرەتتى. ئاي تولغاندا ھۇجۇمغا ئۆتەتتى. ئاي تۇتۇلغاندا قوشۇننى چېكىندۈرەتتى» دېيىلگەن. ئومۇمەن، ھۇنلار ئاسمان- زېمىننى ناھايىتى ھۆرمەت قىلغان. جىن- ئەرۋاھلاردىن ئىنتايىن قورققان. ھۇن تەڭرىقۇتلىرى خەن پادىشاھلىرىغا خەت يازغاندا، ئۆزىنى «تەڭرى تىكلىگەن ئۇلۇغ ھۇن تەڭرىقۇتى» ياكى «ئاسمان- زېمىندىن تۆرىلىپ، كۈن- ئاي تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان ئۇلۇغ ھۇن تەڭرىقۇتى» دەپ ئاتىغان. باتۇر تەڭرىقۇت ياۋچىلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى قەۋملەرنى بويسۇندۇرغاندىمۇ «بۇ تەڭرىنىڭ بەخت- سائادىتىدىن بولدى» دېگەن. خەن ۋۇدى دەۋرىدە، مايى شەھرىدە ھۇن تەڭرىقۇتىغا بۆكتۈرمە قويۇپ زەربە بېرىش پىلانلانغان. تەڭرىقۇت قىلتاققا چۈشەي دەپ قالغان بولسىمۇ ، ئەمما خەن سۇلالىسىنىڭ كۆزەتچى بېگى سىرنى ئېيتىپ قويغاچقا، خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ«كۆزەتچى بەگكە ئېرىشكىنىم تەڭرىنىڭ شاپائىتىدىن بولدى. تەڭر ئۇنىڭغا راستىن ئېيتقۇزدى « دېگەن ھەم كۆزەتچى بەگكە» تەڭرى بەرگەن بەگ» دەپ نام بەرگەن. يەنە «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە، باتۇر تەڭرىقۇت پېڭچېڭدا لىۋ باڭنى قورشىۋالغاندا، ئالچى باتۇرغا «ئىككى ھۆكۈمدارلار بوغۇشماڭلار، بۈگۈن خەن زېمىنىنى ئالسىڭىزمۇ، ئۇ جايتى ماكان تۇتۇپ تۇرالمايسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگەن خەن خانىنىڭمۇ تەڭرىسى بار، تەڭرىقۇت ئوبدان ئويلىنىپ كۆرۈڭ » دېگەن، بۇنىڭغا قوشۇپ باشقا سەۋەپلەر بىلەن باتۇر تەڭرىقۇت ئالچىسىنىڭ دېگىنى بويىچە مۇھاسىر بۇرجىكىنى ئېچىۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن لىۋ باڭ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلغان، دەپ خاتىرىلەنگەن. «تارىخىي

خاتىرىلەر» 123-جىلد «پەرغانە تەزكىرىسى» دە: «ئۇيسۇن كۆن بېگى تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي دالىغا تاشلىۋېتىلگەن، گۆش چىشلىگەن بىر قاغا كېلىپ ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگەن، بىر چىشى بۆرە كېلىپ ئۇنى ئېمىتكەن، بۇنى ئاڭلاپ تەڭرىقۇت ھەيران قالغان ۋە ‹ئۇنىڭغا تەڭرى يار بوپتۇ› دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلغان. كېيىن كۆنبەگ چوڭ بولۇپ قۇرامىغا يەتكەندە، ئىلنى باشلاپ يىراققا كۆچۈپ كەتكەن ۋە ھۇنلارغا بويسۇنمىغان، تەكرىقۇت قوشۇن ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ يېڭەلمىگەن، شۇنىڭ بىلەن ھۇنلار ‹كۆنبەگنى تەڭرى يۆلەۋېتىپتۇ› ، دەپ قارىغان» دەپ خاتىرلەنگەن.

«خەننامە» 54-جىلد « سۇ ۋۇنىڭ تەرجىمھالى» دا: «تەڭرىقۇت يېمەك-ئىچمەك بەرمىگەن، سۇ ۋۇ قارنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، كىگىزنىڭ يۇڭىنى يەپ نەچچە كۈنگىچە ئۆلمىگەن، تەڭرىقۇت ئۇنى ئەۋلىيا ئوخشايدۇ دەپ قاراپ، بايقال كۆلىگە ئاپىرىۋەتكەن » دەپ خاتىرىلەنگەن. «كېيىنكى خەننامە»19-جىلد «گېڭ گۇڭنىڭ تەرجىمھالى» دا: «گېڭ گۇڭ غەربى يۇرتتا ھۇنلار بىلەن جەڭ قىلغاندا، قاتتىق جۇدۇن- چاپقۇن بولغان، گېڭ گۇڭ ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان، ھۇنلار بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ ساراسىمىگە چۈشكەن، ئۇلارنىڭ ۋەزىرى ‹ خەن لەشكەرلىرى ئەۋلىيا ئىكەن، ئۇلاردىن قورقماي بولمايدۇ› «دەپ قاراپ قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن.

ھۇنلارنىڭ خۇراپىيلىقى بەزى چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتىن كۈتكەن ئۈمىدى ۋە بالايىئاپەتتىن ساقلىنىش ئارزۇسىدىن پەيدا بولغان. مەسىلەن، خەن سۇلالىسىنىڭ سۇترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلى ھۇنلارغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن دىڭ خانى ۋېيلۇ ئۇنىڭ ئارزۇلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھەسەت قىلىپ، قامانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، «مەرھۇم تەڭرىقۇت سۇترىشنا سانغۇننى قۇربانلىق قىلىڭلار دېگەن» دەپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان. تەڭرىقۇت سۇترىشنا سانغۇننى قولغا ئالغاندا سۇترىشانى سانغۇن تىللاپ تۇرۇپ «مەن ئۆلسەم ھۇنلارمۇ ھالەك بولىدۇ» دېگەن، دېگەندەكلا ئۇدا نەچچە ئاي قار يامغۇر يېغىپ، چارۋىلار ئۆلۈپ، ئادەملەرگە كېسەل تېگىپ زىرائەتلەر پىشمىغان. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىقۇت قورقۇپ كېتىپ، سۇترىشنا سانغۇن ئۈچۈن ئىبادەتخانا سالدۇرغان [10].

يۇقىرقىلاردىن ئاسمان زېمىن جىن ئەرۋاھ ئۇقۇمىنىڭ ھۇنلارنىڭ كۈندۈلۈك تۇرمۇشىنى ۋە ھەربىي، سىياسىي پائالىيەتلىرىدىكى تەسىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھۇنلارنىڭ نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزىدىغان ئورنى ۋە مۇراسىم

قائىدىلىرى توغرىسىدا تارىخي ماتېرىياللاردا ئېنىق خاتىرە يوق. تەڭرىقۇت ئوردىسىنىڭ تەڭرىقۇت بارگاھى ئورۇنلاشقان جاي، ھۇنلارنىڭ سىياسىي مەركىزىي ئىكەنلىكىدىن باشقا ئەجدەربالىق ۋە دەيلىننىڭ قەيەرە ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. «تارىخي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، دە:«مايىي ۋەقەسىدىن كېيىنكى 5-يىلى ئەتىيازدا، ۋېي چىڭ شاڭگۇدىن يولغا چىقىپ ئەجدەربالىققا باردى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەجدەر بالىق شەھىرى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ شىلىنغول ئايمىقىنىڭ شەرقى، غەربىي ۋۇجۇمۇشىن خوشۇنىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ھۇنلار ھەر يىلى 5-ئايدا نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزىدىغان يەر ئىكەنلىكىنى ياكى ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. يەن شىگو «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» گە بەرگەن ئىزاھىدا: «دەيلىن، نەزىر-چىراغ قىلىدىغان قويۇق دەرەخلىك يەر، سىيانپىلارنىڭ ئادىتىدە قەدىمدىن تارتىپ كۆزدە نەزىر- چىراغ ئۆتكۈزگەندە، دەل-دەرەخ بولمىسا شاخ-شۇمبىلارنى تىكلەپ، ئات بىلەن ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ توختايتى، بۇ ئۇلارنىڭ بەسلىشىپ دەيلىنگە يۈزلەنىدۇق » دېيىلگەن[11]. مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، دەيلىن ئورمانچىلىق يەر بولۇپ، ھۇنلار ئورمانلىقلاردا نەزىر- چىراغ ئۆتكۈزگەن.

ئۇنداقتا، ھۇنلارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان نەزىر- چىراغ سورۇنى بولغانمۇ، يوق؟ ئۇلارنىڭ كەڭ دالىدا، ئورمانلىقلاردا نەزىر- چىراغ قىلغانلىقى بىزگە مەلۇم. لېكىن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھۇنلارنىڭ سۈترىشنا سانغۇنى قۇربانلىق قىلغانلىقى ۋە كېيىن سۈترىشنا سانغۇنى قۇربانلىق قىلغانلىقى ۋە كېيىن سۈترىشنا سانغۇنغا ئاتاپ ئىبادەتخانا سالغانلىقىدىن قارىغاندا، ھۇنلارنىڭ ئېھتىمال ئىبادەتخانىغا ئوخشاش نەزىر- چىراغ سورۇنى بولغان.

1952- يىلى ۋە1955- يىلى موڭغۇلىيە ئارخېئولوگى خ. پەرلە ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ، موڭغۇلىيەنىڭ مەركىزى ئۆلكىسىگە يېقىن قۇرۇلۇن دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى جىيادوب، دېرچىن، بورخوي دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى بورخون ۋە ئۇلانباتۇر، چوبا تېغى ئارىلىقىدىكى باروندۇرو تۆت جايدىن ھۇنلارنىڭ شەھەر- بازارلىرىنىڭ خارابىسىنى قازغان. جىيادوب ۋە دېرچىندىن ئۆي- ئىمارەتلەردىن باشقا، ئىقتىسادىي تۇمۇرشقا ئائىت ھېچقانداق يادىكارلىقلار بايقالمىغان (ھەتتا كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلارمۇ چىقمىغان). پەقەت نەزىر- چىراغ سۇپىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر لاي شىرە (نەزىر- چىراغ شىرەسى) بايقالغان. پەرلە بۇ ئىككى جايدىكى چوڭ ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ھۇنلار ھەر يىلى قەرەللىك نەزىر- چىراغ ئۆتكۈزىدىغان

ئىبادەتخانا، دەپ قارىغان. كېيىنكى ئىككى جايدىكى ئىمارەتلەرنىڭ نۆكەش كاھشلىرىدىكى نەقىشلەرگە ئاساسلىنىپ، بۇ تۆت جايدىكى شەھەر- بازار جۇڭگونىڭ چىن، خەن دەۋرلىرىگە مەنسۇپ دەپ ھۆكۈم قىلغان [12].

ھۇنلار ئاسمان- زېمىن، جىن- ئەرۋاھلارغا خۇراپىيلارچە ئىشەنگەنلىكتىن، ئۇلارغا ئاتاپ مەبۇد ياساپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» ۋە «خەننامە» 68- جىلد «جىن مىتىنىڭ تەرجىمھالى» دا، خەن ۋۇدى دەۋرىدە خۇ چۈبىڭ ئالچى تېغىدىن ئۆتۈپ، ھۇنلارغا زەربە بەگەندە، «شۇتۇق خاننىڭ ئالتۇندىن ياسالغان كۆك تەڭرى مەبۇدى» نى قولغا چۈشۈردى، دەپ خاتىرلەنگەن. ھۇنلار مۇشۇنداق مەبۇدلارنى ياساپ، ئۇنىڭغا «تەڭرى» دەپ چوقۇنغان. شۇڭا، «جىن مىتىنىڭ تەرجىمھالى» دا «شۇتۇق خان ئالتۇندىن مەبۇد ياساپ، تەڭرى دەپ چوقۇنغاچقا، ئۇنىڭغا جىن (金) فامىلىسى ئىنئام قىلىنغان» دېيىلگەن. «ۋېينامە» 111- جىلد «بۇددا- تويىن دىنلىرى تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، بۇ ئالتۇن مەبۇد بىر جاڭدىن ئېگىزرەك بولۇپ، خەن ۋۇدى ئۇنى ئەنچۈەن قەسرىگە قويۇپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ نەزىر- چىراغ قىلماي، پەقەت كۆجە كۆيدۈرۈپ قىلىشقىلا يول قويغان. نويان ھۇن قەبرىسىدىن چىققان ياغاچ ھەيكەلمۇ ھۇنلارنىڭ ھەققەتەن مەبۇدقا چوقۇنغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ھۇنلار ئاسمان- زېمىن، جىن- ئەرۋاھلار ناھايىتى يىراقتا، ئادەملەر ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشالمايدۇ دەپ قارىغانلىقتىن، ئۇلاردا يەنە «تەڭرى بىلەن ئادەملەرنىڭ ئارىسى» نى باغلاپ تۇرىدىغان «قامان» (پىرە ئارقىلىق ئەرۋاھلارنى چىللايدىغان ئايال داخان) لار پەيدا بولغان. تارىخىي ئەسەرلەردە ھۇنلارنىڭ قامانلىرى، يەنى باخشىلىرىنىڭ كۆپلىكى تىلغا ئېلىنغان ۋېيلۇنىڭ سۆترىشنا سانغۇندا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن قامانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەندىن باشقا، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىمۇ ھۇنلارنىڭ خەن قوشۇنلىرىنى توسۇش ئۈچۈن ھەر قايسى يول ۋە دەريالارغا قامانلار ئەپسۇن ئوقۇغان كالا، قويلارنى كۆمدىغانلىقى (خۇراپىي ئۇسۇل ئارقىلىق خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىغا ئىلگىرلىشىنى توسماقچى بولغانلىقى)، تەڭرىقۇت خەن پادىشاھلىرىغا سوۋغا قىلغان ئات ۋە كىيىم- كېچەكلەرگە ئاۋال قامانلارنىڭ دۇئا قىلدىغانلىقى خاتىرلەنگەن. بۇنىڭدىن قامانلارنىڭ ھۇنلارنىڭ ھەربىي، سىياسىي ئىشلىرىدىكى تەسىرىنىڭ ناھايىتى زورلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھۇن قامانلىرىنىڭ جادۇگەرلىكى ئادەتتە ئەپسۇن ئوقۇش،يەنى «قارغاش» ياكى «يامانلىق تىلەش»

بولغان بولۇپ، ئەينى چاغدا بۇنداق جادۇگەرلىك ناھايىتى كەڭ تارقالغان. «تارىخىي خاتىرىلەر» 19- جىلد «خۇيدى، جىڭدى زامانىدىكى تۆرىلەرنىڭ يىلنامىسى» دە، خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان ھۇن چيۇ تۆرىسى لۇڭجاننىڭ ئوغلى ۋە رۇڭچېڭ تۆرىسى ۋېشلۇنىڭ نەۋرىسىنىڭ ھۇن قامانلىرىدىن پايدىلىنىپ، خەن پادىشاھىغا يامانلىق تىلىگەنلىكى ئۈچۈن، تۆرىلىك مەرتىۋىسى ئېلىپ تاشلانغانلىقى خاتىرلەنگەن. «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خەن ۋۇدىنىڭ جېڭخې يىللىرىدا (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 92 ~ 89- يىللار) خەن قوشۇنلىرىنىڭ ھۇن ئەسكەرلىرىگە قوغلاپ زەربە بېرىپ، تاكى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى فەن خانىم قەلئەلسىگىچە بارغانلىقى خاتىرلەنگەن. يەن شىگۇ جاڭ يەننىڭ سۆزىدىن نەقىل ئېلىپ: «بۇ فەن خانىم ‹ھۇنلار قامانى› بولۇش مۇمكىن» دېگەن. بۇنىڭدىن بۇ قەلئەلدىنىڭ ئىگىسى فەن خانىمنىڭ ھۇنلارنىڭ قامانى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ ھۇن قامانلىرى كېيىن ھۇنلارنىڭ ئۈزلۈكسىز خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇش نەتىجىسىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. شۇڭا، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەندىك ئايمىقىغا (ۋۇدىنىڭ يۈەندىك 3- يىلى تەسىس قىلىنغان) تەۋە چاۋنا ناھىيىسىدىلا 15 ئىبادەتخانا قۇرۇلۇپ، بۇ ئىبادەتخانىلاردا ھۇن قامانلىرى تۇرغان [13]. خەن سۇلالىسى ئوردىسىدىمۇ ھۇن قامانلىرى خېلى كۆپ بولغان. «خەننامە» 45- جىلد «جياڭ چۇڭنىڭ تەرجىمھالى» دا: «جياڭ چۇڭ ۋۇدىنىڭ پەرمانى بويىچە داخانلىق ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا تەيىنلەنگەن. ئۇ ھۇن قامانلىرىنى ئوردىغا باشلاپ كىرىپ ، يەرگە كۆمۈلگەن ياغاچ ھەيكەللەرنى قېزىپ، كېچىسى ئەپسۇن ئوقۇپ يامانلىق تىلىگەنلەرنى تۇتماقچى بولغان. ھۇن قامانلىرىنىڭ جياڭ چۇڭغا ھەمدەم بولۇپ، سۇيىقەست قىلىشىدىن لى شاھزادە قاتتىق غەزەپلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جياڭ چۇڭنى ئۆلتۈرۈپ، ھۇن قامانلىرىنى لىيۈەن باغچىسىدا تىرىك كۆيدۈرۈۋەتكەن» [14] دەپ خاتىرلەنگەن. يەن شىگۇ «خەننامە» 63- جىلد «لى شاھزادىنىڭ تەرجىمھالى» نى ئىزاھلىغاندا، فۇجيەننىڭ سۆزىدىن نەقىل ئېلىپ:«ھۇن قامانلىرى جياڭ چۇڭنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن سۇيىقەست قىلغاچقا، شاھزادە ناھايىتى غەزەپلىنىپ، ھۇن قامانلىرىنى تىرىك كۆيدۈرۈۋەتكەن» دېگەن.

ھۇن قامانلىرى جادۇگەرلىك قىلىپلا قالماي، يەنە كېسەللەرنى داۋالاپ ئادەم قۇتقۇزغان. تارىخىي ئەسەرلەردە ھۇنلارنىڭ «تىۋىپى» بارلىقى خاتىرلەنگەن. بۇ تىۋىپ دەل قامان ئىدى. «خەننامە. سۇۋۇنىڭ تەرجىمھالى» دا: «سۇۋۇ ھۇنلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ پىچاق بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغاندا، ۋېيلۇ تېزلىكتە چاپارمەن

ئەۋەتىپ تىۋىپ چاقىرتقان. تىۋىپ يەرگە ئۆرەك كولاپ، ئۆرەككە چوغ سېلىپ، سۈۋۈنى ئۆرەك ئۈستىگە دۈم ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن دەسسەپ قان ئۇيۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغان. سۈۋۈ بۇنىڭدىن خۇن قامانلىرىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش ۋە تاشقى كېسەل ئوپېراتسىيىسى قىلالايدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. قامانلار خۇنلارنىڭ تىۋىپى، شۇنداقلا خۇنلارنىڭ تىبابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلىدۇر.

# 3. نىكاھ ۋە باشقا ئۆرپ ـ ئادەتلەر

«تارىخىي خاتىرىلەر. خۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: «خۇنلارنىڭ ئادىتى بويىچە دادىسى ئۆلسە ئوغلى ئۆگەي ئانىسىنى، ئاكىسى ئۆلسە ئۇنىڭ ئىنىسى خوتۇنىنى، ئىنىسى ئۆلسە ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئاكىسى ئالىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ خۇنلارنىڭ نىكاھ ئادىتى بولۇپ، بۇ خىل ئۆرپ ـ ئادەتنى خۇنلار تۇرىۋاتقان تارىخىي باسقۇچ ۋە جەمئىيەت ئالاھىدىلىكى بويىچە چۈشىنىش كېرەك.

خۇنلار تارىخ سەھنىسىگە قەدەم قويغان چاغدا (مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردە) دەل ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىن قۇللۇق جەمئىيەتكە ئۆتىۋاتقان بولۇپ، ئۇرۇقداشلىق جەمئىيەتتىكى خىلمۇ ـ خىل ئۆرپ ـ ئادەتلەر يەنىلا خېلى ساقلىنىپ قالغان. يۇقىرقىدەك ئۆگەي ئانىسى ۋە يەڭگىسىنى ئالىدىغان ئادەت خۇنلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىدۇر.

خۇن جەمئىيىتىدە ئۇرۇقنىڭ سىرتتىن نىكاھلىنىش تۈزۈمى كەڭ تارقالغان. ئۇرۇقنىڭ سىرتتىن نىكاھلىنىش تۈزۈمى ئەڭ دەسلەپتە جۈپ نىكاھلىق ئائىلىلەر تارىخىي باسقۇچىدا بارلىققا كەلگەن. جۈپ نىكاھلىنىش تۈزۈمىدە ئوخشاش بىر ئۇرۇقتىكى ئەر ـ ئاياللىق ئۆز ـ ئارا نىكاھلىنىشىغا يول قويۇلمىغان. ئۇلار پەقەت ئۆز ئۇرۇقىنىڭ سىرتىدىن ئۆز جۈپتىنى تاپقان. بۇ خىل نىكاھ مۇناسىۋەتتى شەخسى بىلەن شەخسكىلا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى ئۇرۇق بىلەن ئۇرۇقىمۇ قارىتىلاغىن. يەنى ياتلىق قىلىنغان ئەر (ئۇ چاغدا ئاياللار ياتلىق قىلىنمىغان) ئۆز ئۇرۇقىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە، خوتۇنىنىڭ ئۇرۇقىدىكىلەر بىلەن ئالاقە قىلغان.

خۇنلار رەسمىي تارىخ سەھنىسىگە قەدەم قويغان ۋاقىتتا، ئائىلە، نىكاھ تۈزۈمىدە قۇللۇق تۈزۈمىگە ماسلاشقان ھالدا ئاتىلىق ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمىدىكى ئائىلىلەر بارلىققا كەلگەن. ئاتىلىق ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمىدىكى

ئائىلە جۈپ نىكاھلىق ئائىلىدىن بىر ئەر، بىر خوتۇنلۇق ئائىلىگە ئۆتۈشتىكى ئارىلىق باسقۇچ بولۇپ، ئارىلىقتا ئۆتكەن ۋاقىت قىسقا بولغاچقا، جۈپ نىكاھلىق ئائىلە مەزگىلىدە يۈرگۈزۈلگەن ئۇرۇقنىڭ سىرتتىن نىكاھلىنىش تۈزۈمىنىڭ ئادەت ۋە قارىشى ساقلىنىپ قالغان. بۇ چاغدىكى ھۇنلارنىڭ قارىشىدا، ئۇرۇقتا ياتلىق بولۇپ كەلگەن ئايال بىلەن بولغان مۇناسىۋەت يەنىلا ئۇرۇق بىلەن ئۇرۇقنىڭ مۇناسىۋىتى بولغان. ئايال ئېرىنىڭ ئۆيىگە ياتلىق بولۇپ كەلگەندە، ئۇ ئېرىنىڭ ئائىلىسىگىلا مەنسۇپ بولۇپ، ئېرىنىڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئېرىنىڭ ئۇرۇقىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئېرىنىڭ ئۇرۇقىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان. ئەگەر ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ، قايتا ياتلىق بولماقچى بولسا، ئېرىنىڭ ئائىلىسىدىنلا ئايرىلىپ قالماستىن، يەنە ئېرىنىڭ ئۇرۇقىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغان. شۇڭا، ئۆلارنى ئۇرۇقتا ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن، ئېرىنىڭ باشقا خوتۇنىدىن بولغان ئوغۇللىرى ياكى ئاكا-ئۇكىلىرى ئۇلارنى نىكاھىغا ئالغان. خەن ۋېندى دەۋرىدە، ياتلىق قىلىنغان مەلىكىگە ھەمراھ بولۇپ تەڭرىقۇت ئوردىسىغا بارغان جۇڭ خاڭيۇ: « ھۇنلاردا ئاتىسى ئۆلسە ئوغلى ئۆگەي ئانىسىنى ئېلىشى، ئاكىسى ئۆلسە خوتۇنىنى ئىنىسى ، ئىنىسى ئۆلسە ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئاكىسى ئېلىشى، ئۇلارنىڭ ئۆز نەسەبىنىڭ بۇزۇلىشىدىن قورققانلىقىدۇر. ھۇنلاردا ئادەت قالايمىقان بولسىمۇ، لېكىن نەسەب ساقلاپ قېلىنغان [15] دېگەن. بۇ دەل ھۇنلارنىڭ بۇ خىل نىكاھلىنىش ئادىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە تارىخىي مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن قالسا، ئاتىلىق ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمىدىكى ئائىلە جۈپ نىكاھلىق ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، جۈپ نىكاھلىنىش ئىپتىدائىي توپ نىكاھلىنىشنىڭ راۋاجى بولغاچقا، ئاتىسى ئۆلسە ئۆگەي ئانىسىنى خوتۇن قىلىش، ئاكىسى ئۆلسە ئىنىسى، ئىنىسى ئۆلسە خوتۇنىنى ئاكىسى خوتۇن قىلىش ئادىتىمۇ ئىپتىدائىي توپ نىكاھلىنىشنىڭ بىر خىل قالدۇقى ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، مىلادىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن باشلاپ ھۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىقتىن، ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا شەخسىي چارۋىسى بار يەككە ئائىلىلەرنىڭ كىچىك ئىگىلىكى بارلىققا كېلىپ، ئۇرۇقداشلىق جامائەسى پەيدىنپەي راۋاجلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. باي-كەمبەغەللىككە بۆلۈنۈشنىڭ پەيدىنپەي كەسكىنلىشىشكە ئەگىشىپ، يەككە ئائىلىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى پەيدىنپەي ئۇرۇقنىڭ رولىدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ چاغدا تۇل قالغان ئانىسى ۋە يەڭگىسىنى ئائىلىدە ئېلىپ

قىلىش، ئىلگىرىكى قەدىمدىن ساقلىنىپ قالغان ئادەتنى چىقىش قىلىشتىن بىر جەمەتتىكى يەككە ئائىلىلەرنىڭ ئەمگەك كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئائىلىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتەك مەنىگە ئۆزگەرگەن. «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: «خەن پىڭدى دەۋىدە (مىلادىيە 1 ~ 5- يىللار)، ھۇنلار كونا قائىدە بويىچە ئوغانلاردىن سىلىق يىغىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتكەندە، ھۇنلارنىڭ ئاياللىرىمۇ سودا قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئەگىشىپ بىللە بارغان» دەپ خاتىرلەنگەن. بۇنىڭدىن ھۇن ئاياللىرىنىڭ ئاتىلىق ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمىدىكى ئائىلە شارائىتىدا ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولسىمۇ، لېكىن ئاتا ھوقۇقچىلىقىدىكى ئائىلە باشلىقىنىڭ يېتەكلىشىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقا ئەمگەكلەرگە قاتنىشىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. جۈملىدىن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نىكاھ جەھەتتىكى كونا ئۆرپ- ئادەتلەر تايىنىدىغان تارىخىي شەرت- شارائىتى (توپ نىكاھلىنىش ۋە ئۇرۇقنىڭ مەۋجۇتلىقى) يوقالغان ياكى كۈنسېرى تەۋرىنىڭ قالغان بولسىمۇ، يېڭى شەرت- شارائىت ( ئائىلە ۋە جەمەتنىڭ بارلىققا كېلىشى) ئۇنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، بۇ خىل ئۆرپ- ئادەتنى ساقلاپ قالغان. بۇ دەل ھۇنلاردا بۇ خىل نىكاھ تۈزۈمىنىڭ ئۇزاققىچە ساقلىنىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىدۇر.

ئاتىسى ئۆلسە ئوغلى ئۆگەي ئانىسىنى، ئاكىسى ئۆلسە خوتۇنىنى ئىنىسى، ئىنىسى ئۆلسە خوتۇنىنى ئاكىسى ئېلىش نەتىجىسىدە ھۇنلاردا بىر ئەر، كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم تېخىمۇ ئومۇملاشقان. يازما ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەردىن بىز ھۇنلارنىڭ ئۆگەي ئانىسى ۋە يەڭگىسىنى خوتۇن قىلىشىغا ئائىت كونكرېت مىساللارنى كۆرستىپ بېرەلەيمىز. مەسىلەن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 31- يىلى (چېڭدىنىڭ جيەنشى 2- يىلى) قوغۇشار تەڭرىقۇت ئۆلگەندە، ئوغلى داتاۋ بۇقا تەڭرىقۇتلۇق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، فۇجۇرجۇت تەڭرىقۇت دەپ ئاتالغان ۋە ئۆگەي ئانىسى ۋاڭ جاۋجۈننى خوتۇنلۇققا ئالغان. يەنە مىلادىدىن بۇرۇنقى 68- يىلى (شۈەندىنىڭ دىجيې 2- يىلى) ئۇيانجۇت تەڭرىقۇت ئۆلگەندە، ئورنىغا ئىنىسى شۇرۇچانچۇ تەڭرىقۇت چىقىپ،م ئوڭ قول بۆيۈك سەركەردىنىڭ قىزىنى چوڭ ئالچى قىلغان. ئەمما ئىلگىرىكى تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسى جۇەنچۇ ئالچىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن. ئۇنىڭ يېڭىدىن خوتۇن ئېلىپ تۇل قالغان يەڭگىسىنى تاشلىۋېتىشى ئاكىسى ئۆلسە خوتۇنىنى ئىنىسى ئالىدىغان ئادەتكە خىلاپ بولغاچقا، ئۇ جۇەنچۇ ئالىنىڭ دادىسى سول قول بۆيۈك جورچىنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان [16].

ئۆگەي ئانىسىنى خوتۇن قىلىش بىر خىل نىكاھ ئادىتىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە بىر خىل نىكاھ تۈزۈمىدۇر. ئۇ

ئىلمىي ساھەدە ئادەتتە «نىكاھقا ۋارىسلىق قىلىش» دېيىلىدۇ. نىكاھقا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى ھۇنلاردا بولۇپ قالماستىن، شىمالدىكى باشقا نۇرغۇنلىغان كۆچكەن چارۋىچى مىللەتلەردىمۇ بولغان بولۇپ، پەقەت شەكىل جەھەتتىن سەل ئوخشىمايدۇ. مەسلەن: مىلادىدىن بۇرۇنقى 2- ئەسىرنىڭ ئالدى- كەينىدە، ھازىرقى گەنسۇدىكى خېشى كارىدورى ئەتراپىدا چارۋىچىلىق قىلىپ، كېيىن ھازىرقى ئىلى دەرياسى ئەتراپىدا چارۋىچىلىق قىلىپ، كېيىن ھازىرقى ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيسۇنلاردا، شەكىل جەھەتتىن ھۇنلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان نىكاھقا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى ۋە ئاكىسى ئۆلسە خوتۇننى ئىنىسى، ئىنىسى ئۆلسە خوتۇننى ئاكىسى ئالىدىغان ئادەت ساقلانغان. «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە ئۇيسۇنلانىڭ كۇنبېگىگە ياتلىق قىلغان. كۇنبەگ قېرىپ قالغاندا نەۋرىسى سەنجۇرغا شجۇننى خوتۇن قىلىشنى بۇيرىغان. شجۇن ئۆلگەندىن كېيىن خەن سۇلالىسى جيېيۇ مەلىكىنى سەنجرغا ياتلىق قىلغان. سەنجۇر ئۆلگەندە، تاغىسى دالۇننىڭ ئوغلى ئۇنغۇمى جيېيۇنى خوتۇن قىلغان.ئۇنغۇمى ئۆلگەندە سەنجۇرنىڭ ھۇن ئايالىدىن بولغان ئوغلى نىمى (ئۇنغۇمنىڭ جيەنى) جيېيۇنى يەنە خوتۇن قىلغان. بۇنىڭدىن ئۇيسۇنلاردىكى نىكاھقا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى ۋە ئاكىسى ئۆلسە خوتۇننى ئىنىسى، ئىنىسى ئۆلسە خوتۇننى ئاكىسى ئالىدىغان ئادەت ھۇنلارنىڭكىگە قارىغاندا بىر قەدەر مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: (1) ئوغلى ئۆگەي ئانىسىنى خوتۇن قىلىپلا قالماستىن، نەۋرىسىمۇ ئۆگەي ئانىسىنى خوتۇن قىلغان؛ (2) بوۋىسى ئۆلمىسىمۇ ئۆگەي چوڭ ئانىسىنى يەنىلا خوتۇن قىلالىغان؛ (3) تاغىسى ئۆلگەندە جيەنى تاغىسىنىڭ ئايالىنى خوتۇن قىلالىغان؛ (4) ئاكىسى ئۆلسە خوتۇننى ئىنىسى، ئىنىسى ئۆلسە خوتۇننى ئاكىسى خوتۇن قىلىپلا قالماي، نەۋرە ئاكا- ئىنىلەر مۇشۇنداق قىلغان. بۇ خىل نىكاھ تۈزۈمى ۋە ئادەت تېخىمۇ بەك ئىپتىدائىي خاراكتېرنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئۇيسۇنلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئىپتىدائىي تارىخىي باسقۇچى بىلەن ئۆز- ئارا ماسلاشقان.

مىلادىيە 4-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇب- شىمالىدا باش كۆتۈرگەن جۇرجانلاردىمۇ نىكاھقا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئاكىسى ئۆلسە خوتۇننى ئىنىسى، ئىنىسى ئۆلسە خوتۇننى ئاكىسى خوتۇن قىلىش ئادىتى ساقلانغان. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 13- جىلد «خانىشلارنىڭ تەرجىمھالى» دا: «شېنۇۋ (شەرقىي ۋېي خانى گاۋخۇەن) جۇرقان قاغان ئاناغانىڭ مەلىكىسىنى ئەمرىگە ئالغان. شېنۇۋ ئۆلگەندىن كېيىن ۋېنرۇڭ (گاۋ

خۇەننىڭ ئوغلى گاچېك) جۇرجانلارنىڭ قائىدىسى بويىچە مەلىكىنى ئەمرىگە ئېلىپ، بىر قىز كۆرگەن» دەپ خاتىرلەنگەن. ۋېنراڭ جۇرجان مەلىكىسىنى جۇرجانلارنىڭ قائىدىسىگە (ئۆگەي ئانىسىنى خوتۇن قىلىشنىڭ ئادەتكە) ئاساسەن ئەمرىگە ئالغانىكەن. دېمەك ئۆگەي ئانىسىنى خوتۇن قىلىش ئادىتى جۇرجانلاردا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. يەنە «ۋېينامە» 103 ـ جىلد «جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە» دە: «تولۇن ئۆلگەندە ناغاي ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان. فۇتۇ (تولۇننىڭ نەۋرە ئىنىسى) تولۇننىڭ خوتۇنى لۇ لىڭشىنى ئەمرىگە ئېلىپ، چۇنۇ، ئاناغاي قاتارلىق ئالتە پەرزەنت كۆرگەن» دەپ خاتىرلەنگەن. بۇنىڭدىن ئاكا ـ ئىنى، ھەتتا نەۋرە ئاكا ـ ئىنىلەر يەڭگىسىنى خوتۇن قىلىدىغان ئادەتنىڭ جۇرجانلاردىمۇ ساقلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ملادىيە 6ـئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چوڭ چوللۇكنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا باش كۆتۈرگەن تۈركلەردىمۇ نىكاھقا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى بولغان. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخىي» 99ـجىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» ۋە «ئومۇمىي قامۇس» 197ـجىلد «تۈركلەر» دە خاتىرىلىنىشىچە، سۈي سۇلالىسىنىڭ يىچېڭ مەلىكىسى ئىلگىرى ـكېيىن بولۇپ چىمەن قاغان، چىمەن قاغاننىڭ ئوغلى شىبى قاغان، شىبى قاغاننىڭ ئىنىسى چۇلۇق قاغان، چۇلۇق قاغاننىڭ ئىنىسى ئىل قاغانغا ياتلىق بولغان. بۇ تۈركلەرنىڭ نىكاھ ئادىتىدە ئاتا ـبالا ۋە ئاكا ـ ئىنىنىڭ نىكاھقا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ تەڭ ساقلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ھۇنلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىدىكى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر خىل ئەھۋال شۇكى، ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران بولغان تەڭرىقۇت كۆپىنچە ئۆز پەرزەنتلىرىنى باشقىلارغا نىكاھلاپ بېرىش ئارقىلىق، بۇنى ئۇلارنى سىياسىي جەھەتتىن ئۆزىگە تارتىشنىڭ ۋاستىسى قىلغان. مەسىلەن، خەن ۋۇدى «ھۇنلارنىڭ ئوڭ قولىنى كېسىپ تاشلاش» ئۈچۈن مەلىكە جىيېۈنى ئۇيسۇن كۇنبېگىگە ياتلىق قىلغاندا، كۇنبەگ ئۇنى ئوڭ خانىش قىلغان.ھۇن تەڭرىقۇتىمۇ ئۇيسۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ ئىتتىپاقىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىزىنى كۇنبەگكە ياتلىق قىلغاندا، كۇنبەگ ئۇنى سول خانىش قىلغان [17]. يەنە يۈەندى دەۋرىدە قۇتىئۇش تەڭرىقۇت چۆللۈكنىڭ شىمالىدا يۆت تىرەپ تۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ غەربكە كۆچۈپ كانگىيىگە بارغاندا، كانگىيە خانى ئۇنىڭ ئابروييىدىن پايدىلىنىپ غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى ئەللەرگە تەھدىت سېلىش ئۈچۈن قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان. قۇتىئۇش تەڭرىقۇتمۇ قىزىنى كانگىيىگە خانىغا ياتلىق قىلغان [18]. شۇنداق قىلىپ ئىككى تەرەپ ئۆز ـ ئارا بىرلەشكەن. يەنە خەن ۋۇدى دەۋرىدە، خەن سۇلالىسىنىڭ ئۆڭكۈ تۆرىسى جاۋ شىن (ھۇنلارنىڭ خەن

سۇلالىسىگە ئەل بولغان كىچىك خانى) ھۇنلارغا تەسلىم بولغاندا، تەڭرىقۇت ئۇ خەن سۇلالىسىدە ئۇزاق مۇددەت تۇرغان. خەن سۇلالىسىنىڭ ھەربىي، سىياسىي ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنى نائىب خان قىلىپ، ئاچىسىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانماقچى بولغان [19].كېيىن سۇترىشىنا سانغۇن لى گۇاڭلى ھۇنلارغا تەسلىم بولغاندىمۇ، تەڭرىقۇت سۇترىشىنا سانغۇننىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ داڭلىق سەركەردىسى ۋە مۇھىم ۋەزىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكتىن، قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ، ئۇنى ۋېيلۇدىنمۇ بەك ئەتىۋارلىغان [20]. يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار ئېھتىمال خەن سۇلالىسى فېئوئودال ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قۇدىلىشىش سىياستى ۋە تېزگىنلەش سىياستىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك.

ھۇنلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىن قېلىپ قالغان ئۆرپ- ئادەتلىرى ئىچىدە، دۇشمەننى ئۆلتۈرگەنلەرنى مۇكاپاتلاشمۇ بىر خىل ئادەت بولغان. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: «ھۇنلار ئۇرۇش قىلغاندا دۇشمەندىن بىرنى ئۆلتۈرسە بىر ئاپقۇر شاراپ مۇكاپات بېرىلەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ دەل دۇشمەننى ئۆلتۈرگەنلەرنى مۇكاپاتلىشىدىكى ئىپادىسى بولغان. بۇ خىل ئادەت بۇرۇن جامائەنىڭ دۇشمەننى قىرىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ئۇرۇق ئەزالىرىنى مۇكاپاتلاشتىكى بىر خىل ئۇسۇل بولغان. كېيىنمۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى، سىنىپنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۇرۇق ئەزالىرىنى باشقا مىللەت خەلقلىرىنى بۇلاڭ- تالاڭ قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىششقا قىزىقتۇرۇشى ۋە مەجبۇرلىشىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى بىر ئاپقۇر شاراب مۇكاپات بېرىش، قولغا چۈشۈرگەن ئەسىرلەر ۋە مال- مۈلۈكلەرنى ئىنئام قىلىپ بېرىشكە ئۆزگەرگەن. كېيىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى ۋە قۇللۇق تۈزۈمنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ئۇ ئەسىرلەرنى قۇل- دېدەك قىلىشقا ئۆزگەرگەن. بۇ خىل مەنپەئەتنىڭ قىزىقتۇرۇشى ۋە ئەسىرلەرنى قۇل قىلىپ ئەمگەك كۈچلىرىنى تولۇقلاش ئېھتىياجىنىڭ تۈرتكىسىدە، ھۇنلار جەڭ قىلغاندا، ھەر بىر جەڭچى ئىمكانىيەتىنىڭ بېرىچە كۆپرەك ئەسىر ئېلىپ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قۇلى قىلىۋالغان. بۇ خىل ئادەت دەل ھۇن جەمئىيىتىنىڭ ئۇرۇقداشلىق جامائەسىدىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈشتىكى تەرەققىيات جەريانىنىڭ بىر خىل ئىنكاسىدۇر.

ئۇرۇق ئەزالىرى ئارىسىدىكى ئۆز- ئارا ياردەم بېرىش ھۇنلار جەمئىيىتىدىكى يەنە بىر خىل ئېسىل ئادەت بولغان. بولۇپمۇ ئۇرۇش ۋاقتىدا بۇ خىل ئۆز- ئارا ياردەم تېخىمۇ زۆرۈر بولغان. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار

ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرلەنگەن جەڭدە قۇربان بولغانلارنىڭ جەسىتىنى قايتۇرۇپ كېلىش دەل مۇشۇ خىل ئۆز-ئارا ياردەمنىڭ ئىپادىلىرىنىڭ بىرىدۇر. كېيىن، ھۇن جەمئىيىتىدە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تەدرىجى قۇربان بولغۇچىنىڭ جەسىتىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ تەئەللۇقاتىغا ئېرىشىشىنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالغان.

ھۇنلار «قۇرامىغا يېتىپ ئوقيا تارتقۇدەك بولغاندىلا ھەممىسى ئاتلىق ئەسكەر بولىدىغان»، ھەربىي تەشكىل بىلەن ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلىي بىرلەشتۈرۈلگەن. ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن ھەربىي يۈرۈش تۇرمۇشىنىڭ بارلىق مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغانلىقتىن، ھۇنلار جەمئىيىتىدە بىر ئادەمگە باھا بېرىشمۇ، ئۇنىڭ ئەمگەك ۋە ئۇرۇشتا (بولۇپمۇ ئۇرۇشتا) ئوينىغان رولىنى ئۆلچەم قىلغان. زەربەردەس ياشلار، بولۇپمۇ ئەمگەك ۋە ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەر جەمئىيەتنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشكەن. قېرى - ئاجىزلار دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە مۇئامىلىگە ئۇچرىغان. جۇڭ خاڭيۈ: «ھۇنلار ئۇرۇشنى كەسىپ قىلغان. ئۇلارنىڭ قېرى - ئاجىزلىرى ئۇرۇشقا بارمىغانلىقتىن، ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن يېمەكلىكلەرنىڭ ياخشىلىرىنى نەۋقىرانلىرىغا بېرىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆز قوۋمىنى قوغدىغانلىق. بۇ خۇددى ئاتىنىڭ بالىنى ئاسرىغىنىغا ئوخشاش ئىش» دېگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دېيىلگەن ھۇنلاردا مالىنىڭ سېمىزىنى قاۋۇل - قىرانلىرى، ئاشقانلىرىنى قېرى - ئاجىزلىرى يېيىشى، ساغلام ياشلارنىڭ ئەتىۋارلىنىپ، قېرى - ئاجىزلارنىڭ كەمسىتىلىشىنىڭ سەۋەبى دەل مۇشۇنىڭدىدۇر. ھۇنلار باتۇرلۇقنى قەدىرلىگەن. لېكىن باتۇرلارنىڭ مۇددىئاسى ۋە ئۇنۇمىنىڭ قانداقلىقى بىلەن ئانچە بەك ھېسابلىشىپ كەتمىگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرلىنىشىچە، تۇمەن تەڭرىقۇت چوڭ ئوغلى باتۇرنى كۆزدىن يوقۇتۇپ، تەختنى ئامراق كىچىك ئوغلىغا بەرمەكچى بولۇپ، باتۇرنى ياۋچىلارغا تورغاقلىققا ئەۋەتكەن ھەم ئارقىدىنلا قوشۇن چىقىرىپ ياۋچىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ياۋچىلارنىڭ قولى بىلەن باتۇرنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان. ھالبۇكى، باتۇر ياۋچىلار خاننىڭ تۇلپارىنى ئوغرىلاپ قېچىپ كەتكەن. تۇمەن تەڭرىقۇت ئۇنى باتۇر دەپ ماختاپ، ئۇنى ئون مىڭ چەۋەندازغا باش قىلغانلىقى خاتىرلەنگەن. يەنە «كېيىنكى خەننامە» 54- جىلد «لى لىڭنىڭ تەرجىمھالى» دا خاتىرلىنىشىچە، لى لىڭ ھۇنلارغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرىدا تۇرۇشلۇق لى شۇ ئاتلىق يەنە بىر كاھىبېگىمۇ ھۇنلارغا تەسلىم بولغان. لى شۇ تەڭرىقۇتقا ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ئىشلىتىپ خەن قوشۇنلىرىدىن مۇداپىئەلىنىشنى ئۆگەتكەنلىكتىن، خەن سۇلالىسى

خاتالىشىپ بۇنى لى لىك ئۆگەتتى دەپ قاراپ، لى لىڭنى ئانىسى، ئۇكىسى ۋە خوتۇن- باللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ جەمەتىنى قۇرۇتىۋەتكەن. لى لىك ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ لى شۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۆلگەنلىكىگە ناھايىتى غەزەپلىنىپ، باشقىلاردىن پايدىلىنىپ لى شۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە، تەڭرىقۇت ئۇنى ماختاپ، قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ ئۇنى ئوڭ قول چېرىكچى بەگلىككە تەيىنلىگەن ۋە ئۇنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ، سىياسىي ئىشلارغا قاتناشتۇرغان.

ھۇنلاردا يەنە ئەھدى- پەيمان تۈزگەندە قان ئاققۇزدىغان بىر خىل ئادەت بولغان. گاۋشيۇ «خۇەينەنزى» 11- جىلد «قائىدە- يوسۇنلارغا رەددىيە» گە ئىزاھ بېرىپ: «ھۇنلار ئەھدى تۈزگەندە، ھاراقى ئادەم كاللىسىغا قويۇپ ئىچىپ قەسەم بېرەتتى» دېگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولغان. «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: قوغۇشار تەڭرىقۇت خەن ئەلچىسى خەن چاۋ ۋە جاڭ مېڭ بىلەن ئىتتىپاقلىق ئەھدى تۈزگەندە، نوشۇي دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى تاغقا چىقىپ ئاق ئات سويۇپ، ئاندىن شەمشىرى بىلەن ئالتۇن قىرىپ شاراپقا ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى كىئوك تەڭرىقۇت ئۆلتۈرگەن ياۋچىلار خانىنىڭ ئۆلتۈرۈپ باش سۆڭىكى قۇيۇپ بىلىكدىن قان چىقىرىپ شاراپقا تېمىتىپ بىرلىكتە قەسەم قىلىشقان.

ھۇنلارنىڭ كىينىشى ۋە چاچ قويۇشى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېنىق خاتىرلەنگەن. «خۇەينەنزى» 11- جىلد «قائىدە- يوسۇنلارغا رەددىيە» دە: «ھۇنلار ئۇزۇن چاچ قويۇپ پاخپايتىۋالاتتى» دېيىلگەن. ئاتالمىش «ئۇزۇن چاچ» چېچىنى تۈگىۋالمىغانلىنى، «پاخپايتىۋېلىش» چېچىنى قۇيۇۋېتىشنى كۆرستىدۇ. «خەننامە. تۈركلە ھەققىدە قىسسە» دە: « تۈركلەر ئادىتى بويىچە چېچىنى بوغماي سول يېنىغا تاشلىۋالاتتى. بۇ قەدىمقى ھۇنلار بىلەن ئوخشايتتى» دەپ خاتىرلەنگەن. «خەننامە. لى لىڭنىڭ تەرجىمھالى» دا، لى لىك بىلەن ۋېيلۈ خەن ئەلچىلىرىنى كۈتىۋالغاندا، ئىككىلىسىنىڭ ھۇنچە كېيىم كىيىنىپ چېچىنى ئۆرۈۋالغانلىقى خاتىرلەنگەن. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ بولسا چېچىنى ئۇزۇن قويۇپ پاخپايتىۋالغان. جەنۇبتىكى مىللەتلەر بولسا چېچىنى تۈگىۋالاتتى. «خەننامە» 43- جىلد «لۇ جياڭنىڭ تەرجىمھالى» دا، لۇ جيا جەنۇبى يۈلەرگە ئەلچى بولۇپ بارغاندا، جەنۇبىي يۆ خانى يۈتونىڭ چېچىنى تۈگىۋالغان خاتىرلەنگەن. يەن شىگۇ بۇنىڭغا ئىزاھ بېرىپ: «چېچىنى تۈگىۋالغۇچىلار چېچىنى بىر تۇتام قىلىپ ئۆرۈۋالاتتى. ئۇنىڭ شەكلى خۇددى ئومۇرتقىغا ئوخشايتتى» دېگەن. لى لىك بىلەن ۋېيلۈ كىيگەن كىيىمنىڭ قانداق شەكىلدە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ

چېچىنى ئۆرۈۋېلىشى ھۇنلارنىڭ چاچ قويۇش شەكلى بولمىسا كېرەك. چۈنكى ھۇنلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چېچىنى قويۇۋېتەتتى. بۇ يازمان ھۆججەتلەر (مەسلەن، «خۆەينەنزى» ۋە «جۇننامە») دىلا كۆرۈلۈپ قالماستىن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ فېڭشى قېزىش ئەترىتى 1955 ~ 1957 - يىللىرى شەنشى ئۆلكىسى چاڭئەندىكى خەن دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان شاڭلىن باغچىسىدىن (ھازىرقى فېڭشى ناھىيىسىنىڭ كېشېڭجۇاڭ كەنتى) ئالاھىدە بىر قەبرە (140 - نومۇرلۇق قەبرە) نى قازغاندا، ھەمدەنپە بۇيۇملار ئىچىدىن ئۈزۈنچاق شەكىلدىكى ئىككى مىس تاختا بايقىغان. بۇ مىس تاختىلارغا ئىككى ئات ۋە ئىككى ئادەمنىڭ سۈرىتى چېكىلگەن بولۇپ، بۇ ئىككى ئادەم بىر- بىرسىنىڭ بېلىنى ۋە پۇتىنى تۇتۇپ چېلىشىۋاتقان قىياپەتتە تۇرغان. ئىككىلىسى قاڭشارلىق، چاچ بولۇپ، پۇشقىقى بوغماق ئىشتان كىيىۋالغان [21]. ئارخېئولوگلارنىڭ بېكىتىشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ بىر ھۇن قەبرىسى بولۇپ، ئۆلگۈچى ئېھتىمال ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەۋەتىلگەن ئەلچى ياكى ئەلچىنىڭ ھەمراھى بولسا كېرەك. بۇ قەبرىنىڭ قېزىلىشى ھۇنلارنىڭ چاچ قويۇشى، كىيىم - كېچىكى، زىننەت بويۇملىرى، چىراي - قىياپىتى [22] ۋە چېلىشىش ئادىتىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. گەرچە بۇ قەبرە چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھۇنلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ بىزنى ماددىي ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## ئىزاھلار:

[1] بۇ ھەقتە تەپسىلى بىلگۈڭىز كەلسە س. دورجى سورۇڭنىڭ «شىمالىي ھۇنلار» 5 - باپ «ھۇنلارنىڭ مەدەنىيتى» دىن كۆرۈڭ.

[2] مېنىڭچە، ھۇنلارنىڭ شۈبھىسىز ئۆز يېزىقى بولغان. ئەگەر ھۇنلارنىڭ يېزىقى يوق، ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ خەن پادىشاھلىرىغا يازغان خەتلىرىنى خەنزۇلار خەنزۇچە يېزىقتا يېزىپ بەرگەن دېيىلگەن بولسا، ئۇ ھالدا ھۇنلارنىڭ باشقا ئەللەرگە يازغان خەتلىرىدىمۇ شۇ ئەللەردىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىدا يېزىپ بەرگەن بولىدۇ. مېنىڭچە، ھۇنلارنىڭ ھەممىسىلا ئەللەردىن پۈتۈكچى يىغىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ ھۇنلارنىڭ ئۆز ئىچىدە يات يېزىقنى ئىشلىتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ھۇنلارنىڭ يېزىقى يوق، دېگەن قاراشقا قوشۇلغىلى

بولمايدۇ (تەرجىماندىن).

[3] جۇڭشىنىڭ «چۇ نەزمىلىرىنىڭ كېيىنكى بايانى» ۋە گو ماۋچېڭنىڭ «مۇزىكا مەھكىمىسى شېئىرلىرى» گە قاراڭ. «چۇرىنىڭ ئون سەككىز ئۇدارى» نى سەي ۋېنجىنىڭ ئۆزى يازغان- يازمىغانلىقى توغرىسىدا ھازىرغىچە ئىلىم ساھەدىسە مۇنازىرە مەۋجۇت. ئۇ تۇرغان جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ سول قول بىلىك خانىنىڭ ئوردىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىمۇ تېخى مۇقىملاشتۇرۇلمىدى. لېكىن، «كېچىلىرى ئاڭلىنار لوڭشۇينىڭ شوخ شاۋقۇنى، كۆڭلۇمنى كۆرنەر سەددىچىنىڭ يوللىرى» (6- ئۇدار)، «كەڭ باياۋان دالىدا قەد كۆتۈرگەن لەپ تۇرلار» (7- ئۇدار) دېگەن مىسرالاردىن قارىغاندا، ئۇ ئېھتىمال ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ غەربىدىكى كونا سەددىچىن سېپىلىنىڭ جەنۇبىدا بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەتراپ دەل جەنۇبىي ھۇنلار شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە قورۇلدىن كىرگەندە ماكانلاشقان رايون ئىدى.

[4] «كېيىنكى خەننامە» 84- جىلد «ئىپپەتلىك ئاياللارنىڭ تەرجىمىھالى».

[5] جىننامە» 69- جىلد «لىيۇ خۇينىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ قوشۇمچىسى ۋە 62- جىلد «لىيۇ كۈننىڭ تەرجىمىھالى».

[6] بۇ ھۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئايرىم- ئايرىم ھالدا پ. ك. كوزلوۋنىڭ «تاشقى موڭغۇلىيەنى تەكشۈرۈش دوكلاتى» ۋە س. دورجى سورۇڭنىڭ «شىمالىي ھۇنلار» 1- باب شىمالىي ھۇنلارنىڭ قەبرىلىرى» دىن دەپ كۆرۈڭ.

[7] «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1959- يىللىق 6- ساندىكى لى ميەنيۇنىڭ «ئىچكى موڭغۇلنىڭ خېلىنگىر ناھىيىسىدىن تېپىلغان مىس قوراللار» دېگەن ماقالىسىگە ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى 1964- يىلى نەشر قىلغان «ئىچكى موڭغۇلدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، «ئومۇمىي بايان» 5- بەت، 47- ، 48- رەسىمگە قاراڭ.

[8] «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1965- يىللىق 2- ساندىكى گەي شەنلىننىڭ «ئىچى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى جۇڭغار خوشۇنى سۇجى جىلغىسىدىن قېزىۋېلىنغان بىر تۈركۈم مىس قوراللار» دېگەن ماقالىگە قاراڭ.

[9] «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» نىڭ 1957- يىللىق 4- ساندىكى لى ميەنيۇنىڭ «ئىچكى موڭغۇلنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ھۇن ۋە خەن دەۋرى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» دېگەن ماقالىسىگە

قاراڭ.

[10] «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[11] «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دىكى جىن شۇنىڭ بايانىغا قاراڭ.

[12] خ. پەرلە: «ھۇنلارنىڭ ئۈچ شەھىرىنىڭ خارابىسى»، ئۇلانباتۇر پەنلەر كومىتېتى 1957- يىلى نەشر قىلغان.

[13] «خەننامە» 28- جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى».

[14] داخانلىق قامانلارنىڭ ئەپسۇن ئوقۇش ئارقىلىق كىشلەرنى قايمۇقتۇرۇشىدۇر. تارىخىي ئەسەرلەردە خاتىرلىنىشچە، خەن ۋۇدى پالغا ئىشىنىدىغان بولۇپ، كۆپلىگەن قامانلارنى پايتەختكە ئەكەلگەن. ئايال قامانلار ئوردىغا كىرىپ ئوردىدىكىلەرگە بالا- قازادىن ساقلىنىشنى ئۆگىتىپ، ھەر بىر ھۇجرىغا ياغاچ ھەيكەللەرنى كۆمۈپ نەزىر- چىراغ قىلغان. كېيىن ئۇ بارا- بارا يامانلىق تىلەپ سۇيقەست قىلىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالغان. ۋۇدى ئاغرىپ قالغاندا، جىيىك چۇڭ كېسەلنىڭ مەنبىسى داخانلىقتا دىگەچكە، ۋۇدى جياڭ چۇڭنى باش بولۇپ ئوردىدىكى ياغاچ ھەيكەللەرنى قېزىپ ئېلىۋېتىشكە ۋە شۇنداق قىلغانلارنى زىندانغا تاشلاشقا بۇيرىغان. جياڭ چۇڭ لى شاھزادە بىلەن ئاداۋەتى بولغاچقا، شاھزادىنىڭ قەسرىدە ياغاچ ھەيكەل بەك كۆپكەن دەپ بۆھتان چاپلىغان. شاھزادە قورقۇپ جياڭ چۇڭنى ئۆلتۈرۈپ، قوشۇن تارتىپ ئىسيان كۆتەرگەن بولسىمۇ، مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۋالغان. كېيىن تيەن چيەنچيۇ شاھزادىنىڭ ناھەق ئۆلگەنلىكىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ۋۇدى جياڭ چۇڭنىڭ جەمەتىنى سۈرگۈن قىلغان. بۇ تارىختا «داخانلارنىڭ تۈرمىگە تاشلىنىشى» دەپ ئاتالغان. بۇ ۋۇدى دەۋرىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر قېتىملىق كۈرەش ئىدى.

[15] «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[16] «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[17] «تارىخىي خاتىرىلەر» 123- جىلد «پەرغانە تەزكىرىسى».

[18]«خەننامە» 70- جىلد «جىن تاڭنىڭ تەزكىرىسى».

[19] «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[20] «خەننامە. هۇنلار ھەققىدە قىسسە».

[21] «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 1959- يىللىق 10- سانىدىكى «1955 ~ 1957- يىللاردىكى شەنشى چاڭئەن فېڭشى كەنتىدىكى قېزىش دوكلاتى» ۋە 1963- يىلى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى نەشر قىلغان، ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «لى شۆي دەرياسىنىڭ غەربىدىكى قېزىش دوكلاتى» نىڭ 138- 140- بەتلىرى.

[22] چەتئەللەردىكى بۇرژۇئا ئالىملىرى هۇنلارنى ناھايىتى بەت- بەشرە تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قىلچە ئاساسى يوق. بۇ پەقەت تارىختىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قىلىنغان ھاقارەتتۇر. هۇنلارنىڭ چىرايى زادى قانداق؟ نۆۋەتتە يازما ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئارقىلىق بۇنىڭغا كونكرېت جاۋاپ بەرگىلى بولمايدۇ. «خەننامە» 68- جىلد «جىن مىتىنىڭ تەرجىمھالى» دا: « «جىن مىتىنىڭ بويى ئىگىز بولۇپ، سەككىز چى ئىككى سۇ كېلەتتى. چىرايى سۇرلۇك ئىدى» دېيىلگەن. بۇ جۇڭگو يازما ماتېرىياللىرىدىكى هۇنلارنىڭ چىراي- تۇرقى سۈرەتلەنگەن بىردىن- بىر خاتىرىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا، ئالىملار بۇرۇن داۋاملىق «جىننامە» 107- جىلد «شى جىلۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دىكى «رەن مىڭ كېش غۇزلىرىنى قىرغىن قىلغاندا ئېسىل- پەس، ئەر- ئايال، قېرى- ياش بولۇپ 200 مىڭ ئائىلىلىكتىن ئارتۇق ئادەمنى قىرىۋەتكەن. شۇ چاغدا قاڭشارلىق، ساقاللىق كەلگەنلەردىن خاتا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى ئومۇمىي ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكنى ئىگەللىگەن» دېگەن بايان ۋە يەنە شۇ «خاتىرە» دىكى «شى شۈەننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ چىرايىقى هۇنلارغا بەك ئوخشايتتى ئورا كۆز ئىدى» دېگەن بايانغا ئاساسلىنىپ، بۇنى هۇنلارنىڭ چىراي- تۇرقىنىڭ ئىپادىسى قىلىشقان. ھالبۇكى، تارىختىي ئەسىرلەردە كېشلارنىڭ ئەجدادى هۇنلارنىڭ باشقا ئۇرۇقىدىن. ئۇلار شاڭداڭ، ۋۇشياڭدا ئولتۇراقلىشىپ كېش غۇزلىرى دېيىلگەن ( «ۋېينامە» 95- جىلد «شى لېنىڭ تەرجىمھالى» ) دەپ خاتىرلەنگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ هۇنلار بىلەن بىر ئىرىقتىن ئەمەسلىكى (كېش غۇزلىرى غەربىي يۇرت ئىرقىغا مەنسۇپ ئىدى) جۇڭگو، چەت ئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان. كېشلارنىڭ چىراي- تۇرقى مەلۇم جەھەتتىن هۇنلارغا ئوخشىسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى مىللەتنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

## قوشۇمچە

# ھۇنلارنىڭ ياۋروپادىكى پائالىيىتى

ھۇنلارنىڭ ياۋروپادىكى پائالىيىتى ھەققىدە دۆلىتىمىزدىكى ئالىملارنىڭ تەتقىقاتى بىر قەدەر ئاز بولسىمۇ، چەتئەللەردە بۇ ھەقتىكى مەخسۇس ئەسەرلەر خېلى كۆپ. مەن بۇ مەزمۇننى ئامېرىكىلىق تارىخشۇناس مېك گوۋېرنىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» دېگەن ئەسىرى ۋە ئاۋستىرىيىلىك ئالىم ئوتتومائېنچىن خېلفېننىڭ «ھۇنلار دۇنياسى» دېگەن ئەسىرى ھەم باشقا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ يېزىپ چىقىپ، كىتابىمىزنىڭ قوشۇمچىسى سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇم.

## 1. ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشىنىڭ

## 1- باسقۇچى (مىلادىيە 374 ~ 400- يىللار)

## ۋە مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشىنى

## پەيدا قىلىشى

مىلادىيە 91- يىلىدىن باشلاپ غەربكە كۆچۈشكە باشلىغان ھۇنلار 374- يىلى ھازىرقى دون دەرياسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان ئالانلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن دون دەرياسى ساھىلىدا پەيدا بولۇپ، ياۋروپادىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاساسلىق رول ئوينىغاشقا باشلىدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ياۋروپاغا

تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. ئالان دۆلىتى يوقىتىلغاندىن كېيىن، گەرچە نۇرغۇنلىغان ئالانلار هۇنلارغا بويسۇنۇپ، ئۇلارنىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈشىگە قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسمى جەنۇبقا قېچىپ كاۋكاز تېغىغا كېتىپ، يەنە بىر قىسمى غەربكە قېچىپ شەرقىي گوتلارنىڭ مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، شەرقىي گوتلارنىڭ تېررىتورىيىسىگە كىرىۋالدى. شەرقىي گوتلارنىڭ چېگرىسى دون دەرياسىنىڭ غەربى بىلەن دېنىستىر دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، هۇنلارمۇ داۋاملىق تۈردە غەربكە يۈرۈش قىلىپ، دون دەرياسىدىن ئۆتۈپ، مىلادىيە 374- يىلى شەرقىي گوتلارنىڭ زېمىنىغا هۇجۇم قىلىپ كىردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەينى چاغدىكى هۇنلارنىڭ يولباشچىسى بالامىر ئىكەن.

هۇنلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىك خەۋىرى «گوتلارنىڭ باشقا قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلار هېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان، قەيەردىن كەلگەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان بىر قوۋمنىڭ تاغدىكى بوران- چاپقۇندەك كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارغا يولۇققانلىكى نەرسىنىڭ بۇلاڭ- تالاڭغا ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلىشىپ، ئىنتايىن قورقۇپ كەتكەن [1]. شەرقىي گوتلارنىڭ ياشىنىپ قالغان پادىشاھى هېرمانرىكنىڭ هۇنلارنىڭ هۇجۇمىنى توسۇشقا كۈچى يەتمىگەچكە، قوشۇنى بىرىنچى قېتىم مەغلۇپ بولغاندىلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان ۋىتىخمىر بۇ ۋەزىيەتنى ئوڭشىماقچى بولۇپ هۇنلار بىلەن بىر نەچچە ئاي جاپالىق ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا يەنىلا مەغلۇپ بولۇپ هالاكەت تەقدىرىدىن قۇتۇلالمىدى. هېرمانرىكنىڭ ئوغلى هۇنىمۇند قوۋمىنى باشلاپ هۇنلارغا تەسلىم بولدى. قالغان شەرقىي گوتلار ئالاتىئۇس ۋە سافراكىس قاتارلىق ئىككى كىشىنىڭ باشلامچىلىقىدا غەربتىكى غەربىي گوتلار شەرقىي (دېنىستېر دەرياسىنىڭ غەربىگە) كەتتى. غەربىي گوتلار شەرقىي گوتلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ قېلىپ قالغانلىرىنىڭ ئۆز تېررىتورىيىسىگە قېچىپ كېلىشىدىن هۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىنىڭ تەهدىتىنى هېس قىلغاچقا، پادىشاھ ئاتانارىك دەرهال شەرقىي سەپتىكى مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، دېنىستېر دەرياسىنىڭ بويلىرىغا قورغانلارنى سېلىپ، هۇنلارنىڭ دەريادىن ئۆتۈشىنى توسماقچى بولدى. لېكىن، هۇنلار ئۇ غەربىي گوتلارنىڭ مۇداپىئە سېپىدىن يىراق بولغان دېنىستېر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن يوشۇرۇنچە ئۆتۈپ، غەربىي گوتلارنىڭ ئارقىسىدىن تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلماقچى بولدى.

نەتىجىدە، غەربىي گوتلار قوشۇنى قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ ئېغىر چىقىم تارتىپ، جەنۇپتىكى دوناي دەرياسىنىڭ

شىمالدىكى دىيلانسىرۋانىيە ئۆرمانلىقىغا (ھازىرقى رۇمىنىيە چېگرىسى ئىچىدە) قېچىپ كىتىشكە مەجبۇر بولدى. ھۇنلار كۆپ غەنىيمەتلەرگە ئېرىشكەچكە، بىر مەھەل قوغلىغاندىن كېيىن قوغلاشنى توختاتتى. غەربىي گوتلار ئىنتايىن قورقۇپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرى، جۇملىدىن تەخمىنەن 200 مىڭدەك ئاھالە ئاقساقال فىرىتگېرننىڭ باشلامچىلىقىدا رىم ئىمپېرىيىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ رىم ئىمپېرىيىسىدە پاناھلىنىشقا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا رىم ئىمپېرىيىسى تېخى شەرق- غەربتىن ئىبارەت ئىككىسىگە بۆلۈنمىگەن ئىدى. رىم ئىمپېراتورى ۋالىنىس ئوردا كېڭەشنىڭ مۇزاكىرىسى ئارقىلىق، ئاخىردا غەربىي گوتلارنىڭ چېگرىدىن كىرىشىگە رۇخسەت قىلدى. رىم ئىمپېرىيىسى تەۋەسىگە كىرگەن بۇ غەربىي گوتلار كېيىن ئىمپېرىيىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر زۇلمى ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە چىدىماي زور كۆلەملىك مالىمانچىلىق پەيدا قىلدى [2]. ئۇلار بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدا بارغانلا يېرىدە ئوت قويۇپ بۇلاڭچىلىق قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇرۇن ھۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ ئالاتىئۇس ۋە سافراكىس ئىككىيلەننىڭ باشلامچىلىقىدا غەربىي گوتلار رايونىغا قېچىپ كەلگەن قالدۇق شەرقىي گوتلارمۇ دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بالقان يېرىم ئارىلىدا پەيدا بولۇپ، سىرىس ۋە ماكىدۇن قاتارلىق جايلارنى بۇلاڭ- تالاڭ قىلدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ھۇنلار ۋە ئالانلارنىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنلىرىمۇ بۇ يەردىكى مالىمانچىلىققا قاتناشتى. لېكىن ئۇلارنىڭ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ھۇنلارنىڭ ئاساسىي كۈچى بۇ چاغدا تېخى دوناي دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئەسلىدە گوتلارغا تەۋە بولغان زىمىندا تۇرىۋاتاتتى.

گوتلارنىڭ ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، رىم ئىمپېراتورى ۋېلىنېس شەرق ۋە غەربتىكى سەر خىل قىسىملارغا شەخسەن ئۆزى باشچىلىق قىلىپ، مىلادىيە 378- يىلى گوتلار بىلەن جەڭ قىلدى. نەتىجىدە رىم قوشۇنلىرى قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئەسكەر ئۆلدى. ۋېلىنېسمۇ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ئۇرۇش رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىپ قويدى. ۋالىنېس ئۆلگەندىن كېيىن ، گوتلار ھۇنلارنىڭ تەھدىتىنى تېخىمۇ بەك ھېس قىلغاچقا، رىم ئىمپېرىيىسى تېرىتورىيىسىدە تۇرىۋەردى. رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا مادارى يەتمىدى. ئاخىردا مىلادىيە 382-يىلى ئەتراپىدا ئىككى تەرەپ سۈلھى تۈزۈشتى. سۈلھىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، شەرقىي گوتلار ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بالقانغا كىرگەن ئالانلار ۋە ھۇنلار پاننونىيە (ھازىرقى ۋېنگرىيە تەۋەسىدە) ۋە ئۇستۇنكى موسىيا تۆۋەنكى موسىيادا ئولتۇراقلىشىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، غەربىي گوتلار

دائىم دېگۇدەك ئىسيان كۆتۈرۈپ تۇردى. مىلادىيە 395-يىلى رىم ئىمپېرىيىسى رەسمى ھالدا شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككىگە پارچىلاندى. 398-يىلى شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى غەربىي گوتلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى يوقىتالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇلارغا قاراتقان سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنىڭ رەھبىرى ئالارىكنى ئۆزىگە تارتىپ، ئاندىن ئۇلارنى ئىمپېرىيىگە بويسۇندۇردى.

مىلادىيە 375~400-يىللار ئارىلىقىدا، ھۇنلار ئالانلار ۋە گوتلارنى غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاساسلىق قىسمى يەنىلا جەنۇبىي روسىيە ياياقلىرىدا، يەنى ئالانلار ۋە شەرقىي گوتلارنىڭ ئەسلىدىكى زېمىنىدا تۇرۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ كاۋكاز تېغىدىن ئۆتۈپ، ئەرمىنىيە، مېسوپوتامىيە ۋە سۈرىيە قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھۇجۇملىرىنىڭ ھەممىسىلا چېكىندۇرۇلدى. مىلادىيە 396-يىلى يەنە ئاز بىر قىسىم ھۇنلار تىگرىس دەرياسى بويىدىكى كېتىسفون (پېرسىيەدىكى ساسانىلار خانلىقىنىڭ پايتەختى) شەھرىگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قايتۇرما زەربىگە ئۇچراپ غەلبە قازىنالمىدى. شۇڭا، تاكى مىلادىيە 400- يىلىغا قەدەر ھۇنلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى يەنىلا كارپات تېغىنىڭ شەرقىدە تۇرۇۋەردى. لېكىن مىلادىيە 400- يىلىنىڭ كۈز پەسلىدىن باشلاپ ھۇنلار تۇنجى قېتىم رىملىقلار بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىشقا باشلىدى. يەنە شۇ چاغدا شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ گانىيا ئىسىملىك بىر سەركەردىسى ئاسىيلىق قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، دوناي دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىن يۇشۇرۇنچە ئۆتۈپ، ھازىرقى رومىنىيىگە قېچىپ كەتمەكچى بولدى. ھالبۇكى، ئەينى ۋاقىتتا بۇ رايوننى يىلدىز باشچىلىقىدىكى ھۇنلار ئىگىلەپ تۇرىۋاتقان ئىدى. يىلدىز رىم ئىمپېرىيىسىگە بولغان دوستلۇقنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن، گانىيانى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى كونستانتىنوپولدىكى شەرقىي رىم ئىمپېراتورىغا ئەۋەتىپ بەردى [3]. تەخمىنەن مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ھۇنلارنىڭ غەربكە يۈرۈشىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى باشلاندى.

# 2. ھۇنلارنىڭ پاننونىيەدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىشى (ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشىنىڭ 2- باسقۇچى، مىلادىيە

# 400 ~ 415- يىللار)

مۇشۇ چاغلاردا، زېئىس دەرياسىنىڭ شەرقىي، يەنى ھازىرقى ۋېنگرىيەنىڭ شەرقىدە تۇرىۋاتقان يېڭى بىر تۈركۈم يىلدىزنىڭ باشچىلىقىدىكى ھۇنلارنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى بىلەن يولباشچىسى راداگائىسنىڭ باشچىلىقىدا غەربكە- دوناي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا قاچتى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پاننونىيە ئۆلكىسىگە كىردى. ھۇنلار تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ كەلگەچكە، مىلادىيە 404- يىلى ئۇلار ئالىپ تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ئىتالىيىگە كىرىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما، 405- يىلى فايسۇلىدا غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى قوشۇنلىرىنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ پۈتۈنلەي دىگۇدەك يوقىتىلدى. گوتلارنىڭ بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيىتى يىلدىز باشچىلىقىدىكى ھۇنلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپ ئىتالىيىگە قوغلاپ كىرگەنلىكىدىنلا بولماستىن، بەلكى رىم ئىمپېرىيىسى قوشۇنى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇلارغا قىسىپ زەربە بەرگەنلىكىدىن ئىدى.

راداگائىس باشچىلىقىدىكى گوتلارنىڭ ھۇنلارنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى بىلەن پاننونىيەگە كىرىشى، ئۇزۇندىن بېرى بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقان ۋانداللار، بۇرۇن ۋېگىرىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن كۆچۈپ كەلگەن سۇئېۋلار ۋە ئىلگىرى ھۇنلارنىڭ قوغلىشى بىلەن روسىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن كەلگەن ئالانلارنى ئوخشاشلا زور تەھدىتكە ئۇچراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئامالسىزلىقتىن مىلادىيە 401- يىلدىن باشلاپ غەربكە كۆچۈشكە باشلىدى. ئۇلار دەسلەپتە رايىتىيە ۋە نورىكۇمدىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكىگە كۆچۈپ كەلگەن بولسىمۇ، كېيىن داۋاملىق بېسىمغا ئۇچرىغاچقا، يەنە داۋاملىق غەربكە كۆچۈپ، مىلادىيە 406- يىلى رېيىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ گاللىيىگە كىردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىلەن فىرانكىلار ئوتتۇرىسىدا زور ئۇرۇش يۈز بەردى. ئۇلار گەرچە ئېغىر چىقىم تارتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا فىرانكىلارنىڭ توسالغۇسىنى بوسۇپ ئۆتۈپ، گاللىيىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئىگەللىۋالدى. كېيىن،رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەربىي كۈچى كۈچەيگەچكە، بۇ ئۈچ خەلق كۆچۈش يۆنىلىشىنى جەنۇبقا بۇراپ، مىلادىيە 409- يىلى پىرىنېيوس تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ئىسپانىيە يېرىم ئارىلىغا كىردى

ۋە ھەر قايسسى ئايرىم يەرلەرنى ئىگىلەپ، ئايرىم- ئايرىم ھالدا ئۈچ پادىشاھلىق، يەنى سۇئېۋلار يېرىم ئارالنىڭ غەربىي شىمالىدا سۇئېۋ پادىشاھلىقىنى، ۋاندالالار يېرىم ئارالنىڭ باشقا جايلىرىغا ۋاندال پادىشاھلىقىنى قۇردى. ۋاندال پادىشاھلىقى كېيىنچە ئۆز تەسىر دائىرىسىنى شىمالىي ئافرىقىغىچە كېڭەيتتى.

ۋاندالار، سۇئېۋلار ۋە ئالانلار گاللىيە تەۋەسىدە بۇلاڭ- تالاڭ قىلىپ، ئىسپانىيەگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان چاغدا، غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزىي رايونى بولغان ئىتالىيە ئالارىك باشچىلىقىدىكى تۆۋەنكى موسىيادا تۇرۇۋاتقان غەربىي گوتلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. چۈنكى، داۋاملىق تۇردە غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان ھۇنلار ئۇلارغا ئېغىر بېسىم ئېلىپ كەلگەن ئىدى.ئالارىك ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم رىم شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. 1- قېتىم (مىلادىيە 408- يىلى) ۋە 2- قېتىم (409- يىلى) دا زور مىقداردىكى تۆلەمگە ئېرىشۋالدى. 3- قېتىمدا (410- يىلى) رىم شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ قاتتىق بۇلاڭ- تالاڭ قىلدى. رىمنىڭ شۆھرىتى شۇنىڭدىن باشلاپ يوقىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالارىك داۋاملىق جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ، ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەرنى ئېغىر خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى. مىلادىيە 412- يىلىل شۇ قوۋمىغا باشچىلىق قىلىپ، گاللىيىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىننى ئىگىلىدى. غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇلارغا كۈچى يەتمىگەچەك، ئامالسىز ئۇلار بىلەن مۇرەسسەلىشىپ، ئىمپېراتور ھونورىئوس سىڭلىسىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئالارىك ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئۆزلىرى ئىگىلىگەن رايونلاردا ئەمەلىي ھوقۇقنى ئىگىلەپ، نامدا رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋالىسى بولۇپ، رىم ئىمپېرىيىسىگە قارام بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي غەربىي گوتلار پىرىنئوس تېغىدىن ئۆتۈپ ۋاندالالارنى مەغلۇپ قىلىپ، ۋاندالالارنىڭ قولىدىن ئىسپانىيە يېرىم ئارىلىنىڭ كۆپ قىسمىنى تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قۇرغان غەربىي گوت پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنى كېيىنكى نەچچە ئەسىر ئىچىدە ھازىرقى فىرانسىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋە ئىسپانىيە يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

غەربىي گوتلار رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قولىدىن گاللىيىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىننى تارتىۋالغان چاغدا، بۇرگۇندىلار ۋە فىرانكىلارمۇ ئاستا- ئاستا يۆتكىلىشكە باشلاپ، رېيىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، گاللىيىنىڭ شىمالىدىكى ھەر قايسى جايلارنى ئىگەللەشكە باشلىدى. مىلادىيە 413 ~ 443- يىللار ئارىلىقىدا ، بۇرگۇندىلار ئاخىر ھېلىھەممۇ بۇرگۇندى دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان رايوننى ئىگىلىدى. ئۇلار يۆتكىلىشتىن بۇرۇن ھۇنلار بىلەن

بىر نەچچە قېتىملىق دەھشەتلىك جەڭلەرنى قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۈتكىلىشى روشەنكى ھۇنلارنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغانلىقىدىن بولغانىدى. فرانكلارنىڭ يۈتكىلىشى توغرىسىدا غەرب ئالىملىرى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاپ كېتىشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىدۇ. ھۇنلارنىڭ 2- قېتىملىق غەربكە يۈرۈش قىلىشى ھەققىدە مېڭ گوۋېرىننىڭ مۇنداق بىر ئابزاس مۇھىم بايانى بار:

«ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشىنىڭ 2- باسقۇچى 400- يىللار ئەتراپىدا باشلىنىپ، 415- يىلى ئەتراپىدا ئاخىرلاشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ياۋروپانىڭ تارىخىدا زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ھۇنلارنىڭ 1- قېتىملىق تاجاۋۇزىنىڭ نەتىجىسىدە، نۇرغۇنلىغان گېرمان نەسلىلىك خەلقلەر روسىيەنىڭ جەنۇبىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، توپلاشقان ھالدا بالقانغا كىرىپ، شەرقىي رىمغا نىسبەتەن بەك ئۇچرىمىغانىدى. ئەمدىلىكتە ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا قىلغان 2- قېتىملىق تاجاۋۇزى نۇرغۇنلىغان ياۋايى قوۋملەرنى غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قېچىپ كىرىشكە مەجبۇر قىلدى. نەتىجىدە ئىتالىيە تۆت يىل غەربىي گوتلارنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىدى. يەنە ئافرىقا، ئىسپانىيە ۋە گاللىيىنىمۇ باشقا ياۋايى قوۋملەر ئىگەللىۋالدى.بۇ ياۋايى قوۋملەرنىڭ رىم ئىمپېرىيىسىگە كىرىشنى پۈتۈنلەي دىگۇدەك ھۇنلارنىڭ بېسىمى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. بىز ھۇنلار بىلەن رىم ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە مۇناسىۋەت بولغانلىقىنى ناھايىتى ئاز ھېس قىلىمىز. بىز شۇنىڭغا بىۋاستە كونترول قىلىش مەزگىلىدە بىرىنچى قېتىم پاننونىيەنى بىۋاستە كونترول قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىۋالغان. پاننونىيەنى ئەسلى ياۋايى قوۋملەر (ئالاتائۇس ۋە سافراكىس باشچىلىقىدىكى شەرقىي گوتلار) ئىگىلىگەن ئىدى. ھۇنلارنىڭ بۇ يەرنى ئىگىلىشى بۇ يەردىكى ياۋايى قەۋملەرگە نىسبەتەن ھۆكۈمرانىنىڭ رىملىقلاردىن ھۇنلارغا ئالمىشىشىلا بولدى. ھۇنلار پاننونىيەنى ئىگىلىگەندە، بارلىق شەرقىي گوت خەلقى يېڭىۋاشتىن ئىتتىپاقلاشقان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ھۇنلارنىڭ كونتروللىقىدا بولدى. بۇ مەزگىلدە ھۇنلار پاننونىيەنىلا ئىگىلەپ قالماستىن يەنە غەربىي رىمغا بىۋاستە ھۇجۇم قىلمىسىمۇ، دوناي دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئانچە- مۇنچە بۇلاڭ- تالاڭ قىلىپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنى نىشان قىلغان بولۇپ، خاراكتېرىمۇ ئانچە ئېغىر ئەمەس. بىر قېتىم (مىلادىدىن بۇرۇنقى 408- يىلى) ھۇنلار (ئۇ چاغدىكى يولباشچىسى يىلدىز ئىدى) مۇشۇ بۇلاڭ- تالاڭ زەربىگە ئۇچراپ....يىلدىز ئۆلگىلى تاس قالغان ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ يىلدىز ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار

بىزگە نامەلۇم. بەلكىم ئۇ ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن. يىلدىزنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ھۇنلارنىڭ 2- قېتىملىق يۈرۈشى ئاخىرلاشتى [4].

# 3. ئاتتىلا ھۇن پادىشاھلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە گۇمران بولۇشى (ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشىنىڭ 3- باسقۇچى، تەخمىنەن مىلادىيە 422 ~ 468- يىللار)

ھۇنلارنىڭ يىلدىز ئۆلگەندىن كېيىنكى بىر قانچە يىللىق تارىخى غەرب ئالىملىرىغا نامەلۇم. چۈنكى، ئۇ چاغدىكى ياۋروپا بىرەر ۋەسىقە بىلەن تارىخنى دەلىللىگىلى بولمايدىغان مەزگىلدە تۇرىۋاتاتتى. تاكى ھۇنلارنىڭ يەنە بىر يولباشچىسى ئاتتىلا قۇرغان «ئاتتىلا پادىشاھلىقى» باش كۆتۈرگەندىن كېيىنلا، ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشى تارىخىدا يېڭى بىر بەت ئېچىلدى.

بۇ يېڭى ھۇن پادىشاھلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىككى ھۆكۈمدارىنىڭ بىرى ئوكتار، يەنە بىرى ئۇنىڭ ئىنىسى رۇگا ئىدى. ئوكتارنىڭ ئىش- ئىزلىرى ھەققىدىكى خاتىرىلەر ناھايىتى ئاز. رۇگا تەختكە ئولتۇرغان دەسلەپكى مەزگىلگە ئائىت خاتىرلەرمۇ يوقنىڭ ئورنىدا. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيە 422 ~ 426- يىللارغا كەلگەندە، ھۇنلار شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە تاجاۋۇز قىلغان ھەم سىرىس بىلەن ماكىدونىنى بۇلاڭ- تالاڭ قىلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي شەرقىي رىم ئىمپېراتورى تىئودورس II ھۇنلارنى دوناي دەرياسىنىڭ شىمالىغا قوغلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر يىلى رۇگاغا 350 قاداق ئالتۇن تاپشۇرۇش بەدىلىگە ئاندىن ئۇنىڭ ئىمپېرىيە زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلماسلىق كاپالىتىگە ئېرىشكەن.

مىلادىيە 432-يىلىدىن بۇرۇن، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن تۈزتىشىپ تۇرىدىغان دوناي دەرياسىنىڭ شىمالىدا نۇرغۇنلىغان ئۇششاق قەبىلىلەر ياشايدىغان بولۇپ، ئۇلار ئەسلىدە شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىدىن بىللە

سۆھبەت ئۆتكۈزەتتى ۋە ھەر خىل كېلىشىملەرنى ئىمزالايتتى. لېكىن432-يىلىغا كەلگەندە، رۇگا شەرقىي رىمدىن ئېمپېرىيە تەۋەسىگە قېچىپ بېرىۋالغان ھۇن قاچقۇنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا، دوناي دەرياسىنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان بارلىق ئۇششاق قەبىلىلەرنىڭ ھۇنلارغا قارام ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ، ئىمپېرىيەنىڭ بۇرۇن بۇ ئۇششاق قەبىلىلەر بىلەن تۈزگەن بارلىق كېلىشىملەرنى پەقەت ھۇنلار بىلەنلا تۈزۈشنى ۋە ھۇنلار بىلەنلا سۆھبەتلىشىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭدىن رۇگا دەۋرىدىكى ھۇن پادىشاھلىقىنىڭ بۇ مەزگىلدە دوناي دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئۆزىنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىپ بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ[5].

تىئودورۇس رۇگانىڭ تەلىپىگە ئۇرۇش ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي، ھۇن پادىشاھلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تىنچ سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى بولدى. ھالبۇكى، رىم ئەلچىسى ھۇنلارنىڭ تېررىتورىيىسىگە كەلگەن چاغدا رۇگا ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئىككى جىيەنى بلېدا ۋە ئاتتىلار چىققان ئىدى. بۇ ئىككى ھۇن پادىشاھىنىڭ رىم ئەلچىلىرى بىلەن كۆرۈشكەن ئورنى ھۇن پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى بولماستىن، بەلكى ھازىرقى يۇگوسلاۋىيە تەۋەسىدىكى مارگۇس دېگەن شەھەر ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھۇنلارنىڭ بۇ ئىككى پادىشاھى مۇلازىملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئات ئۈستىدە تۇرۇپ رىم ئەلچىسى بىلەن سۆھبەتلەشكەن (رىم ئەلچىسمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئات ئۈستىدە تۇرۇپ سۆھبەتلىشىشكە مەجبۇر بولغان). سۆھبەت نەتىجىسىدە رىم ئەلچىسى ھۇن قاچقۇنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە ئۇششاق قەبىلىلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈش مەسىلىسىدە يول قويۇپلا قالماستىن. يەنەھۇنلاردا ئىككى پادىشاھ بولغاچقا ئاتتىلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، ھەر يىلى ھۇنلارغا تۆلەيدىغان ئولپاننى ئىككى ھەسسىلەشكە، يەنى 350 قاداق ئالتۇننى 700 قاداق ئالتۇنغا كۆپەيتىشكە مەجبۇر بولغان. رىم تارىخى ئەسەرلىرىدە شۇنىڭدىن كېيىن نەچچە يىل ئىچىدىكى ھۇنلارنىڭ پائالىيىتىگە ئائىت خاتىرىلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ ئېھتىمال شۇ چاغدا ھۇنلار شىمالىي ياۋرۇپا ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى قوۋملەرنى بويسۇندۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

بلېدا ۋە ئاتتىلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغدىكى ھۇن پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا ماتېرىياللار كەم بولغانلىقى ئۈچۈن غەرب ئالىملىرىمۇ بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيدۇ. لېكىن، ئەينى چاغدىكى ھۇن پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنىڭ دوناي

دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا ئىكەنلىكىنى، 19-ئەسىردىكى ئاۋستىرىيە-ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنى بىلەن تەڭ كېلىدىغانلىقىنى مۇقۇملاشتۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ئىچىدە ھۇنلار ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ نوپۇسى ئىنتايىن ئاز ئىدى، يەنە دوناي دەرياسىنىڭ غەربىدىكى پاننونىيەدە تۇرۇشلۇق شەرقىي گوتلار ۋە دوناي دەرياسىنىڭ شەرقىدە تۇرۇشلۇق جىبۇتلارمۇ ھۇن پادىشاھلىقىغا بېقىناتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ھۇن پادىشاھلىقى ھازىرقى گېرمانىيە تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەرگىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇپ، ھۆكۈمرانلىقى دائىرىسىنى شىمالىي دېڭىز ۋە بالتىق دېڭىزىغىچە يەتكۈزگەن ئىدى، شۇڭا بەزى غەرب ئالىملىرى ئانگىلولار ۋە ساكسونلارنىڭ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلىقىدىن ئايرىلىپ دېڭىزدىن ئۆتۈپ بىرىتانىيە تاقىم ئاراللىرىغا كېتىشىنىمۇ ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە بېسىمى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن روسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ يايلاقلاردا تۇرۇۋاتقان ھۇنلار (ئۇلارنىڭ سانى ۋېنگىرىيىدە تۇرۇۋاتقان ھۇنلارنىن كۆپ ئىدى) مىلادىيە 435~447-يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدە ئاتتىلانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى، ئېھتىمال روسىيە يايلاقلىرىنىڭ شىمالىدىكى ئورمانلىقلاردا ياشاۋاتقان سلاۋىيانلار ۋە فىنلارمۇ مۇشۇ چاغدا ھۇنلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان بولۇشى، سلاۋىيانلار مۇشۇ چاغدا «ھۇنلارنىڭ قۇلى» سۈپىتىدە تۇنجى قېتىم ياۋروپانىڭ غەربىگە كەلگەن بولىشى مۇمكىن [6]. مىلادىيە 445-يىلى بېلىدا ئۆلگەندىن كېيىن، ئاتتىلار ھۇن پادىشاھلىقىنىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى. پادىشاھ ئوردىسى دوناي دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى چوڭ تۈزلەڭگە (ھازىرقى ۋېنگىرىيە تەۋەسىدە) قۇرۇلۇپ، ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى غەربتە رېين دەرياسىنىڭ شەرقىدىن شەرقتە ئوتتۇرا ئاسىياغىچە سوزۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شەرقى ۋە غەربى رىم ئىمپېرىيىلىرى ئىنتايىن چوڭ تەھدىتكە دۇچ كەلدى. مىلادىيە 447-يىلى ئاتتىلار قوشۇن باشلاپ شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى كونستانتىنوپولغىچە باستۇرۇپ كەلگەچكە، شەرقى رىم ئېمپىراتورى تېئودورۇس II سۈلھى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، كېيىنكى يىلى ھاقارەتلىك ئىتتىپاقلىق ئەھدى تۈزدى، ئەھدىدە ئىمپېرىيە ھەر يىلى ئاتتىلارغا 2100 قاداق ئالتۇن ئولپان تاپشۇرۇشى، يەنە 6000قاداق ئالتۇن بىلەن كوا قەرىزلىرىنى تۆلىشى بەلگىلەندى. سۈلھەدىن كېيىن، رىم ئىمپېرىيىسى ماكسىمىن باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئاتتىلار تۇرۇۋاتقان پاننونىيېنغا ئەۋەتىپ بۇ ئولپانلارنى تاپشۇرۇپ بەردى، ئەلچىلەر ئۆمىكى ئىچىدىكى پىرىسكۇس تارىخچى بولغاچقا، ئەلچىلىكتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «سەپەر خاتىرىسى» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىقتى[7]. بۇ ئەينى

دەۋرىدىكى ئاتىلار ئوردىسىنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى ئېسىل ئەسىرنىڭ «پارچىلىرىنى »دىن ئېلىنغان نەقىلدۇر:

«ئاتتىلانىڭ پايتەختى بىر قەلئە ياكى كەنتكىلا ئوخشاش بولۇپ، شەھەرگە ئوخشىمايدىكەن. تاشتىن قوپۇرۇلغان ئىمارەتتىن بىرسىلار بولۇپ، ئۇ رىم ئۇسلۇبىدىكى مۇنچا ئىكەن. خەلقنىڭ كۆپىنچىسى كەپىلەردە ياكى چېدىرلاردا تۇرىدىكەن. ئاتتىلار ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق ئادەملىرى ئائىلىسىدىكىلىرى ھەم مۇلاھىملىرى بىلەن بىر سارايدا تۇرىدىغان بولۇپ، بۇ ساراي قەلئەنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىكەن. بۇلاپ كەلگەن ماللار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئاتتىلار يەنىلا كۆچمەنلەرچە ئاددىي-ساددا تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، تاماقنى ياغاچ تاۋاق ۋە چۆچەكتە يەيدىغان، بولكا دېگەندەك نەرسىلەرنى ئەزەلدىن يېمەيدىكەن. ئىشنى ناھايىتى ئەستايىدىل بېجىرىدىكەن. سارايىنىڭ ئىشىكى ھەر قانچە ئۇچۇق بولۇپ، ھەر دائىم ئات توقۇقلۇق ھالەتتە تۇرىدىكەن. زىياپەتتە شاراب ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىچىلىدىكەن». پىرىسكۇس يەنە قەسىدىچىلەرنىڭ ئاتتىلاغا مەدھىيە ئوقۇغانلىقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازغان: «بىر قەسىدىچى ئۆزى يازغان قەسىدىنى ئوقۇپ ئاتتىلانىڭ باتۇرلىقى ۋە غەلىبىلىرىنى مەدىيلىدى. ئۇ قەسىدە ئوقۇۋاتقان چاغدا ئوردىنىڭ ئىچى تىمتاسلىقتا چۆمۈپ، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى قەسىدىگە مەپتۇن بولۇپ قېلىشتى. ئۆتكەن چاغدىكى شانلىق غەلىبىنىڭ تىلغا ئېلىنىشىدىن يۈرەك تارى چېكىلدى. ياساۋۇللارنىڭ كۆزلىرىدە غەلىبىگە ئىنتىلىش ئەكس ئەتسە، قېرىلار ئەمدى جەڭگاھتا قىلىچ ئويىنىتىپ ئات چاپتۇرالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى. ئارقىدىن ھەربى مەشق ۋە ھەربىي ئەخلاق توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلەندى. كېيىن، قىزىقچىلىق باشلىنىپ كىشىلەرنىڭ جىددىي كەيپىياتى پەسەيتىلدى. قىزىقچىلىق ئاساسەن مولللار ۋە ساكالار بولۇپ، غەلىتە كىيىملەرنى كىيىشىپ، لاتىن تىلى، گوت تىلى ۋە ھۇن كىشلەرنىڭ كەيپىياتىنى يوقىرى كۆتۈردى. پۈتۈن زالنى كۈلكە ساداسى قاپلىدى. بۇ قىزىقچىلىق ئالدىدا پەقەت ئاتىلار تەمكىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئېغىر بېسىق قىياپىتىنى نامايەن قىلدى»[8].

تېئودورۇس II مىلادىيە 450-يىلى ئۆلۈپ ئۇنىڭ تەختىگە مارسىئان ۋارىسلىق قىلدى. مارسىئان ئۆز قوشۇنىنى پائال ئىسلاھ قىلىپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، پۇرسەت تېپىپ ھۇنلارغا قايتۇرما زەربە بەرمەكچى بولدى.

ئاتتىلا مىلادىيە434-يىلى تەختكە چىققاندىن باشلاپ450-يىلغا قەدەر غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلىغان. ئۇ گەرچە شەرقىي ئىمپېرىيىسىدە ئانچە چوڭ تەسىر قوزغىيالمىغانلىقتىن، مىلادىيە

448~449-يىللىرى، ئاتتىلا بىلەن غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بۇرۇندىن سۆرىلىپ بىر ئىش تۇيۇقسىزدىن يىرىكلىشىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاتتىلا يەنە ئىمپېراتور ۋالېنتىنىيانIIIنىڭ ئاچىسى ھونۇرىيا بىلەن تويلىششىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىمپېراتوردىن ھونۇرىيانى ئۆزىگە ياتلىق قىلىشنى ھەم غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى زېمىنىنىڭ يېرىمىنى قىز مېلى سۈپىتىدە ئۆزىگە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ تەلىپى رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئاتتىلا غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىگە ئۇرۇش قوزغاش قارارىغا كەلدى.

ئاتتىلا ھۇجۇم قوزغاشتا ئىتالىيە زېمىنىنى ئەمەس، گاللىيىنى نىشان قىلىپ تاللىدى. چۈنكى گاللىيە بۇ ۋاقىتتا بىر قانچىلىغان يېرىم مۇستەقىل پادىشاھلىقلار بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم قىلسام بۇ ياۋايى مىللەت پادىشاھلىقلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمەيمەن دەپ قارىغان ئىدى. مىلادىيە 451-يىلى ئاتتىلا شەخسەن ئۆزى زور قوشۇن باشلاپ (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قوشۇنىنىڭ سانى 500 مىڭدىن كۆپ ئىكەن)رېيىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، گاللىيىنىڭ شىمالىغا بېسىپ كىردى. دەسلەپتە نۇرغۇنلىغان مۇھىم شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى، مېتزنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى، گاللىيىدىكى مۇھىم ھەربىي ئورۇن ئورلىئاننىمۇ قورشاۋغا ئالدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ سەركەردىسى ئائېتىئوس قوشۇن باشلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلدى ھەم كۆپلىگەن ياۋايى مىللەت پادىشاھلىقلىرىنىڭ، مەسلەن، غەربىي گوتلار، بۇرگۇندىلار ۋە بىر قىسىم ئالانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇڭا، ئۇ ئاتتىلا بىلەن كاتالونىيە تۈزلەڭلىكىدە، ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلدى. بۇ ئۇرۇش ئۈزاققا سوزۇلدى، ھەر ئىككى تەرەپتىن چىقىم ئىنتايىن ئېغىر بولدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا،بىر كۈن ئىچىدىلا 150 مىڭ ئادەم جەڭدە ئۆلگەن. بۇ دەشھەتلىك ئۇرۇشتا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى يېڭىش-يېڭىلىش ئايرىلمىغان بولسىمۇ، ئاتىلانىڭ ئۇرۇش قىلغۇسى كەلمەي قوشۇنلىرىنى ۋېنگىرىيىگە چېكىندۈرۈپ كەتتى. مىلادىيە 452-يىلى ئاتىلار غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىگە يەنە ئۇرۇش قوزغىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇش نىشانى گاللىيە بولماستىن، بەلكى ئىتالىيە بولدى. ئاتتىلا قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئالپ تېغىدىن ئۆتۈپ، ئالدى بىلەن ئاكۇيلىيانى ئىگەللەپ، شەھەردىكى قورۇلۇشنىڭ ھەممىسىنى ۋەيران قىلۋەتتى. ئىتالىيىنىڭ شىمالىدىكى نۇرغۇنلىغان يەرلەرنىمۇ بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. ئارقىدىن پادويا، ۋېرونا ۋە مىلان قاتارلىق شەھەرلەرنىمۇ ئىگەللەپ بۇلاڭ -تالاڭ قىلدى، ئاندىن نىشانىنى رىمگە قاراتتى. لېكىن، بۇ چاغدا قوشۇنىنىڭ ئىچىدە ئاچارچىلىق ۋە كېسەل تاراپ كەتتى، يەنە كېلىپ شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىپ، ئاتتىلاغا كۆپ قېتىم قايتۇرما زەربە

بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئاتتىلا قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ دوناي دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ھۇن پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختىگە قايتىپ كەتتى. كېيىنكى يىلى (453-يىلى) ئۇ شارابقا ۋە ئىشقىۋازلىققا بەك بېرىلىپ كېتىپ، يېڭىدىن تەقدىم قىلىنغان بىر ساھىبجامال بىلەن «توي قىلغاندىن كېيىن، ئېغىر كەيپچىلىكتە قان قۇسۇپ ئۆلدى»[9].

ئاتتىلانىڭ ھايات پائالىيىتىنى ۋە ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىنىڭ ياۋروپاغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى يىغىنچاقلاپ مېك گوۋېرن قىسقىچە مۇنداق باھا بەرگەن:

«ئاتتىلا ھەقىقەتەنمۇ بىر ئۇلۇغ شەخس، لېكىن ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك تۆھپىلىرى ئىنتايىن ئاز. ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا ھۇجۇم قىلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىم نەتىجە ياكى مەڭگۈلۈك نەتىجە، گوتلار ۋە باشقا گېرمان نەسلىلىك قوۋملارنى غەربكە يۆرۈش قىلىپ، رىم ئىمپېرىيىسىگە تاجاۋۇز قىلىشقا مەجبۇرلاش بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىش ئاتتىلادىن بۇرۇنلا ئورۇنلىنىپ بولغان؛ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشىدىمۇ ئاتتىلانىڭ تۆھپىسى ئانچە زور ئەمەس. ئۇنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى بىر قۇدرەتلىك ھۇن ئىمپېرىيىسىنى بەرپا قىلغانلىقىدا. لېكىن، بۇ ئىمپېرىيەمۇ خۇددى بالدۇر ئېچىلىپ، گۈلدەك ناھايىتى تېزلا يىمىرىلدى. ئاتتىلا ئۆلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ھۇنلار ياۋروپانىڭ غەربىدىن مەڭگۈ قوغلىۋېتىلدى [10].

ھۇن پادىشاھلىقىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئاساسلىقى ئالىي ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىچكى نىزامى سەۋەب بولغان بولۇپ، ئاتتىلانىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسىلا ئايرىم مۇستەقىل پادىشاھلىق قۇرۇشنى ئويلايتتى. پادىشاھلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرىۋاتقان گېرمانلار، جۈملىدىن جىبوتلار ۋە شەرقىي گوتلار بولسا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، ھۇنلارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئويىدا ئىدى. مىلادىيە 454- يىلى ئىككى تەرەپ ۋېنگرىيە تەۋەسىدىكى نېدال دەرياسى بويىدا قاتتىق جەڭ قىلدى. نەتىجىدە ھۇنلاردىن نەچچە مىڭ ئادەم ئۆلۈپ، ئاتتىلانىڭ چوڭ ئوغلى ئېلەكمۇ ئۆلتۈرۈلدى. ھۇنلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى كارپات تاغلىرىنىڭ شەرقىگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇپ، 70 نەچچە يىلدىن بۇيان جەنۇبىي روسىيە يايلاقلىرىدا ياشاپ كېلىۋاتقان ھۇن قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ پاناھلاندى. ھۇن پادىشاھلىقىنىڭ مەركىزىي رايونى ۋېنگرىيە ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ غەلىبە قازانغان گېرمانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ، جىبۇتلار دوناي دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى كەڭ زېمىنلارنى ئىگىلىدى. شەرقىي گوتلار دوناي دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى پاننونىيەنى ئىگىلىدى. نەچچە يىللاردىن كېيىن ئاتتىلانىڭ ئەۋلاتلىرى يەنە غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئەسلىدىكى زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولغان

بولسىمۇ، جىبۇتلارنىڭ قاتتىق زەربىسى تۈپەيلىدىن پەقەت ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ جەنۇبىدىكى (دوناي دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى) ئازراق يەرنىلا ئىگەللىيەلىدى.

بۇ چاغدا ئاتتىلانىڭ ئوغلى ئەرنەقمۇ ئاز ساندىكى هۇنلارنى باشلاپ دوناي دەرياسى ئېغىزىنىڭ جەنۇبىدىكى دوبرۇگا دېگەن يەنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى هۇن شاهزادىسى شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىدىكى جايلارنى ئىگەللىدى. باشقا بىر نەچچە توپ هۇنلار يەنىلا شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى هەر قايسى جايلاردا قېلىپ قالدى.

مىلادىيە 461- يىلى ئاتتىلانىڭ يەنە بىر ئوغلى دېڭگىزىك غەربكە قوشۇن تارتىپ هۇنلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئورۇندى. ئۇ دوناي دەرياسىنى بويلاپ ئىلگىرلەپ، جىبۇتلاردىن ئۆزىنى تارتىپ، پاننونىيەدە تۇرۇۋاتقان شەرقىي گوتلارغا بىۋاستە هۇجۇم قوزغىدى ۋە ئۇلارغا يېقىن يەردە بىر نەچچە يىل تۇردى. مىلادىيە 468- يىلى (جۇڭگودىكى شىمالىي ۋېي پادىشاهلىقىنىڭ پادىشاهى شيەن ۋېندى توغبات خۇڭنىڭ خۇاڭشىڭ 2- يىلى) ئۇ جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە تاجاۋۇز قىلدى. ئىمپېرىيە كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بېرىپ هۇنلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە دېڭگىزىكنى ئۆلتۈردى. بۇ غەرب تارىخنامىلىرىدىكى هۇنلارنىڭ ياۋروپادىكى پائالىيىتى هەققىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق خاتىرە هېسابلىنىدۇ [11]. شۇنىڭدىن باشلاپ، هۇنلار ياۋروپانىڭ تارىخ سەهنىسىدىن چېكىنىپ چىقتى. جۇڭگودا بولسا بۇ ۋاقىت شىمالىي ۋېي پادىشاهلىقىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرى بولۇپ، هۇنلارنىڭ تارماقلىرى - جەنۇبىي هۇنلار، تۇغا هۇنلىرى، لۇشۈي هۇنلىرى ۋە تۇبا هۇنلىرى بەش غۇز ئون ئالتە پادىشاهلىق دەۋرى هەم جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئايرىم - ئايرىم هالدا خەن - ئالدىنقى جاۋ، شىمالىي لياڭ، بۇيۇك شيا قاتارلىق هاكىمىيەتلەرنى قۇردى. لېكىن هەممىسى 460- يىلىدىن بۇرۇن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يوقالدى. شۇڭلاشقا ياۋروپادا هۇن پادىشاهلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە ئاتتىلانىڭ ئوغۇللىرىنىڭ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، هۇنلارنىڭ دۇنيا مىقياسىدا تارىخ سەهنىسىدىن چۈشكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.

## ئىزاهلار:

[1] رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى تارىخشۇناس ئاممىئانۇس مارسېلىنۇسنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرى. چى سىخې قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «دۇنيا تارىخي ماتېرىياللىرى مەجمۇئەسى دەسلەپكى توپلىمى. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى غەربىي ياۋروپا» غا قاراڭ. سەنلىيەن كىتابخانىسى 1958- يىلى نەشرى، 35- بەت.

[2] ئاممىئانۇس مۇنداق دەيدۇ: «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ سەركەردىلىرى ۋە يەرلىك ئەمەلدارلىرى يېڭىدىن كەلگەن. ھېچقانداق گۇناھى بولمىغا چەتئەللەرگە ئىنتايىن ناچار مۇئامىلە قىلغان.

.... ياۋايى قوۋملەر دەريادىن ئۆتۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇزۇلۇق يېتىشمەسلىك ئىنتايىن ئېغىر بولغان. بۇ قەبىھ سەركەردىلەر ناھايىتى پەسكەش بىر سودىنى ئويلاپ تېپىشقان. ئۇلار كەڭ رايونلاردىن ئىت تۇتۇپ كېلىپ ياۋايى قوۋملەر بىلەن بىر ئىتقا بىر قولىنى ئالماشتۇرغان. نۇرغۇنلىغان ياۋايى قوۋملەر، ھەتتا قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئوغۇللىرىمۇ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغان» (جى سىخې قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «دۇنيا تارىخي ماتېرىياللىرى مەجمۇئەسى دەسلەپكى توپلىمى» 38- بەتكە قاراڭ).

[3] مىيكگوۋېرىنىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخي»، جاڭ جوەن تەرجىمە قىلغان نۇسخىسىنىڭ 7- بابى «ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلغان ھۇنلار» غا ۋە ئوتتومائىپنچىن خىلفىنىنىڭ «ھۇنلار دۇنياسى» 2- باب 4- پاراگراف «يىلدىز» غا قاراڭ.

[4] «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخي» 7- باب «ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلغان ھۇنلار»، 184 ~ 185- بەتلەر.

[5] مىيكگوۋېرىنىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» ، جاڭ جوەن تەرجىمە قىلغان نۇسخىسىنىڭ 7- بابى «ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلغان ھۇنلار» غا ۋە ئوتتۇمائىپنچىن خىلفىنىنىڭ «ھۇنلار دۇنياسى» 2- باب، 6- پاراگراھ «ئوكيا ۋە رۇگا» غا قاراڭ.

[6] پىرىسكۇسنىڭ «سەپەر خاتىرىسى» دە ملادىيە 440 ~ 472- يىللار ئارىلىقىدىكى ئىشلار خاتىرلەنگەن. بۇ ھۇنلارنىڭ ياۋروپادىكى تارىخىغا ئائىت ئەڭ ئىشەنچىلىك بىرىنچى قول ماتېرىيالدۇر. ئەسلى ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسى يوق. ياۋروپالىق مەشھۇر ئالىم فرىيتاق ئۆزىنىڭ «گېرمانىيىنىڭ ئۆتكەن دەۋرلەردىكى خاتىرلىرى»

دېگەن ئەسرى 1- توم «مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈش دەۋرى» دە بۇ ئەسەرنىڭ پارچىلىرىنى نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلغان. يېقىنقى زاماندىكى ئەنگىلىيە تارىخشۇناسى گىببون «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇش تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە، ياۋروپادىكى ھۇنلارنىڭ پائالىيىتىنى پۈتۈنلەي مۇشۇ پارچىلارغا ئاساسلىنىپ يازغان. پارچىلارنىڭ تارىخي ماتېرىياللىق قىممىتى ئىلىمىزدىكى «تارىخي خاتىرىلەر» بىلەن ئوخشايدۇ.

[8] ئەنگىلىيىلىك ۋېللىسنىڭ «دۇنيا تارىخي تېزىسلىرى» دىن ئېلىنغان. لياڭ سىچېڭ قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى (1927- يىلى شاڭخەي شاڭۋۇ باسمىخانىسى نەشرى) 1- توم 418- بەت. بۇ ئابزاس باياننى سېللىسمۇ گىببوننىڭ «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇش تارىخى» دىن ئالغان.

[9] مېككوۋېرىننىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» 7-باب «ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن ھۇنلار»غا ۋە خېلفېننىڭ «ھۇنلار دۇنياسى» 2-باب 7-پارگىراف «ئاتتىلا» ۋە 8-پارگىراف «ئاتتىلا پادىشاھلىقى» غا قاراڭ.

[10] «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» 7-باب 197 ~198-بەتلەر.

[11] مېككوۋېرىننىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» ۋە خېلفېننىڭ «ھۇنلار دۇنياسى».

# ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ نەسەبنامىسى

# بەش تەڭرىقۇتنىڭ ھاكىمىيەت تالىششى مەزگىلىدىكى تەڭرىقۇتلارنىڭ نەسەبنامىسى

# ھون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ نەسەبنامىسى

| تەرتىپى | نامى | كېلىپ چىقىشى | تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| 1 | تۈمەن تەڭرىقۇت | | مىلادىيەدىن بۇرۇنقى ؟ ~ 209- يىللار |
| 2 | باتۇر تەڭرىقۇت | تۈمەننىڭ ئوغلى | مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 209 ~ 174- يىللار |
| 3 | كىشۈك تەڭرىقۇت | باتۇرنىڭ ئوغلى | مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 174 ~161- يىللار |
| 4 | كۈن تەڭرىقۇت | كىشۈكنىڭ ئوغلى | مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 161 ~ 126- يىللار |
| 5 | ئىچغىسە تەڭرىقۇت | كۈن تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى | مىلادىيەدىن بۇرۇنقى126 ~ 174- يىللار |
| 6 | ئۇۋى تەڭرىقۇت | ئىچغىسەنىڭ ئوغلى | مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 114 ~ 105- يىللار |
| 7 | ئۇشلۇ تەڭرىقۇت | ئۇۋىنىڭ ئوغلى | مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 105 ~ 102- يىللار |
| 8 | گۈيلىقۇ تەڭرىقۇت | ئۇشلىنىڭ تاغىسى | مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 102 ~ 101- يىللار |
| 9 | چەنقۇ تەڭرىقۇت | گۈيلىقنىڭ ئىنىسى | مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 101 ~ 96- يىللار |
| 10 | قۇلۇقۇ تەڭرىقۇت | چەنقۇنىڭ ئوغلى | مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 96 ~ 86- يىللار |
| 11 | غۇياندى تەڭرىقۇت | قۇلۇقنىڭ ئوغلى | مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 86 ~ 68- يىللار |
| 12 | شۇرۇچانچۇ تەڭرىقۇت | غۇياندىنىڭ ئىنىسى | مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 68 ~ 60- يىللار |
| 13 | ئۇيانجۇت تەڭرىقۇت | ئۇۋىنىڭ نەۋرىسى | مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 60 ~ 58- يىللار |
| 14 | قوغۇشار تەڭرىقۇت | شۇرۇچانچۇنىڭ ئوغلى | مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 58 ~ 31- يىللار |
| 15 | فۇجۇرجۇت تەڭرىقۇت | قوغۇشارنىڭ ئوغلى | مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 31 ~ 21- يىللار |
| 16 | سۇشجۇت تەڭرىقۇت | فۇجۇرجۇتنىڭ ئىنىسى | مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 20 ~ 12- يىللار |
| 17 | چەيانجۇت تەڭرىقۇت | سۇشجۇتنىڭ ئىنىسى | مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 12 ~ 8- يىللار |
| 18 | ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت | چەيانجۇتنىڭ ئىنىسى | مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 8- يىلدىن مىلادىيە 13- يىلغىچە |
| 19 | ئۇلجۇت تەڭرىقۇت | ئۇجۇلجۇتنىڭ ئىنىسى | مىلادىيە 13 ~ 18- يىللار |
| 20 | قۇتئەرش تەڭرىقۇت | ئولجۇتنىڭ ئىنىسى | مىلادىيە 18 ~ 46- يىللار |
| 21 | ئۇداتقۇ تەڭرىقۇت | قۇتئەرشنىڭ ئىنىسى | مىلادىيە 46- يىللار |
| 22 | پانۇ تەڭرىقۇت | قۇتئەرشنىڭ ئىنىسى | مىلادىيە 46- ؟ يىللار |

## بەش تەڭرىقۇتنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىشى مەزگىلىدىكى تەڭرىقۇتلارنىڭ نەسەبنامىسى

| نامى | كېلىپ چىقىشى | تەخت تالاشقان ۋاقتى |
|---|---|---|
| توغ تەڭرىقۇت | ئۈيانجۈت تەڭرىقۇتنىڭ نەۋرە ئاكىسى بوشقان | مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 58 ~ 56- يىللار |
| ئوغۇز تەڭرىقۇت | ئوغۇز خانى | مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 57- يىللار |
| چەلى تەڭرىقۇت | ئولا ئۆكەن خان | مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 57 ~ 56- يىللار |
| ئۈجى تەڭرىقۇت | ئۈجى كاھىبېگى | مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 57- يىللار |
| رۇنجىن تەڭرىقۇت | توغ تەڭرىقۇتنىڭ نەۋرە ئىنىسى | مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 56 ~ 45- يىللار |
| قۇتىنۇش تەڭرىقۇت | قوغۇشارنىڭ ئاكىسى | مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 56 ~ 36- يىللاردا شەرقتە ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ ئاتىغان |
| ئىلىم تەڭرىقۇت | توغ تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى | مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 49- يىللار |

## شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ نەسەبنامىسى

| تەرتىپى | نامى | كېلىپ چىقىشى | تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| 1 | پانو تەڭرىقۇت | قۇتتەرشىنىڭ ئىنىسى | مىلادىيە 46 ~ ؟ يىللار |
| 2 | ئۇلۇغتەڭرىقۇت | | مىلادىيە 58 ~ 91- يىللار |
| 3 | شىمالىي تەڭرىقۇت | ئۇلۇغ تەڭرىقۇتنىڭ ئانا باشقا ئاكىسى | مىلادىيە 58 ~ 91- يىللار |
| 4 | يۇرتجان تەڭرىقۇت | شىمالىي تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى | مىلادىيە 91 ~ 93- يىللار |
| 5 | فېڭخۇ تەڭرىقۇت | جەنۇبىي تەڭرىقۇت تۈندۈقنىڭ ئوغلى | مىلادىيە 94 ~ 118- يىللار |

## جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ نەسەبنامىسى

| تەرتىپى | نامى | كېلىپ چىقىشى | تەختتە ئولتۇرۇش ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| 1 | شىلوشيۇت تەڭرىقۇت | ئۆجۇلۇقنىڭ ئوغلى | مىلادىيە 48 ~ 56- يىللار |
| 2 | كىئوفۇيۇت تەڭرىقۇت | شىلوشيۇتنىڭ ئىنىسى | مىلادىيە 56 ~ 57- يىللار |
| 3 | ئىلفايلوت تەڭرىقۇت | كىئوفيۇيۇتنىڭ ئىنىسى | مىلادىيە 57 ~ 59- يىللار |
| 4 | شىتۇگشىجۇ تەڭرىقۇت | شىلوشيۇتنىڭ ئىنىسى | مىلادىيە 59 ~ 63- يىللار |
| 5 | كىئوجۇگۈلىنت تەڭرىقۇت | كىئوفيۇيۇتنىڭ ئوغلى | مىلادىيە 63 يىلى |
| 6 | غۇيەشىجۇتقۇت تەڭرىقۇت | شىتۇگشىجۇ قۇتنىڭ ئىنىسى | مىلادىيە 63 ~ 85- يىللار |
| 7 | ئىل تونۇغال تەڭرىقۇت | ئىفايلوتنىڭ ئوغلى | مىلادىيە 85 ~ 88- يىللار |
| 8 | شۇلان شىجۇقۇت تەڭرىقۇت | غۇيەشىجىقۇتنىڭ ئىنىسى | مىلادىيە 88 ~ 93- يىللار |
| 9 | ئەنكۈر تەڭرىقۇت | ئىل تونۇغالنىڭ ئىنىسى | مىلادىيە 93 ~ 94- يىللار |
| 10 | تىندۇرجىجۇقۇت تەڭرىقۇت | شىتۇگشىجۇقۇتنىڭ ئوغلى | مىلادىيە 94 ~ 98- يىللار |
| 11 | ۋەنسى شىجۇقۇت تەڭرىقۇت | غۇيەشىجۇقۇتنىڭ ئوغلى | مىلادىيە 98 ~ 124- يىللار |
| 12 | ئۇجىخۇ شىجۇقۇت تەڭرىقۇت | ۋەنسى شىجۇقۇتنىڭ ئىنىسى | مىلادىيە 124 ~ 128- يىللار |
| 13 | چۈترۇ شىجۇت تەڭرىقۇت | ئۇجىخۇشىجۇتۇنىڭ ئوغلى | مىلادىيە 128 ~ 140- يىللار |
| مىلادىيە 140 ~ 143- يىللاردا تەڭرىقۇتنىڭ ئورنى بوش قالغان | | | |
| مىلادىيە 140 ~ 143- يىللار ئارىلىقىدا كۈرەن خان ئۇس قاتارلىقلار چۈنيۈ تەڭرىقۇتنى يۆلەپ تەختكە چىقارغان | | | |
| 14 | قۇلاشىجۇت تەڭرىقۇت | قۇجۇرجۇتنىڭ ئىنىسى | مىلادىيە 143 ~ 145- يىللار |
| 15 | ئىلىگشىجۇت تەڭرىقۇت | ئۇشىجۇتنىڭ ئىنىسى | مىلادىيە 147 ~ 172- يىللار |
| 16 | تۇترۇشىجۇت تەڭرىقۇت | چەيانجۇتنىڭ ئىنىسى | مىلادىيە 172 ~ 178- يىللار |
| 17 | غۇجىن تەڭرىقۇت | ئۇجۇلجۇتنىڭ ئىنىسى | مىلادىيە 178 ~ 179- يىللار |
| 18 | قانقۇي تەڭرىقۇت | ئولجۇتنىڭ ئىنىسى | مىلادىيە 179 ~ 188- يىللار |
| 19 | جىجىشجۇقۇت تەڭرىقۇت | قۇتئەرشىنىڭ ئىنىسى | مىلادىيە 188 ~ 195- يىللار |
| 20 | خۇچۇجىئان تەڭرىقۇت | قۇتئەرشىنىڭ ئىنىسى | مىلادىيە 195 ~ 216- يىللار |

ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى تور بېتى 3 http://www.orkhun.com

**ئەسلى مەنبە :**

**http://www.orkhun.com/BBS/read.php?tid=569&fpage=0&toread=&page=1**